خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئۆگەتكەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرلىرى

# سەھەر سائەت تۆت يېرىمدىكى خارۋارد

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەت سەرخىللىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى ئەڭگۈشتىرى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

سەھەر سائەت تۆت يېرىمدىكى خارۋارد

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

**«سەھەر سائەت تۆت يېرىمدىكى خارۋارد» ناملىق كىتاب بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن ھەرقايسى چوڭ تور بېكەت ۋە كىتاب شەھەرچىلىرىدە بازىرى ئىتتىك كىتابلارنىڭ ئالدىغا تىزىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، باھا سۆزلىرى ئون مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 98.8% ئادەم سېتىۋالدىغانلىقىنى ئېيتقان.**

مەزكۇر كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن غەيرىتىم ئۇرغىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مەن بىر قارىشىمنى تۈپتىن ئۆزگەرتتىم. مېنىڭ نەزىرىمدە خارۋارد ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى ھېسابلىناتتى. ئەمما، بۇ كىتاب ماڭا خارۋاردنىڭ تەۋرەنمەس ئەقىدە، سۇنماس ئىرادە ۋە تولۇپ - تاشقان كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇ- چىسىنىڭ ئاپىسى بولغانلىقىم ئۈچۈن، پۇرسەت بولسىلا ئوغلۇمغا قانچىلىك ئەجىر قىلسا شۇنچىلىك ھوسۇلغا ئېرىشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز قابىلىيىتىگە تايىنىپ خارۋاردتەك ئالىي بىلىم يۇرتىغا كىرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بەردىم. كىتابنى ياپتىم. ئەمما، سەھەر سائەت تۆت يېرىمدا چىراقلىرى پارقىراپ تۇرغان خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى كۆز ئالدىمدىن زادى كەتمىدى.

بۇ كىتاب سىزنى جۇڭگودىكى مەكتەپلەردە سۆزلەنمەيدىغان نۇرغۇن بىلىملەردىن خەۋەردار قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا IQ سوئال ئامبىرى سەپلەنگەن بولۇپ، سەرخىل ھەم بەك ئېسىل!



ISBN 978-7-5631-2949-2
9 787563 129492

定价：50.00元

HARVARD

www.uyghurkitap.com



خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ئۆگەتكەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرلىرى

# سەھەر سائەت تۆت يېرىمدىكى خارۋارد

## خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەت سەرخىللىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى ئەڭگۈشتىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇسالام ئابلىز

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
مەسئۇل مۇھەررىرى: خىلىل مۇھەممەت
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: مۇھەممەتجان ئابدۇۋەلى ئۈزلۈق
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن

# سەھەر سائەت تۆت يېرىمدىكى خارۋارد

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇسالام ئابلىز

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 666 ـ نومۇر    پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880mm × 1230mm    1/32    باسما تاۋىقى: 14
2016 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2017 ـ يىلى 10 ـ ئاي 3 ـ قېتىم بېسىلىشى

ISBN978-7-5631-2949-2
باھاسى: 50.00 يۈەن

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى باب دەرىجىدىن تاشقىرى تىرىشچانلىق: تىرىشچان تاغ ئاشار

ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەم ـــــ ئەڭ تىرىشچان ئادەم ............... 3
تىرىشچانلىق بولمىسا، تالانتمۇ ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ ...... 9
ھەرقانداق ئىشنى چامىنىڭ يېتىشىچە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن
كۈچى بىلەن قىلىش كېرەك ........................ 17
ئۈششاق ـ چۈششەك ئىشلارغىمۇ كۆپ ئەجىر كېتىدۇ ...... 23
ھورۇنلۇق چاڭ ـ توزانغا ئوخشايدۇ، ھەر قانچە ئېسىل تۆمۈرنىمۇ
دات باسىدۇ ................................ 30
تىرىشچانلىق بىلەن ئەقىل ـ پاراسەت، ھورۇنلۇق بىلەن
ھاماقەتلىك قېرىنداش ........................... 36
ئۆزى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئادەم، داۋاملىق ئىلگىرىلىشى
مۇمكىن .................................. 42

## ئىككىنچى باب ئىشەنچ ـــ تەخداشسىز: قىلالايدىغىنىمغا ئىشىنىمەن

ھەر بىر بۈيۈك مۆجىزە ئىشەنچنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن كېلىدۇ
49 ..........................................
ئىشەنچ ھاياتنىڭ تىرىكى، ئىشەنچ تەقدىرنىڭ ئىگىسى...... 55
ئۆزىنى كەمسىتىشنىڭ پاتقىقىدا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ گۈلى
ئۈنمەيدۇ ................................ 60

www.uyghurkitap.com


ئۆزىمىزگە ئىشىنىش يېتەرسىز بولسا، ئەندىشە ـ تەشۋىشتە قالىمىز ........................................ 65

ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلارغا «دۇنيادا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش» يوق ................................................ 71

ئىشەنچ سىزگە مېۋە بېرەلمەيدۇ، لېكىن مېۋىگە قانداق ئېرىشىشىڭىزنى دەپ بېرەلەيدۇ.........................76

ھايات دېڭىزىدا زەخىملەنمەيدىغان كېمە يوق.............. 81

ھەقىقىي ئىشەنچتىن مۇستەھكەم ئىرادە پەيدا بولىدۇ......... 87

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ـــ ئىشەنچ بىلەن ئۆز يولىدا مېڭىش دېمەكتۇر..................................93


## ئۈچىنچى باب يۈكسەك قىزغىنلىق: قىزغىنلىق بولمىسا ئىلگىرىلەيمەن دېگىنىڭىز خام خىيال


قىزغىنلىق بولمىسا، دۇنيا تەرەققىي قىلمايدۇ............ 101

قىزغىنلىق بولغاندىلا، تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىڭىز بولىدۇ................................ 107

ئىشەنچ قىزغىنلىقنى پەيدا قىلىدۇ، قىزغىنلىق دۇنيانى بويسۇندۇرىدۇ ........................................ 112

قىزغىنلىق ئادەتكە ئايلانغاندا، تەشۋىش ۋە ئەندىشىگە ئورۇن قالمايدۇ.................................. 118

قىزغىنلىقىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ بۆسۈش ھاسىل قىلايلى، قىزغىنلىقىمىزنى بىر ئىشقا سەرپ قىلايلى............... 123

قارىغۇلارچە قىزغىنلىق كارغا كەلمەيدۇ.................. 128


## تۆتىنچى باب تىز باشلاش: شۇئان، ھازىر، دەرھال


كېچىكتىم دەپ قارىغان ۋاقتىڭىز، دەل كېچىكمىگەن ۋاقتىڭىز 135..............................................

ھازىر ھورۇنلۇق قىلىپ ئۇخلىغاندا ئاققان شۆلگەيلىرىڭىز،ئەتىكى كۆز يېشىڭىز بولۇپ قالىدۇ........................... 140

ئالدىنقى قېتىملىق ئىپادىڭىزدىن داۋاملىق ئىشىپ كەتسىڭىز،
ئۆزاقتا قالماي ھەممە ئادەمدىن ئىشىپ چۈشىسىز.......... 145
كىچىكمەيسىز، مانا ھازىر ئەڭ ياخشى باشلىنىش............ 151
ئۆگىنىش ۋە رىقابەتتە ئۈنۈم ھەممىدىن مۇھىم............ 156
بۇگۈنكى ئىشنى ھەرگىز ئەتىگە قويماڭ................ 162
دەرھال ھەرىكەتلىنەيلى، زېرىكىپ بەل قويۇۋەتمەيلى........ 167
بۇگۈن ماڭمىسىڭىز، ئەتە يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولىسىز...... 174

## بەشىنچى باب ئۆگىنىشتە دادىل ئىزدىنىش: ئۆگىنىش ۋاقتىڭىزنىمۇ كونترول قىلالمىسىڭىز، يەنە نېمە قىلالايسىز؟

بىلىم ئەڭ بىخەتەر بايلىق، ئۇنى ئوغرىمۇ ئوغرلىيالمايدۇ
179 ..........................................
ئۆگىنىشنى ۋەزىپىمىز قىلىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەش — تۇرمۇشنىڭ
مەڭگۈلۈك باش تېمىسى................................ 186
ئۆگىنىشنىڭ جاپاسى ۋاقىتلىق، ئۆگەنمىگەننىڭ جاپاسى ئۆمۈرلۈك
193 ..........................................
ئۆزىمىزنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، بىلىمنى
ئىقتىدارغا ئايلاندۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك....... 200
كەلگۈسىگە مەبلەغ سالغانلار، رېئاللىقتا سادىق كىشىلەردۇر
208 ..........................................
تەلۋىلەرچە ئۆگىنىپ، مۆتىۋەر-بەگزادىلەرچە ئويناش كېرەك
215 ..........................................
ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشىمىز، «يېرىم چېلەك سۇ»
بولماسلىقىمىز كېرەك........................... 222

## ئالتىنچى باب يېڭىلىق يارىتىشتا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، تەپەككۇرىمىزدا ساقلانغان كونىلىقنى تاشلايلى

ئىجادىي پىكىر تەقدىرنىڭ سوۋغىسى، تەپەككۇردا بۆسۈش ھاسىل
قىلغاندىلا يول ئاچقىلى بولىدۇ.................... 231

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىش نەتىجىڭىزنى ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇن، ئۆگىنىش پوزىتسىيەرىڭىزنى ئۆزگەرتكىنىڭىز تۈزۈك ........................... 238
ئۆزىمىزنى چەكلىمەيلى، تەسەۋۋۇرىمىز ئەركىن پەرۋاز قىلسۇن ............................................ 246
جاۋاب بىرلا ئەمەس: بىزگە مەڭگۈ يول ئوچۇق ............ 252
ئوي ـ پىكىر ۋە ئىلھام ئاددىي تۇرمۇشتىن كېلىدۇ .......... 257
ئىجادچانلىقتىن پايدىلىپ تەپەككۇرنىڭ كىشەننى بۇزۇپ تاشلايلى ...... 262
ئاسماننىڭ قەھرىدە ئۇچالايدىغىنى يالغۇز پەيلا ئەمەس ......... 267

**يەتتىنچى باب ۋاقىت باشقۇرۇش: ۋاقىت ئەڭ ئۇلۇغ ئۇستاز**

ھەر بىر دەقىقىدە ھاياتلىقنىڭ خاسىيىتى بار ............... 273
ۋاقىت ئوغرىغا ئوخشاش ھەمىشە غىپپىدە تىكىۋېتىدۇ ....... 278
ۋاقىتتىن ۋاز كەچسىڭىز، ۋاقىتمۇ سىزدىن ۋاز كېچىدۇ ............................................ 282
تەڭرى ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان ئادەمنى ھەرزامان ئەڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزىدۇ ............................................ 287
ۋاقىتنى يۈرەك سوقۇشى بىلەن ھېسابلاش، ۋاقىتنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئېلىپ كېتىشكە يول قويماسلىق ........................ 292
پەخەس بولۇڭ، «ۋاقىت ئوغرىسى» ئالدىۋەتمىسۇن ........... 296
ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش بىلەن ئۆلۈۋېلىشنىڭ پەرقى يوق ............................................ 300

**سەككىزىنچى باب ئۆز ـ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش: مۇۋەپپەقىيەت قاتتىق تەلەپ ۋە پولاتتەك ئىرادىدىن كېلىدۇ**

شانلىق نەتىجىلەر ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشتىن كېلىدۇ ............................................ 307
ئاۋۋال ئۆزىگە توغرا باھا بېرىشنى بىلىش ........... 313
ئۆتمۈشكە تارتىشماي ھەر ۋاقىت نۆل ھالىتىنى ساقلاش كېرەك ............................................ 318

«تالانتلىق بولۇش» تىن ئىلگىرى «ئادەم بولۇش» كېرەك ........................................................ 324
خاتالىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يەتتە ئۆلچەپ، بىر كېسىش كېرەك ........................................................ 330
مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى كەيپىياتنى كونترول قىلالماسلىق .................................... 335
ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۆزىنى بىلىشتە، سەۋەنلىكلىرىگە توغرا قاراش كېرەك ................................ 340
ئۆزىنى كونترول قىلالىغاندىلا باشقىلارنىمۇ كونترول قىلغىلى بولىدۇ ........................................ 344

**توققۇزىنچى باب ئارزۇنى قاناتلاندۇرۇش: ئارزۇ قانداق بولسا ھايات شۇنداق بولىدۇ**

مۇراد - مەقسەت گۈللىرى كىتابلار ئارىسىدا يىلتىز تارتىدۇ ........................................................ 351
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئارزۇسى ئىلھامغا موھتاج ......... 358
ھەرقانداق چاغدا غايە ۋە ئېتىقادتىن كېچىشكە بولمايدۇ ...... 364
غايە بىلەن خام خىيالنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك ...... 370
ھەممە ئىشقا قارىغۇلارچە ئېسىلىۋالماي، مۇۋاپىق بولغان بىرىنىلا قىلىش ........................................................ 376
نىشانى ئېنىقسىز ئادەم كومپاسسىز كېمىدۇر ............ 381
ئەمەلىيەتچانلىق بىرىنچى، قۇربىڭىز يەتكۈدەك ئىشنى قىلىڭ ........................................................ 387
ئۆزىڭىزگە نېمە لازىملىقىنى ئېنىق بىلىپ، ئاندىن تىرىشىپ ئىزدىنىڭ ........................................................ 394

**ئونىنچى باب پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش: ئەڭ ياخشى پۇرسەت پەقەت بىر قېتىملا كېلىدۇ**

ھەر قېتىملىق پۇرسەتنى قانداق چىڭ تۇتۇش كېرەك ........ 401

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىگىت، پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇڭ.................. 406
پۇرسەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈش كېرەك
............................................................ 411
پۇرسەت كەلدى، يەنە قاراپ تۇرامسىز؟...................... 416
نۇرغۇن پۇرسەت ئارىسالدى بولۇش جەريانىدا قولدىن كېتىدۇ
............................................................ 421
ئەزمىلىك قىلىش سىزنى پۇرسەتتىن مەھرۇم قويىدۇ......... 426
پۇرسەت سىز تىكىلىپ تۇرغان نىشاندا..................... 432
پۇرسەتنى تۇتۇشتا تاللاشنى بىلىش لازىم.................. 436

# بىرىنچى باب

## دەرىجىدىن تاشقىرى تىرىشچانلىق: تىرىشچان تاغ ئاشار

- ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەم —— ئەڭ تىرىشچان ئادەم
- تىرىشچانلىق بولمىسا تالانت ئەسقاتمايدۇ
- ئىجتىھاتسىز تالانتنىڭ كېرىكى يوق
- ھەرقانداق ئىشنى چامىنىڭ يېتىشىچە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن كۈچى بىلەن قىلىش كېرەك
- ئەرزىمەس ئۇششاق ئىشلار ئۈچۈنمۇ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىش كېرەك
- ھۇرۇنلۇق چاڭ-توزانغا ئوخشايدۇ، ھەرقانچە قاتتىق تۆمۈرنىمۇ دات باسىدۇ
- تىرىشچانلىق بىلەن ئەقىل-پاراسەت، ھۇرۇنلۇق بىلەن ھاماقەتلىك بىر تۇغقان
- ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىدىغان ئادەم داۋاملىق ئىلگىرىلىشى مۇمكىن

# ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەم ـــ ئەڭ تىرىشچان ئادەم

*خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:*
**باشقىلاردىن ئېخىمۇ بالدۇر، ئېخىمۇ بەك تىرىشقاندىلا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تەمىنى ئېتىغىلى بولىدۇ.**

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇنداق بىر قاراش تارقالغان: بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ـ قازىنالماسلىقى ئۇنىڭ ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىدا تىرىشقان ـ تىرىشمىغانلىقىغا باغلىق.

سىز كۈندە ئاخشىمى ئىككى سائەت ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب ئوقۇيسىز، دەرس ئۆگىنىسىز، ئەھمىيەتلىك بەزى پائالىيەتلەرگە قاتناشسىڭىز، تۇرمۇشىڭىزدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى بايقايسىز. ناۋادا بۇ ئادىتىڭىزنى بىرنەچچە يىل داۋاملاشتۇرسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمىكىڭىز تەسكە توختىمايدۇ.

بۇ قاراش بىزگە مۇنداق بىر ھەقىقەتنى بىلدۈرىدۇ: تىرىشىپ ئۆگەنگەندىلا مۆجىزە يارىتالايمىز ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز!

ئۇلۇغ ئالىم ئېينىشتېيىن: «كىشىلەرنىڭ پەرقى ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىدا» دېگەنىدى. بۇ ناھايىتى ياخشى تەرىپلەش، چۈنكى كىشىلەرنىڭ خىزمەت ۋاقتى ئانچە پەرقلەنمەيدۇ، تۆھپە ـ نەتىجىلىرىمۇ تەڭ دېگۈدەك بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ھاياتىڭىزنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسىڭىز بولمايدۇ. باشقىلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئويناپ كۆڭۈل ئېچىپ يۈرگەندە، سىز مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنگە قەدەر چوقۇم

ئۆگىنىشىڭىز، ئىقتىدارىڭىزنى ئۆستۈرۈشىڭىز كېرەك.

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ هازىرقى ئۆگىنىشى ئېغىر بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار «تاما ـ تاما كۆل بولار» دېگەن هېكمەتكە سەل قارايدۇ. بەزىلىرى بىراقلا مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولىدۇ، لېكىن ئەستايىدىل ئۆگىنىش قىلىش دېگەننى بىلمەيدۇ. بىر كۈنلەردە ئەتراپىمىدىكىلەر خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندە، ئۆزىنىڭ هېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى بايقايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، تالانت جەھەتتە ئۇلار باشقىلاردىن كەم ئەمەس، ئىشنى باشقىلاردىن كېيىن باشلىغانمۇ ئەمەس، لېكىن ئاخىرىدا ئۆزى نېمىشقا باشقىلاردەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ؟

بەلكىم ئۇلار مۇشۇ چاغدا مەسىلىنىڭ نەدىلىكىنى چۈشىنىشى مۇمكىن، ئۇلارمۇ ئۇلۇغۋار غايە ۋە ئىرادىگە ئىگە، بىراق مول نەتىجىنىلا ئويلايدۇ، لېكىن تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن تىرىشىشقا سەرپ قىلمايدۇ. ئەتراپىمىزدا بۇنداق ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ناھايىتى كۆپ.

مەن خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ دەيدىغان مۇنداق بىر جۈملە سۆزىنى دائىم ئاڭلايمەن. «ناۋادا ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، هەرقانداق ۋاقىت، هەرقانداق ئورۇندا كىشىلەر بىلەن بىلىق بىلەن سۆدەك بولۇپ كەتمەكچى، شۇنداقلا كۆپچىلىكنى قايىل قىلماقچى بولسىڭىز، خارۋادتىكى بوش ۋاقتىڭىزنى بىكار ئۆتكۈزىۋەتمەڭ!»

دەرۋەقە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇغانلار ئىنتايىن تالانتلىقلار، لېكىن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى هەر بىر ئوقۇغۇچى پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەمنىڭ ئەڭ تىرىشچان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ جەھەتتە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورلىرى ئوقۇغۇچىلىرىغا دائىم مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىدۇ:

1903 ـ يىلى كول دېگەن بىر ئالىم نيۇيورك ماتېماتىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇھاكىمە يىغىنىدا ئالەم ـ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، چۈنكى ئۇ ماتېماتىكىدىكى ئەڭ تەس بىر مەسىلىنى يەشكەنىدى.

كىشىلەر ئۇنىڭ نەتىجىسىنى تەرىپلىشىۋاتقاندا، بىرەيلەن ئۇنىڭدىن: «ئەپەندىم، سىز ئۆمرۈمدە كۆرگەن ئەڭ ئەقىللىق ئادەم!» دەيدۇ.

ئۇ ئادەمنىڭ ماختىغانلىقىغا كول كۈلۈمسىرىگىنىچە جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئەقىللىق ئەمەس، بىراق شۇ ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا تىرىشچانمەن».

ئۇ ئادەم كولنىڭ جاۋابىدىن بەكلا قايمۇقۇپ قالىدۇ. كول ئۇنىڭدىن: «مېنىڭ بۇ چىگىش مەسىلىنى يېشىشكە قانچىلىك ۋاقتىم كەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟» دەپ سورايدۇ.

«بىر ھەپتە كەتكەندۇ؟» دەيدۇ ھېلىقى ئادەم. كول كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى چايقايدۇ. كولنىڭ جاۋابىدىن ھەيران بولغان ھېلىقى ئادەم: «ۋاي خۇدايىم! بىر يىل كەتمىگەندۇ؟» دەيدۇ.

كول «ئەپەندىم، خاتالاشتىڭىز، بىر يىل ئەمەس، ئۈچ يىل ئىچىدىكى ھەممە يەكشەنبە كۈنۈم كەتتى» دەيدۇ. كولنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلىغان كىشىلەر جىممىدە بولۇپ قېلىشىدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پىروفېسسورلارنىڭ بۇ ئىشنى بىزگە دەپ بېرىشتىكى مەقسىتى، بىزگە ئىجتىھات بىلەن تىرىشىش ۋە ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر دوكتور ئوقۇغۇچى ئادەتتە ئۈچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۈندە بىر قېتىمدىن كىتابنى ئوقۇپ بولىدۇ، يەنە نەچچە ئون مىڭ خەتلىك كىتاب ئوقۇش دوكلاتى يازىدۇ.

ۋاقتىڭىز يار بەرسە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى سەيلە قىلىپ بېقىڭ، سەھەر سائەت تۆتتە كۇتۇپخانىدىكى چىراغلارنىڭ يوپيورۇق تۇرغانلىقىنى، بىرمۇ ئورۇننىڭ بوش ئەمەسلىكىنى كۆرىسىز.

ئوقۇغۇچىلار خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاشخانىسىدا مەززىلىك تاماقلارنى يېگەچ يا كىتاب كۆرىدۇ، يا خاتىرە يازىدۇ. خارۋاردنىڭ دوختۇرخانىسىدا كېسەل كۆرسىتىشنى ساقلاپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلارمۇ ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزمەيدۇ، ئۇلارمۇ ئىخلاس بىلەن كىتاب كۆرىدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەممىلا يېرىنى كۆچمە كۇتۇپخانا دېسەكمۇ بولىدۇ، مۇشۇنداق ئۆگىنىش كەيپىياتى ئىچىدە سەككىز ئامېرىكا زۇڭتۇڭى، 40 نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى ۋۇجۇدقا چىقىشتەك مۆجىزە بارلىققا كەلگەن.

شۇڭا مەن ياش - ئۆسمۈرلەرگە شۇنى دېمەكچىمەنكى، مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولسىڭىز، ھارماي - تالماي تىرىشىڭ، «تىرىشچان تاغ ئاشار، تاشقا مىخ قاقار» دېگەن ھېكمەتكە ئىشىنىڭ. ئاجايىپ نەتىجىلەرنى ياراتقانلار ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەنلەردۇر.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پىروفېسسورى جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەندە مۇنداق دېگەنلىكى ھېلىھەم ئېسىمدە: «ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپتە بولىدىغان ۋاقتى كۆپ پەرقلەنمەيدۇ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى نەتىجە پەرقىدىكى

مۇھىم ئامىلنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، كەلگۈسىدە كۆڭلىڭىزدىكى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقانلىقىڭىز رازى بولغۇدەك خىزمەت ۋە تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيسىز، بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىڭىز ئىنتايىن مۇھىم.»

دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۆگىنىپ ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈشتە قارىغۇلارچە ئىش قىلماستىن، مەلۇم ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ كالللىسى ئەتىگىنى ۋە كەچتە سەگەك، ئەستە ساقلىشى ئەڭ ياخشى بولىدۇ، بۇ ۋاقىتلاردا ئەستە ساقلاش خاراكتېردىكى مەزمۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مۇۋاپىق. ئالايلۇق، تېكىست ۋە سۆزلۈكلەرنى يادلاش دېگەنگە ئوخشاش.

كەيپىياتىڭىز ياخشى، تەپەككۇرىڭىز جانلانغان ۋاقىتلاردا چۈشىنىش تۈرىدىكى مەزمۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئالايلۇق، ماتېماتىكىدىكى قىيىن مەسىلىلەر دېگەنگە ئوخشاش.

دىققىتىڭىز يىغىلغاندا سەل زېرىكىشلىك ۋە ئانچە ياقتۇرمايدىغان دەرسلەرنى ئۆگەنسىڭىز بولىدۇ؛ دىققىتىڭىز نىسپىي چېچىلغان ئەھۋالدا، ئاددىي ۋە ئاسان، ئۆزىڭىز نىسبەتەن ياخشى كۆرىدىغان دەرسلەرنى ئۆگەنسىڭىز بولىدۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئىجتىمائىي پەن بىلەن تەبىئىي پەن بىرلىشىپ كەتكەن، شۇنىڭغا ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان پەنلەرنى ئەڭ ياخشىسى بىللە ئورۇنلاشتۇرماسلىق كېرەك.

◉ ***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى:***

سىز تېرىشچان، ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئادەممۇ؟

پىسخىكىلىق سىناق: ياز كۈنلىرىنىڭ بىر چۈشتىن كېيىنلىكى، قولىغا ئەدەبىيات كىتابى ئېلىۋالغان بىر ئوقۇغۇچى باغچىدىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. بىر چاغدا ئۇ قولىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىتابنى ئۇشتۇمتۇت تاشلاپ قويدى. سىزنىڭچە، ئۇ نېمىشقا شۇنداق قىلدى؟

1. يامغۇر ياغىدىغان بولغاچقا، ئۇ يامغۇردا قالماسلىق ئۈچۈن ئۆيىگە كەتمەكچى بولدى.

2. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلدى، كىتابنى بېشىغا قويۇپ، تاش ئورۇندۇقتا ئۇخلىماقچى بولدى.

3. پىلانى بويىچە ئەدەبىيات كىتابىنى ئوقۇپ بولدى، ئەمدى باشقا دەرس ئۆگەنمەكچى.

◉ **جاۋابلار تەھلىلى:**

بىرىنچىنى تاللىغانلار: ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى نىسبەتەن كۈچلۈكلەر بولۇپ، كىتاب ياكى چېچىنىڭ يامغۇردا ھۆل بولۇپ كېتىشىنى خالىمايدۇ، خەتەرلىك پەيتتە تورۇۋاتقاندا، ھەسسىلەپ تىرىشىپ، يۇقىرى ئۆرلەيدۇ.

ئىككىنچىنى تاللىغانلار: ئىنتايىن ئۇمىدۋارلار بولۇپ، كەيپىياتى تۆۋەن چاغلاردا، مۇھىتنى ئۆزگەرتىش ياكى ھەرىكەت قىلىش، دەم ئېلىش ئارقىلىق كەيپىياتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. بىراق ئىنتىلىشچانلىقى ۋە تىرىشچانلىقى ئادەتتىكىدەك.

ئۈچىنچىنى تاللىغانلار: ئىنتىلىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئالغا ئىلگىرىلەشنى ئويلايدۇ. بۇنداقلار توختاپ قېلىش باسقۇچىغا چۈشۈپ قالغاندا، ئوقۇتقۇچى ۋە پېشقەدەملەرنىڭ پەند - نەسىھىتى ياكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى ئارقىلىق ئۆزۈكسىز ئىلگىرىلەيدىغان كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدۇ.

# تىرىشچانلىق بولمىسا، تالانتمۇ ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ

*خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:* **ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگەنمىسە، تالانتلىقلارمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ.**

ئوقۇغۇچىلار ماڭا دائىم مۇنداق قاخشاپ بېرىدۇ: «مېنىڭ تالانتىم يوق، باشقىلارغا ئوخشاش ئەقىللىق ئەمەسمەن، قانداق تىرىشقىنىم بىلەنمۇ باشقىلاردەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمەن، بۇ نۇقتا مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ، تەڭرى ئادىل ئەمەستەك قىلىدۇ!»

مەن بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مۇنداق بىر مەسىلىنى ئويلاپ قالدىم: زادى تەڭرى ئادىل ئەمەسمۇ ياكى بىزنىڭ ئىجتىھات بىلەن تىرىششىمىز يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟

بۇ مەسىلىگە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارساق ھەقىقىي جاۋاب تاپالىشىمىز مۇمكىن، خارۋاردتىكى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق «تالانت تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ» دېگەن يەكۈننى ئىسپاتلاپ بېرەلىشى مۇمكىن. ئۇلار تالانتنىڭ ئۆزلىرىنى داڭلىق ئىلىم ئەھلىلىرىدىن قىلالمايدىغانلىقىنى، تىرىشچانلىقلا ئۇلارغا چەكسىز شان ـ شەرەپ ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

بۈيۈك سەنئەتكار جېئان رېنو (Jean Reno) بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: «ناۋادا باشقىلاردەك ئەقىللىق بولمىسىڭىز، ئالاھىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىقتىدارلىق بولمىسىڭىز، تىرىشچانلىق بۇ كەم تەرىپىڭىزنى تولۇقلايدۇ؛ ناۋادا نىشانىڭىز ئېنىق، ئىش قىلىش ئۇسۇلىڭىز مۇۋاپىق بولسا، تىرىشچانلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ!»

بىر تالانت ئىگىسى ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگەنمىسە، ئۇ كېرەكسىز ئادەم بولۇپ قالىدۇ، ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزىدۇ؛ ئوخشاشلا ئادەتتىكى ئادەممۇ ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگەنمىسە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

كىشىلەرنىڭ خارۋارد تالانتلىقلار يىغىلغان ئورۇن دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلىمىز. لېكىن خارۋاردنىڭ مەكتەپ قورۇسىدا مۇغەمبەرلىك قىلىدىغانلارنى ئۇچراتمايمىز. خارۋاردنىڭ ھەر بىر ئوقۇغۇچىسى مەيلى تۇغما تالانتلىق بولسۇن ياكى تۇغما تالانتى ئادەتتىكىلەردىن بولسۇن، ئىنتايىن تىرىشىدۇ.

ئامېرىكا تارىخىدا جۇڭگولۇقنىڭ پۈشتىدىن بولغان تۇنجى قېتىم ئىچكى كابىنېت ئەزاسى، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى جاۋ شياۋلەن ئۆزىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش داۋامىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلىگەندە چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمىدۇ.

ئۆگىنىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، جاۋ شياۋلەن بىر تالانت ئىگىسى، بىراق ئۇ تالانتى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن، داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويمىدى.

جاۋ شياۋلەن ئامېرىكىغا بارغىنىدا، ئىنگلىزچە سۆزنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيتتى، بىراق ئۇنى دادىسى ئۇچىنچى يىللىق سىنىپقا ئەكىرىپ قويىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ پەقەت مۇئەللىم سۆزلىگەن مەزمۇنلارنى دەپتىرىگە قارىسىغا كۆچۈرەلەيتتى، كەچتە دادىسى كۆچەرگەنلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭ چۈشىنىشىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

بىر ۋاقىتتا، دادىسى ئۇنىڭ ئوينايدىغان ۋاقتىدىمۇ ئىنگلىزچە ئەڭ ئاددىي ئېلىپبەدىن باشلاپ ئۆگىتىدۇ.

خارۋارد سودا ئىنستىتۇتىدا تەتقىقات ئورنىنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆتىلىدىغان MBA (سودا ـ سانائەتنى باشقۇرۇش كەسپىنىڭ ماگىستىرلار دەرسى) دىن ئىبارەت ئىنتايىن قىيىن بىر دەرسى بار. ئىنستىتۇتنىڭ ئەڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىلىرىلا MBA نىڭ دەرۋازىسىغا كىرەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە MBA گە كىرگەندىن كېيىن رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولىدۇ، ناۋادا قاتتىق تىرىشمىسىڭىز تېز شاللىنىپ قالىسىز.

جاۋ شياۋلەن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى، ۋوتون سودا ئىنستىتۇتى ۋە ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق داڭلىق مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىدۇ. بىراق ئۇ كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلىدىغان خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، بۇ چاغدا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەر يىلى قىز ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش نىسبىتى ئاران 5% بولسىمۇ، جاۋشياۋلەن بۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ.

جاۋ شياۋلەن1977 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نۇرغۇن رىقابەتچىلىرى ئىچىدىن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى سودا ئىنستىتۇتىنىڭ كارخانا باشقۇرۇش كەسپىنىڭ ماگىستىرلىقىغا قوبۇل قىلىنىدۇ.

جاۋ شياۋلەن خارۋاردتا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان ئىككى يىلدا دەرسخانا كەيپىياتىنىڭ جەڭ مەيدانىدىكىدەك كەسكىن ـ جىددىي بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. مۇئەللىملەر كۆندە دەرس ئۆتمەيدۇ، ھەتتا دەرسلىك كىتابنى ئېلىپ كىرمەستىن، كۆندە ئوقۇغۇچىغا ئۈچ خىل مەسىلە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك دەرس تەكرارلىشى مەسىلىلەرنى چۈشىنىش ۋە ھەل قىلىش بولىدۇ. بۇنداق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا، ئوقۇغۇچى پۇختا تەييارلىق قىلمىسا، سىنىپقا كىرىشكە پېتىنالمايدۇ، چۈنكى، پىروفېسسور سىزدىن خالىغان چاغدا سوئال سورايدۇ، پىروفېسسورنىڭ سوئالىغا چوقۇم راۋان جاۋاب بېرىشىڭىز كېرەك.

جاۋ شياۋلەننىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ئىنتايىن ياخشى ئىدى، ئۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقاندا كۈندە ئەتىگىنى سائەت سەككىزدىن چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىگىچە دەرس ئاڭلايدۇ، دەرستىن كېيىن دەم ئالىدىغانغا ۋاقتى يوق ئىدى، چۈنكى ئۈچ خىل مەسىلىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، كۈتۈپخانىغا چىقىپ ماتېرىيال كۆرمىسە بولمايتتى، بىر مەسىلىگە ئائىت ماتېرىيالنى ئىزدەش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ سائەتتىن كۆپ ۋاقىت كېتەتتى، ئۇ مۇشۇنداق ئالدىراشلىقتا كېچە سائەت بىر ـ ئىككىدىن كېيىن دەم ئالالايتتى.

گەرچە جاۋ شياۋلەن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان بىرنەچچە يىلدا قاتتىق چارچىغان بولسىمۇ، بۇ بىر نەچچە يىلنى ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ نەپ ئالغان يىلى دېيىشكە بولىدۇ. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىنتايىن ئىقتىدارلىق بولغاچقا، نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىروفېسسورلۇق ئۇنۋانى بار، ئەمەلىيەتتىمۇ بەزى چوڭ شىركەتلەرنىڭ مەسلىھەتچىلىرى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە ئىنتايىن مول تەجرىبىگە ئىگە. جاۋ شياۋلەن شۇلارنىڭ تەربىيەلىشى، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا پەيدىنپەي قابىلىيەتلىك ئايال بولۇپ قالدۇ، شۇنداقلا رەھبەرلىك قابىلىيىتىنىمۇ پەيدىنپەي يېتىلدۈردۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزۈش مۇراسىمىدا، جاۋ شياۋلەن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ، ئوقۇش

پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا باشلامچى بولۇپ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن خوشلىشىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق ئالاھىدە شان - شەرەپكە ئېرىشكەن تۇنجى شەرقلىق قىز ئوقۇغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

شۇبھىسىزكى، جاۋ شياۋلەن بىر تالانت ئىگىسى، لېكىن ئۇ خارۋاردتا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان مەزگىلىدە، تېخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، ئۇ مۇشۇنداق پەزىلەتكە ئىگە بولغاچقا، ئىنگلىزچە بىر ھەرپنىمۇ بىلمەيدىغان كىچىك قىز بالىدىن خارۋاردنىڭ ماگىستىرلىقىنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىسى بولالىدى، شۇنداقلا ئامېرىكا تارىخىدا جۇڭگولۇق پۇشتىدىكىلەردىن تۇنجى ئىچكى كابىنېت ئەزاسى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولدى.

تىرىشچانلىقنىڭ خاسىيىتىنى ھەممەيلەن بىلىدۇ دەپ قارايمەن، ئەمما، بۇنى ھەقىقىي ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسپاتلايدىغان ۋە چۈشەندۈرىدىغانلار ناھايىتى ئاز. ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىش شۇنىڭ ئۈچۈن تالانتلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇكى، ئۇ قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش بىلەن قەيسەرلىكنى، شۇنداقلا جەسۇرلۇق بىلەن ئەقىل-پاراسەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ناۋادا مۇشۇ پەزىلەتلەر بىرلەشسە ھەمدە ئۇلارنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرسا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچقا ئېرىشەلەيمىز.

«باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكۈڭىز بارمۇ؟ ئەگەر ئېرىشكۈڭىز بولسا، ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىڭ!» مانا بۇ خارۋاردنىڭ جاۋ شياۋلەننى تىرىشىپ ئالغا بېسىشقا ئۈندىگەن، ئۇنىڭغا ئاخىرىدا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مېۋىسىنى تېتىتقان ھېكمەتتۇر. شۇ تاپتا مەن بۇ ھېكمەتنى كەڭ ياش - ئۆسمۈر دوستلارغا ھەدىيە قىلىمەن، بۇ ھېكمەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىگە، داۋاملىق ئۆزىدىن ھالقىشىغا ئىلھام ـ مەدەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەيلى سىز ئەقىللىك بولۇڭ ـ بولماڭ، ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگەنسىڭىزلا پۇرسەت ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولىسىز. چۈنكى، تىرىشچانلىق مېڭىڭىزگە ئەقىل قوشىدۇ، تىرىشچانلىق سىزگە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. ھېچبولمىغاندا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھورۇنلارنىڭ ئىشىكىنى چەكمەيمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك!

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

ئەتراپىمىدىكى نۇرغۇن ئاتا ـ ئانا «بالىلىرىمىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى، بىكار تۇرماي ئۆگىنىدۇ، لېكىن ئۆگىنىش نەتىجىسى ئادەتتىكىدەكلا، بۇ ئادەمگە تازا بىر باش ئاغرىقى بولۇۋاتىدۇغۇ» دەپ قاقشىشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىش دېگىنىمىز، «كىتابنى ئۆلۈك ئوقۇش» بولماستىن، بەلكى ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىش ئاساسىدا مۇئەييەن ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەشنى كۆرسىتىدۇ. خارۋارد پىروفېسسورلىرىنىڭ بۇ ھەقتە ئوقۇغۇچىلىرىغا قانداق تەكلىپلەرنى بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى.

تىرىشىپ ئۆگەنگەن ۋاقتىڭىزدا، نوقۇل ھالدا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ باش چۆكۈرۈپ ئۆگەنمەستىن، بەلكى ئۆگىنىش تەجرىبىلىرىنى كۆپرەك يەكۈنلەڭ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىڭ. ئەڭ مۇۋاپىق ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى تاپقىنىڭىزدىلا، ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىش ئۆز رولىنى ئەڭ ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرالايدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا ئۆزىڭىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈنۈمىڭىزنى نېگىزدىن يۇقىرى كۆتۈرۈشىڭىز تەسكە توختايدۇ.

خارۋارد پىروفېسسورلىرىنىڭ بۇ تەكلىپىنى مەنمۇ قوللايمەن، چۈنكى تىرىشچانلىق ئۆلۈك ـ قاتمال ئۇسۇلدا ئۆگىنىش بولماستىن، بەلكى جانلىق ئۆگىنىشتىن ئىبارەت.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

بۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تالانتلىقلارنى سىنايدىغان سوئالى: لىفتكە چىقماقچى بولۇپ، لىفتنىڭ ئىشىك ئالدىغا بارغىنىڭىزدا، لىفت مېڭىپ كەتتى، شۇڭا لىفتنىڭ چۈشۈشىنى ساقلىشىڭىزغا توغرا كەلدى. بۇ چاغدا سىز قانداق قىلىسىز؟

1. تېرىكىپ توختىماستىن كۇنۇپكىنى باسىمەن.
2. ساقلايمەن.
3. تورۇسقا قاراپ تۇرىمەن.
4. يەرگە قارىغىنىمچە ھاڭۋېقىپ تۇرىمەن.
5. لىفتنىڭ قەۋەت كۆرسەتكۈچىگە قاراپ تۇرۇپ، لىفت چۈشۈشىگىلا ئىچىگە كىرىمەن.

### ◉ جاۋابلارنىڭ تەھلىلى

بىرىنچىنى تاللىغانلار: كىشىلەرگە سەممىي، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە جايىدا بولۇپ، ئىجتىمائىيەت جەھەتتە تالانتلىقلار ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچىنى تاللىغانلار: ھەمىشە ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇپ، يېڭىلىك يىلەن قارىملىق قىلمايدۇ، كەلگۈسىدە رەھبەر بولۇپ قالسا، كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالايدۇ، بىراق بەزىدە بەكرەك ئەقىللىك بولۇپ كېتىدۇ.

ئۈچىنچىنى تاللىغانلار: ھېسسىيات جەھەتتە بىر قەدەر سەزگۈر بولۇپ، ئادەملەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىڭلار بار، سەنئەت تالانتى يۇقىرى.

تۆتىنچىنى تاللىغانلار: ئاقكۆڭۈل، ھېسابلاشقا ماھىر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەبىئىي پەن تەرەپتىن تالانتى بار.

بەشىنچىسى تاللىغانلار: تاللاشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغانلار، ئەتراپىڭلاردىكى كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋىتىڭلار ياخشى بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە تالانتىڭلار بار.

# ھەرقانداق ئىشنى چامىنىڭ يېتىشىچە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن كۈچى بىلەن قىلىش كېرەك

> ***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:***
> **«پۈتۈن كۈچى بىلەن» قىلغاندىلا يوشۇرۇن كۈچ تولۇق ئىشقا سېلىنىپ، تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ!**

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، تىرىشىپ ئۆگىنىش ـــ بىلىم ئىگىلەشنىڭ بىردىنبىر يولى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ھەقىقىي تىرىشچانلىق دېگەن زادى نېمە؟ دېگەن مەسىلىگە نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى ئوخشىمايدۇ.

لېكسىيە سۆزلەش يىغىنىدا بىر ياشنىڭ تولىمۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا ماڭا: «ئۆگىنىشتە ھەقىقەتەن چامىمنىڭ يېتىشىچە تىرىشتىم، لېكىن شۇنداق تىرىشساممۇ كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيۋاتىمەن» دېگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

شۇ چاغدا مەن بۇ ياش سورىغان سوئالغا ئۇدۇل جاۋاب بەرمەستىن، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا كەڭ تارقالغان بىر مەسەلنى سۆزلەپ بەردىم، بۇ مەسەلدە بىر ئوۋچىنىڭ ئىتىنى ئېلىپ ئورمانلىقتا ئوۋ ئوۋلىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇ ياشنىڭ بۇ مەسەلدىن ئىلھام ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

كۈن ئولتۇرغان مەزگىل، ئوۋچى بىر ياۋا توشقاننى بايقاپ ئۇنى ئېتىپتۇ. توشقاننىڭ پۇتى زەخىملىنىپتۇ، ئوۋچى ئىتنى ئۇنى قوغلاشقا سېپتۇ. ئىت خېلى ئۇزۇن قوغلاپمۇ توشقانغا يېتەلمەپتۇ، توشقان قېچىپ كېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— توشقان قېنى؟ — دەپتۇ ئۇۋچى ئاچچىقلانغىنىچە.

ئىت يەردە يېتىپ «ھاۋ-ھاۋ» قىلىپ قاۋاپتۇ، ئۇۋچى ئىتنىڭ «چامامنىڭ يېتىشىچە قوغلىدىم، لېكىن يېتىشەلمىدىم» دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ توشقان ھايات قېلىپ ئۇۋىسىغا بېرىۋاپتۇ، توشقانلار ئۇنىڭدىن: «يارىلىنىپسەن، ئىت كەينىڭدىن كۈچىنىڭ بارىچە قوغلاپتۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق قانداقچە قۇتۇلۇپ قالدىڭ؟ - دەپ سوراپتۇ ئالدىراشقىنىچە.

— ئىت ھەقىقەتەن كۈچىنىڭ بارىچە قوغلىدى، لېكىن مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قېچىپ قۇتۇلدۇم!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ مەسىلىنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئاددىي، يەنى بىز مەيلى نېمە ئۆگىنەيلى، نېمىش قىلايلى، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قىلساقلا يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىزنى ئىشقا سالالايمىز، شۇنداق قىلساق بىز ئۆگىنەلمەيدىغان بىلىم، قىلالمايدىغان ئىش بولمايدۇ.

مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ياشقا قاراپ باقايلى، بەلكىم ئۇ كۈچ سەرپ قىلغاندۇ، تىرىشقاندۇ، لېكىن ئۇنى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشقا سالدى، ياكى بىجانىدىل ئۆگەندى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

بىلىشىمىز كېرەككى، مېڭىمىز ئەسلى يوشۇرۇن ئىقتىدار خەزىنىسى. ئىلىم - پەن نەزەرىيەسىدىن ئېيتقاندا، ئادەم مېڭىسىنىڭ ئۇچۇر ساقلاش مىقدارى بەش يۈز مىليون كىتاب - رەسىمگە يېتىدۇ، بۇ سان خارۋارد كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانغان كىتاب ساندىن خېلىلا كۆپ. لېكىن نۆۋەتتە، كىشىلەر مېڭىسىنىڭ پەقەت 5%نىلا ئىشلىتىۋېتىپتۇ. دېمەك، ھەرقانداق ئادەم مېڭىسىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىداردىن مۇۋاپىق پايدىلىنالىسا، ئۇنىڭ ئىقتىدارى ئېنىشتېيىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ.

بەزىلەر بۇنى ئوبرازلىق ھالدا سېلىشتۇرۇپ چىققان: «بىر ئادەمنىڭ مېڭىسى نورمال ئىشلىگەندە سەرپ قىلغان ئېنېرگىيە بىلەن 40 ۋاتلىق بىر لامپوچكىنى نورمال يورۇتقىلى بولىدىكەن.»

بىر ئادەمنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى بىلەن كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەسلىكىدە مۇنداق سەۋەب بولۇشى مۇمكىن: بىر بولسا، ئۆگىنىش ئۇسۇلى خاتا؛ بىر بولسا، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشمىغان.

2004 ـ يىلى، ياش كارت خارۋارد سودا ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزىدۇ. ئۇ مەكتەپ پۈتكۈزۈپ ئۇزاق ئۆتمەي بىر چوڭ كارخانىغا قوبۇل قىلىنىدۇ.

كارت ئىشقا چۈشكەن بىرىنچى كۈنى، غوجايىن ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ كاتتا ئىش دەپ قارىغان بىرنەچچە ئىشنى دەپ باققىن، دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن كارت: «مەكتەپتىكى بىرنەچچە يۈز ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە، نەتىجەم 14 ـ ئورۇندا تۇراتتى» دەيدۇ خارۋاردتىكى نەتىجىسىدىن سۆيۈنگىنىچە.

كارت غوجايىن بۇ نەتىجەمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مېنى ماختايدۇ دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن، غوجايىن ئۇنىڭدىن: «نېمىشقا بىرىنچى بولالمىدىڭ؟ سەن مەكتەپتە تېخىمۇ ياخشى ئوقۇمىدىڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ.

غوجايىننىڭ بۇ سوئالى بىلەن ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قالغان كارت خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىدۇ ھەمدە غوجايىننىڭ گېپىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن كارت داۋاملىق ھالدا ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۆزىگە ئىلھام ـ مەدەت بېرىپ تۇرىدۇ، خىزمەتتە ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ قالمايدۇ، شۇنداقلا قىلچە بوشاڭلىق قىلمايدۇ، ئەكسىچە ھەر بىر ئىشنى پۈتۈن زېھنى بىلەن پۇختا قىلىدۇ.

ئاخىرىئۇ بىز ئويلىغاندەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ئۇ ئۈچ يىلدا شىركەتنىڭ سىياسەت ـ تەدبىر بەلگۈلىگۈچىسى بولىدۇ، شۇنداقلا تەرجىمىھالىنى نەشر قىلدۇرىدۇ، كىشىلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىشقا، ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

كارتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى يوشۇرۇن كۈچىنى ئىشقا سېلىشنى بىلگەنلىكى، پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆرەش قىلىشنى بىلگەنلىكىدىن قولغا كەلگەن. مەن ياش ـ ئۆسمۈر دوستلارغا شۇنى دېمەكچىمەنكى، سەرپ قىلغان كۈچىڭىز، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىڭىزنى ئېرىشكەن نەتىجىڭىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ! سىز ئۆگىنىشتە بېسىم ھېس قىلغىنىڭىزدا، بەلكىم پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن تىرىشمىغاندۇرسىز.

«چامىمىنىڭ يېتىشىچە» دېگەن بىلەن «ئىمكانقەدەر» دېگەن پەرقلىنىدۇ، ئالدىنقىسى ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدۇ، كېيىنكىسى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق ئىشقا سالالايدۇ.

شۇڭا نېمىلا ئىش قىلايلى، «ئىمكانقەدەر» دېگەن پوزىتسىيە كۆپايە قىلمايدۇ، بۇ پەقەت سىزنىڭ باشقىلاردىن كۆپ كۈچ سەرپ قىلغانلىقىڭىزنى، لېكىن ئۆزىڭىزنىڭ ئادەتتىكى دۇنيايىڭىزدىن ھالقىپ كېتەلمىگەنلىكىڭىزنى چۈشەندۇرىدۇ.

پەقەت «چامىمىنىڭ يېتىشىچە» دېگەن پوزىتسىيە بولغاندىلا، ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرالايمىز، شۇندىلا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيمىز!

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

«ئىشەكنىڭ ئۆلگۈچىكى چىرىماس، ئېقىن سۇ سېسىماس» دەيدىغان ماقال بار، بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ناۋادا ئىشىكىمىزنىڭ ئۆلگۈچىكى دائىم ھەرىكەت قىلىپ تۇرمىسا چىرىپ كېتىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. باشقىچە ئېيتقاندا، دائىم ھەرىكەت قىلىپ

تۇرغان نەرسە ئاسان چىرىمايدۇ، ئالايلۇق، مېڭىمىز بۇنىڭ بىر مىسالى، مېڭىمىزنى قانچە ئىشلىتىپ تۇرساق، تېخىمۇ ئەقىللىك بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە مېڭىمىز يوشۇرۇن ئىقتىدار خەزىنىسى بار. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆگىنىش يوشۇرۇن ئىقتىدارى چەكسىز بولىدۇ. مېڭىمىزنى دائىم ئىشلەتمىسەك، مېڭە نېرۋە تارماقلىرى يىگلەپ ئۆلۈش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. مانا بۇ كىشىلەرنىڭ «مېڭە ئىشلەتكەنسېرى ئۆتكۈرلىشىدۇ» دېگىنىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر مېڭىسى تەرەققىي قىلىش دەۋرىدە تۇرىدۇ، ناۋادا ئۇلارنىڭ مېڭە ھۈجەيرىلىرى تەرەققىي قىلمىسا، بىر خىل پاسسىپ ھالدا ئۆزىنى تىزگىنلەش ھالىتىگە چۈشۈپ قالسا، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى تەبىئىي ھالدا يامان تەرەپكە تەرەققىي قىلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇنداقتا ياشلار ـ ئۆسمۈر دوستلار ئۆزلىرىنىڭ مېڭىسىدىكى يوشۇرۇن كۈچىدىن قانداق پايدىلىنىپ، ئۆگىنىشتە ئەڭ ياخشى نەتىجە ھاسىل قىلىشى كېرەك؟

بۇ جەھەتتە خارۋارد ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەسىراتى مۇنداق:

1. نەزەرىيە خاراكتېرىدىكى ھەرقانداق بىر بىلىمگە سەل قارىماسلىق.

2. مۇلاھىزە قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ئامالىنىڭ بارىچە ئۆزى ئىگىلىگەن بىلىم ئارقىلىق چۈشىنىش.

3. نەزەرىيەۋى بىلىم بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقىنى تېپىپ چىقىش.

4. ئۆگەنگەچ مۇلاھىزە قىلىش، رېئال تۇرمۇشتىن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش.

5. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كۆپ پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۇلاردىن تېخىمۇ كۆپ بىلىمگە ئىگە بولۇش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

ئېھتىماللىق نەزەرىيەسىدىن ئالغاندا، تېز سۈرئەتلىك تاشيولدا ئوخشاش بىر ماشىنىنىڭ ھەر يېرىم سائەتتە ئۆتۈش ئېھتىماللىقى0.95، ئۇنداقتا، 10 مىنۇت ئىچىدە بىر ماشىنىنىڭ ئۆتۈش ئېھتىماللىقى قانچە بولىدۇ؟

### ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

$$1-(1-x)(1-x)=0.95$$

# ئۈششاق ـ چۈشەك ئىشلارغىمۇ كۆپ ئەجىر كېتىدۇ

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:***
**چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغانلار ئىشنى ئەزەلدىن كىچىك ئىشلاردىن باشلىغان.**

كىچىكىمدە، چوڭلار بىزگە «مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولساڭ، ئىشنى چوڭدىن باشلا!» دەپ تەلىم بېرەتتى. لېكىن مەن چوڭلارنىڭ نەزىرىدىكى چوڭ ئىشلارنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتىم. ئېھتىمال ئۆگىنىش نەتىجەڭ ئالاھىدە ياخشى بولسا، مۇئەللىملەر سېنى ماختاپلا تۇرسا، ھۇجراڭنىڭ تاملىرى تەقدىرنامىلەر بىلەن تولۇپ كەتسە ... بەلكىم بۇلار چوڭ ئىش ھېسابلانسا كېرەك!

قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش دېگەنغۇ ئەلۋەتتە چوڭ ئىش، بىراق ناۋادا بىز ھەممىشە چوڭ ئىشلارنىڭلا كويىدا يۈرۈپ، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىمىزدىكى بەزى ئۈششاق ـ چۈششەكلەرگە سەل قارىساق، تىرىشچانلىقىمىز كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم بەرمەي قېلىشىمۇ مۇمكىن.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرسخانىلىرىدا ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا دائىم «ئۆگىنىشتە يېتەرلىك تىرىشىشىڭىز ۋە كۈچ چىقىرىشىڭىز كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئادەتتە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان ئۈششاق ـ چۈششەك ئىشلارغىمۇ سەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارىماسلىقىڭىز لازىم، چۈنكى ئاشۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار دەل نەتىجە قازىنىشىڭىزنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالىدۇ!» دېگەننى جېكىلەيدۇ.

دېمىسىمۇ، ئەتراپىمىزدا چوڭ ئىشلارنىڭلا كويىدا يۈرۈپ، كىچىك ئىشلارغا سەل قارىغانلىقتىن ئاخىر ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغان كىشىلەر ساماندەك.

مېنىڭچە، ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت يولى «كۆڭلىگە چوڭ ئىشلارنى پۈكۈش، كىچىك ئىشلاردىن باشلاش» بولۇشى كېرەك. ئۆگىنىش ياكى تۇرمۇشتا بولسۇن، مەسىلىگە ئومۇمىي نۇقتىدىن قاراش، ئىشنى كونكرېت ۋە كىچىكتىن باشلاپ قول سېلىپ ئىشلەش كېرەك.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقان چېغىمىزدا، ئۇلۇغۋار ئارزۇلا بولۇپ، ئۇششاق ۋاستىلەر بولماي قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك ، چۈنكى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىشلارمۇ كۆپ ئەجىر قىلغاندا ئاندىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتا ئادەتتە ئۇنچە كۆزگە چېلىقىپ كەتمەيدىغان بىرەر ئادەم، تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بىرەر ئوي - پىكىر، سەممىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك بىرەر ئېغىز ئۆگۈت- نەسىھەت بەلكىم ھاياتىمىزنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن.

بىر چاغلاردا گېزىتتىن خىزمەتچى قوبۇل قىلىشقا ئائىت مۇنداق بىر ھېكايىنى كۆرگەنتىم:

مەلۇم بىر خەلقئارالىق چوڭ كارخانا بىر نەپەر تېخنىك قوبۇل قىلماقچى بولغاندا، 10 ئادەم كېلىپ تىزىملىتىپتۇ، ھەممىسىلا دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ شۇ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەنكەن.

بۇ ئورۇنغا قوبۇل قىلىنغۇچى بىۋاستىلا كارخانىنىڭ

ئوتتۇرا قاتلام رەھبەرلىرىدىن بولۇپ قالىدىكەن، ھەرقايسى جەھەتتىكى تەمىناتىمۇ كىشىنى بەكلا قىزىقتۇرىدىكەن، شۇڭا تىزىملاتقانلارنىڭ نەزىرى بۇ ئورۇنغا تىكىلىپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، كارخانىنىڭ خادىم قوبۇل قىلىش نەتىجىسى ئېلان قىلىنىدىكەن، لېكىن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن ھېلىقى ئوقۇغۇچى بەكلا جىددىيلىشىپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ رەقىبلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىقتىدارلىقلاردىن ئىكەنلىكى، شۇڭا ئۆزىنىڭ خىزمەتتە تېخىمۇ تىرىشقاندىلا ئاندىن شاللىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ.

شىركەتتە ئىشلىگەن بۇ نەچچە كۈندە، ھەممەيلەن باشقىلار بىلەن كارى بولماي دېگۈدەك خىزمەتنى بېرىلىپ ئىشلەپتۇ. ئىشتىن چۈشىدىغان چاغدا، باشقىلار بەللىرىنى رۇسلاپ ئالدىراپ - تېنەپ قايتىدىكەن.

بىراق خارۋاردتىن كەلگەن ھېلىقى ئوقۇغۇچى باشقىلارغا ئوخشىمايدىكەن، ئۇ، ئىشداشلىرىنىڭ ھەممىشە ئۇستەل چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى، كومپيۇتېرنى ئېتىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر قېتىم ئىشتىن چۈشكەندە ئازراق «ئاۋارە بولۇپ»، ئىشخانىنىڭ ھاۋا تەڭشىگۈچلىرى بىلەن ئۇستەل چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈپ، كومپيۇتېرلارنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن خاتىرجەم قايتىپتۇ.

ئۈچ كۈن تېزلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى ھېلىقى ئورۇنغا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا، كۆپچىلىك ئەسلىدە 10 نەپەر خىزمەت ئىزدىگۈچىنىڭ ئىقتىدارى ئوخشاشلا كۈچلۈك تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئاخىرىدا خارۋاردتىن كەلگەن

ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ؟ دەپ شۇبھىلىنىپتۇ.

كادىرلار بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى كۆپچىلىككە كۆلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: « ئۇ كۆپچىلىك سەل قارىغان ئۇششاق ئىشلارنى ياخشى قىلغانلىقى ئۈچۈن، كارخانىمىز ئۇنى قوبۇل قىلدى. بۇ ئۇششاق ئىشلارنى بەلكىم سىلەرمۇ بايقىدىڭلار، لېكىن ئادىتىڭلار يۈزىسىدىن ئۇلارغا سەل قارىدىڭلار، ياكى ئۇلارنى ئۇنچە مۇھىم ئەمەس دەپ بىلدىڭلار. بىراق كۆپچىلىككە شۇنى دېگۈم كېلىدۇكى، ئۇششاق ئىشلاردا ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچان خادىملا ھەقىقىي ياخشى خادىم ھېسابلىنىدۇ. ئاشۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلاردىن بىر ئادەمنىڭ قىممەتلىك تەرىپىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ!»

خارۋاردنى پۈتكۈزگەن ھېلىقى ئوقۇغۇچىنى تەلەيلىككەن دەپمۇ تۇرايلى، لېكىن ئۇنىڭ تەلىيى ئۇنىڭ بىرىلىپ ئىشلىشى ۋە تىرىشچانلىقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھازىرقى بەزى چوڭ كارخانىلاردا نۇرغۇن خادىملار باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىقتىدار ۋە ئالاھىدە تۆھپىمىز بولسىلا قىممىتىمىزنى نامايان قىلالايمىز، غوجايىنلارنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشەلەيمىز دەپ قاراپ، بەزى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بىلەن كارى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىر ئادەمنىڭ بەزى كىچىك ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە نامايان بولىدىغان پەزىلىتى بىلەن قابىلىيىتىلا ئۇنىڭ ئېتىبارغا ئېرىشىشى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر.

مەنمۇ ھەمىشە ئەتراپىمدىكى ياشلارنى ئۆگىنىشتە تىرىششقا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىرەر پارچە ماقالىدىن كېلىدىغان ئىلھام، بىرەر قېتىم مەسىلىنىڭ سىزنى ئويلاندۇرۇشى ياكى ئوقۇتقۇچىنىڭ بىرەر ئېغىز سۆزگە ئوخشاش ئۇششاق - چۈششەكلەرگىمۇ سەل قارىماسلىققا دەۋەت قىلىمەن.

چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىغان كىشىلەر ئىشنى ھەمىشە كىچىك ئىشلاردىن باشلىغان. بەلكى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتا ھەقىقىي چوڭ ئىشلار ئۇنچە كۆپ ئەمەس، چۈنكى نۇرغۇن چوڭ ئىشلار ھەمىشە كىچىك ئىشلاردىن تەركىب تاپىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇششاق ئىشلارنىڭ يىغىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىمىزدىكى پۇتلىكاشاڭغا ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

مەن نۇرغۇن تىرىشچان ياشلارنى ئۇچراتقان، لېكىن ئۇلاردا تەپسىلاتقا سەل قاراش، دەرسخانىدىكى مەشىق، يېزىقتىكى ئۆلچەم، ھېسابلاشتىكى توغرىلىق قاتارلىقلارغا ئەھمىيەت بەرمەسلىكتىن ئىبارەت ئورتاق بىر نۇقسان بار. بۇ تەرىقىدىكى تىرىشچانلىقتا ئۇلار نەتىجىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئەكسىچە، بىرەر بوسۇش ھاسىل قىلالماي، «ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىقى بار ئائىلە» بولۇپ قالىدۇ.

كىچىك ئىش دېگەن نېمە؟ كىچىك ئىش دېگىنىمىز، چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ ئاساسى، بىر ئادەمنىڭ قابىلىيىتىنىڭ ئېنىق ئىپادىسى. شۇڭا بىز دائىم ئۆگىنىشتە ئەستايىدىل بولۇڭلار، كىچىك ئىشلارغىمۇ كۆپ ئەجىر كېتىدىغانلىقىنىڭ سىرى مۇشۇ يەردە، دەيمىز.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورلىرى ئادەتتىكى ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىچىك ئىشلارنى قول سېلىپ ئىشلەش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىگىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇلار دەرسكە كىرىشتىن بۇرۇن ئوقۇغۇچىلار كىتاب، قەلەم، خاتىرە، ئۇچبۇلۇڭلۇق سىزغۇچ قاتارلىق ئوقۇش قوراللىرىنى تەقلىشى، ئۆگىنىش جەريانىدا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى چۈشىنىشى، ئانالىز قىلىپ خۇلاسىلىشى، دەرستىن كېيىن تاپشۇرۇقلارنى ئەستايىدىل ئىشلىشى، دەرس مەزمۇنىدىكى

قېيىن نۇقتىلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشى، تەكرار قىلىش ۋە ئالدىن مەشىق قىلىشقا ۋاقىت ئاجرىتىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قىسقىسى، خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تىرىشچان كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە كىچىك ئىشلارنىمۇ كۆپ ئەجىر قىلىپ ئىشلەشنى، شۇنداق قىلغاندىلا ئاز كۈچ سەرپ قىلىپ كۆپ ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ.

**◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى:**

دەرسخانىدىكى كىچىك ئىشلارغا تۇتقان پوزىتسىيەڭىز ئېھتىمال سىزنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىڭىز بىلەن پوزىتسىيەڭىزنى ئاشكارىلاپ قويۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، ئوقۇتقۇچى دەرس سۆزلەۋاتقاندا سىز قانداق قىلىسىز؟

1. دوسكىغا دىققەت قىلىپ، ئوقۇتقۇچى سۆزلىگەننىڭ ھەممىسىنى خاتىرىلىۋالىمەن.

2. ئوقۇتقۇچى سۆزلىگەن مۇھىم نۇقتىلارنىلا خاتىرىلىۋېلىپ، دەرستىن كېيىن پىكىر يۈرگۈزىمەن.

3. تاللاپ خاتىرىلەيمەن، قېيىن دەپ قارىغان يەرلەرگە ئالاھىدە بەلگە قويۇپ دەرستىن كېيىن يەنە بىر قېتىم سىستېمىلىق تەكرار قىلىمەن.

4. دەرسنى «ئىمتىھاندىن بۇرۇن سوئالنى پەرەز قىلىش» كەيپىياتىدا ئاڭلايمەن، ئوقۇتقۇچى تەكرار تەكىتلىگەن مەزمۇنلارنى تۇتۇۋالىمەن.

**◉ جاۋابلارنىڭ تەھلىلى:**

بىرىنچىنى تاللىغانلار: تىرىشچان، لېكىن ئۆگىنىش ئۇسۇلىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىز كېرەك.

ئىككىنچىنى تاللىغانلار: چۈشىنىش قابىلىيىتىڭلار



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆچلۈك، چۈنكى مۇھىم نۇقتىلارنى تۇتۇۋالالايدىكەنسىلەر، شۇڭا نەتىجەڭلار ئىنچىكىلا ياخشى.

ئۈچىنچىسى تاللىغانلار: سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە بەك ئەھمىيەت بېرىسىلەر، ئۆگىنىشتە ئۆزۈڭلارنىڭ بىر يۈرۈش ئۇسۇللىرىڭلار، ۋاستەڭلار ۋە ئادىتىڭلار بار.

تۆتىنچىسى تاللىغانلار: ئۆگىنىش مۇددىئايىڭلار تازا مۇۋاپىق ئەمەس، ھەمىشە پۈرسەتپەرەسلىك قىلىسىلەر، لېكىن ئۆگىنىشكە بېرىلمەيسىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ھۇرۇنلۇق چاك ـ توزانغا ئوخشايدۇ، ھەر قانچە ئېسىل تۆمۈرنىمۇ دات باسىدۇ

*خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھەمبەخش ھېكمىتى:*
**ھۇرۇنلۇق چېكىدىن ئاشقان ياۋۇزلۇقنىڭ مەنبەسى، ياۋۇزلۇق ئادەمنى، ھەتتا بىر مىللەتنى نابۇت قىلىدۇ.**



بىل.گايتس خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخىدىكى ئەڭ پارلاق چولپانىنىڭ بىرى، مەن ئۇنىڭ بىر نۇتقىدا سۆزلىگەن بىر ئابزاس سۆزىنى خاتىرىلىۋالغانىدىم : «ھۇرۇنلۇق بىر ئادەمنىڭ روھىنى يۇتۇۋېتەلەيدۇ، ئۇ چاك ـ توزانغا ئوخشايدۇ، ھەرقانچە قاتتىق تۆمۈرنىمۇ دات باسىدۇ؛ ھۇرۇنلۇق چېكىدىن ئاشقان ياۋۇزلۇقنىڭ مەنبەسى، ياۋۇزلۇق ئادەمنى، ھەتتا بىر مىللەتنى نابۇت قىلىدۇ.»

مەن بىل. گەيتسنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن ئۆزۈمنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ئاسانلا سەل قارىلىدىغان بەزى مەسىلىنى ھېس قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مېنىڭچە، ھۇرۇنلۇق بىلەن ئىبلىسنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق، ھالبۇكى، ھاياتتا ئىبلىس بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالىمىز، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىمىز. ھۇرۇنلۇق ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى، ئەمەلگە ئاشىدىغان نۇرغۇن ئىشلار ھۇرۇنلۇق ۋە كەينىگە سوزۇش سەۋەبىدىن كۆپۈككە ئايلىنىدۇ.

ھۇرۇنلۇق تۇرمۇشنىڭ دۈشمىنى بولۇپلا قالماستىن،

ئۆگىنىشنىڭمۇ دۈشمىنى. ھۇرۇنلىشىۋالغان بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ تەس. چۈنكى ھۇرۇنلار خىيىم - خەتەردىن قورقىدۇ، ھەمىشە راھەت - پاراغەتكە بېرىلىدۇ.

مېنىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان بىر ئاغىنەم، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىرنەچچە ئاي بىلىم ئاشۇرۇپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماڭا خورسىنغىنىچە: «ھەممەيلەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بېسىمى چوڭ، دەرسلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بەك زىچ دەيدۇ، ئەمما، خارۋارد ئوقۇغۇچىلىرىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا، ناھايىتى يېنىككەن» دېدى.

ئاغىنەم خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۆگىنىش كەيپىياتىنى ئۆزى كۆرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئەنسىرىگىنىچە، ماڭا قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە مۇنداق دەيدۇ: «خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ‹ھۇرۇنلۇق› نىڭ قارىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ، مەن جۇڭگودىن ئېلىپ بارغان ئوقۇغۇچىلار بىر ئاماللار بىلەن ھۇرۇنلۇق قىلىدۇ، ئەڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ، ئۇلاردا خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭكىدەك بىلىمگە قاتتىق ئىنتىلىدىغان، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىدىغان قىزغىنلىق يوق...»

ئاغىنەمنىڭ ئەنسىرىشى ئاساسسىز ئەمەس، بۇرۇن بەزى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىۋالغاندىن كېيىن، ئۆگىنىشكە ھۇرۇنلۇق قىلغاچقا دەرستكە يېتىشەلمىگەن، ئاخىرى مەكتەپتىن چېكىنگەن. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلساق، ھۇرۇنلۇق ئەمەلىيەتتە بىر خىل پسىخىك جەھەتتىكى بىزار بولۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەيپىياتىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ئىپادىلىنىش شەكىللىرى بار، يېنىكرەك بولسا كەينىگە سوزۇش، دىلغۇل بولۇپ بىر قارارغا كېلەلمەسلىك. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئېغىر ئىپادىسى بولسا ئېزىلەڭگۈلۈك، ئۆزىنى قاچۇرۇشتىن ئىبارەت.

ھۇرۇنلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان پسىخىك ئامىللار ناھايىتى كۆپ، ئالايلۇق، قورۇنۇش، ئىچى تارلىق، غەزەپلىنىش، يىرگىنىش قاتارلىقلار. بۇلار ئادەمنى ئۆز ئارزۇسى بويىچە پائالىيەت قىلدۇرماسلىقى مۇمكىن. ياشلار ــ ئۆسمۈرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھۇرۇنلۇقنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتە كۆرۈلىدۇ:

1. تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشنى خالىمايدۇ، پەرىشان ۋە كەيپسىز يۈرۈيدۇ.

2. ئەتراپىدىكىلەر بىلەن كارى بولمايدۇ، كۆنبويى خىيال سۈرۈپ يۈرۈيدۇ.

3. ئۇرۇق ــ تۇغقان ۋە دوست ــ بۇرادەرلىرى بىلەن پاراڭلاشمايدۇ، باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

4. ئۇيقۇسى ياخشى ئەمەس، ئەندىشە ــ تەشۋىش سەۋەبىدىن ئۇخلىيالمايدۇ.

5. دەرسكە ھەمىشە كېچىكىدۇ، دائىم مەكتەپكە بارمايدۇ.

6. دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمايدۇ، تاپشۇرۇقنى دائىم ۋاقتىدا ئىشلىمەيدۇ.

7. تەشەببۇسكارلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ، ئۆگىنىشنىڭ مەقسىتىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ.

ھەر بىر ياش ــ ئۆسمۈر، ھۇرۇنلۇققا نىسبەتەن ئوخشىمىغان پوزىتسىيەدە بولۇشى مۇمكىن. بەزىلەر ھۇرۇنلۇقنىڭ نېمىلىكىنى تونۇپ يەتمىگەچكە، كۆنبويى گومۇشلۇق ئىچىدە ئۆتىدۇ؛ بەزىلەر ھەمىشە ئۈمىدىنى ئەتىگە باغلاپ، ئارقىغا

سۈرگىدەكلا يېرى بولسا ئارقىغا سۈرۈيدۇ؛ يەنە بەزىلەر بۇ خىل قىيىنچىلىقنى يېڭىشنى ئويلىسىمۇ، ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدا بولىدۇ، كۈنلىرىنى ھۇرۇنلۇق بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

بۇنداق ياش - ئۆسمۈر دوستلارغا شۇنداق دېمەكچىمەن: «ھۇرۇنلۇق ئادەملەرنىڭ ئېغىر ئىللىتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىنسانلار تاقابىل تۇرالمايدىغان، ئىنسانلار تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتالمايدىغان نەرسە ئەمەس، پەقەت ئىشچانلىق ۋە تىرىشچانلىقنى ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكەت مىزانى قىلساقلا، ھۇرۇنلۇققا ئورۇن قالمايدۇ.»

ياش - ئۆسمۈر دوستلار ھۇرۇن بولماسلىق توغرىسىدا ئۆزلىرىنى ئەسكەرتىپ تۇرۇشى كېرەك، چۈنكى، « ئىش تىرىشچانلىق بىلەن پۈتىدۇ» دېگەن گەپ بار. ھۇرۇن ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى كەمچىل بولىدۇ، ئۇلار خىيالپەرەسلەر بولۇپ، ئەمەلىي ھەرىكەت جەھەتتە ئاجىزلاردۇر! بۇ خارۋاردنىڭ ھەر بىر ئوقۇغۇچىسى بىلىدىغان ئەقەللىي قائىدە.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

فرانكلىن مۇنداق دېگەندى: «ھۇرۇنلۇق داتقا ئوخشايدۇ، ئادەمنىڭ تېنىنى تەرلەپ - پىششىپ ئىشلىگەندىنمۇ بەك خورىتىدۇ؛ ئىشلىتىپ تۇرغان ئاچقۇچ پارقىراپ تۇرىدۇ.»

بىر ئادەم نەتىجىگە ئېرىشمەكچى بولسا، ئۇ ئىشچان ۋە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە بولۇشى كېرەك، چۈنكى ھەرقانداق بىر پارلاق نەتىجە ھورۇنلۇق قىلىپ كەينىگە سوزۇش، ئاش بولسا، ئىش بولمىسا دەيدىغان مىجەز بىلەن سىغىشالمايدۇ.

خارۋارد پىروفېسسورلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۇرۇنلۇقنى يېڭىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەكلىپلەرنى بەرگەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1. ئۆزىدە ھورۇنلۇق ئىدىيەسى كۆرۈلگەندە، ئۆزىگە ئۆزى، ھەر بىر كۈن قىيامەت كۈنى، بىزنىڭ ئىسراپ قىلىدىغان ۋاقتىمىز يوق، ھازىرلا ھەرىكەتلىنىشىمىز لازىم دەپ تۈرۈشى كېرەك.

2. نىشان ئارقىلىق ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۈرۈشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندا تىرىشىش ئۈچۈن تۈرتكىلىك كۈچكە ۋە نىشانغا ئىگە بولىدۇ. نىشان ۋاقتىمىزنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ، ئىشنىڭ مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىكىنى، جىددىي ياكى جىددىي ئەمەسلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

3. «ئەتە باشلايلى» نى «بۈگۈن باشلايلى» غا ئۆزگەرتىش كېرەك.

ھورۇنلۇقنى يېڭىش مەلۇم كەمچىلىكىمىزنى يەڭگەندەك ئۇنداق ئاسان ئەمەس، لېكىن ھورۇنلۇق بىلەن خوشلىشىدىغان قەتئىي ئىرادە بولسىلا ھەمدە بۇ ئىرادىنى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتا ئىزچىل داۋاملاشتۇرساق، شانلىق مۇۋەپپەقىيەت ۋە پارلاق كەلگۈسى مۇقەررەر ھالدا بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ.

### ◉ *خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى*

سىز زادى قانچىلىك ھورۇن؟

پىسخىك سىناق: ئانچىز سىزنى ئۆيىڭىزگە يېقىن يەردىكى كۆكتات بازىرىغا كۆكتاتقا بۇيرۇدى، ئۇ يەرگە سىز بېرىپ باقمىغان، كۆكتات باھاسىنىمۇ بىلمەيسىز، كۆكتات بازىرىغا بارغاندا، سىز ئالدى بىلەن قايسى دۇكانغا كىرىسىز؟

1. ھەرخىل كۆكتات بار دۇكانغا.
2. بېلىق ساتىدىغان دۇكانغا.
3. پەقەت بىر خىل كۆكتات ساتىدىغان دۇكانغا.
4. يېمەكلىك ساتىدىغان دۇكانغا.

◉ **جاۋابىنىڭ تەھلىلى:**

بىرىنچىنى تاللىغانلار: ئۆچىغا چىققان ھورۇنلار، سىلەر ھورۇن بولۇش بىلەن بىرگە باشقىلار ھورۇنلىقىمىزنى بىلىپ قالمىسىكەن دەيسىلەر، شۇڭا ھورۇنلۇقىڭلارنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىسىلەر، شۇنداق قىلساڭلار باشقىلارنىڭ نەزىرىدە «بەك ئالدىراش» تەك كۆرۈنىسىلەر.

ئىككىنچىنى تاللىغانلار: سىلەر ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنمىگەچكە، ئوچۇق ـ ئاشكارا ھورۇنلۇق قىلىسىلەر. سىلەر نۇرغۇن ئىشلارنى يېرىم ـ ياتا بىلسەڭلارمۇ، باشقىلاردىن سوراشقا ھورۇنلۇق قىلىسىلەر، شۇنىڭ بىلەن ھورۇنلۇق قىلىشقا تېخىمۇ كۆپ باھانە ـ سەۋەب تاپىسىلەر.

ئۈچىنچىنى تاللىغانلار: سىلەر ئۆزۈڭلار ئۆچ ئىشلاردىلا ھورۇنلۇق قىلىسىلەر، ئادەتتە ھورۇن بولۇپلا قالماستىن، كىشىلەرگە ناھايىتى ئىشچان دېگەن تەسىرنى بېرىسىلەر.

تۆتىنچىنى تاللىغانلار: سىلەر ئۆتە ھورۇنلار، قانداقلا ئىش قىلساڭلار باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىپ ھورۇنلۇق قىلىسىلەر. ھورۇنلۇق قىلغىنىڭلاردا باشقىلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سالمايسىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تىرىشچانلىق بىلەن ئەقىل ـ پاراسەت، ھوشيارلىق بىلەن ھاماقەتلىك قېرىنداش

> **خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:**
> **ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىش كېرەك.**



خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوچۇق دەرس پىروفېسسورى مەيكېر. ساندېر جوڭگوغا كېلىپ نۇتۇق سۆزلىگەندە مۇنداق دېگەنىدى: «تۇپراق ھەرقانچە مۇنبەت بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مېۋە ـ چېۋە تېرىمىسىڭىز، ئوخشىغان مېۋىگە ئېرىشەلمەيسىز؛ بىر ئادەم ھەرقانچە ئەقىللىك بولسىمۇ، تىرىشمىسا، ئىلىمنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدۇ.»

ساندېرنىڭ بۇ گېپى ھېلىھەم ئېنىق ئېسىمدە، چۈنكى، بۇ گەپلەر بىزنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئەقىل ـ پاراسەت، ھوشيارلىق بىلەن ھاماقەتلىك قېرىنداش، دېگەن گېپىمىزگە ئوخشايدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئەتراپلىق ـ چوڭقۇر بىلىمى بىردەملىك تىرىشچانلىقتىن ياكى مەمەدانلىقتىن كەلمەستىن، بەلكى داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىشتىن ۋە ئاز ـ ئازدىن توپلىنىشتىن كېلىدۇ.

ھەممىمىز ئىنتايىن ئەقىللىك بولۇشنى، شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازىنىشنى ئارزۇ قىلىمىز. لېكىن ئەقىل ـ پاراسەتلىك

بولۇش ئۇچۇن قاتتىق تىرىششقا توغرا كېلىدۇ. ئوخشاشلا ھو ـ رۇنلۇقتىن ئىبارەت يامان ئادەتنى يوقتۇرۇۋالسىڭىز، ھاماقەتلىك بىلەن قېرىنداش بولۇپ قالىسىز.

شۇ تاپتا، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان بىر ئاغىنەم يادىمغا كېلىپ قالدى. ئۇ بىر قېتىملىق «سىرتتىن دەرس ئاڭلايدىغان ئوقۇغۇچى» بولۇش ئارقىلىق خارۋارد پىروفېسسورلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى بىۋاسىتە ھېس قىلغانلىقىنى ئېيتقاندى.

ئۇ بىر قېتىملىق ئالاھىدە دەرس بولغانىدى، دەرس ئۆتىۋاتقان پىروفېسسور بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ دەرسنى ئەستايىدىل ئاڭلىمايۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەقىللىك پىروفېسسور دەرسنى ئەستايىدىل ئاڭلىمايۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن كەلگۈسىدە نېمىش قىلىدىغانلىقىنى سورايدۇ.

بۇ بىرنەچچە ئوقۇغۇچى نېمە قىلارىنى، شۇنداقلا نېمە دېيىشىنىمۇ بىلەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پىروفېسسور ئۇلارغا بىر پەيلاسوپنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىدۇ:

پەيلاسوپ بىر كۈنى ئوقۇغۇچىلىرىنى ياۋا ئوت ـ چۆپلەر بېسىپ كەتكەن بىر يەرگە باشلاپ كېلىپ ئۇلاردىن سوراپتۇ:

«بۇ ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى قانداق قىلىپ يوقاتقىلى بولىدۇ؟»

ئوقۇغۇچىلار بەس ـ بەستە ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بەزىلىرى ئوت قويۇپ يوقىتىشنى، بەزىلىرى ئورغاق بىلەن ئوروپ يوقىتىشنى، يەنە بەزىلىرى دېھقانچىلىق دورىسى چېچىپ يوقىتىشنى ... ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.

پەيلاسوپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاۋابىغا ئىنكاس قايتۇرماستىن يەرنى ئۈچ پارچىغا بۆلۈپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە

قىلىشقا يول قويۇپتۇ.

ئوت قويۇپ يوقىتايلى دېگەن ئوقۇغۇچى ئوتلارغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ، لېكىن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئوت - چۆپلەر كۆكلەپ چىقىپ يەنە يەرنى قاپلاپ كېتىپتۇ.

ئورغاق بىلەن ئورايلى دېگەن ئوقۇغۇچى ئوتلارنى بىر ھەپتىدە ئوروپ بولۇپتۇ، ئوروپ بولغۇچە پۇت - قولىدا جان قالماپتۇ، بىراق پاكىز ئورۇلۇپ بولغان ئوت يەنە كۆكلەپتۇ.

دېھقانچىلىق دورىسى چېچىپ يوقىتايلى دېگەن ئوقۇغۇچى ئوتلارنى دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن يوقىتىپتۇ، بىراق ئوتلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتالماپتۇ.

بۇ ئوقۇغۇچىلار ئۈمىدسىزلەنگىنىچە ئوت - چۆپلۈكتىن كېتىپتۇ.

پەيلاسوپ ھېلىقى ئوقۇغۇچىلارنى بىرنەچچە ئايدىن كېيىن يەنە ھېلىقى ياۋا ئوت - چۆپلۈككە ئېلىپ كەپتۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۇ يەردىكى كارامەتنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران بولۇپتۇ، ئىلگىرىكى ياۋا ئوت - چۆپلۈك ياپيېشىل بۇغدايلىققا ئايلىنىپتۇ.

پەيلاسوپ ئوقۇغۇچىلارغا كۈلۈمسىرىگىنىچە: «ياۋا ئوت - چۆپلەرنى يىلتىزىدىن يوقىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى يەرگە كېرەكلىك زىرائەت تېرىشتىن ئىبارەت» دەپتۇ.

خارۋارد پىروفېسسورى پەيلاسوپنىڭ ھېكايىسىنى دەپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ: «سىلەر يىرىكلەرگە ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۆنۈشىنى ئارزۇ قىلامسىلەر ياكى ياپيېشىل زىرائەتلەرنىڭ ئۆنۈشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ.

«ئەلۋەتتە ياپپېشىل زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ ئوقۇغۇچىلار.

«ناھايىتى ياخشى» دەپتۇ پىروفېسسور خۇش تەبەسسۇم بىلەن گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، «ئۇنداقتا سىلەر ھازىردىن باشلاپلا تىرىشىشىڭلار كېرەك! چۈنكى ھۇرۇنلۇق ياۋا ئوت - چۆپكە ئوخشايدۇ، ۋاھالەنكى تىرىشچانلىق ياپپېشىل بۇغدايغا ئوخشايدۇ.»

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر جۈملە ھېكمەتلىك سۆز بار: «ئۆزۈڭگە كېرەكلىك نەرسە ئۇچۇن ئالدىراۋاتقىنىڭدا، ساڭا كېرەك ئەمەس نەرسىنىڭ غېمىنى يەيدىغانغا ۋاقتىڭ بولمايدۇ». سىز ھۇرۇن ئادەم بولسىڭىز، يۇقىرىدىكى ھېكايە سىزگە ئىلھام بەرگۈسى، سىزگە ھۇرۇنلۇق ئۈستىدىن غالىب كېلىشنىڭ بىردىنبىر ئامالى تىرىشچانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگۈسى.

ئۇنداقتا تىرىشچانلىق دېگەن نېمە؟ تىرىشچانلىق دېگىنىمىز، داۋاملىق تىرىشىش، داۋاملىق ئۆگىنىشتىن ئىبارەت. سىز ھەقىقىي تىرىشچان بولغاندا، ئەقىل - پاراسەت ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچقا ئىگە بولىسىز.

مەنمۇ دائىم مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى ئاڭلاپ تۇرىمەن: «ئەقىل - پاراسەت تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ!» بۇ ھەر بىرەيلەننىڭ مەھكەم ئېسىدە تۇتۇشقا ئەرزىيدىغان سۆزدۇر.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

مەشھۇر ئەدىب لۇشۇن ئەپەندى كەم ئۇچرايدىغان تالانت ئىگىسى، لېكىن ئۇ ئۆزى ئۇنداق قارىمايدۇ.

ئۇ دۇنيادا تالانت دېگەن نەرسە بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق نەتىجىگە ئېرىشكەنىكى، ئۇ باشقىلار قەھۋە ئىچكەن ۋاقىتنى خىزمەت - ئۆگىنىشكە سەرپ قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ بىر ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازغان : «تالانتلىق بالىلارمۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاش بۇ دۇنياغا يىغلاپ كۆز ئاچىدۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ يىغىسى ھەرگىز بىر كۇپلېت شېئىر بولالمايدۇ.»

مەن ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى ئىنتايىن قوللايمەن، چۈنكى تەڭرى ئادىل، ھەر بىر ئادەم تۇغۇلغاندا ئوخشاش تۇغۇلىدۇ، باشقىلار شۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانكى، ئۇلار باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

بۇ ھەقتە خارۋارد پروفېسسورلىرى تېخىمۇ تەسىرلىك قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى، بوركۇتنىڭ چوجە تۇتقىنىدەك ئاسان ئىش ئەمەس، مۇۋەپپەقىيەت ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش ۋە تىرىشىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ.»

تەڭرىمۇ تىرىشچانلارغا يار ـ يۆلەك بولىدۇ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراستى تۇغما بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىگە بولغىلى بولىدۇ. چۈنكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

بىر ئۆينىڭ سىرتىدىكى ئۈچ ۋىكلىيۇچاتېلى ئۆيدىكى ئۈچ چىراغقا ئايرىم ـ ئايرىم ئۇلانغان، سىم يولى ساق، پەقەت سىرتتىكى ۋىكلىيۇچاتېلنى ئۇلىغاندا، ئۆيدىكى لامپوچكىلارنىڭ يانغان ـ يانمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ھازىر سىز ئۆيگە پەقەت بىر قېتىملا كىرەلەيسىز، ۋىكلىيۇچاتېللار بىلەن لامپوچكىلار ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىق مۇناسىۋەتكە قانداق ھۆكۈم قىلىسىز؟

◉ **جاۋابنىڭ تەھلىلى**

سىز ئالدى بىلەن بىر لامپوچكىنى خېلى ئۇزاق ياندۇرىسىز، ئۇنىڭدىن كېيىن چىراغنىڭ ۋىكلىيوچاتېلىنى ئۈزۈۋېتىپ، يەنە بىر ۋىكلىيوچاتېلنى ئۇلايسىز، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ يورۇق چىراغقا قارىمايسىز، قالغان ئۈچۈك لامپوچكىنىڭ تېمپېراتۇرىسىغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۆزى ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزگەن ئادەم داۋاملىق ئىلگىرىلىشى مۇمكىن

**خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:**
**ئۆز - ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىدىغان ئادەملا ئۆزى بىلەن باشقىلارنىڭ پەرقىنى ئېنىق بىلەلىگەچكە، داۋاملىق ئىلگىرىلىشى مۇمكىن.**



شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، خارۋاردنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار ھەرقايسى كەسىپ، ھەرقايسى ساھەنىڭ سەرخىللىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاپالماسلىقىدىن، شۇنداقلا ئىش ھەققىنىڭ تۆۋەن بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارى ئۇلارنىڭ نوپۇز - تەمىناتىنى بەلگىلەيدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار نېمىشقا مۇشۇنداق ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ؟ مېنىڭچە بۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر خىل ئىقتىدارىنى كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورلىرى ئىنتايىن ئىقتىدارلىق، ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئون مىڭنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىدۇ، مۇشۇنداق بولغاچقا مەكتەپنىڭ بىر پۈتۈن ئەمەلىي ئىقتىدارىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىرىنسىپى مۇنداق: سىز ئوقۇش پۇلى ۋە تۇرمۇش پۇلىنى تاپشۇرۇڭ ياكى تاپشۇرماڭ، سىز ئالاھىدە ئەلاچى بولسىڭىز، شۇنداقلا مەكتەپكە ياراپ قالسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز مۇناسىپ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشەلەيسىز.

ئۇنداقتا قانداق مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا يارايدۇ؟ مېنىڭچە، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكىلەر مەلۇم جەھەتتە تالانتى بار ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا، ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ ياقتۇرىدۇ ۋە ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدىكى، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكىلەر يوشۇرۇن تۇغما سۈپەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن كېيىن ئۆگىنىپ ئەلاچى بولغان ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

ناۋادا يالغۇز يوشۇرۇن تۇغما سۈپەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەر بىر ئوقۇغۇچى «ئەڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچى» بولالىشى مۇمكىن، لېكىن كېيىنكى ئۆگىنىشىدىن ئېيتقاندا، ئاشۇ ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارلا ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچى بولالايدۇ.

بۇلاردىن باشقا، خارۋاردنىڭ ئەڭ قەدىرلەيدىغىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى ئۆستىدە ئويلىنىش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت. چۈنكى ئۆزى ئۆستىدە ئويلىنىدىغان ئادەملا ئۆزى بىلەن باشقىلارنىڭ پەرقىنى بىلەلىگەچكە داۋاملىق ئىلگىرىلىشى مۇمكىن.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى ئۆستىدە ئويلىنىشىنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، ئۆزلىرىمۇ ئۆزى ئۆستىدە ئويلىنىدۇ، ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللىشىدۇ ۋە ئىلگىرىلەيدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلىم يۇرتى ھېسابلانغان خارۋارد دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك پارلاق نەتىجىلەرگە ئىگە، لېكىن بۇلار مۇكەممەللىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

2007 ـ يىلى، خارۋاردتا 30 يىلدىن كۆپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان خاررۇ.لوئىس پىروفېسسور بىر كىتاب يېزىپ، خارۋاردنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسەتكەن.

پىروفېسسور لۇئىسنىڭ قارىشىچە، خارۋارد ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ تەرەققىياتىغا، شۇنداقلا ئەلاچى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىپ، مائارىپنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئىقتىدارلىق، جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇش تۇيغۇسىغا ئىگە سەرخىل ئىختىساسلىقلاردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسىتىنى ئۇنتۇپ قالغان.

لوئىس يەنە خارۋاردنىڭ دەرس ئورۇنلاشتۇرۇش، نومۇر بېكىتىش، ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقى، مەكتەپتە جىنايەت ئۆتكۈزۈش، رەھبەرلىك ئىستىلى قاتارلىق جەھەتلەرنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، خارۋاردنىڭ تەربىيە جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسەتكەن. ئۇ مائارىپنىڭ مەقسىتى جەھەتتە، يېتەكلەش خاراكتېرىدىكى مائارىپتىن ئېھتىياج مائارىپىغا تەرەققىي قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن، شۇنداقلا خارۋاردنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىنى قوللىغان.

پىروفېسسور لوئىس ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مەسىلىلەر ۋە تەكلىپلەر توغرىسىدا خارۋارد مائارىپ ئىنستىتۇتىدىكى خوۋارد.گاردىنېر مۇنداق دېگەن «لوئىس قەيسەر ۋە ئەقىللىك ئادەم، ئۇ دادىل قاراشلار بىلەن يۇغۇرۇلغان ۋە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە كىتاب يازغان! خارۋارد ئۇنىڭ تەكلىپلىرىنى چوقۇم ئويلىشىدۇ، شۇنداقلا يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈگىتىپ

مۇكەممەللىشىدۇ.

مېنىڭچە، ياش ـ ئۆسمۈر دوستلار خارۋاردنىڭ ئۆزى ئۆستىدە ئويلىنىش ئادىتىنى ئۆگىنىشى كېرەك. بۇ بىر ئەۋلاد ياش ـ ئۆسمۈر دوستلار هاياتىي كۈچكە باي ۋە ئىجادكار كىشىلەردۇر.

ئىلگىرىكى تەجرىبىلەردىن شۇنى بىلىشكە بولىدىكى، ئالغا بېسىشى ئەڭ تېز بولغان ياشلار ئۆزى ئۆستىدە ئويلىنىش ئادىتىگە ئىگە ياشلار جۈملىسىدىن.

ئۆزى ئۆستىدە ئويلىنىش، ئىجتىهاتلىق، تىرىشچانلارنى مەنزىلگە يەتكۈزىدۇ، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە قىلىدۇ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

مەن ياش ـ ئۆسمۈر دوستلارنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت قوبۇل قىلىپ، ئۆزىدىكى چەكلىمىنى ئۈزۈكسىز يېڭىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلىشىنى ۋە پىششىپ يېتىلىشى شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرىدا پارلاق نەتىجىگە ئېرىشىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن!»

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزى ئۆستىدە ئويلىنىش ياشانغانلارنىڭ ئىشى، ئۇنىڭ ياشلار بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارايدۇ. لېكىن خارۋاردنىڭ پىروفېسسورى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ياشلار ئۆزى ئۆستىدە چوقۇم ئويلىنىشى كېرەك، ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىدىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا كېيىنكى يولى تېخىمۇ راۋان بولىدۇ!»

ئۆزى ئۆستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە، ئۆگىنىشى ۋە مۇلاهىزە قىلىۋاتقان ئىشى توغرىسىدا ئاقىلانە تەھلىل يۈرگۈزىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى توغرا تونۇيدۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەمدە تۈزىتىدۇ.

ياشلار ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ تەجرىبە ۋە ساۋاقلىرىدىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ شۇلاردەك خاتالىق ئۆتكۈزۈشىدىن ساقلىنىشى كېرەك.

ئەلۋەتتە، ئۆزىمىز ھازىر ئېرىشكەن نەتىجىمىز ئۈستىدىمۇ ئويلىنىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

يالتىراق خالتىغا ساقا قاچىلىدىڭىز، خالتىدىكى ساقىدىن بىرىنچى قېتىم بىرنى، ئىككىنچى قېتىم ئىككىنى ئالدىڭىز، ھەر بىر قېتىم ئالغىنىڭىزدا بىرنى ئارتۇق ئالدىڭىز، سەككىز قېتىم ئالغاندىن كېيىن، خالتىدا يەنە ئىككى ساقا قالدى، خالتىدا قانچە ساقا بار؟

### ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: بىرىنچى قېتىم بىرنى، ئىككىنچى قېتىم ئىككىنى ئالدىڭىز، ئۈچىنچى قېتىم ئۈچنى ئالدىڭىز... سەككىزىنچى قېتىم سەككىزنى ئالدىڭىز، $1+2+3+4+5+6+7+8=36$، بۇنىڭغا يەنە ئىككى ساقىنى قوشساق، $36+2=38$ ساقا بولىدۇ. دېمەك، خالتىدا جەمئىي 38 ساقا بار.

# ئىككىنچى باب

## ئىشەنچ — نەگىداشسىز: قىلالايدىغىنىمغا ئىشىنىمەن

- ھەر بىر بۈيۈك مۆجىزە ئىشەنچىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن كېلىدۇ
- ئىشەنچ — ھاياتنىڭ تىرىكى، ئىشەنچ — تەقدىرنىڭ ئىگىسى
- ئۆزىنى كەمسىتىشنىڭ ياتىقىدا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ گۈلى ئۈنمەيدۇ.
- ئۆزىڭىزگە ئىشىنىش يېتەرسىز بولسا، تەشۋىشتە قالىسىز.
- ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلارغا «مۇمكىن بولمايدىغان» ئىش يوق.
- ئىشەنچ سىزگە مېۋە بېرەلمەيدۇ، لېكىن مېۋىگە قانداق ئېرىشىشىڭىزنى دەپ بېرەلەيدۇ.
- ھايات دېڭىزىدا زەخمىلەنمەيدىغان كېمە يوق.
- ھەقىقىي ئىشەنچتىن مۇستەھكەم ئىرادە پەيدا بولىدۇ.
- مۇۋەپپەقىيەت — ئىشەنچ بىلەن ئۆز يولىدا مېڭىش دېمەكتۇر

# ھەر بىر بۈيۈك مۆجىزە ئىشەنچىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن كېلىدۇ

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:***
**ئۆزىمىزگە ئىشەنسەك، ھەرقانداق ئىشتا غەلىبە قازىنالايمىز!**

ھازىرقى زامان مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىقىنىڭ پېشۋاسى، ئىلھامبەخش كىتابلارنىڭ باشلامچىسى ناپالېئون. خېئول مۇنداق دېگەنىدى: «ئۆزىگە ئىشەنمىدىغان ئادەم تاغنىمۇ يۆتكىيەلەيدۇ؛ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنگەن ۋاقتىمىز مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىنلاشقان ۋاقتىمىزدۇر.»

بۇ گەپنىڭ مەنىسى شۇكى، مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولغان ئادەم ئۆزىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ھازىرلىشى كېرەك. لېكىن مېنىڭچە، ئۆزىگە ئىشىنىش خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇلار دەل ئاشۇنداق ئۆزىگە ئىشەنگەچكە، ئۇزۇكسىز مۆجىزە ياراتتى.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى يېڭى قۇرۇلغاندا، ئۆزىنى دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئورۇنغا تىزدى، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ بېرەلەيدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچىسى بار ئىدى، ۋاھالەنكى، مۇشۇ ئىختىساسلىقلار پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشالايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىز خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئايلانسىڭىز، ئۇ يەردە تارىخنىڭ تىندۇرمىسىنى ھېس قىلالايسىز، بۇ تىندۇرما ئالدىڭىزدا گويا غايەت گىگانت ئادەمدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، بۇ زور ئادەم سىزنى ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈكىگە قايىل قىلىدۇ. بۇ مەكتەپتە تۆرلۈك ئىرقتىكى ئادەملەر بار، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالايسىز. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئېچىۋېتىلگەن بىلىم يۇرتى بولغاچقا، ئىككىنچى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئوخشايدۇ، مەكتەپ قورۇسىنىڭ مىغ - مىغ ئادەم بىلەن تولغانلىقىنى، يوللارنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسىز.

دۇنياغا داڭلىق بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار توپلاشقان، ئۇلار بۇ يەردە ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن بىللە، ھاياتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە خەلقئارا مۇھىتتا ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىش يۈزلىنىشى بارغانسېرى گەۋدىلىنىۋاتىدۇ، ھالبۇكى، يۈز يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە خارۋارد ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ئىزچىل تۆردە دۇنيانىڭ ئالدىدا كېتىۋاتماقتا.

مېنىڭچە، بۇ ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ تولۇق نامايان بولۇشى، شۇنداقلا دەل خارۋاردنىڭ مۇۋەپپەقىيەتشۇناس يېتەكچىسى ئېمېرسون ئېيتقاندەك: «ئۆز ئىقتىدارىمىزغا ئىشەنسەك، ھەرقانداق ئىشتا غەلىبە قازىنالايمىز... ۋەھىمىدىن خالاس بولالمىغاندا، ھايات ھەققىدىكى بىرىنچى دەرسنى ئۆگىنەلمەيمىز.»

ئامېرىكىلىق مەشھۇر پىسخولوگ كېن دوكتور خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى نۇتۇق سۆزلەش يىغىنىدا بىر قارا تەنلىك بالىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەيدۇ:

بىر كۈنى باغچىدا بىر توپ ئاق تەنلىك بالا ئويناۋاتاتتى، شار

ساتىدىغان بىر بوۋاي بالىلارنىڭ يېنىغا كېلىدۇ.
ئاق تەنلىق بالىلار بوۋاينىڭ قولىدىكى شارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ھەرىدەك ئولىشىدۇ، بىر بالا بىردىن شار ئېلىپ ئوينايدۇ، رەڭگارەڭ شارنى ئاسمانغا قويۇپ بېرىدۇ.
شۇ چاغدا باغچىدىكى گۈللۈكنىڭ يېنىدا بىر مىسكىن قارا تەنلىق بالا پەيدا بولىدۇ، ئۇ بالىنىڭ ئاق تەنلىك بالىلار بىلەن بەكمۇ ئوينىغۇسى بار ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئىشەنچىسى كەمچىل ئىدى، شۇڭا ئۇ گۈللۈكنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ ئويناۋاتقان بالىلارغا ئوغرىلىقچە قاراپ تۇرىدۇ.
قارا تەنلىك بالا ئاق تەنلىك بالىلار كەتكەندىن كېيىن قورقۇمسىرىغان ھالدا بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، بوۋايغا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن:
— ماڭا شاردىن بىرنى سېتىپ بېرەمسىز؟ ـ دەيدۇ.
بوۋاي كۈلۈمسىرىگىنىچە بالىغا قاراپ قويۇپ، مۇلايىملىق بىلەن:
— ئەلۋەتتە بولىدۇ، سەن قايسى خىل رەڭنى ياخشى كۆرىسەن؟ ـ دەيدۇ.
بالا كالپۇكىنى چىشلەپ قويغاندىن كېيىن:
— قارىسىنى ئالاي، بولامدۇ؟ — دەيدۇ.
بوۋاي بالىنىڭ گېپىگە ھەيران بولىدۇ، لېكىن بېشىنى لىڭشىتىپ، بالىغا قارا شاردىن بىرنى بېرىدۇ.
قارا تەنلىك بالا شارنى ئالغاندىن كېيىن، بوۋاينىڭ يېنىدىن يۈگۈرگىنىچە كېتىدۇ. ئۇمۇ ئاق تەنلىك بالىلاردەك شارنى ئاسمانغا قويۇپ بېرىدۇ، شار كۆككە كۆتۈرۈلىدۇ.
شارنىڭ ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن بوۋاي بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:
ـ بالام، شارغا قارا، شار سىرتى چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن

ئاسماندا ئۇچۇۋاتمايدۇ، ئىچىگە ئوكسىگېن قاچىلىغاچقا ئۇچۇۋاتىدۇ. دېمەك، بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى ئۇنىڭ كىيىپ چىققىشى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنىڭ بار ـ يوقلۇقى بەلگىلەيدۇ.

قارا تەنلىك بالا بېشىنى لىڭشىتىدۇ، قانداقتۇر بىرنەرسىنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىدۇ.

ـــ بالا توغرىسىدىكى گەپ تېخى تۈگىمىدى، ـــ دەيدۇ كېيىن دوكتور پەستە ئولتۇرغان خارۋارد ئوقۇغۇچىلىرىغا، ـــ سىلەر ئاشۇ قارا تەنلىك ئوقۇغۇچىنىڭ ئاخىرى قانداق بولغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ـــ ئوقۇغۇچىلار باشلىرىنى چايقايدۇ.

ـــ ئۇ بالا كېيىن بىر پسىخولوگ بولىدۇ، مانا شۇ تاپتا ئۇ دەل مۇنبەردە تۇرۇپ سىلەرگە قارا تەنلىك بالىنىڭ ھېكايىسىنى دەپ بېرىۋاتىدۇ!

ئەسلىي قارا تەنلىك بالا كېين دوكتور ئىدى. بۇنى بىلگەن ئوقۇغۇچىلار قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىدۇ.

بۇ ھېكايىنى بىرىنچى قېتىم ئوقۇغىنىمدا ئۇ بالىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغانلىقىم، شۇنداقلا بوۋاينىڭ گەپلىرىدىن تەسىرلەنگىنىم ئېسىمدە. تۇرمۇش ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا قىيىن ئىش ئەمەس، بىزدە مۇستەھكەم كۈرەش قىلىش روھى بولۇشى، تېخىمۇ مۇھىمى ھەممە ئىشتا غەلىبە قىلىمەن دەيدىغان ئىشەنچكە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك!

ئىشەنچ ـــ ئۆزىنى چۈشىنىش، ئۆزىنى ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت ئەقلىي تۇرمۇش پوزىتسىيەسىدۇر. ياشلاردا ئىشەنچ كەمچىل بولسا، ئۇلاردا پاسسىپ روھىي ھالەت پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قورقىدىغان ئىشلارنىمۇ باشقا ئىلىپ چىقالمايدۇ.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئوگ.ماندىنو ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىدى: «بىر ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولىدىكەن، ئۆزىدە كۆپ خىل پەزىلەت ـ خىسلەتنى ھازىرلىشى كېرەك، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى ئۆزىگە ئىشىنىشتۇر.»

قانداق قىلغاندا بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ ئوگ.ماندىنو بۇ ھەقتە ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە مۇنداق تەكلىپ بېرىدۇ:

1. ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان جۈرئەت بولۇشى كېرەك. كىشىلەر تۇغۇلۇشىنى ئۆزى بەلگىلىيەلمەيدۇ، لېكىن تەقدىرى ئۆز قولىدا بولىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەيدىكەن، تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلىشى كېرەك.

2. ئۆزىدىكى بايلىقنى قېزىشنى بىلىشى كېرەك. «بىر ئادەم بىر جۈپ ئايىغى كەم بولغاچقا مەيۇسلىنىپتۇ، چۈنكى ئۇ ئىككىلا پۇتى يوق كىشىلەرنى كۆرمىگەنىكەن» دېگەن سۆز ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان. شۇڭا سىز ئۆزىڭىزدىكى بايلىقنى بايقىسىڭىز، تېخىمۇ زور ئىشەنچكە ئىگە بولىسىز.

3. ئۆز ئەۋزەللىكى ئاساسىدا ئىش كۆرۈپ، نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىششى كېرەك. ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق دېگەن گەپ بار، بىر ئادەم بىر ئۆمۈر مەغلۇبىيەت كۆلەڭگىسىدە گاڭگىراپ يۈرمەيدۇ. سىز ئەۋزەللىكىڭىز ئاساسىدا ئىش كۆرۈشنى بىلسىڭىز، ھەمدە نىشانىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلسىڭىزلا، مۇۋەپپەقىيەت ھەرۋاقىت سىزگە ھەمراھ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

ئىشەنچىڭىز نەدىن كەلگەن؟
پىسخىك سىناق: بىر ئېغىزلىق ئۆيىڭىز بولسا، ئۆيىڭىزنىڭ تېمىغا نېمە ئاساتتىڭىز؟

1. بەدىئىي رەسىم
2. ئۆزۈڭىزنىڭ رەسىمىنى
3. كالېندار
4. سائەت

### ◉ جاۋابىنىڭ تەھلىلى

بىرىنچىنى تاللىغانلار: ھېسسىياتقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلار بولۇپ، ئۇلاردا مېھىر - مۇھەببەت، دوستلۇق كەم بولمايدۇ، ۋاھالەنكى، ئۇلاردىكى ئەڭ زور ئىشەنچ تۇرمۇشنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشتىن كېلىدۇ، ھەمدە مۇشۇ ئارقىلىق دىتى ۋە قابىلىيىتىنى نامايان قىلالايدۇ.

ئىككىنچىنى تاللىغانلار: سىلەر تاشقى قىياپەتكە بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئىشەنچىڭلار باشقىلارنىڭ سىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىدىن كېلىدۇ. باشقىلار سىلەرگە قايىللىق نەزىرى بىلەن قارىغاندا، سىلەردە ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ، ئەلۋەتتە سىلەر ياخشى ئائىلە مۇھىتى، يۇقىرى ئوقۇش تارىخى قاتارلىقلارغىمۇ ئەھمىيەت بېرىسىلەر.

ئۈچىنچىنى تاللىغانلار: سىلەر تىرىشىپ ئۆگىنىدىغانلاردىن، ئۆگەنگەن بىلىملىرىڭلار قانچە كۆپ بولسا ئىشلىگەن خىزمىتىڭلارمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ، ئىشەنچكە تولىسىلەر.

تۆتىنچىنى تاللىغانلار: سىلەرنىڭ ئىشەنچىڭلار خىزمەت ئۈنۈمىڭلاردىن كېلىدۇ، پىلانىڭلارنى تۈزۈۋالغاندىن كېيىن دەرھال ئىشقا كىرىشىسىلەر، شۇنداقلا ئۆزۈڭلارگە بولغان ئىشەنچىڭلار تولۇپ تاشىدۇ.

# ئىشەنچ ھاياتنىڭ تىرىكى، ئىشەنچ تەقدىرنىڭ ئىگىسى

**_خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:_**
**ئىشەنچ ھاياتنىڭ تىرىكى، ئاجىز تېنىڭىز بىلەن ئۇنىڭغا تىرىلىپ تۇرىسىز؛ ئىشەنچ تەقدىرنىڭ ئىگىسى، ئەتىكى يولنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ.**

مەن خارۋاردتا ئوقۇۋىدىغان جۇڭگولۇق بىر ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپ قوروسىدا ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە چۈشكەن رەسىمىنى كۆرگەنىدىم. خارۋاردنىڭ بۇ سەرخىللىرىنىڭ چېھرىسىدە ئىشەنچ تەبەسسۇمى پارلاپ تۇراتتى، بۇ، كەلگۈسى كۈرەش يولىنى قۇياش نۇرى يورۇتۇپ بېرىۋاتقاندەك ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىدىغان ياشلارغىلا خاس تەبەسسۇم ئىدى.

بىز ئەتراپىمىزدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەرگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم ئىشەنچىگە ئىگە بولۇشتەك ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ ھەم تارىختا ئۆتكەن بارلىق ئۇلۇغ كىشىلەرگە ئورتاق بولغان ئالاھىدىلىكتۇر.

ئىشەنچىسى كەم ئادەملەر بىر قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى بىلەنلا ئۈمىدسىزلىنىدۇ، ھەتتا ئىلگىرىلەشتىن توختاپ قالىدۇ؛ ئىشەنچكە تولغان كىشىلەر بولسا داۋاملىق سىناپ باقىدۇ، داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ، نىشانىغا يەتمىگىچە توختاپ قالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇڭا كىشىلەر: «ئىشەنچ ھاياتنىڭ تىرىكى، سىز ئاجىز تېنىڭىز بىلەن ئۇنىڭغا تىرىلىپ تۇرىسىز؛ ئىشەنچ تەقدىرنىڭ ئىگىسى، ئەتىكى يولنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ» دەيدۇ.

گېر دېگەن بىر ئوقۇغۇچى خارۋاردنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ماشىنا ـ ئېلېكتىر كەسپى شىركىتى قۇرىدۇ.

گېرنىڭ شىركىتى قىسقىغىنە بىرنەچچە يىلدا داۋاملىق كېڭىيىپ، يىللىق پايدىسى بىر مىليوندىن ئېشىپ كېتىدۇ. لېكىن ئىشەنچىسى تولۇپ تاشقان گېر ئۆز نەتىجىلىرىدىن رازى بولماي، شىركىتىنى بازارغا كىرگۈزىدۇ، بۇ ئارقىلىق نۇرغۇن مەبلەغ توپلاپ تېخىمۇ چوڭ ئىش قىلىدۇ.

ئەينى چاغدا پاي شىركىتى قۇرۇش تەس ئەمەس ئىدى، لېكىن ۋال ستىرىت كوچىسىدىن ئەمەلىي كۈچى زور بولغان پاي سېتىشنى ھۆددىگە ئالغۇچى سودىگەرنى تېپىش ئاسان ئەمەس ئىدى، چۈنكى پاي سودىگەرلىرى ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك بولمىغان شىركەتلەرگە قىزىقمايتتى.

گېر شىركىتىنىڭ ھەممە رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، بىرەر ئاكسىيە سودىگىرىنىڭ ئۆزى بىلەن ھەمكارلىششىنى خالىمايدىغانلىقىنى بايقايدۇ. بۇ چاغدا گېر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئادەتتىكى بىر ئادەم بۇنداق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن بولسا ئاسانلا ۋاز كەچكەن بولاتتى، لېكىن ئىشەنچ ۋە ئىرادىگە تولغان گېر ئۇنداق قىلمايدۇ، ئۇ ئەمدى پېيىنى پاي سودىگەرلىرى ئارقىلىق ئەمەس، ئۆزى سېتىش قارارىغا كېلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە ياردەم بېرەلەيدىغان ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى يىغىپ، شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ ئۆزىنىڭ پاي توپلاش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدۇ. گېرنىڭ بۇ ھەركىتى جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغايدۇ، شۇنداقلا كەسىپداشلىرى ئۇنىڭ

بۇ ھەرىكەتنى تولىمۇ كۆلكىلىك بىر ئىش دەپ قارىشىدۇ.

گېرنىڭ بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟ ئۇ ۋال ستىرېت كوچىسىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئاخىرىدا يېڭىپ چىقىدۇ.

كىشىلەر بۇ «تىجارەت يولىدىن چەتنىگەن» سودىگەرگە چوڭقۇر قىزىقىدۇ، بەزى سودىگەرلەر قايىللىقتىن، بەزىلىرى قوللاپ ياكى قىزىقىشتىن، يەنە بەزىلىرى سىناپ بېقىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ پېيىنى بەس ـ بەستە سېتىۋالىدۇ.

گېر قىسقىغىنا ۋاقىتتا 500 مىڭغا يېقىن پېيىنى سېتىپ، بىر مىليون دوللارغا يېقىن مەبلەغكە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گېرنىڭ ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئېشىپ، مەبلىغىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈپ، خۇددى كىچىك بېلىق چوڭ بېلىقنى يۇتۇۋەتكەندەك بىرنەچچە چوڭ كارخانىنى يۇتۇۋالىدۇ.

ئىككى يىلدىن كېيىن گېرنىڭ مەبلىغى 500 مىليوندىن ئېشىپ، شۇ چاغدىكى پاي ساھەسىدىكى مەشھۇر شەخس بولۇپ قالىدۇ.

بۇ دۇنيادا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. بىز يول ئىچىدىن يېڭى يول تېپىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. بەزىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقىنىڭ سەۋەبى ئۇلاردا ئىقتىدار ۋە پۇرسەتنىڭ كەملىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئىشەنچنىڭ كەملىكىدىندۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغان ئىقتىدارى بارلىقىغا ئىشەنمىگەچكە، كونا قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئېسىلىۋالىدۇ، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ئاسانلا ۋاز كېچىدۇ.

مەن ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ سەمىگە شۇنى سالماقچىمەن: كۆڭلىڭىزگە پۈتكەن نىشانىڭىزغا يېتەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىسىڭىزلا، ئىشەنچىڭىز بىلەن پوزىتسىيەڭىز كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ. چۈنكى ئىشەنچ بىز بويسۇندۇرماقچى بولغان بارلىق نەرسىنى بويسۇندۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

## ◉ خارۋاردنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرى.

بىر مەشھۇر يازغۇچى خارۋاردقا بېرىپ دەرس سۆزلىگەندە: «مەن ئىشەنچىسى تولۇپ تاشقان، شۇنداقلا ئۆز نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغانلىقىنى كۆرمىدىم!» دېگەن.

ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەم بىلەن ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەملەرنىڭ مەسىلىلەرگە قارىشى تامامەن ئوخشىمايدۇ. ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلار مەسىلىنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆرىدۇ، ھەمدە تېزدىن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى تاپىدۇ؛ ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەم مەسىلىنىڭ يامان تەرىپىنى كۆرىدۇ، ھەمىشە كىچىككىنە قىيىنچىلىقنى چوڭايتىۋېتىدۇ.

شوپىنخاۋېر مۇنداق دېگەنىدى: «شەيئىلەر ئادەملەرگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، ئادەملەرگە تەسىر كۆرسىتىدىغىنى بولسا ئادەملەرنىڭ شەيئىلەرگە بولغان كۆز قارىشىدۇر».

شۇڭا خارۋارد پروفېسسورلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا قويىدىغان بىرىنچى تەلىپى: ئۆزىگە ئىشىنىش! ئۆزىگە ئىشىنىش! يەنە ئۆزىگە ئىشىنىش! ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەم توپىنى ئالتۇنغا، تاشنى گۆھەرگە ئايلاندۇرالايدۇ. مانا بۇ بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ سىرى.

## ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

ئۆزىڭىزگە قانچىلىك دەرىجىدە ئىشىنىسىز؟

پىسخىك سىناق: مەلۇم بىر شىركەت خىزمەتچى قوبۇل قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ، تۆت ئادەم تىزىملىتىپتۇ. سىز خوجايىن بولسىڭىز تۆۋەندىكى تۆت ئادەمنىڭ قايسىنىڭ ئىستىقبالى بار

دەپ قارايتتىڭىز؟

1. سېمىزرەك ئەر.
2. ئېگىز ئەر.
3. پاكار ئەر.
4. ئوتتۇرا بوي ئەر.

### ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

بىرىنچىسىنى تاللىغانلار: نىسبەتەن ئۈمىدۋارلار، سىلەردە مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆزىنى كەمسىتىش خاھىشى بولىسمۇ، لېكىن ئوچۇق - يورۇق ھالدا پىكىر قىلىسىلەر.

ئىككىنچىسىنى تاللىغانلار: سىلەر تەقى - تۇرقىڭلاردىن رازى ئەمەسىلەر. ھەمىشە بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئۆزۈڭلەرنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىسىلەر. بىر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقىڭلاردىن ئەنسىرىشىڭلار مۇمكىن.

ئۈچىنچىسىنى تاللىغانلار: سىلەر ئۆزۈڭلەرنى بىر قەدەر كەمسىتىدىغانلار، لېكىن بۇ خىل كەمسىتىش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلارغا تۈرتكە بولىدۇ.

تۆتىنچىسىنى تاللىغانلار: ئۆزۈڭلەردە ئىشەنچىڭلار يوق بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزۈڭلەرنى كەمسىتمەيسىلەر. چۈنكى سىلەر تاشقى ئوبرازىڭلارنى ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي كۈچىڭلارنى مۇھىم بىلىسىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۆزىنى كەمسىتىشنىڭ پاتقىقىدا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ گۈلى ئۈنمەيدۇ

**خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمەتلىك سۆزى: ئادەم ئۆزىنى كەمسىتىش تەرىپىدىن چۇشۇلۇپ قالغاندا، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش جەھەتتە روھسىز، بېكىنمە ھالەتتە بولۇپ قالىدۇ.**

خارۋاردتىكىلەر مېنى ھەر قېتىم لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلغاندا، ناھايىتى قىزىقارلىق بىر ئىشنى يەنى مۇنبەردە تۇرۇپ بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ لېكسىيەمنى ناھايىتى روھلۇق ھالدا پۈتۈن زېھنىنى قويۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى، بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بويۇنلىرىنى ئىچىگە تىقىشقىنىچە تولىمۇ روھسىز ئولتۇرغانلىقىنى بايقايمەن. مېنىڭچە، بۇ ئۆزىگە ئىشەنگەنلەر بىلەن ئۆزىنى كەمسىتىدىغانلارنىڭ پەرقى بولسا كېرەك!

كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۆزىنى كەمسىتىدىغان بەزى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنى دائىم كۆرۈپ تۇرىمەن، ئۇلار مەيۈس، روھسىز ھەتتا چۈشكۈن يۈرۈيدۇ. ئۇلار تاشقى دۇنياغا باھا بېرىشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ، ھەر قاچان، ھەر جايدا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇپ، ئاسانلا ئۆزىنى ئىنكار قىلىدۇ.

ئويلاپ باقايلى، بىر ئادەم ئۆزىنى ئۆزى ئېتىراپ قىلمىسا، قانداقمۇ باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلەيدۇ؟ ئۆزىنى كەمسىتىشنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالغان بىر ئادەم بويۇم پاكار، ئۆڭۈم قارا، كۆزۈم كىچىك، ئوقۇش تارىخىم تۆۋەن، ئائىلە

ئەھۋالىم ياخشى ئەمەس دېگەنگە ئوخشاش تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئۆزىنى كەمسىتىدۇ ۋە چۈشۈرىدۇ.

ئادەم ئۆزىنى كەمسىتىش سەۋەبىدىن چۈشكۈنلىشىپ قالغاندا، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش جەھەتتە روھسىز، بىكىنمە ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

ناۋادا ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئۆزىنى كەمسىتسە روھىي جەھەتتە گاڭگىراپ، چۈشكۈنلىشىپ ۋە ئىرادىسىز بولۇپلا قالماستىن، ئەمەلىي ھەرىكەت جەھەتتىمۇ ئۆز پايدا ـ زىيىنىڭلارنىڭ غېمىنى يېگەچكە، ئىلگىرىلىمىگەچكە ناھايىتى نۇرغۇن مۇھىم پۇرسەتتىن مەھرۇم قالىدۇ.

پىروفېسسور ئابت خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوچۇق دەرس ئۆتمەكچى بولۇپ ئاستا مۇنبەرگە چىقىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا دەرسلىك ياكى كونسىپىك يوق ئىدى.

— ساۋاقداشلار، سىلەر رەڭگارەڭ ھاياتلىق ۋە خىلمۇخىل كىشىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋاقتىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھەسرەت چەككىنىچە بىھۇدە ئۆتكۈزمەكتە، بەزىلىرى قۇياش نۇرى ئاستىدا جېنىنىڭ بارىچە تىرىشماقتا، شۇنداقلا ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ پارلاق تۇرمۇشىنى ياراتماقتا...، — پىروفېسسور ئابت كۆزەينىكىنى تۈزەشتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق قىلالىدىكى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئىككى نەرسە ئايرىم ـ ئايرىم ساقلانغان. سىلەر ئۇلارنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟

پەستە ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلار مۇلاھىزە قىلىشقىلى تۇردى، ئۇلار تۈرلۈك جاۋابلارنى بېرىشتى، لېكىن بۇ جاۋابلارنىڭ ھېچقايسىسى پىروفېسسور ئابتنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. پىروفېسسور ئابت بىردەم توختىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەمەلىيەتتە بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي، بىراق جاۋابىنى دەپ بېرىشتىن بۇرۇن سىلەرگە بىر ۋەقەنى سۆزلەپ

بىرەي، بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن سوئالنىڭ جاۋابىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلەيسىلەر، — پىروفېسسور ئابت كۈلۈمسىرىگىنچە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىنسانلار ئاپىرىدە بولغان دەسلەپكى چاغلاردا پەرۋەردىگارىم ئىنسانلار بىلەن بىر ئويۇن ئوينىماقچى بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارىم «ئۆزىنى كەمسىتىش» دېگەن نەرسىنى قانداق قىلىپ ئىنسانلارغا تۇيدۇرماستىن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا جايلاشتۇرۇشنى پەرىشتىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ.

پەرىشتىلەر بىر ھازا ئويلاشقاندىن كېيىن، ھەرخىل تەكلىپلەرنى بېرىپتۇ، بەزىلىرى «ئۆزىنى كەمسىتىش» نى ئىنسانلارنىڭ كۆزىگە جايلاشتۇرايلى دەپتۇ، بەزىلىرى قۇلىقىغا جايلاشتۇرايلى دەپتۇ، يەنە بەزىلىرى چىشىغا جايلاشتۇرايلى دەپتۇ...

پەرۋەردىگارىم پەرىشتىلىرىنىڭ تەكلىپلىرىگە كۈلۈمسىرىگىنچە بېشىنى چايقاپتۇ، ئۇلارنىڭ تەكلىپلىرىنى خوپ كۆرمەپتۇ. ئاخىرىدا بىر ياش پەرىشتە:

— «ئۆزىنى كەمسىتىش» نى ئىنسانلارنىڭ يۈرىكىگە جايلاشتۇرايلى! يۈرەك دېگەن ئەڭ مەخپىي، پىنھان جاي، — دەپتۇ.

پىروفېسسور ئابتنىڭ گېپى تۈگەپتۇ، ئوقۇغۇچىلار سوئالغا جاۋاب تاپقانلىقىغا ئىشىنىپتۇ. بۇ چاغدا بىرنەچچە ئوقۇغۇچى قارشىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولۇپ قول كۆتۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئوقۇغۇچى مۇنداق دەپتۇ:

— پىروفېسسور، سىز دېگەن ئىككى نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلدىم. بىرى ئۆزىنى كەمسىتىش، يەنە بىرى ئۆزىگە ئىشىنىش، شۇنداقمۇ.

بۇ چاغدا پىروفېسسور ئابت مەمنۇن بولغىنىچە بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

ئۆزىنى كەمسىتىدىغان ئادەم باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن

ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى ئۆزئارا سىلىشتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، نەتىجىدە سىلىشتۇرغانسېرى ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن ھېسابلايدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسى شەكىللىنىدۇ.

ناۋادا ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئۆزىنى كەمسىتسە، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئىنتايىن زىيانلىقتۇر. چۈنكى ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسى ئادەمدە تەشۋىش پەيدا قىلىدۇ، شۇنداقلا ئادەمنىڭ دىققىتىنى چېچىۋاتىدۇ، نەتىجىدە كىشىنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغاندىكىن ئۆزىنى كەمسىتىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئادەم مەڭگۈ ئۆزىنى كەمسىتىش پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ.

دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ياشلار ـ ئۆسمۈرلەردە ئۆزىنى كەمسىتىش كۆرۈلگەندە، ئۇنى ئاقىلانىلىق بىلەن سۈپۈرۈپ تاشلىشى كېرەك، ئۇلار «ئۆزىنى كەمسىتىشنىڭ پاتقىقىدا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ گۈلى مەڭگۈگە ئۈنمەيدۇ» دېگەن سۆزنى ھەرۋاقىت ئېسىدە ساقلىشى كېرەك.



### ◉ خارۋاردنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرى

خارۋاردنىڭ پىروفېسسورلىرى ئوقۇغۇچىلارنى دائىم مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ: «ئۆزىڭىزنى مۇكەممەللەشتۈرمەكچى، تېز ئۆسۈپ ـ يېتىلدۈرمەكچى بولسىڭىز، ئۆز كۈچىڭىزگە تايىنىپ ئۆزىڭىزنى كەمسىتىش ئۇستىدىن غەلىبە قىلىڭ!»

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئۆزىنى كەمسىتىشنىڭ پاتقىقىدىن قانداق قۇتۇلالايدۇ؟

دەرستە نۇرغۇن ساۋاقداشلار ئالدىدىكى ئورۇندا ئولتۇرسا بىرەر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك ئارقىدا ئولتۇرۇشقا ئامراق. ناۋادا قەلبىڭىز ئۆزىنى كەمسىتىش بىلەن تولغان بولسا، دەرستە ئالدىدىكى ئورۇندا ئولتۇرۇشىڭىز كېرەك، شۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلارنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنەلەيسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرمۇشتا بەدەن تىلىڭىزنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى تەڭشەپ تۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئالايلۇق، قەدىمىڭىزنى يېنىك ئېلىڭ، قەددى - قامىتىڭىزنى مەزمۇت تۇتۇڭ. بۇنداق ئۆزگىرىش دىلىڭىزنى يورۇتۇپ، ئۆزىڭىزنى كەمسىتىشتىن خالىي قىلىدۇ.

### ◉ خارۋارد سىزنى سىنايدۇ

سىز ئۆزىڭىزنى كەمسىتىدىغان ئادەممۇ؟

پىسخىك سىناق: يولدىن 500 سوم تېپىۋالدىڭىز، بۇ پۇل سىز ئامراق مەرۋايىتنى ئېلىشىڭىزغا يەتمەيدۇ، لېكىن سىز 500 سومغا ئۆزىڭىزگە زۆرۈر بولمىغان بىر جۈپ ئاياغ ئالغاندىن سىرت، يەنە ئازراق پۇل ئېشىپ قالىدۇ، بۇ چاغدا سىز قانداق قىلاتتىڭىز؟

1. ئۆزۈم 500 سومغا ئازراق پۇل قوشۇپ مەرۋايىت ئالاتتىم.
2. 500 سوم پۇلغا بىر جۈپ ئاياغ ۋە ئۇششاق - چۈشەك بىرنېمىلەر ئالاتتىم.
3. پۇلنى بانكىدا قويۇپ ھېچنېمە ئالمايتتىم.

### ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

بىرىنچىسىنى تاللىغانلار: ئۆزۈڭلەرنى كەمسىتمەيدىغانلار، بەزىدە ئۆزۈڭلەرگە ئىشەنمىسەڭلەرمۇ، لېكىن تاللاشقا دۇچ كەلگەندە ھامان ئاقىلانە قارار چىقىرالايسىلەر.

ئىككىنچىسىنى تاللىغانلار: سىلەردە ئازراق ئۆزنى كەمسىتىش پىسخىكىسى بار، ھەمىشە باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئېلىشنى ياخشى كۆرىسىلەر، ۋاھالەنكى، مۇستەقىل تاللايدىغان ۋاقىتىڭلار ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

ئۈچىنچىسىنى تاللىغانلار: ئۆزۈڭلەرنى كەمسىتمەيسىلەر، لېكىن تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، دائىم زىيادە قارام بولۇپ كېتىسىلەر، شۇنداقلا ئالدىراپ - تېنەپ بىردەمدىلا قارار چىقىرىپ قويۇپ پۇشايماندا قالىسىلەر.

# ئۆزىمىزگە ئىشىنىش يېتەرسىز بولسا، ئەندىشە ـ تەشۋىشتە قالىمىز

**خارۋارد ئۇنىۋېرستېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:**
**ئەندىشە ـ تەشۋىش كىشىنى ئالغا باستۇرمايدۇ، كىشىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى نورمال جارى قىلدۇرمايدۇ.**

ئۆزىگە ئىشىنىش مۇۋەپپەقىيەت يولىدىكى مۇھىم پەزىلەتنىڭ بىرى. ئۆزىگە ئىشەنگەندىلا ئۇلۇغۋار نىشان تىكلىگىلى، ئۆزۈكسىز ھالدا بىلىم ـ تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

ئۆزىگە ئىشىنىش يېتەرسىز بولسا، مەغلۇبىيەت تەشۋىش ـ تەشۋىشىدىن خالىي بولالمايمىز، ئىشەنچىمىز تەۋرىنىپ قالغاندا مەغلۇبىيەت تەشۋىشى زۇلمەتتىكى ئالۋاستىدەك سىزنى پاراكەندە قىلىدۇ. بۇنىسى خارۋارد ئوقۇغۇچىلىرىغا بەش قولدەك ئايان، ئۇلار ئۆزلىرىگە قانداق نىشان تىكلەشنى، بىلىم ۋە تەجرىبە بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇشنى، تەشۋىشنى ئۆزىگە يېقىن يولاتماسلىقنى بىلىدۇ.

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىلىم ۋە تەجرىبە ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ ئاساسى. چۈنكى ئۇلار ئىشەنچىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرىمىز دەيدىكەن، ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىلىمىنى داۋاملىق ئاشۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، بىلىمى ۋە تەجرىبىسى كەم بولغاچقا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن بۇرۇن ۋەھىمە ئىچىدە قالىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ.

مەغلۇبىيەت سايىدەك ئەگىشىۋالغاندا، ئەندىشە ـ تەشۋىشتىن ئىبارەت ئىبلىس ئەدەپ كېتىدۇ. بىز مەغلۇبىيەتتىن زىيادە قورققاچقا، نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز، بەزى يېڭى شەيئىلەرنى سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمايمىز. شۇنىڭ بىلەن مۇۋەپپەقىيەت يولىدا تېخىمۇ گاڭگىراپ قالىمىز، ئاخىرىدا بولسا ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالىمىز.

مەشھۇر ئەدىب ئېمېرسون مۇنداق دېگەنىدى: «ئاجىزلار ئەتراپىدىكى رېشاتكىنى، يەرلىرى ئاغدۇرۇلغان ۋە ئوتالغان دېھقانچىلىق مەيدانىنى، شۇنداقلا سېلىنىپ بولغان ئۆيلەرنى كۆرەلەيدۇ؛ كۈچلۈكلەر بولسا كەلگۈسىدىكى ئۆيلەر ۋە دېھقانچىلىق مەيدانىنى كۆرەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قۇياش بۇلۇتلارنى تارقىتىۋەتكەنگە ئوخشاش تېزلا ئۆي ـ زېمىن بەرپا قىلالايدۇ.»

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئۆز ئىشەنچىسىنى تىكلىمەكچى بولىدىكەن، ئوقۇش ـ ئۆگىنىش ياكى كەلگۈسىدىكى كەسپىدە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەيدىكەن، ئەندىشە ـ تەشۋىشتىن ئىبارەت بۇ غايەت زور دۈشمەننى يېڭىشى كېرەك.

روجېرس خارۋاردنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن مەلۇم خەلقئارالىق پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتنىڭ كەسپىي دىرېكتورلۇقىغا تەكلىپ قىلىنىدۇ، ئۇ كەسپىي بىلىم جەھەتتە كەم ـ كۈتىسىز بولسىمۇ، لېكىن خىزمەتكە يېڭى چىققان بولغاچقا، كۆڭلىدە چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل ۋەھىمە بار ئىدى.

روجېرس ھەر قېتىم خېرىدارلار بىلەن كۆرۈشكەندە قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىدۇ، قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھاسىغا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. ناۋادا ئاسان قۇتۇلغىلى بولمايدىغان خېرىدارلارغا يولۇقسا، كىشىلەر ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان

لايىھەلەرگە قارشى تۇرۇش پوزىتسىيەسىدە بولسا، ھەتتا جىددىيلەشكىنىدىن پۈتۈن ئەزايى تىترەپ كېتەتتى.

بۇنداق تەشۋىش سەۋەبىدىن بارغانچە ئىشەنچىسىنى يوقاتقان روجېرس نۇرغۇن ئىشلارنى ئوبدان قىلالمايدۇ.

ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئادەتتىكىچە بولۇشى، شۇنداقلا كۈچلۈك جەزبدارلىقىنىڭ بولماسلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن بارغانسېرى بىر پىسخىك توسالغۇغا ئايلىنىپ قالىدۇ. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، غوجايىنىنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان بىر ئېغىز سوغۇق گېپى ياكى سوغۇق چىرايى روجېرستا تۈرلۈك غەلىتە ئوي ـ خىياللارنى پەيدا قىلىدۇ.

گەرچە روجېرسنىڭ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان ئوقۇش تارىخى بولسىمۇ، لېكىن خىزمەتتىكى ئىپادىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. ئۇنىڭ كەسىپتىكى نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاچقا، غوجايىن ئۇنى داۋاملىق ئىشلىتىش ياكى كەتكۈزۈۋېتىشنى باشقىدىن ئويلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

بۇ چاغدا روجېرس ئۆزگەرمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ يېتەكچىسىنىڭ مونۇ بىر جۈملە سۆزىنى ئېسىگە ئالىدۇ: «تەشۋىش كىشىنى ئالغا باستۇرمايدۇ، كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى نورمال جارى قىلدۇرغىلى قويمايدۇ!»

دەرۋەقە، ئۆگىنىش ۋە خىزمىتىمىزدە بىزگە توسالغۇ بولىدىغىنى تاشقى ئامىل بولماستىن، بەلكى، دەل ۋۇجۇدىمىزدىكى ۋەھىمىدۇر.

روجېرس مەلۇم ۋاقىت ئۆزىنى تەڭشىگەندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا يېڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. غوجايىن روجېرسنىڭ چىڭ تۇرۇشى سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا بىر پۇرسەتنى يەنى بىر خېرىدار بىلەن سودىلىشىش پۇرسىتى بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

روجېرس بۇ قېتىم سودىنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتۈردى، ئۇ خېرىدار بىلەن كېڭىشىش داۋامىدا گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە روھىي قىياپەت جەھەتلەردە خارۋارد ئوقۇغۇچىلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ساپانى نامايان قىلدى.

روجېرس ئاخىرىدا كىشىنى مەمنۇن قىلغۇدەك نەتىجىگە ئېرىشتى.

بىر پەيلاسوپنىڭ: «تەشۋىش ـ ئەندىشە ئىرادىنىڭ زىندانى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنۇۋالىدۇ، ئۇ يەردە ماكانلىشىشقا ئۇرۇنىدۇ، تەشۋىش كىشىلەرگە خۇراپاتلىق ئېلىپ كېلىدۇ، خۇراپاتلىق بىر خەنجەر، ساختىپەزلەر بۇ خەنجەر بىلەن روھنى ئۆلتۈرىدۇ!» دېگەن گېپى ھېلىھەم ئېسىمدە.

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ بىلىم ۋە تەجرىبىسى يېتەرسىز بولغاچقا، مۇۋەپپەقىيەت يولىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئەندىشە ـ تەشۋىشتىن خالىي بولالمايدۇ، بۇ چاغدا ئۇلار ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، غەيرەتكە كېلىپ ئەندىشە ـ تەشۋىشنى يوقىتىشى، شۇنداقلا تەشۋىشنى ئاكتىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

سىز يەنە ئارقىغا سوزمىغىنىڭىزدا، ساقلىمىغىنىڭىزدا، ئەندىشە-تەۋشىشنىڭ ئۆزىڭىزدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى بايقايسىز.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

ئوقۇغۇچىلار مەندىن: «قانداق قىلغاندا ئەندىشە ـ تەشۋىشنى تۈگىتەلەيمىز؟» دەپ سورىغاندا، مەن: «ھازىردىن باشلاپ ئۆگىنىڭ! مانا بۇ ئەندىشە-تەشۋىشنى تۈگىتىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى!» دەپ جاۋاب بېرەتتىم.

ئۆزىڭىزنىڭ نىشانى بولغاندا، نىشانىڭىز ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا باشلىغاندا، ئەندىشە ـ تەشۋىش ئۆزىنى قويىدىغان جاي

تاپالماي قالىدۇ.

ئادەمنىڭ ئىشەنچىسى نىشاننىڭ ئىلھام بېرىشىگە موھتاج، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق قوللاشقا موھتاج. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ئىشلار كىشىلەر ئويلىغاندەك قىيىن ئەمەس، نىشانىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالساقلا، شۇنداقلا ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك ھەرىكەت قوللانساق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز.

نىشانىڭىزنى كۆڭلىڭىزدىكىدەك بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن، كەينىڭىزگە قارىسىڭىز. تەشۋىشنى تۈگەتمەك سىزگە ناھايىتى ئاددىي بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

سىز ئۇچۇن چوڭ زور ئەندىشە ـ تەشۋىش نېمە؟

پىسخىك سىناق:

ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەملەر ھامان بەزىبىر ئەندىشە ـ تەشۋىشتىن خالىي بولالمايدۇ، سىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەشۋىش نېمە؟ سىز ھازىر ئىچىڭىزدە 1 دىن 4 كىچە ساناڭ، ئاندىن سەزگۈڭىزگە تايىنىپ مەلۇم بىر سانىنى تاللاڭ، مۇشۇنداق قىلسىڭىز نېمىدىن بەك تەشۋىشلىنىدىغانلىقىڭىز بىلىنىدۇ.

1. 1 سانى
2. 2 سانى
3. 3 سانى
4. 4 سانى

### ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

1 سانىنى تاللىغانلار: قەلبىڭلار ئىللىقلىققا تولغان، ئادەتتىكى تۇرمۇشتا دائىم خاتىرجەم يۈرۈيسىلەر، بىراق قەلبىڭلار «زېرىكىشلىك ۋە قورۇق» بولغاچقا ئەندىشە ـ تەشۋىش

بىلەن تولغان، دائىم قىلىدىغانغا ئىشىكلار بولۇشنى، شۇنداقلا بىرەرسىنىڭ يېنىكلاردا تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىسىلەر.

2 سانىنى تاللىغانلار: ئەڭ قورقىدىغىنىڭلار كىشىلەرنىڭ «سوغۇق مۇئامىلە» سىگە ئۇچراش بولسا كېرەك. ناۋادا ئۆيۈڭلەردە ياكى دوستۇڭلارنىڭ ئارىسىدا يېتەرلىك ئېتىبارغا ئېرىشەلمىسەڭلار ئىچىڭلار پۇشۇپ بىئارام بولىسىلەر.

3 سانىنى تاللىغانلار: «مەغلۇپ بولۇش» تىن ئىنتايىن قورقىسىلەر، سىلەر ناھايىتى ئىقتىدارلىق بولغاچقا، شۇنداقلا ئۆزۈڭلەرگە ئىشەنچىڭلار بولغاچقا، «مەغلۇپ بولۇش» سىزلەر ئەڭ قورقىدىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ.

4 سانىنى تاللىغانلار: «تەلىيىڭلار» نىڭ كەلمىگەنلىكىدىن بەك قورقىسىلەر، چۈنكى ئۆزۈڭلەرنىڭ تۇرمۇش پىلانىڭلار بار، تەلىيىڭلار ئۇڭ كەلمىگەنلىكىدىن، ئىنتايىن مەيۈسلىنىسىلەر.

# ئۆزىگە ئىشەنمىگەنلەرگە «مۇمكىن بولمايدىغان ئىش» يوق

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:***
**بىر ئۇلۇش ئىشەنچ بىلەن بىر ئۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتكە، ئون ئۇلۇش ئىشەنچ بىلەن ئون ئۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ!**

ئەمەلىيەتتە ئىنچىكە ئويلاپ باقساق، مەغلۇپ بولغانلارنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىشەنچىسىنىڭ كەملىكىدىن مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلىمىز. بەزىلەر ئىشەنچ —— يېرىم مۇۋەپپەقىيەت دەيدۇ. بۇ گەپنىڭ تولۇق ئاساسى بار. چۈنكى ئۆزىگە ئىشەنگەنلەرنىڭ ئالدىدا «مۇمكىن بولمايدىغان ئىش» يوق. خارۋاردنىڭ پىسخىك دەرسىدە مۇنداق بىر تىپىك مىسال بار:

جېرىي بەش يىل ئۆي جاھازلىرى تىجارىتى قىلىدۇ، تىجارىتىمۇ يامان ئەمەس بولىدۇ. تۇرمۇشىمۇ قەدىر ئەھۋال ئۆتىدۇ، شۇغىنىسى كىچىككىنە بىر نۇقتىدىن رازى بولمايدۇ.

جېرىينىڭ ئايالى بىر كورپۇس چوڭراق ئۆيى بولۇشنى، ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنى خالىغان ۋاقىتتا ئالىدىغان پۇلى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. جېرىي بۇ مۇۋاپىق تەلەپنى چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بەش يىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۈچ ئىنگلىز موسى كېلىدىغان يېڭى ئۆيى بولىدۇ. ئايالىمۇ يېڭى كىيىم - كېچەكلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېلىشتىن غەم يېمەيدىغان بولىدۇ. مۇھىمى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ئوغلىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرۇشقىمۇ قۇربى يېتىدۇ.

بىر يىلى يازدا جېرىي ئائىلىسىدىكىلەر ياۋروپاغا دەم ئېلىشقا بارىدۇ. ئۇلار بۇ بەش يىل داۋامىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلىشىدۇ: «بىز بۈگۈنكى كۈنگە بەش يىلدىن ئىلگىرى ۋۇجۇدىمىزدا ئىشەنچىنىڭ كۈچ – قۇدرىتى ئۇرغۇپ تۇرغاچقا ئېرىشتۇق» دېيدۇ جېرىي سۆيۈنگەن ھالدا. بۇ زادى قانداق ئىش؟

ئەسلى جېرىي بەش يىلدىن بۇرۇن دېترويىتتا بىر دېھقانچىلىق سايمانلىرى ساتىدىغان خىزمەتنىڭ بارلىقىنى ئاڭلايدۇ. ئەزەلدىن ئېھتىياتچان جېرىي قولىدىكى ئىشنى قويۇپ سىناپ بېقىش نىيىتىگە كېلىدۇ. بۇ خىزمەت ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

جېرىي دېترويىتقا يېتىپ بارغان كۈنى يەكشەنبە ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرى غوجايىنى بىلەن كېلىشىدىغان ۋاقتىنى دۈشەنبىگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. جېرىي كەچتە بىر مېھمانخانىغا كىرىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئۇ جىمجىت ياتقىنىچە خىيال سۈرىدۇ.

ئۇ مۇشۇ يىللاردىن بېرى ئۆزى تونۇيدىغان، ئۆزىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەن دوستلىرىنى بىر قەغەزگە تىزىملاپ چىققاندىن كېيىن خىيال سۈرىدۇ. ئۇلار جېرىيدىن ئەقىللىك ئەمەس، شۇنداقلا ئوقۇش تارىخىمۇ ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئەمەس ئىدى. ھالال ياشاش جەھەتتىمۇ ئۆزىگە يەتمەيتتى. بىراق ئۇلار نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ، ئۆزى نېمىشقا مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

جېرىي ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يەنە بىر خىل ئامىلىنى —— ئىشەنچنى ئېسىگە ئالىدۇ، شۇنداقلا باشقىلارغا قارىغاندا ئۆزىدە ئىشەنچنىڭ كەملىكىنى تونۇپ يېتىدۇ.

جېرىي قايتا ـ قايتا ئويلىنىدۇ، ئۇ كىچىكىدىن ھازىرغىچە ئۆزىگە ئانچە ئىشەنمەيتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭ كەسپى ۋە خىزمىتىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ ھاياتى بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقىمۇ ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇلارنى ئويلىغان جېرىي ئېغىر خورسىنىدۇ، ئۆزىنى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىش، ئۆزىگە قەتئىي ئىشىنىدىغان بولۇش نىيىتىگە كېلىدۇ.

ئەتىسى جېرىي بۇ قېتىمقى كېڭەشىشنى ئۆزىگە نىسبەتەن بىر سىناق دەپ قاراپ، ئىشەنچىسىنى تاۋلىماقچى بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ كۆزلىگەن مائاش 800 ـ 1000 ئامېرىكا دوللىرى ئىدى، لېكىن ئىشەنچىنىڭ تۈرتكىسىدە مائاشىنى 4000 ئامېرىكا دوللىرىغا ئۆستۈرۈشنى قارار قىلىدۇ. بۇ سان 1000 سومدىن تۆت ھەسسە ئارتۇق ئىدى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەتنىڭ ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم خىيال قىلمىغانىدى، بۇ قېتىمقى سۆھبەت دەرۋەقە ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ. جېرىي بۇ سۆھبەت ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا ئىشەنچىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چۈشىنىۋالىدۇ، چۈنكى ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلار ئۈچۈن «مۇمكىن بولمايدىغان ئىش» يوق.

ئىشەنچ ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۆلچەرلىگۈسىز كۈچ- قۇۋۋەتتۇر. مەيلى ئۆگىنىش ياكى كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشىمىز ۋە خىزمىتىمىزدە بولسۇن، ئىشەنچ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار ئۆزىگە بولغان تەلەپنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن ئىشنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، مەغلۇپ بولغانلاردا ئۈمىدنى كۆرگەنلەردۇر.

مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا بىللە ئوقۇغان بىر قىز ساۋاقدىشىم بار، ئۇنىڭ چىرايى ئادەتتىكىدەك بولغاچقا ئۆزىنى بەكلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەمستەتتى، ئۇ ياسىنىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، دائىم رەتسىز يۈرۈيدۇ، خىزمەتتىمۇ ئالغا ئىنتىلمەيدۇ. يۈرگەن يىگىتى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يېقىن ئاغىنىلىرى بىلەن ئۇ قىزنى ھەر كۈنى «بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپ بارسىز جۇمۇ»، «قولىڭىزدىن ئىش كېلىدۇ جۇمۇ»، «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ماختايدۇ. بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن كۆپچىلىك ھەيران بولۇشقىنىچە ئۇ قىزنىڭ راستتىنلا چىرايلىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ قىزنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان، شۇ ئىچىدە ئۆزىنى كەمستمەيدىغان بولغان، شۇنداقلا ياسانچۇق بولۇپ ئۆزىنى ئىپادىلىگەن، شۇڭا ئۇ كىشىلەرگە چىرايلىق كۆرۈنگەن.

بۇ قىزدا نېمىشقا شۇنچە چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ؟ مېنىڭچە بۇ ئۆزگە ئىشىنىشنىڭ كۈچ- قۇدرىتىدۇر. چۈنكى ئىشەنچ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كاپالىتى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئۇرغۇتىدۇ، كىشىگە ئەڭ ياخشى كەيپىيات بېغىشلايدۇ.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارغا دائىم ئۆزىنى نامايان قىلىش پۇرسىتى بېرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆز سەھنىسى بولىدۇ. ئۇلار بۇ سەھنە ئارقىلىق ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدۇ ۋە نامايان قىلىدۇ.

بۇ ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشنىڭ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ تىرىشىشتىن باشقا يەنە يېتەرلىك ئىشەنچكە ئىگە بولۇشىنى، ئۆز تالانتى ۋە قابىلىيىتىگە ئىشىنىش لازىملىقىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ ئۈچۈن

تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ۋە زېھنىنى كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئىشەنچ كەم بولسا، كۆڭلىدىكىدەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش تولىمۇ قىيىن بولىدۇ. چۈنكى ئۆزىنى كەمسىتكۈچىلەر دۇنياسىدا، ھەرقانداق ئىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ھالبۇكى ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلار «مۇمكىن بولمايدىغان ئىش»نى مۇمكىن بولىدىغان ئىشقا ئايلاندۇرالايدۇ. مانا بۇ ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ھېسابلىنىدۇ.

### ◉ *خارۋارد سىزنى سىنايدۇ*

دوستلىرىڭىز تۇغۇلغان كۈنىڭىزدە چاسا شەكىللىك تورت ئەكەلدى. تورت بىر پارچە چاسا شەكىلدە كېسىلدى (ئۈنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە ئورنى خالىغانچە بولدى)، سىز ئېشىپ قالغان تورتنى قانداق قىلىپ بىرلا قېتىمدا چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش ئىككى پارچە قىلىپ كېسەلەيسىز؟

### ◉ *جاۋاب*

سىز پۈتۈن تورتنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن كېسىلگەن تورتنىڭ ئوتتۇرىسىنى بىر سىزىقتا تۇتاشتۇرىسىز. بۇ ئۇسۇل كۆپ جىسىمغىمۇ كېلىدۇ! كېسىلگەن بىر پارچە تورتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە ئورنى خالىغانچە بولىدۇ. تۇغۇلغان كۈندە تورت كېسىش ئۇسۇلى بويىچە كەسمەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىشەنچ سىزگە مېۋە بېرەلمەيدۇ، لېكىن مېۋىگە قانداق ئېرىشىشىڭىزنى دەپ بېرەلەيدۇ

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:***
**ئىشەنچ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنىڭ قورالى، شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتىلىشنىڭ ئۇسۇلىمۇ ئەمەس، لېكىن سىز ئىشەنچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن مۇۋەپپەقىيەتكە قانداق ئېرىشىشنى بىلىسىز.**

يۇقىرىدا بىز ئىشەنچنىڭ مۇھىملىقى ئۈستىدە توختالدۇق. سىز ئىشەنچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن يېرىم مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە بولغان بولىسىز. ئۇنداقتا يەنە يېرىم مۇۋەپپەقىيەت نەدىن كېلىدۇ؟ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى قىممەتلىك بىر جۈملە سۆز شۇكى: « ئىشەنچ سىزگە مېۋە بېرەلمەيدۇ، لېكىن مېۋىگە قانداق ئېرىشىشىڭىزنى دەپ بېرەلەيدۇ». مېنىڭچە، ئىشەنچكە ئىگە بولۇش يېرىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغانغا باراۋەر. قېپقالغان يېرىم مۇۋەپپەقىيەت بولسا نىشاننى بېكىتىش، دەرھال ئاتلىنىش ۋە داۋاملىق تىرىشىشتىن ئىبارەت.

ئىشەنچ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنىڭ قورالى، شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنىڭ ئۇسۇلىمۇ ئەمەس، لېكىن سىز ئىشەنچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن مۇۋەپپەقىيەتكە قانداق ئېرىشىشنى بىلىسىز.

بىر ئادەمدە ئىشەنچ بولمىسا قىلغان ئىشىنىڭ باش ـ ئايىغى

بولمايدۇ، شۇنداقلا چېچىلاڭغۇ بولىدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۆزى كېلىپ ئىشىكىنى چېكىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرمايدۇ. پەقەت مەغلۇبىيەتچىلەرلا تەلەي سىناپ كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ، بېشىغا ئامەت قۇشىنىڭ كېلىپ قونۇشىنى كۈتىدۇ، لېكىن بۇ خىل ئامەت پەقەت تەسەۋۋۇردىنلا ئىبارەت خالاس.

ئۆزىگە ئىشىنىش، كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا قانداق ياردەم بېرىدۇ؟ ئىشەنچكە تولغان ئادەم قىيىنچىلىقلا يولۇققاندا ئەندىشە قىلىپ يۈرۈپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماستىن، كاللىسىنى ئىشلىتىپ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ئۈستىدە چاپسان ئىزدىنىدۇ.

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتا ئىشەنچكە ئىگە بولۇشى، ئىشنى ئەتراپىدىكى كىچىك ئىشلاردىن باشلىشى، ئەمەلىي ھەرىكىتى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. نىشانىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىشەنچىڭىز بولسىلا، مەسىلىلەر ئىچىدىن پۇرسەت ئىگىلىسىڭىز ۋە پەيتىنى بايقىسىڭىزلا، ئۇ چاغدا ئىشەنچ سىزگە يېڭى يول ئېچىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئىشلىرىڭىزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت يولىنىڭ ئۇ بېشىغىچە باشلاپ بارىدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى سودا ئىنستىتۇتى MBA (سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش كەسپىنىڭ ماگىستىرلار دەرسى) نىڭ ئوقۇغۇچىسى فەن لېي ئۈچ يىل ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولىدۇ، ئۇ يېتەرلىك ئىشەنچكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

فەن لېي مۇنداق دەيدۇ: «كۈچلۈك ئىشەنچ كاللامدا خىلمۇخىل خىياللارنى پەيدا قىلدى، مېنى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى، شۇنداقلا تېخىمۇ بۈيۈك نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىشىمگە تۈرتكە بولدى.»

ئەمەلىيەتتە فەنلىي ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغاندا، ئۆزىنىڭ بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ كېتەلىشىگە ئىشەنچ قىلالمىغانىدى. لېكىن ئۇ داۋاملىق تىرىشتى، شۇنداقلا داۋاملىق ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

فەن لىي بىرىنچى قېتىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، ئىشەنچىسى ئاشتى، شۇنداقلا ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشىنى ئۈمىد قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالاھىدە بولغان بىر مەيدان مۇزىكا كېچىلىكى ئۇيۇشتۇردى.

بۇ مۇزىكا كېچىلىكىدە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن مېيىپ بالىلار بىرلىشىپ نومۇر ئورۇنلىدى، مېيىپ بالىلار كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى «گۈزەل» لىكىنى نامايان قىلدى.

بۇ بىر مەيدان ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئويۇن بولۇپ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مېيىپ بالىلارنىڭ ئېگىلمەس ــ سۇنماس پەزىلىتىنى ئۆگەندى، مېيىپ بالىلار نۇرغۇن خۇشاللىق ۋە غەمخورلۇققا ئېرىشتى.

بۇ مۇزىكا كېچىلىكى ئۆزىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت باش تېمىنى دەۋر قىلىپ ئۆتكۈزۈلدى. ئەمەلىيەتتە مۇزىكا كېچىلىكى خارۋارد ئوقۇغۇچىلىرى ۋە مېيىپ بالىلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىشەنچكە ئىگە قىلدى.

مانا بۇ فەنلىينىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ ئاچقۇچى. ئىشەنچ فەنلىيغا نىشان ۋە يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ قالماستىن يەنە ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ياردەم بەردى.

ئامېرىكا مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىقنىڭ پېشۋاسى دالې.كارنېگ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدەك ئۇنچىۋالا قىيىن ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئېرىشمەكچى بولغان نىشانىڭىزغا نىسبەتەن ئىشەنچىڭىز بولسا،

ھەمدە داۋاملىق سىناپ كۆرسىڭىز ۋە بەدەل تۆلىسىڭىز بەلكىم كەلگۈسىدە نىشانىڭىز ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن.

ئىشەنچكە ئىگە بولساق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە تىرىشساق مۇۋەپپەقىيەتكىمۇ ئاسانلا ئېرىشەلەيمىز. شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، ئىدىيەمىزنى خاتا ئاڭ ـ تونۇش ئىگىلىۋالماسلىقى كېرەك.

كۆپ ۋاقىتتا بىز بۇ يولدا ماڭغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز، لېكىن بىر مەھەل تىرىشقاندىن كېيىن ئۇ يولنىڭ ئېچكىرىسى ياكى ئەتراپىدا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى يولنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. مانا بۇ بىز دەپ كېلىۋاتقان «پۇرسەت».

## ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئىچىدە خىلمۇخىل غايە، ئارزۇ ـ ئارمان ۋە پىلانلارنى كۆڭلىگە پۈككەنلەر بار، ناۋادا بۇلارنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزدە تىرىشساق، ئۆگىنىش ۋە كەسپتە مىسلى كۆرۈلمىگەن تەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىمىز. ئىشەنچ سىزگە مۇۋەپپەقىيەت مېۋىسىنى بىۋاسىتە بېرەلمەيدۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەتكە بارىدىغان يولنى تېپىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ!

ئۇنداقتا ئىشەنچ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش يولىدا بىزگە قايسى ئۇسۇللارنى دەپ بېرىدۇ؟

1. ئىشەنچ بىزگە ئېنىق بىر نىشاننى دەپ بېرىدۇ، نىشان ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىمىز ئاشۇ نىشاننى چۆرىدىگەن ھالدا يۈرۈشىدۇ.

2. ئىشەنچ بىزگە ئىش قىلغاندا تېخىمۇ سەۋرچان بولۇشنى دەپ بېرىدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، سەۋرچان كىشىنىڭ ئىشى پۇختا بولىدۇ، بىر نىشاننى كۆپ خىل نىشانغا بۆلۈش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

3. نىشان بىرگە تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇشنى، بەل قويۇۋەتمەسلىكنى دەپ بېرىدۇ. ناۋادا مەلۇم بىر ئىشنى قىسقا ۋاقىتتا ئورۇنلاش زۆرۈر بولغاندا، بىر غەيرەت قىلىپلا قىلىۋېتىشىمىز كېرەك؛ ناۋادا ئۇزۇن ۋاقىتتا ئورۇنلايدىغان ئىش بولسا، قەتئىي بوشاشماسلىقنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

4. ئىشەنچ بىزگە زېھنىمىز بىلەن ۋاقتىمىزنى بىر نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈشنى دەپ بېرىدۇ.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

ئالدىڭىزدا ئۈچ سېۋەت مېۋە بار، بىرىنچى سېۋەتتىكىسى ئالما، ئىككىنچى سېۋەتتىكىسى ئاپېلسىن، ئۈچىنچى سېۋەتكە ئاپېلسىن بىلەن ئالما ئارىلاشتۇرۇپ قاچىلانغان. سېۋەتكە چاپلانغان ماركا بولسا يالغان (مەسىلەن، ماركىدىكى خەت ئاپېلسىن بولسا، سېۋەتتىكىسىنىڭ ئاپېلسىن ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ، ئالما بولۇشى مۇمكىن)، سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز ئۈچ سېۋەتنىڭ ئارىسىدىن بىر سېۋەتنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر تال مېۋىنىلا ئېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا توغرا ماركا چاپلاشتىن ئىبارەت.

### ◉ جاۋاب

سىز ئاپېلسىن بىلەن ئالما «ئارىلاش» قاچىلانغان سېۋەتتىن بىر تال مېۋىنى ئالسىڭىزلا، قالغان ئىككى سېۋەتتىكىسىنىڭ قانداق مېۋە ئىكەنلىكىنى بىلىسىز.

# ھايات دېڭىزىدا زەخىملەنمەيدىغان كېمە يوق

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:* ھايات قىسمەتلىرىدىن ھېچقايسىمىز قېچىپ قۇتۇلالمايمىز، پەقەت ئۇنىڭغا يۈزلىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.**

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۆزگىچە ئىدىيە ۋە ئۆز خاسلىقىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. مانا بۇ تەڭداشسىز خىسلەتتۇر. خارۋاردنىڭ تولۇق ئىشەنچكە ئىگە بولۇشى دۇنياغا ئۆزگىچە سادا ياڭراتتى. خارۋارد دۇنيا سەھنىسىدە كىشىلەرنىڭ گۇمانلىنىشى ۋە ئەيىبلەشلىرىگىمۇ ئۇچرىدى. بىراق بۇلار خارۋاردنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىلىم يۇرتى بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزەلمىدى.

ناۋادا خارۋاردنى بوران - چاپقۇندا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاسمان - پەلەك كاتتا دەرەخ دېسەك، ئىشەنچ ئۇنى مەڭگۈ قەد كۆتۈرگۈزۈپ تۇرىدىغان يىلتىزىدۇر. مەيلى خارۋاردنىڭ تەرەققىياتى ياكى خارۋارد ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى بولسۇن، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئۆتكۈزدى.

بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ناۋادا ئىشەنچىمىز بولمىسا، تۈرلۈك ئازاب - ئوقۇبەتلەر ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا قانداق يۈزلىنىمىز؟

ناۋادا ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچ كەلگەندە ئۆزىمىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەمستسەك، تاشلىۋەتسەك، ياكى كىچىك ئوخشۇشسىزلىق سەۋەبىدىن ئىشەنچىمىزنى بوشاشتۇرۇپ قويساق، كۆنبويى ھەممىدىن زارلىنىپ يۈرسەك؛ ناۋادا ئويلىمىغان يەردىن زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىغاچقا بىر يىقىلغان پېتىمىز ئورنىمىزدىن تۇرالمىساق، ياكى ئوخشۇشسىز شارائىت سەۋەبىدىن ئارزۇ ـ نىشانىمىزدىن ۋاز كەچسەك، سىز قانداقمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز؟

مەن ئەتراپىمدىكى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە : «ھايات دېڭىزىدا زەخىملەنمەيدىغان كېمە يوق! بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز، ئۆزىمىزدە يېتەرلىك ئىشەنچنى ساقلىشىمىز كېرەك، چۈنكى يېتەرلىك ئىشەنچ قىيىنچىلىققا تاقابىل تۇرۇشىمىزدىكى ئەڭ كۈچلۈك قورالىمىزدۇر» دەيمەن.

ئەنگلىيەنىڭ سالېن پورتىدا بىر مەشھۇر كېمە مۇزېيى بار، ئۇ يەردە ئالاھىدە بىر كېمە ساقلانماقتا. بۇ كېمىنى ئەنگلىيە لوئىد سۇغۇرتا شىركىتى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش بازىرىدىن ناھايىتى كۆپ پۇلغا سېتىۋالغان، شۇنداقلا سالېن پورتىنىڭ كېمە مۇزېيىغا ھەدىيە قىلغان.

بۇ كېمە 1894 ـ يىلى تۇنجى قېتىم دېڭىزدا قاتنىغان، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كېمە 116 قېتىم خادا تاشقا ئۇرۇلغان، 138 قېتىم مۇز تاغقا ئۇسۇۋالغان ۋە 13 قېتىم ئوت كېتىش ۋەقەسىگە ئۇچرىغان، ئۇنىڭدىن باشقا بوران ـ چاپقۇن 207 قېتىم ماچتىسىنى سۇندۇرىۋەتكەن...

بۇ كېمە نۇرغۇن قېتىم زەخىملەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بوران ـ چاپقۇن چىقىپ تۇرىدىغان تىنچ ئوكياندا چۆكۈپ كەتمىدى، ئەكسىچە ئىشەنچكە تولغان گىگانت ئادەمدەك ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرۈپ يىراق ئوكيانلاردا قاتنىدى.

ئەلۋەتتە، بۇ كېمىنىڭ ھەممە يەرگە داڭقىنى چىقىرىشى يالغۇز مۇشۇ ئاجايىپ كەچمىشلىرىلا بولماستىن، بەلكى

ئادەتتىكى بىر ئادۋوكاتتۇر.

شۇ چاغدا ئادۋوكات چوڭ بىر دەۋادا ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ. ھاۋالە قىلغۇچىسىمۇ دەۋادا ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈۋالىدۇ. بۇ ئىشتىن قاتتىق ئازابلانغان ئادۋوكات سالبىن پورتىغا كېلىپ كېمە مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ. ئۇ نۇرغۇن يېرى زەخىملەنگەن كېمىنى كۆرگەندە قاتتىق خورسىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، كاللىسىغا بىر خىل ئوي يەنى ھاياتتىن رايى قايتقان، ئۈمىدسىز كىشىلەرنىڭ بۇ كېمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئادۋوكات بۇ كېمىگە ئائىت ھېكايىلەر ۋە بەزى قىممەتلىك رەسىملىك ماتېرىياللارنى رەتلەپ ئۆزىنىڭ ئادۋوكاتلىق ئورنىغا ئېسىپ قويىدۇ. كىشىلەر ھەر قېتىم ئۇنى ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتلىققا تەكلىپ قىلغاندا مەيلى يېڭىلسۇن ياكى يەڭسۇن، ئۇ كىشىلەرگە مۇزېيدىكى بۇ كېمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بېقىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ كېمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، 2013 ـ يىلىغىچە ئاتلانتىك ئوكياندىكى بۇ « گىگانت ئادەم » نى ئېكسكۇرسىيە قىلغانلارنىڭ سانى 20 مىليون ئادەمگە يېتىدۇ.

ئېكسكۇرسىيە قىلغانلارنىڭ بەزىلىرى سودىدا مەغلۇپ بولغان سودىگەرلەر، بەزىلىرى يېقىن تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئازابىنى تارتىۋاتقانلار، بەزىلىرى مۇھەببەتتە مەغلۇپ بولغان قىز ـ يىگىتلەر، يەنە ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى، بۇ كېمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغانلار بۇ كېمىنىڭ بوران ـ چاپقۇنلاردا دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەشتەك قەيسەرانە جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كىشىلىك ھاياتتىكى ئوڭۇشسىزلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسى ئاشىدۇ.

كىشىلەر كېمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆز قالدۇرۇش دەپتىرىگە ئۆزلىرىنىڭ تەسىراتلىرىنى يازىدۇ، مۇزېيدىكى سۆز قالدۇرۇش دەپتىرى 300گە يېتىدۇ. دەپتەردىكى تەسىراتلار ئىچىدە ئەڭ كۆپ يېزىلغان بىر جۈملە سۆز: «ھايات دېڭىزىدا زەخىملەنمەيدىغان كىمە يوق!» دېگەن سۆزدىن ئىبارەت.

دەرۋەقە ھاياتىمىز پايانسىز دېڭىزغا ئوخشايدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىش يىراق ئوكيان سەپىرىگە ئوخشايدۇ، بىز ھاياتنىڭ پايانسىز دېڭىزىدا خىيىم - خەتەر بىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئىشەنچ بىزنىڭ كۈچ - قۇدرەت بۇلىقىمىز بولىدۇ.

كىممۇ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ئارزۇ قىلمايدۇ دەيسىز؟ شۇنداق بولۇشىنى ھەممە ئادەم ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن پايانسىز دېڭىز رەھىمسىز، تەقدىرمۇ ھەمىشە ئادالەتسىز، ھاياتنىڭ پاجىئەلىرىگە دۇچ كەلسەك، ئۇنىڭدىن ھېچقايسىمىز قېچىپ قۇتۇلالمايمىز، پەقەت ئۇنىڭغا يۈزلىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ناۋادا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمىزغا ئوڭۇشسىزلىق پۈتۈلگەن بولسا، بىز يەنە ئۆزىمىزگە ئىشەنگەن ھالدا كۈلۈمسىرەلەيمىزمۇ؟ ئەلۋەتتە كۈلۈمسىرەلەيمىز. چۈنكى بىز ئۆزىمىزگە ئىشىنىمىز.

### ◉ *خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى*

پاسسىپ سودا دەرسىدە مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار: «دۇنيادا ھېچقانداق ھەقىقىي قىيىنچىلىق بولمايدۇ، ئاتالمىش قىيىنچىلىق قىيىنچىلىقلىقا بولغان ئىشەنچنىڭ كەملىكىدىن ئارتۇق بولمايدۇ.»

مېنىڭچە، خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغانكى، ئاساسلىقى كۈچلۈك ئىشەنچ ئۇلارنى تۇرلۇك قىيىن ئەھۋاللارغا يۈزلەندۈرگەندە، ئۇلار ئوبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى جارى قىلدۇرالىغاچقا ھايات

دېڭىزىدا ئوخشىمىغان ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرىدىغان، ياشاشنى ھەر ۋاقىت باشقىچە ھېس قىلىدىغان ئادەم قىسمەتتىكى ئېغىرچىلىقلاردىن ھەم ھوزۇر-ھالاۋەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ. ئۆزىنى كەمسىتمەسلىك ئاخىرىدا ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماي، ئۆمۈر بويى ئەپسۇسلىنىدۇ.

كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆزىگە ئىشەنمىگەن ئادەم تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلارغا خۇشاللىق بىلەن يۈزلىنەلەيدۇ. ئۇلار بەل قويۇۋەتمەيدۇ، تىرىشىدۇ. شۇڭا ئاسانلا مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قەدەم قويالايدۇ. ناۋادا نىشانىڭىز دېڭىزنىڭ قارشى قىرغىقى بولسا خېيىم - خەتەر ئالدىدا توختاپ قالماڭ؛ ناۋادا نىشانىڭىز يىراق بولسا، ئېتىقادىڭىزنى بوشاشتۇرۇپ قويماڭ؛ ناۋادا نىشانىڭىز كۆكتە بولسا قانات قېقىپ شامالغا قارشى كۆچەپ ئۇچۇڭ! مانا بۇ خارۋارد ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىققا يولۇقسىڭىز ياكى تۇرمۇشىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاندا كەيپىياتىڭىز تۆۋەنلىگەنلىكىنى، ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىڭىزنى ھەتتا ئۆزىڭىزنىڭ باشقىلارغا يەتمەيدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلامسىز؟ مۇشۇنداق ئەھۋال سىزدە بولغانمۇ؟

پىسخىكا سىناق: مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقىنىڭىزدا بىرەيلەن سوقۇۋېتىپ ھەم يىقىلىپ چۈشتىڭىز، بۇ چاغدا سىز قارشى تەرەپنى قانداق ئادەمدۇ دەپ ئويلاپ قالامسىز؟

1. قوشنا سىنىپتىكى يات جىنس ئوقۇغۇچى.
2. گېزىت توشۇيدىغان خىزمەتچى.
3. ئەتراپتىكى قۇرۇلۇش ئورنىدا ئىشلەيدىغان ئىشچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

◉ **جاۋابنىڭ تەھلىلى:**

بىرىنچىسى تاللىغانلار: قارشى تەرەپنى يات جىنس دەپ بىلىپ ئۆزىنىڭ يات جىنس بىلەن بولغان ئالاقە جەريانىدا دائىم ئارمانغا تولۇق دەرمانى يوق، ھەمىشە خاتا تۇيغۇدا ۋە دائىم مەغلۇبىيەت تۇيغۇسىدا بولىدىغانلار.

ئىككىنچىسى تاللىغانلار: گېزىتمۇ ئەڭ يېڭى ئۇچۇر ۋە ئاخبارات ھېسابلىنىدۇ، بۇ جاۋابنى تاللىغانلار دەرستىن سىرتقى ئۆگىنىش ئارقىلىق ياكى بىلىم ساھەسىدە مەلۇم دەرىجىدە مەغلۇبىيەت تۇيغۇسىدا بولىدىغانلار.

ئۈچىنچىسى تاللىغانلار: قۇرۇلۇش ئورنىدىكى ئىشچىلار جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بوران - چاپقۇن ۋە تومۇز ئىسسىقتىمۇ ئىشلەيدۇ. مۇشتلاشسىمۇ يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەيدۇ، بۇ خىل جاۋابنى تاللىغانلار خىيالىدا مەن جىسمانىي جەھەتتە باشقىلارغا يەتمەيمەن دەپ ھېس قىلىدىغانلار بولۇپ، جىسمانىي جەھەتتە دائىم ئۆكۈنۈشسىزلىق تۇيغۇسىدا بولىدىغانلار.

# ھەقىقىي ئىشەنچتىن مۇستەھكەم ئىرادە پەيدا بولىدۇ

*خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:*
**ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ سىرىنىڭ بىرى مەغلۇپ بولۇشتىن قورقماسلىق، داۋاملىق يىقىلىش ۋە قوپۇش داۋامىدا ئۆزىنى تېخىمۇ ئېگىز دەرىجىدە تۇرالايدىغان، تېخىمۇ يىراقنى كۆرەلەيدىغان قىلىپ چىقىش**

ئىراقنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى سادام ھۇسەيىن مۇنداق دېگەنىدى : «بىر ئادەمنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئۇنىڭ جىسمانىي كۈچىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پولاتتەك قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادىسىنى كۆرسىتىدۇ!» بۇ سۆز ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى، مېنىڭچە ھەقىقىي ئىشەنچ قەلبىنىڭ سىرتتا ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇ قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، مەكتەپ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە قاتناشقان ئوقۇغۇچى نەچچە ئون ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇلار ھەرقايسى سىنىپنىڭ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ماھىرلىرى ئىدى. لېكىن 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ لىككە ئېرىشكەنلەرلا مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيتتى، شۇڭا رىقابەت بەك كۈچلۈك بولدى.

مۇسابىقىدە ئوقۇغۇچىلار زور ئۈمىد باغلىغان بىر ماھىر بىر قەدەم كېيىن قالغانلىقى ئۈچۈن تۆتىنچى بولۇپ قالدى. ئۇنى

قولـلايـدىـغانـلار ئـۇنـى ئەيـيـبـلـەپ: «بـەك دۆتـكـەنـسـەن، سـەلـلا كۈچـۈەتسـەڭ بولـىدىغان گـەپ ئەمەسمۇ! تۆتـىنچى بولغـىنـىڭ بىلەن ئارقىدىـن سانىغاندا بىرىـنچى بولـغـىنـىـڭـنـىـڭ نـېمە پـەرقـى؟» دېيىشـىدۇ.

لېكىن بۇ ئوقۇغۇچى ئۇنداق ئويلىمايدۇ، ئۇ ئىشەنچكە تولغان هالدا مۇنداق دەيدۇ: «مەن مۇكاپاتقا ئېرىشەلمىدىم، ئەمما ئىسىم تەرتىپىگە كىرەلمىگەنلەرگە سېلىشتۇرغاندا مەن قانداقلا بولسۇن تۆتىنچىلىككە ئېرىشتىم.»

بۇ ئىش هېلىهەم ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. چۈنكى ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ گېپى يوللۇق ئىدى. هەر قانداق رىقابەتتە ئىسىم تەرتىپى ۋە مۇكاپاتتىنمۇ مۇهىم نەرسە قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادىدۇر. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاشۇ ئۇتتۇرۇۋەتكەن ئوقۇغۇچى كېيىنكى هاياتىدا باشقىلارغا قارىغاندا ئېرىشكەن نەتىجىسى ئېخىمۇ كۆپ، تۇرمۇشى ئېخىمۇ بەختلىك بولغان.

ئىشەنچنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ سىرىنىڭ بىرى مەغلۇپ بولۇشتىن قورقماسلىق، داۋاملىق يىقىلىش ۋە قوپۇش داۋامىدا ئۆزىنى ئېخىمۇ ئېگىزدە تۇرالايدىغان، ئېخىمۇ يىراقنى كۆرەلەيدىغان قىلىپ چىقىش. مۇستەهكەم ئىرادىنىڭ كۈچى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىستىكى بىر ئادەمنىڭ شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىششتىكى بىردىنبىر يولى.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پسىخولوگىيە پروفېسسورى مۇنداق دېگەنىدى: «نۇرغۇن ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلاردا ئىرادە ۋە ئەقىدە كەم، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئەڭ ئاساسىي ئىشەنچىسىدىنمۇ مەھرۇم قالغان.» ئەتراپىمىزدا بۇنداق ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ناهايىتى كۆپ، ئۇلاردا تالانت ۋە بىلىم بار، ئۇلار كەسپىي ئىقتىدارنىمۇ هازىرلىغان، بىراق ئۇلاردا ئۆزىگە ئىشىنىش كەم. ئىشنى

تەۋرەنمەس ئەقىدە ۋە ئىرادە بىلەن قىلمايدۇ.

ئەقىدە بىلەن ئىرادە ئۈستىدە توختالغاندا بىز خېلېن كېللېرنى تىلغا ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

خېلېن كېللېر ئامېرىكىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ داڭلىق ناتىقى ۋە ئەما، گاس ئايال يازغۇچىسى، ئۇ قەيسەر ئىرادىسىگە تايىنىپ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشكەن ۋە ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەن دۇنيادىكى تۇنجى ئەما، گاچا كىشى. 1882 ـ يىلى بىر ياشقا كىرگەن خېلېن تېنى قىزىپ كەتكەنلىكتىن مېڭىسى يۇقۇملانغان، شۇنىڭ بىلەن ئەما، گاچا بولۇپ قالغان. كېيىن تۇزۇك گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان.

خېلېن قاراڭغۇ ۋە ئاۋازسىز دۇنيادا چوڭ بولىدۇ. ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەندە سۇلۋېن ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا قوشۇلىدۇ.

ئەسلىي سۇلۋېن مۇئەللىممۇ كىچىك چېغىدا ئەما بولۇپ قالغىلى قىل قالغانىدى، شۇڭا ئۇ خېلېننىڭ كەچۈرمىشىگە ھېسداشلىق قىلىدۇ.

خېلېن سۇلۋېن مۇئەللىمنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكلىشى ئارقىسىدا بارماق تىلىنى ئۆگىنىۋالىدۇ. بارماق تىلىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن كىتاب ئوقۇيالايدۇ، كېيىن كىشىلەرنىڭ كالپۇكىنى سىلاش ئارقىلىق سۆزلەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

سۇلۋېننىڭ خېلېننى تەربىيەلىشى ئالاھىدە ئىدى. ئۇ خېلېننى تەبىئەتكە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، خېلېننى ئوتلاققا ئېلىپ بېرىپ ياتقۇزىدۇ، ئوتنىڭ ھىدىنى پۇرىتىدۇ؛ خېلېنگە نېمىنىڭ سۇ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا جۈمەكنى سىلاتقۇزىدۇ. خېلېن بىلەن دەريا بويىغا بېرىپ سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينايدۇ ...... سۇلۋېن مۇئەللىمنىڭ غەمخورلۇقى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېتەكلىشىدە خېلىن قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بارغانسېرى ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولۇپ ئۆزگىرىدۇ، ھەمدە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. 1936 ـ يىلى خېلىن بىلەن بىللە ياشىغان سۇلۋېن مۇئەللىم مەڭگۈگە كۆز يۇمىدۇ. خېلىن بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىگە ئۈمىد ۋە يورۇقلۇق ئېلىپ كەلگەن ئادەمدىن ئايرىلىپ قالغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن خېلىن ئوقۇتقۇچىسىنىڭ مېھرىنى پۈتۈن دۇنيادىكى مېيىپلار بىرلەشمىسىدىكى خادىملارغا تارقىتىشقا بەل باغلايدۇ. ئۇ نۇرغۇن كىتاب يېزىپ سۆۋېن مۇئەللىمنىڭ ئىش ئىزلىرىنى كۆپ قېتىم تىلىۋىزوردا ئاڭلىتىدۇ. خېلىن ئامېرىكىنىڭ دەۋر ھەپتىلىك ژۇرنىلىدا «ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى ئون چوڭ مەبۇدە» نىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىدۇ، شۇنداقلا« پرېزىدېنت ھۆرلۈك مېدالى» غا مۇيەسسەر بولىدۇ.

خېلىن قاراڭغۇ ۋە ئاۋازسىز دۇنيادا ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە قەيسەر ئىرادىسى كىشىلەرگە يورۇقلۇق بىلەن ئۈمىدنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى دوستويېۋسكىي مۇنداق دېگەنىدى : «مۇستەھكەم ئىرادىلا بولىدىكەن، ئەقىل ۋە بىلىم تەبىئىي ھالدىلا بولىدۇ.»

بىر ئادەمدە ئىشەنچ كەم بولسا، ئۇ ئۆز ئىرادىسىنى كونترول قىلالمايدۇ، ئۇنداقتا ئۇ قانداقمۇ ئىزچىل داۋاملاشتۇرالىسۇن، ئۇنىڭدىن قانداقمۇ ئىجادىيەت ۋە كەشپىيات كۈتكىلى بولسۇن.

ياشلىرىمىز ئۆگىنىشى ۋە خىزمىتىگە ئىشتىياق باغلىغان، لېكىن ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسى كەم بولغاچقا، كۆپ چاغدا ۋاز كېچىدۇ. ئۇلار دائىم ئۆز تالانتى ۋە بىلىمىدىن، شۇنداقلا ئەۋزەللىكىدىن گۇمانلىنىدۇ. ئۇلار ئەۋزەللىكىنى قانداق

قېزىشنى بىلمەيدۇ، قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەندە رايى قايتىپ ئۈمىدسىزلىنىدۇ، ئىچى پۇشۇپ بىئارام بولىدۇ.

مېنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە دەيدىغىنىم شۇكى، قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقتا ھەممەيلەن يولۇقىدۇ، قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادىلا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ھېسسىيات مائارىپى كەسپىدە: «ئادەمنىڭ ئىرادىسى ئىشەنچ، مەقسەت، قەتئىي ئىرادە، سەۋرچانلىقتىن ئىبارەت تۆت ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇنداقتا ياش ۋە ئۆسمۈر دوستلار قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەك؟

1. ئۆزى ئۆزىگە بېشارەت بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆز ئىرادىسىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. كۆپ چاغلاردا بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دائىم ئۆزى ئۆزىگە توغرا بېشارەت بېرىشتىن كېلىدۇ. دېمەك، ئۆزىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا ئىشەنگەن چېغىڭىزدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىمالىڭىز بولىدۇ.

2. ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز ئىلھام ـ مەدەت بېرىپ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى جارى قىلدۇرۇشىڭىز كېرەك. ئىرادىسىز كىشىلەر بىرەر ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا ئۈمىدسىزلىنىدۇ، بۇ چاغدا ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز ئىلھام ـ مەدەت بەرسىڭىز، ئىرادىڭىزنى يېتىلدۈرىدىغان تۈپراقتا ئېرىشەلەيسىز.

3. ئۆزىڭىز بىلەن ئۆزىڭىز پىكىرلىشىڭ، پاراڭلىشىڭ. بۇمۇ بىر خىل ئۆز خاتالىق ـ يېتەرسىزلىكى ئۈستىدە ئويلىنىش ھېسابلىنىدۇ، ئادەتتە ئۆزىڭىز بىلەن پاراڭلىشىپ، يېتەرسىزلىكىڭىزنى تېپىپ چىقىڭ، ئاندىن ئۇنى تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن تۈزىتىڭ ۋە ئۆزگەرتىڭ، بۇ ئارقىلىق مۇستەھكەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىرادىگە ئىگە بولۇۇڭ.

4. پائال ئىلگىرىلەش روھىي ھالىتىڭىزنى ساقلاڭ، مۇشۇنداق قىلسىڭىز ئىرادىڭىزنى مۇكەممەللەشتۈرەلەيسىز. سىزدە پائال ئىلگىرىلەش روھىي ھالەت بولغاندىلا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىقتىدارىمۇ بولىدۇ.

### ◉ خارۋارد سىزنى سىنايدۇ.

سىن ئەينىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئوڭ ۋە سول قولىڭىزنى كۆتۈرۈڭ. ئاندىن سىن ئەينەكتىكى ئۆزىڭىزگە قاراڭ. بۇ چاغدا سول قولىڭىزنى كۆتۈرسىڭىز سىن ئەينەكتىكى سىز ئوڭ قولىڭىزنى كۆتۈرگەندەك كۆرۈنىسىز. لېكىن بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ قارىسىڭىز، سىن ئەينەكتىكى سىزمۇ بېشىڭىزنى كۆتۈرىسىز، نېمىشقا سىن ئەينەكتىكى تەسۋىر ئوڭ ـ سول ئالمىشىدۇ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ئالماشمايدۇ؟

### ◉ جاۋاب

ئاستى ـ ئۈستى، ئوڭ ـ سولنىڭ تەبىرى ئوخشىمايدۇ، ئاستى ـ ئۈستى سىممېترىك بولىدۇ، ئوڭ ـ سول ئايلانما سىممېترىك بولىدۇ

# مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش — ئىشەنچ بىلەن ئۆز يولىدا مېڭىش دېمەكتۇر

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:*** **ئادەم ئۆز تەقدىرىنىڭ رولچىسى، ئىشەنچ ئادەمنى ھايات كېمىسىنىڭ يۇرۇش يۆنىلىشىگە باشلايدىغان كومپاس، ھاياتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ـ بولماسلىقى ۋە بەختلىك بولۇش ـ بولماسلىقىدىكى ئاچقۇچ مۇستەھكەم ئىشەنچنىڭ تىكلەنگەن ـ تىكلەنمىگەنلىكىگە باغلىق.**

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان بىر جۈملە سۆز بار: «مېنىڭچە، مەغلۇپ بولغانلار دائىم ئوخشاش بىر خىل خاتالىقنى سادىر قىلىدۇ. يەنى ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن باشقىلارغا ھەۋەس قىلىدۇ، تەقلىد قىلىدۇ، لېكىن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بايلىقنى سەل قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئانچە قىيىن ئەمەس، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش — ئىشەنچ بىلەن ئۆز يولىدا مېڭىش دېمەكتۇر!

بۇ گەپنى خارۋاردنىڭ پىروفېسسورى راچېد كارسون دېگەن، ئۇنىڭ بۇ گېپى دەل كەڭ ياش ـ ئۆسمۈر دوستلار چوقۇم دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. يەنى مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن، تىرىشىش ئۈچۈن بىز چوقۇم ئۆزىمىزگە خاس يولنى ئىشەنچ بىلەن تاللىشىمىز، بۇ يول ئېگىز ـ پەس، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل، ئەگرى ـ توقاي بولسىمۇ، تىكەن ـ چاتقاللار بىلەن تولسىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشەنچ بىلەن ئاشۇ يولدا مېڭىشىمىز كېرەك دېگەنلىكتۇر.

مېنىڭچە، ھەربىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولىدا ئىشەنچىنىڭ ئىزناسى قىلىشى كېرەك. ئىزنا قالغان يوللار ئۆزىمىزنىڭ يولى ھېسابلىنىدۇ، ئۆزىمىزگە تەۋە بولىدۇ، شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئاسان ئېرىشىشنىڭ ئاخىرقى بېكىتى ھېسابلىنىدۇ.

مەشھۇر يازغۇچى ئېمېرسون 1842 ـ يىلى برووۋدۋايدىكى بىر كۇتۇپخانىدا مەردانە نۇتۇق سۆزلەيدۇ.

ئەينى چاغدا ئاددىي ئاڭلىغۇچى بولغان ۋىتمان تېخى نامى چىقمىغان ئاددىي شەخس ئىدى.

ئېمېرسون ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «كىم دۆلىتىمىزدە بۈيۈك شېئىرىي ئەسەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ كېسىپ ئېيتالايدۇ؟ بىزنىڭ بۈيۈك شائىرىمىز، كاتتا يازغۇچىمىز كۆز ئالدىڭلاردا تۇرمامدۇ؟»

ۋىتمان بۇ نۇتۇقنى ئاڭلىغاندا ۋۇجۇدىدىكى قانلىرى ئۇرغۇپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى چۈشىنىشكە، ھەر بىر ئادەمنىڭ ساداسىنى ئاڭلاشقا، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە شېئىر يېزىشقا بەل باغلايدۇ.

1854 ـ يىلى ۋىتماننىڭ «ئوت-چۆپ ياپرىقى» ناملىق ئەسىرى ئامېرىكا ۋە پۈتكۈل ياۋروپانى زىلزىلىگە سالىدۇ. ئۇ ئۇرغۇپ تۇرغان مەردانە ئۇسلۇب بىلەن ئەنئەنىۋى ۋەزىن ـ تۇراقلارنى بۇزۇپ تاشلايدۇ، ھەمدە يېڭى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئېزىلگۈچىلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ شېئىرلار توپلىمى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان بولۇپ، كىشىلەر بۇ توپلامنىڭ ئاپتورى —— ۋىتماننى ئەسلىرىدە ساقلىشىدۇ.

«ئوت ـ چۆپ ياپرىقى» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئەدىبلەرنىڭ

ۋە ئـوقۇرمەنلـەرنىڭ كۆچـلۈك ئېتـىراپ قىلـىشىغا مۇيەسسـەر بولـىدۇ، ئەينى چاغدا يىراق كونكوردتىكى ئېمـىرسون ئـىنتايـىن ھاياجـانلانغان ھـالدا: «بىز كـۈتۈۋاتقـىلى ئۇزۇن بـولـغان شائـىر ئاخىر دۇنياغا كەلدى!» دەيدۇ.

ئېمـىرسونـنىڭ كۈچەپ مـاختىشـى ۋە قۇۋۋەتلـىشى بـىلـەن ۋېتمانـنىڭ «ئۆت ـ چۆپ يـاپـرىقى» بـازار تـېپـىشـقا باشـلايـدۇ، كىشـلەر ئۇنىڭ يېڭـىچە يېزىش ئۇسۇلىنى، ئەنئەنىۋى شـەكىلگـە ئوخشـمايدىغان ئەركىن شەكـىلنى، شـۇنداقلا يېـڭى ئېقـىمدىكـى ئىدىيەۋى مەزمۇننى پەيدىنپەي قوبۇل قىلىدۇ.

ۋېتمان «ئوت ـ چۆپ يـاپرىقى» نـى 1860 ـ يىلى ئـۈچىنچـى قېتىم نـەشر قىلـىش قارارىغـا كېلىـدۇ، بۇ چاغدا ئـېمـىرسـون ئۇنىڭغا ئۆز تەكلىپىنى بېرىدۇ.

ئېمـىرسون ۋېتمان توپلامىدىكى «جىنس» قا ئائىت بىرنەچچـە شـئېـرنى چىقىرىۋېتىشى كېرەك، ئۇنداق قىلمىغاندا توپلامـنـىڭ ئۈچىنچى قېتىمـلىق نەشرى بـازار تاپالـماسلىقى مۇمكـىن، دەپ قارايدۇ.

ــــ ناۋادا ئاشۇ شېئىرلارنى چىقىرىۋەتسەم، ئۇ بازارلىق كىتاب بولالامدۇ؟ ــــ دەيدۇ ۋېتمان ئۆز پىكرىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ.

ــــ مەن دېگەن شېئىرلارنى چىقىرىۋەتسىڭىزلا بازارلىق كىتاب بولالايدۇ، ــــ دەيدۇ ئېمىرسون ۋېتمانغا رەددىيە بېرىپ.

ــــ مېنىڭ روھىم ئەركىندۇر، ئەقىدەم ھەرقانداق چەكلىمىگە بويسۇنماسلىقىمغا، تەۋرەنمەستىن ئۆز يولۇمدا مېڭىشىمغا دەۋەت قىلىدۇ، ــــ دەيدۇ ۋېتمان يەنىلا قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ.

ۋېتماننىڭ بوشـاشماي چىـڭ تۇرۇشى ئارقىسىدا، ئـۈچىنچـى قېتىم بېسىلىپ تارقىتىلغان «ئوت ـ چۆپ ياپـرىقى» غايـەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ تەسىرى دۇنـيانىڭ ھـەر بىر بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغا دېگۈدەك يېتىپ بارىدۇ.

ئەتـراپىمـىزدىكى نۇرغـۇن ياشلار ۋە ئـۆسـمۈر دوستـلار مـودا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوغلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى، باشقىلارنىڭ پىكىر ـ قارىشى، ھەتتا ئوبيېكتىپ پاكىتنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. بۇنداق تەقلىد قىلىش دەل جايىدىكى تەقلىد قىلىش بولسىمۇ، ئۇ سىزنىڭ خاس گۈزەللىكىڭىزنى نامايان قىلالمايدۇ. بۇ خۇددى باشقىلارغا ياراشقان كىيىم سىزگە ياراشمىغاندەكلا بىر ئىش. كۆپچىلىك ئۇ كىيىمنى ناھايىتى چىرايلىقكەن دەپ ماختىسىمۇ، بىراق ئۇ بەرىبىر باشقىلارنىڭ ئۆلچىمىدىكى كىيىم ـ دە، ناۋادا سىز قارىغۇلارچە تەقلىد قىلسىڭىز ئاخىرىدا «دورامچىلىق قىلىمەن دەپ كۈلكىگە قاپتۇ» دېگەندەك ئىش بولىدۇ.

مۇنداق بىر جۈملە گەپنى ئاڭلىغان ـ ئاڭلىمىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن: تەقدىرىڭىز مەڭگۈ ئۆزىڭىزنىڭ قولىدا بولىدۇ. باشقىلار ھەرقانچە ئىقتىدارلىق بولسىمۇ سىزنىڭ تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتىپ يازالمايدۇ. ئالايلۇق، سىز مەلۇم بىر تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، باشقىلارنىڭ تەكلىپ ـ پىكرى پەقەتلا بىر خىل مەسلىھەت. ئاخىرقى قارار قىلىش ھوقۇقى يەنىلا ئۆزىڭىزدە. ناۋادا ناھايىتى ئېنىق نىشانىڭىز بولسا، ئۇ چاغدا ھەرقانداق پىتنە ـ پاساتلارغا پىسەنت قىلماستىن ئۆز يولىڭىزدا مېڭىۋېرىڭ، باشقىلارنىڭ پىكرى ھەر قانچە مۇۋاپىق بولسىمۇ، ئۇ پەقەت بىر خىل مەسلىھەت ـ تەكلىپتىنلا ئىبارەت خالاس.

قىسقىسى، ياشلار ۋە ئۆسمۈر دوستلار شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەككى، مۇۋەپپەقىيەت ئۆزىڭىزنىڭ يولىدا مېڭىش دېمەكتۇر! بۇ دۇنيادا يول ناھايىتى كۆپ، لېكىن ھەربىر يول تۈپتۈز ۋە داغدام بولمايدۇ. بىز باشقىلارنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىشىمىز ناتايىن. بىز پەقەت ئۆزىمىزگە تەۋە يولدا ماڭغاندىلا ئاندىن باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيمىز.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

ئېمىرسون : «بىر تەرەپلىمىلىك قاراش بارلىق ئۈمىد

مايسىلىرىنى نابۇت قىلىدۇ» دېگەنىدى. مايسىمىزنىڭ «نابۇت بولۇپ» كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، توغرا قاراشقا ئىگە بولۇشىمىز، ئىشەنچكە تولۇشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ يولىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز كېرەك.

ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىسخىك تەرەققىياتشۇناسى خوۋارد. گاردنېرنىڭ كۆرسىتىشىچە، ھازىر كۆپ ساندىكى مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنتىق ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ تاللىشىغا سەل قارايدىكەن، بۇنداق قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئىلمىيلىكى يوقكەن، چۈنكى مەنتىق ئەقلىي ئىقتىدارنى ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئەقلىي ئىقتىدارى دېيىشكە بولمايدىكەن.

ھەر بىر ئادەم باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە، ئالايلۇق، ھەيكەلتىراش بىلەن بىناكارنىڭ بوشلۇق ئەقلىي ئىقتىدارى بىر قەدەر كۈچلۈك، تەنھەرىكەتچى بىلەن سەھنە ئارتىسلىرىنىڭ ئورۇنلاش ئەقلىي ئىقتىدارى بىر قەدەر كۈچلۈك، يازغۇچى بىلەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش ئەقلىي ئىقتىدارى ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئېشىپ كېتىدىكەن.

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۆز ئەۋزەللىكىگە بىنائەن ئۆزىگە ماس كېلىدىغان تەلىم ـ تەربىيە دەرسلىرىنى تاللىشى كېرەك. ئىشەنچ بىلەن ئۆز يولىدا ماڭغاندىلا، ئاندىن قېلىپلىشىپ قالغان مائارىپ ئەندىزىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئىقتىدارلىق، مەشھۇر كىشىلەردىن بولالايمىز.

### ◉ *خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى:*

سائەتكە 15 ئىنگلىز چاقىرىم ماڭىدىغان بىر پويىز لوس ئانژېلېستىن نيۇيوركقا قاراپ يولغا چىقىدۇ. سائەتكە 20

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېنگىلىز چاقىرىم ماڭىدىغان يەنە بىر پويىز نيۇيوركتىن لوس ئانژېلېسقا قاراپ يولغا چىقىدۇ. سائىتىگە 25 چاقىرىم سۈرئەت بىلەن ئۇچىدىغان بىر قۇش پويىز بىلەن ئوخشاش بىر ۋاقىتتا لوس ئانژېلېستىن يولغا چىقىپ، ئىككى پويىز ئارىلىقىدىن قارشى تەرەپكە ئۇچسا، ئىككى پويىز ئۇچراشقىچە بولغان ۋاقىتتا قۇش قانچىلىك يىراقلىققا ئۇچالايدۇ؟

◉ **جاۋاب**

قۇشنىڭ ئۇچۇش ۋاقتى ئىككى پويىز يولغا چىقىپ ئۇچراشقانغا قەدەر كەتكەن ۋاقىتتۇر. شۇڭا ئالدى بىلەن لوس ئانژېلېس ۋە نيۇيوركنىڭ ئارىلىقىنى ئىككى پويىزنىڭ تېزلىكىگە بۆلۈۋېتىش ۋە ئىككى پويىز يولغا چىقىپ ئۇچراشقانغا قەدەر كەتكەن ۋاقىتنى تېپىش كېرەك. ئاندىن بۇ ۋاقىتتا قۇشنىڭ ئۇچۇش تېزلىكىنى كۆپەيتسەك قۇشنىڭ ئۇچۇش ئارىلىقىغا ئېرىشىمىز.

# ئۈچىنچى باب

## يۈكسەك قىزغىنلىق: قىزغىنلىق بولمىسا ئىلگىرىلەيمەن دېگىنىڭىز خام خىيال

- قىزغىنلىق بولمىسا، دۇنيا تەرەققىي قىلمايدۇ.
- قىزغىنلىق بولغاندىلا، تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىڭىز بولىدۇ.
- ئىشەنچ قىزغىنلىقنى پەيدا قىلىدۇ، قىزغىنلىق دۇنيانى بويسۇندۇرىدۇ.
- قىزغىنلىق ئادەتكە ئايلانغاندا، تەشۋىش ۋە ئەندىشىگە ئورۇن قالمايدۇ.
- قىزغىنلىقىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ بۆسۈش ھاسىل قىلايلى، قىزغىنلىقىمىزنى بىر ئىشقا سەرپ قىلايلى.
- قارىغۇلارچە قىزغىنلىق كارغا كەلمەيدۇ.

# قىزغىنلىق بولمىسا، دۇنيا تەرەققىي قىلمايدۇ

**خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى: قىزغىنلىق بىلەن ئۆگەنسىڭىز ۋە خىزمەت قىلسىڭىزلا، كۆزلىگەن مەقسەت ــ غايىڭىزگە يېتەلەيسىز.**

خارۋادنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئورسون.مادېن مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم مەيلى ئۇ نېمە ئىش قىلسۇن، ئۇنىڭدا قىزغىنلىقتىن ئىبارەت خىسلەت كەم بولسا بولمايدۇ، چۈنكى قىزغىنلىق سىزنى بىر ئىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن كىرىشىپ، تىخىمۇ تېز ۋە سۈپەتلىك قىلىشىڭىزغا دەۋەت قىلىدۇ. بۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھەربىر كىشى ھازىرلاشقا تېگىشلىك پەزىلەتتۇر.»

ئەمىسە قىزغىنلىق دېگەن زادى نېمە؟ نۇرغۇن كىشىلەر قىزغىنلىق، مەلۇم شەيئىگە بولغان قىزغىنلىق، ئۆزىنىڭ غايىسىگە بولغان پىداكارلىق، ياكى مەرد ــ مەردانىلەرچە ھەقسىز مېھنەت قىلىشتىن ئىبارەت، دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن.

بۇ جاۋاب كىشىنى قانائەتلەندۈرىدۇ، لېكىن مېنىڭچە بۇ جاۋابنى تامامەن ئورۇنلۇق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

بىز زىراپىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. ئۇنىڭ بويىنىنىڭ نېمىشقا ئۇزۇن بولىدىغانلىقىنى ياشلار ــ ئۇسمۇرلەرنىڭ بىلىدىغان ــ بىلمەيدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن. بىز قۇرغاق يايلاقتا زىراپىگە ئوخشاش ئوت ــ چۆپ ئىزدەپ يۈرمەكتىمىز. ناھايىتى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئۈستىدىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يوپۇرماقنى كۆردۇق. لېكىن بويىمىز يەتمىگەچكە يوپۇرماقنى يېيەلمىدۇق.

بۇ چاغدا قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ توغرا بىر چامىمىزنىڭ يېتىشىچە بويىنىمىزنى سوزىمىز، ھەتتا ئالدى ئىككى پۇتىمىزنى كۆتۈرۈپ يوپۇرماقنى يەيمىز. مانا بۇ زىراپىلارنىڭ ئامالى، زىراپىلار ھاياتقا نىسبەتەن ئىشەنچ ۋە قىزغىنلىقتا تولغان، تالاي يىللارنىڭ ئۆتۈشى، زىراپىلارنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تىرىشىشى نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ بويىنى ئۇزارغان. مانا بۇ زىراپىنىڭ قىزغىنلىقىدۇر.

بۇ خىل قىزغىنلىق بىلەن مەۋجۇت بولۇش ماكانىغا ئېرىشىپلا قالماي يەنە ھاياتلىق دۇنياسىدىكى بۈيۈك مۆجىزىلەرنىمۇ ياراتقىلى بولىدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى يۈكسەك قىزغىنلىققا ئىگە، چۈنكى ئۇلار قىزغىنلىق بولغاندىلا دۇنيانىڭ تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

تۆۋەندىكىسى بىر خارۋارد ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن كۆچۈرمىشىدۇر. شۇ يىلى ئۇ خارۋاردقا قوبۇل قىلىنىدىغان چاغدا، كەسپىي دەرستىن بەش نومۇرى كەم بولغاچقا نومۇرى نومۇر سىزىقىغا يەتمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن خارۋاردقا قوبۇل قىلىنمايدۇ.

بۇ ئىشتىن ناھايىتى جىددىيلەشكەن ئائىلىسىدىكىلەر ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرى ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ئۇنىڭغا مۇئەللىمگە ئەھۋالنى ئېيتقىن دەيدۇ. لېكىن ئۇ بۇلارنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ خارۋاردقا نىسبەتەن قىزغىنلىقىم بار، ئۇنىڭ ماڭا ئىشىكىنى تاقىۋالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.»

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە قايتا ئوقۇماي، بىر ئالىي تەتقىقات يۇرتىدا خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ تەتقىقات يۇرتىدىكى ئوقۇش تارىخى

ئەڭ تۆۋەن خىزمەتچى بولۇپ، ماتېرىيال يۆلۈمى خادىملا بولالايتتى. بىراق ئۇ خىزمىتىگە ئىنتايىن قىزغىن ئىدى، قانداقلا خىزمەت بولسۇن، ئىنتايىن ئەستايىدىل ئىشلەيتتى. ئۇ ئىككى يىلدا ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بىر مۆجىزە ياراتتى — ئۇ خىزمەتكە قاتنىشىپ بىر يىل بولمايلا بىر مەھسۇلاتنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى، شۇنداقلا تەتقىقات ئورنىغا ۋاكالىتەن نيۇيوركقا مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا باردى. بۇنداق نەتىجە «ئوقۇش تارىخى تۆۋەن» بۇنداق بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، قالتىس ئىش ھېسابلىناتتى.

ئۇ ئىككى يىلدىن كېيىن تەتقىقات ئورنىدىكى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىدۇ، چۈنكى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭغا دوستلۇق قولىنى سۇنغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەختلىك ھالدا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالاھىدە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدۇ.

مانا بۇ قىزغىنلىق ياراتقان مۆجىزە، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان خارۋاردنىڭ بۇ ئوقۇغۇچىسى خىزمىتى ۋە غايىسىگە قىزغىن ھەرىكىتى بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقى، شۇنداقلا تىرىشچانلىقى ئارقىلىق خىزمەتتە ئالاھىدە تۆھپە قوشۇپ، خارۋارد چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇردۇ.

ئۆگىنىش ۋە خىزمەتتە قىزغىنلىق بولمىسا بولمايدۇ، قىزغىن ئۆگەنسىڭىز ۋە خىزمەت قىلسىڭىزلا، كۆزلىگەن مەقسەت - غايىڭىزگە يېتەلەيسىز.

ئەتراپىمىزدىكى نەتىجە قازانلارغا قاراپ باقايلى. مەيلى ئالىم، سەنئەتكار، يازغۇچى ياكى كاتتا كارخانىچى بولسۇن، ئۇلار مۇنداق بىر ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە: ئۇلار ئۆگىنىش ۋە خىزمەتكە ناھايىتى قىزغىن بولغان.

شۇڭا بىز بارلىق ياشلار ۋە ئۆسمۈر دوستلارغا شۇنى دېمەكچىمىزكى: قىزغىنلىقنى يوقاتقان كىشىلەر پاخال بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشاش، ئۇلارنى شامال خالىغانچە ئۇچۇرۇپ يۈرۈيدۇ، ئۇلار ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ؛ ۋاھالەنكى، قىزغىن ئادەملەر باھار يامغۇرىغا ئوخشايدۇ، ئۇلار ئۆگىنىش داۋامىدا پەيدىنپەي ئۆسۈپ يېتىلىپ، بىر كۈنى دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى بولىدۇ.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

«ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ». ناۋادا بىز ھەممە قىزغىنلىقىمىزنى كۈندىلىك ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىمىزغا سەرپ قىلىپ، يېڭى بىلىملەرنى داۋاملىق ئۆگەنسەك، يېڭى ئىقتىدار ـ ماھارەتلەرنى ئۆگىنىۋالالايمىز. شۇنداق بولغاندا ھامان بىر كۈنى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىدىغان نۇر ۋە ھارارەت تارقىتالايمىز.

ياشلار ۋە ئۆسمۈر دوستلار شۇنى بىلىشى كېرەككى، قىزغىنلىق بىر خىل ھەرىكەت كۈچى، بىز ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە تۇرمۇشقا قىزغىن بولساقلا، ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ئۈنۈمىمىزنى ئۆستۈرەلەيمىز، كەلگۈسىمىز تېخىمۇ مول مەزمۇنلار بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ.

قىزغىنلىق — بىر خىل بوشاشماي قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، بىز قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىرىمىزدا، ئىزچىل ھالدا قىزغىنلىقىمىزنى ساقلاپ، قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىققا تاقابىل تۇرۇشىمىز، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئامال ـ چارىلىرىنى تېپىشىمىز كېرەك.

قىزغىنلىق ـ بىر خىل ئىدىيە، بۇ ئىدىيە بولغاندىلا ئادەتتىكى ئۆگىنىش داۋامىدا ئەڭ مۇھىم، چوڭقۇر بىلىملەرنى ئىگىلەپ، زېھنىمىزنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرالايمىز.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگىنىڭىزدە، قىيىنچىلىققا قانداق روھىي ھالەتتە يۈزلىنىسىز؟ ئۆگىنىشتىن زېرىكىش

كەيپىياتىدا بولامسىز، ياكى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىڭىزنى داۋاملىق ساقلامسىز؟ تۆۋەندىكى 10 سوئالغا ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىڭىزغا ئاساسەن جاۋاب بېرىڭ.

1. ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگىنىڭىزدە، مۇئەللىمدىن سورامسىز ـ سورىمامسىز؟

A. دائىم سورايمەن B. بەزىدە سورايمەن

C. سورىمايمەن

2. ئىمتىھان نەتىجىڭىزگە كۆڭۈل بۆلەمسىز؟

A. ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىمەن B. بەزىدە كۆڭۈل بۆلىمەن

C. كۆڭۈل بۆلمەيمەن

3. ئۆگىنىش داۋامىدا قىيىن مەسىلىلەردىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇش پوزىتسىيەسىدە بولامسىز؟

A. ئۆزۈمنى قاچۇرمەيمەن B. بەزىدە قاچۇرىمەن

C. دائىم قاچۇرىمەن

4. تاپشۇرۇقنى دائىم مۇددەتتىن بۇرۇن ئىشلەپ بولامسىز؟

A. دائىم شۇنداق قىلىمەن B. بەزىدە شۇنداق قىلىمەن

C. ئۇنداق قىلمايمەن

5. مەسىلە يەشكەندە، دائىم ئاسان يول بىلەن يېشىشكە ئۇرۇنامسىز؟

A. دائىم شۇنداق قىلىمەن B. بەزىدە شۇنداق قىلىمەن

C. ئۇنداق قىلمايمەن

6. ئوقۇتقۇچىڭىز سۆيلىمىسىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنەمسىز؟

A. تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىمەن

B. بەزىدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىمەن

C. ئۇنداق قىلمايمەن

7. ئۆگىنىش قىلغاندا زېھنىڭىز چېچىلىپ كەتكەنلىكتىن ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلامسىز؟

A. ئۇنداق قىلمايمەن B. بەزىدە شۇنداق قىلىمەن

C. ئۈنداق قىلمايمەن

8. نەتىجىڭىز ياخشى ئەمەس پەنلەرنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنەمسىز؟

A. تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىمەن

B. بەزىدە تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىمەن

C. ئاندا ـ ساندا شۇنداق قىلىمەن

9. تىرىشىپ ئۆگەنمىسە بولمايدۇ دەپ قارامسىز؟

A. شۇنداق قارايمەن B. دائىم شۇنداق قارايمەن

C. گايىدا شۇنداق قارايمەن

10. دائىم ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ئۈچۈن رۇخسەت سوراپ دەرسكە قاتناشمامسىز؟

A. ئۇنداق قىلمايمەن B. بەزىدە شۇنداق قىلىمەن

C. دائىم شۇنداق قىلىمەن

## ◉ سوئالنىڭ جاۋابى

A نى تاللىغانلار 3 نومۇرغا ئېرىشتى، B نى تاللىغانلار 2 نومۇرغا ئېرىشتى، C نى تاللىغانلار 1 نومۇرغا ئېرىشتى.

1. 20 ~ 30 نومۇر، ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقىڭىز يۇقىرىكەن.

2. 10 ~ 20 نومۇر، ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقىڭىز ئادەتتىكىچىكەن.

3. 0 ~ 10نومۇر، ئۆگىنىش قىلىش قىزغىنلىقىڭىز يېتەرسىزكەن.



www.uyghurkitap.com

# قىزغىنلىق بولغاندىلا، تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىڭىز بولىدۇ

**خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:**
**تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىزنىڭ زەرۇرى بولۇشىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى، ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى قىلىش ئۆگىنىش قىزغىنلىقىڭىزنى مەڭگۈ ساقلاشنىڭ كاپالىتى.**

ئامېرىكىلىق مەشھۇر تەبىئىي پەن ئالىمى دۇرىئو كىتابىغا مۇنداق يازغانىدى: «قىزغىنلىقىنى يوقاتقان ئادەم يېشىغا قارىغاندا بەكلا قېرى كۆرۈنىدۇ، روھىي كەيپىياتىمۇ ياخشى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ھەممىلا ئىشى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ.» مانا بۇ پىسخولوگىيەدىكى مەشھۇر «دۇرىئو تېئورېمىسى» دۇر.

ئۆگىنىش ۋە خىزمەتكە نىسبەتەن قىزغىن ئادەم دائىم ئۇمىدۋار ۋە ئاكتىپ پىسخىك ھالەتتە بولىدۇ، ئىشنىمۇ جانلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كەيپىياتى ھەمىشە يۇقىرى بولىدۇ، بىلىمگە كۈچلۈك ئىنتىلىدۇ، زېھنىي قۇۋۋىتىمۇ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئېنىق بىر نىشانغا ئىگە بولىدۇ، ئۆز بۇرچىنى قەتئىي ئادا قىلىدۇ، ئۆگىنىشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن بېرىلىدۇ.

ئۆگىنىشكە يۇكسەك قىزغىنلىق بىلەن بېرىلىش ۋە تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈش، ئۆگىنىشتە قابىللاردىن بولۇپ چىقىشىڭىزنىڭ، تۇرمۇشتا ئىگىلەنت ئادەملەردىن بولۇشىڭىزنىڭ تۈپ كاپالىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇنداق بىر داڭلىق تەجرىبە ئېلىپ بېرىلغان: پسىخولوگىيە پروفېسسورى 1500 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەكشۈرگەن، تەكشۈرۈش تېمىسى «كەسپىڭىزنى تاللاشتا، قىزىقىشىڭىزنى ئاساس قىلامسىز، ياكى كەلگۈسىدە جىق پۇل تېپىشنىمۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت.

ئاشۇ تەكشۈرۈلگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 245 نەپەر ئوقۇغۇچى قىزىقىشى ئاساسىدا تاللىغان، 1255 نەپەر ئوقۇغۇچى پۇل تېپىشنى كۆزلەپ تاللىغان. بۇ تەكشۈرۈش 10 يىل داۋاملاشقان، تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسىي مەقسىتى قىزىقىش ۋە پۇل تېپىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت.

10 يىلدىن كېيىن تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى چىقىدۇ. پۇل ئۈچۈن ئۆگەنگەن ۋە خىزمەت قىلغانلارنىڭ بىرىلا ھەقىقىي باي بولالىغان، ھالبۇكى قىزىقىش ئۈچۈن ئۆگەنگەن ۋە خىزمەت قىلغانلارنىڭ 245 نەپەر ئوقۇغۇچى ئىچىدىن 116 نەپەر ئوقۇغۇچى باي بولغان.

بۇ نەتىجە مەن ئويلىمىغان يەردىن چىققان، كۈندىلىك ئۆگىنىش ۋە خىزمەتتە، نۇرغۇن ياشلار ۋە ئۆسمۈر دوستلارنىڭ ئۆگىنىش مەقسىتى كەلگۈسىدە جىق پۇل تېپىشتىن ئىبارەت. لېكىن خارۋاردنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىزنىڭ زەردارى بولۇشنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى، ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى قىلىش ئۆگىنىش قىزغىنلىقىڭىزنى مەڭگۈ ساقلاشنىڭ كاپالىتى.

بىز مەيلى ئۆگىنىشىمىزدە بولسۇن ياكى كەلگۈسىدىكى خىزمىتىمىزدە بولسۇن، قىزغىن پوزىتسىيەدە بولۇشىمىز لازىم. چۈنكى ھەقىقىي قىزغىنلىق ئۆزى ئۆگەنگەن دەرسنى قىزغىن سۆيۈش، ئۆزى شۇغۇللانغان خىزمەتنى قىزغىن سۆيۈش

دېمەكتۇر، مۇشۇنداق بولغاندىلا ئۆگىنىش ۋە خىزمەتتە تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىقنى ئېرىشەلەيمىز، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتنى مەلۇم بىر ۋەزىپىنى مەجبۇرىي ئورۇنلاش دەپ ئەمەس، بەلكى بىر خىل ھۇزۇر دەپ بىلىمىز.

بىر شەنبە كۈنى، ناپولېئون. خېئول باش چۆكۈرۈپ خىزمەت قىلىۋاتاتتى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا بىر ياش مال ساتقۇچى كىرىپ كېلىدۇ، ھەمدە بىر ژۇرنالنى خېئولنىڭ ئۈستىلىگە قويۇپ:

— ئەپەندىم، ژۇرنالغا مۇشتەرى بولامسىز؟ — دەيدۇ.

بۇ چاغدا خېئول ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشنى بېجىرىۋاتقانىدى، خېئول بۇ ياشنىڭ ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغانلىقىغا قاتتىق خاپا بولىدۇ، ياشنىڭ چىرايىدىكى مەيۈسلۈك خېئولنى بىئارام قىلىدۇ.

خېئول مال ساتقۇچى ياشقا گەپ - سۆز قىلماستىن خاپا بولغىنىچە ئۇنى ئىشخانىسىدىن چىقىرىۋېتىدۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، خېئولنىڭ ئىشخانىسىغا يەنە بىر ياش كىرىدۇ، بۇ ياش خېئولنىڭ ئىشخانىسىغا ئالدىنقى قېتىم كىرگەن ياشقا ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭ قىلىق - ھەرىكەتلىرى ناھايىتى قىزغىن بولۇپ، ئادەم ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى.

ياش خېئولنىڭ ئۈستىلىدىكى بىر نەچچە ژۇرنالنى سىنچىلاپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن:

— ھەئە. خېئول ئەپەندىم، ئالدىراش ئىشلىگەندىن باشقا يەنە ژۇرنال كۆرۈپ دەممۇ ئالىدىكەنسىز-دە! — دەيدۇ خېئولغا كۈلۈمسىرىگىنىچە. خېئول ياشنىڭ بۇ بىر جۈملە قىزغىن گېپىدىن تەسىرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خېئول ئۆزى ۋە قول ئاستىدىكى بەشەيلەنگە بولۇپ ئالتە سان ژۇرنالغا مۇشتەرى بولىدۇ، ياش تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقى ئۈچۈن خېلى جىق پايدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالىدۇ.

ئۆگىنىش ھەر بىر ياش مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ، مۇبادا ئۆگىنىش قىزغىنلىقىڭىز يېتەرسىز بولسا، ئۇ چاغدا ئۆگىنىش بىر خىل مەنىسىز، زېرىكىشلىك ئىش بولۇپ قالىدۇ.

مېنىڭچە ھەقىقىي قىزغىنلىق ئادەمنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان قىزىقىش بولۇشى كېرەك، قىزىقىش ـ قىزغىنلىقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى چەكسىز بولۇپ، ئۇ يوشۇرۇن قابىلىيىتىڭىزنى ئۇرغۇتۇپلا قالماستىن يەنە ئەتراپىڭىزدىكىلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.





### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ئادەتتىكىدەك بولۇشى قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يوقىتىپ قويۇش. ناۋادا ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كەم بولسا، ئۆگىنىشتىن خۇشاللىق تېپىش تەس بولىدۇ، ھەتتا ئۆگىنىشنى بىر خىل مېخانىك تەكرارلىنىش دەپ قارايدۇ.

ئۇنداقتا ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قانداق يېتىلدۈرىمىز؟

1. ھەر كۈنى قىزغىنلىقتا چۆمۈشىمىز كېرەك. بۇ خىل قىزغىنلىق ئۆگىنىشكە، دەرسخانىغا، ئوقۇتقۇچى بىلەن ساۋاقداشلارغا بولغان قىزغىنلىقنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، بەلكى تۇرمۇشتىكى ھەر بىر دەقىقىگە بولغان قىزغىنلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەڭ ياخشىسى كۆلۈمسىرىشىڭىزنى مەڭگۈ يوقاتماڭ.

2. ياخشى ئۇچۇر ـ خەۋەرلەرنى تارقىتىپ كۆرۈڭ. ئۆگىنىشتە مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشكەندە، ئۇنىڭدىن ئەتراپىڭىزدىكىلەربىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇڭ، ئۇلارغا ئىلگىرىلىگەنلىكىڭىزنى كۆرسىتىپ قويۇڭ، شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىڭ ئىلگىرىلىشىگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈڭ، ماختاشنى ۋە تەرىپلەشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

3. ئۆگىنىشىڭىزنى ھەقىقىي چۈشىنىڭ. ياشلار ۋە ئۆسمۈر دوستلار كۆپ ۋاقىتتا «ئۆردەك بورداش» خاراكتېرىدىكى مائارىپ ئەندىزىسى بويىچە تەربىيەلەنگەچكە، ئۆگىنىش ئەھۋالىنى تازا بەك چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش مەزمۇنى بىلەن ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى كۆپرەك چۈشىنىشى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىشى كېرەك.

### ◉ *خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى*

بىر مەيداننىڭ تۆت بۇلۇڭىدا تۆت كۇچۇك بار، ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش سۈرئەت بىلەن سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە كېيىنكى بىر كىشىنى قوغلايدۇ. ئۇلار قانچىلىك ۋاقىتتا ئۇچرىشىدۇ، ئۇچرىشىدىغان جاي قەيەر؟

### ◉ *سوئالنىڭ جاۋابى*

ئۇلار مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇچرىشىدۇ، ئۇلار يۈگۈرىدىغان ئارىلىق بىلەن يۈگۈرىدىغان لىنىيە مۇناسىۋەتسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىشەنچ قىزغىنلىقنى پەيدا قىلىدۇ، قىزغىنلىق دۇنيانى بويسۇندۇرىدۇ

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلهامبەخش ھېكمىتى:***
**قىزغىنلىق ئادەمنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان كۈچ ـ قۇدرەت، ئۇ سىزگە ئىشەنچ بېغىشلايدۇ، ئۆگىنىش ۋە خىزمىتىڭىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا سىزنى ئاسانلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.**

«ئىشەنچ قىزغىنلىقنى پەيدا قىلىدۇ، قىزغىنلىق بۇ دۇنيانى بويسۇندۇرىدۇ.» بۇ سۆزنى مەن چوڭقۇر چۈشىنىمەن.

نەچچە يىلدىن ئىلگىرى بىر تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا، بىر موماي بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. شۇ چاغدا موماي 71 ياشقا كىرىپ قالغانىدى، لېكىن ئۇ رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالغانىدى.

بۇ نېمە گەپ بولۇپ كەتتى، ئەمدى؟ 71 ياشقا كىرىپ قالغان كىشىنىڭ كۆز نۇرى ئاجىزلاپ، قولى تىترەيدىغان تۇرسا، رەسىم سىزىشنى قانداق ئۆگىنەلەر؟ دەپ ئويلىدىمەن.

لېكىن موماي ئىشەنچكە تولغان ھالدا ئۆيىدىكىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماستىن، يەنىلا ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىشنى تاللىدى، ھەمدە بۇ ئىشقا ناھايىتى زور قىزىقىش بىلەن كىرىشىپ كەتتى.

مومايىنىڭ بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ھېچكىم ئىشەنمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كېيىنكى ئەمەلىيىتى كىشىلەر

ئويلىمىغان يەردىن چىققان.

مومای بىر نەچچە يىل جاپالىق ئۆگىنىش نەتىجىسىدە رەسساملىق ساھەسىدە بىر كىشىلىك ئورۇن ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇغقىنىمدىن ئۇنىڭ رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

80 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان بىر مومايىنىڭ رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقى، ئاڭلىماققا بىر مۆجىزە ئىدى.

رەسىم سىزىشقا بولغان قىزغىنلىق مومايىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈردى، بۇ خىل قىزغىنلىق دۇنيانى بويسۇندۇرالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخولوگىيە دوكتورى شى يۆشياۋ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندى، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىق، ئادەمنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ. قىزغىنلىق يېتەرسىز بولسا، ئۆگىنىشتە ھەرقانچە ئەستايىدىل بولسىڭىزمۇ، ھەرقانچە تىرىشسىڭىزمۇ ئاران شۇ قولىڭىزدىكى ئىشنىلا تاماملىيالايسىز، ھەۋەس قىلىش - قىلماسلىق دېگەندىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

شۋېيتسارىيە سائىتىنىڭ توغرىلىقى بىلەن داڭ چىقارغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم، لېكىن سىز شۋېيتسارىيەدىكى سائەت ياسىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتى ناچار چاغلاردا ۋاقىتنى توغرا توغرىلىمىقىنىڭ ناھايىتى تەسلىكىنى، لېكىن كەيپىياتى خۇشال چاغدا سائەتنى ئىنتايىن توغرا ياسايدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

ئۇنىڭدىن باشقا بەزى ئارخېئولوگلارنىڭ مۆلچەرلىشىچە، مىسىرنىڭ ئېھراملىرىنى قۇللار ياسىمىغانىكەن، چۈنكى ئېھرام ئىنتايىن مۇكەممەل ياسالغانىكەن، ئەمما قۇللار خۇشال - خۇرام

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشلەيدىغانلاردىن ئەمەسكەن.

پىروفېسسور دانىيېل خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخولوگىيە دەرسىدە بىر ئوقۇغۇچىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ پسىخولوگىيە تەتقىقات دوكلاتىنى سۆزلەشكە مۇنبەرگە چىقارغان.

پەستىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ئانچە كۆزگە ئىلمىغاچقا، ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە بىلەن قارايدۇ. بۇ ئەھۋالدىن ناھايىتى ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالغان مۇنبەردىكى ئوقۇغۇچى دۇدۇقلاپ تۈزۈك گەپ قىلالمايدۇ. پىروفېسسور دانىيېل ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— سىزدە ئىشەنچ ۋە قىزغىنلىق كەم ئىكەن، بۇلار مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسىنىڭ ئىككى ئاچقۇچى، — دەيدۇ.

پىروفېسسور دانىيېل تەتىلدە ھېلىقى ئوقۇغۇچى ۋە باشقا بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنى ئېلىپ قالىدۇ.

— بىز ھازىر سىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىڭىز، — دەيدۇ پىروفېسسور دانىيېل كۈلۈمسىرىگىنىچە ھېلىقى ئوقۇغۇچىغا، — ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ پسىخولوگىيە تەتقىقات دوكلاتىنى بىزگە سۆزلەڭ، ئاڭلاپ باقايلى.

بۇ قېتىم دوستلىرىنىڭ قىزغىنلىقى ۋە ئىلھامى ئۇنىڭغا زور كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوكلاتىنى ناھايىتى راۋان سۆزلەيدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

پىروفېسسور دانىيېل ھېلىقى بالا مۇنبەردىن چۈشكەندە: «بۇ قېتىم نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازانالىغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟» دەيدۇ.

ھېلىقى ئوقۇغۇچى بېشىنى چايقايدۇ.

— چۈنكى دوستلىرىڭىزنىڭ قىزغىنلىقى سىزگە ئىشەنچ ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلىدى!

بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى كەمسىتىشتە بولۇشى نورمال ئەھۋال، كىشىلەر ئۆزىنى كەمسىتىش سەۋەبىدىن ئۆز ئىقتىدارىنى تۆۋەن چاغلايدۇ، ئىشەنچ ۋە قىزغىنلىقنى يوقىتىدۇ.

ياشلار ۋە ئۆسمۈر دوستلار، سىلەردە يېتەرلىك ئۆگىنىش، تۇرمۇش قىزغىنلىقى بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇشىڭلار، دۇنيانى ئۆزگەرتىشىڭلار كېرەك. مانا بۇ ياشلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پوزىتسىيە.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ئازراق قىزغىنلىق ئەلۋەتتە كۇپايە قىلمايدۇ، شۇڭا بىز ئۇسۇل ـ چارە تېپىپ ئۆگىنىشكە تېخىمۇ قىزغىن بولۇشىمىز كېرەك.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخولوگىيە پروفېسسور دانيېل كۆپچىلىككە بىر نەچچە نۇقتىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

1. ئۆزىمىزگە دائىم « ئۆگىنىش ناھايىتى قىزىقارلىق ئىش» دەپ تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ بىر خىل ئاكتىپ پسىخىك بېشارەت. ئۆگىنىش ھەقىقەتەن ئۇنچە قىزىقارلىق ئىش بولمىسىمۇ، لېكىن بىز ئۆزىمىزگە « ئۆگىنىش ناھايىتى قىزىقارلىق ئىش » دەپ قايتا ـ قايتا دەۋەرسەك، ھەمدە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئاشۇ قىزىقارلىق يەرگە بېرىشقا بەل باغلىساق، بارا ـ بارا ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقىمىز تولۇپ تاشىدۇ.

2. دەرھال ئاكتىپ ھەرىكەت قوللىنىشىمىز كېرەك. ئالايلۇق، بىر قىيىن سوئال قىزىقىشىڭىزنى قوزغىسا دەرھال ئۇنى تەتقىق قىلىشىمىز، ئۆگىنىشىمىز ھەرقانداق ئامال بىلەن ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا قىزغىنلىقىڭىزنى داۋاملاشتۇرغىلى ۋە ئۇزۇكسىز كېڭەيتكىلى بولىدۇ.

3. تەن ساغلاملىقىمىز بىلەن ھاياتىي كۈچىمىزگە ئاساس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىلىشىمىز لازىم. ۋۇجۇدىمىز ھاياتىي كۈچكە تولسا ئىدىيە ۋە ھېسسىياتىمىزمۇ ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز ھەرىكەت قىلىشقا ــ گىمناستىكا، ئاستا يۈگۈرۈش، ۋېلسىپىت مىنىشكە ئوخشاشلارغا ۋاقىت چىقىرىمىز. بۇنداق چېنىقىش بىلەن تەن سالامەتلىكىمىزگە كاپالەتلىك قىلىپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىر كۆڭۈللۈك زېھنىمىز بىلەن قىزغىنلىقىمىزغىمۇ كاپالەتلىك قىلالايمىز.

4. ئۆزىمىزگە رىقابەت ئېلان قىلىشقا جۈرئەت ئېلان قىلىشىمىز كېرەك. ناۋادا قىزغىنلىقىڭىز سىزنى مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشتۈرسە، داۋاملىق ئالغا بېسىشىڭىز، داۋاملىق ئۆزىڭىزگە رىقابەت ئېلان قىلىپ تۈرۈشىڭىز، ئۆزىڭىزدىن ھالقىپ كېتىشىڭىز كېرەك. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى: بۇ بىر دەقىقىدىكى قىزغىنلىق كېيىنكى قېتىملىق قىزغىنلىقتىن مەڭگۈ كۆپ بولىدۇ!

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

تۆت ئادەم بىر ئاخشىمى بىر ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ لاگېرغا قايتماقچى بوپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ قولىدا 17 مىنۇت ياندۇرغىلى بولىدىغان بىرلا قولچىرىغى بارئىكەن. ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشتە قولچىراغ بولمىسا بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسما كۆۋرۈك بىر قېتىمدا ئىككىلا ئادەمنى كۆتۈرەلەيدىكەن. بۇ تۆت ئادەمنىڭ ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىكى سۈرئىتى ئوخشىمايدىكەن، ئاسما كۆۋرۈكتىن بىرىنچى قېتىم ئۆتكەن ئادەمگە بىر مىنۇت، ئىككىنچى قېتىم ئۆتكەن ئادەمگە ئىككى مىنۇت، ئۈچىنچى قېتىم ئۆتكەن ئادەمگە بەش مىنۇت، ئەڭ ئاخىرى ئۆتكەن ئادەمگە ئون مىنۇت كېتىدىكەن. تۆتەيلەن قانداق قىلغاندا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بولىدۇ؟

◉ **جاۋاب**

كۆۋرۈكتىن بىر مىنۇت، ئىككى مىنۇتتا ئۆتۈپ بولىدىغان ئىككى ئادەم كۆۋرۈكتىن ئاۋۋال ئۆتىدۇ ۋە ئىككى مىنۇتتا ئۆتۈپ بولىدىغان ئادەم قايتىپ كېلىدۇ، ئاندىن كېيىن كۆۋرۈكتىن بەش مىنۇت ۋە ئون مىنۇتتا ئۆتۈپ بولىدىغان ئىككى ئادەم ئۆتىدۇ ھەمدە بىر مىنۇتتا ئۆتۈپ بولىدىغان ئادەم قايتىپ كېلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كۆۋرۈكتىن ئىككى مىنۇتتا، بىر مىنۇتتا ئۆتۈپ بولىدىغان ئىككى ئادەم ئۆتىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا كۆۋرۈكتىن ئەڭ تېز ئۆتكىلى بولىدۇ. مىنۇت $2+2+10+1+2=17$

uyghurkitap.com

# قىزغىنلىق ئادەتكە ئايلانغاندا، تەشۋىش ۋە ئەندىشىگە ئورۇن قالمايدۇ

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:***
**كۈندە تۇرمۇشقا قىزغىن بولساق، تۇرمۇشمۇ بىزگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ.**



ئۆگىنىش بىلەن خىزمەتتىكى كۈچلۈكلەرگە ماكرو جەھەتتىن قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئۆزى قىلغان ئىشقا نىسبەتەن قىزغىنلىقى تولۇپ تاشقان بولىدۇ. شۇنداقلا پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر، ئاكتىپ ۋە ئۈمىدۋار كېلىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق تۇرمۇش پوزىتسىيەسىگە ئىگە بولغاچقا، تەبىئىي ھالدا ئاجايىپ نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ، چۈنكى قىزغىنلىق ئۇلارنىڭ دۇنياسىدا بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان.

ئەمدى مەغلۇپ بولغۇچىلارغا قاراپ باقايلى! مەيلى ئۆگىنىش، ياكى خىزمەتتە بولسۇن، ئۇلاردا قىزغىن پوزىتسىيە كەمچىل بولۇپ، تۇرمۇشى كۈندە مەغلۇبىيەت، ئەندىشە ـ تەشۋىش كۆلەڭگىسى ئىچىدە ۋەھىمە بىلەن ئۆتىدۇ.

خارۋاردتا ھەر بىر ئوقۇغۇچى قىزغىن ۋە ئۇرغۇپ تۇرغان روھىي ھالەتكە تۇرىدۇ، ئۇلار ئۆزى باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلسا، باشقىلارنىڭمۇ ئۆزلىرىگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى؛ ئۆزلىرى تۇرمۇشقا قانداق مۇئامىلە قىلسا، تۇرمۇشنىڭمۇ ئۆزلىرىگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى؛ ناۋادا ئۆزلىرى كۈندە تۇرمۇشقا قىزغىن قارىسا، تۇرمۇشنىڭمۇ

ئۆزلىرىگە قىزغىن قارايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

قىزغىنلىق بىر خىل ئۇمىدۋار، ئاكتىپ تۇرمۇش پوزىتسىيەسى بولۇپلا قالماستىن يەنە تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىدىغان ئېسىل پەزىلەت. بۇ توغرىدا بۈيۈك روھىيەت تەتقىقات ئۇستازى ناپولېئون خېئول مۇنداق دېگەنىدى. ناۋادا سىز« تەقدىرنىڭ تارتۇقىغا نائىل بولسىڭىز، ئۇنداقتا بارلىق بۈيۈك يول ئاچقۇچلارغا ئوخشاش غايىڭىزنى بىر خىل قىزغىنلىققا ئايلاندۇرۇڭ، ھەمدە قىزغىنلىق ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى بېغىشلاشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇڭ، مۇشۇنداق قىلسىڭىزلا ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىدارىڭىزنى تولۇق جارى قىلدۇرالايسىز.»

تۆۋەندىكىسى خارۋارد ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشى.

ئېرىق ئىككى يىل ئىلگىرى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پۇل مۇئامىلە باشقۇرۇش كەسپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن بىر چوڭ بانكىدا مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئېرىق بۇ خىزمەتنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەيدۇ، ئۇنىڭ يىللىق مائاشى باشقا ساۋاقداشلارنىڭكىگە يەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن خىزمەتنى قىلىدۇ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن خىزمەتنى قىلىش ھاياتتىكى ئەڭ گۈزەل ئىشتۇر.

ئېرىق ئۆز خىزمىتىگە قىزغىن پوزىتسىيەدە بولغانلىقى ئۈچۈن خىزمەتتە ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ باشقۇرۇش نەتىجىسىدە بانكىنىڭ تىجارەت سوممىسى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

ھالبۇكى، 2008 ـ يىلى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا پارتلىغان پۇل مۇئامىلە كىرىزىسى ئېرىقنى چىقىش يولىنى باشقىدىن ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

ئېرىقنىڭ بېشىدا خارۋاردنىڭ تاجىسى بولغاچقا، يەنە ئاسانلا خىزمەت تاپالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى www.uyghurkitap.com

بۇ قېتىم ئۇ پايچېكى بازارغا سېلىنغان بىر شىركەتتە باشقۇرۇش مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. يىللىق ئىش ھەققىمۇ ئىلگىرىكىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن يۇقىرى بولىدۇ.

لېكىن ئېرىق بۇ خىزمەتنى ياقتۇرمايدۇ. كۈندە ھەرخىل يىغىن، ھەرخىل پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرى ئۇنى قاتتىق بىزار قىلىدۇ. ئۇ ئىلگىرىكى خىزمىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ زېھنىنى سەرپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭى خىزمەت ئورنىدا تىنىم تاپماي ئىشلىسىمۇ، خىزمەت ئۈنۈمى كۆرۈلمەيدۇ. بۇنىڭغا قارىتا شىركەت باش لىدىرىنىڭمۇ پىكرى چىقىدۇ.

ئېرىقنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئۆگىنىش بىلەن خىزمەتتە قىزغىن پوزىتسىيەدە بولۇش ئىنتايىن مۇھىم، شۇنداقلا قىزغىنلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزنىڭ مۇھىم يولى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە قىزغىنلىق مەغلۇپ بولغىنىمىزدا قايتا قەد كۆتۈرۈشىمىزدىكى كۈچ ــ قۇدرىتىمىز.

بىراق ھازىرقى رېئال تۇرمۇشىمىزدا ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشقا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى ناھايىتى ئاز ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشكە قانداق مۇئامىلە تۇتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى.

ئۇلار كۈندە ئەتىگەن تۇرۇپلا مەكتەپكە بارىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا كۆڭلى غەش بولىدۇ. مەكتەپكە بويىنىدىن باغلاپ ئاپارغاندەك ناھايىتى تەستە بارىدۇ. روھىي ھالىتىمۇ ئىنتايىن مەيۈس بولىدۇ؛ دەرسخانىدا مۈگدىگىنىچە ئولتۇرىدۇ. مۇئەللىمنىڭ كۈچەپ سۆزلىشى نەتىجىسىدە ئازراق بىلىم يۇقتۇرىدۇ. مەكتەپتىن قويۇپ بەرگۈچە ئاران چىدايدۇ. مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن بىردىنلا روھىي كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ، روھىي ھالىتى خۇشخۇيلىشىپ كېتىدۇ... مانا مۇشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن ئۆگەنگەندە ئۆگىنىشتە ياخشى بولۇش

تەسكە توختايدۇ.

سىناپ باقايلى. ناۋادا قىزغىنلىقنى بىر خىل ئادەتكە ئايلاندۇرمىسىڭىز، سىز نېمە ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسىز؟

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ساندېل جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگىنىدە، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆگىنىش قىلغانلىقىنىڭ كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى تەھلىل قىلغان. ئۆگىنىش بىلىم ئىگىلەش ۋە تەجرىبە توپلاشنىڭ بىردىنبىر يولى، بىز ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر خوشال بولۇشى كېرەكتى، لېكىن نېمىشقا نۇرغۇن ياشلار ۋە ئۆسمۈر دوستلار ئۆگىنىشنى بىر خىل جاپالىق خىزمەت دەپ قارايدۇ؟

پىروفېسسور ساندېلنىڭ قارىشىچە، ئۆگىنىشنى جاپالىق ئىش دەپ قاراش، ئۆگىنىشنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلە ئەمەس، بەلكى بۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئېڭىدىكى مەسىلە. ناۋادا بىر ئادەم ئۆگىنىشكە قىزغىن بولمىسا، ئۆگىنىش قىزىقارلىق ئىش بولغان تەقدىردىمۇ سىز ئۇنى مەنىسىز ھېس قىلىسىز. شۇڭا ياشلار ۋە ئۆسمۈر دوستلار قىزغىنلىقنى بىر خىل ئادەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

تەشۋىشلىنىش ئىنسانلار كەيپىياتىنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشى، تەشۋىش ئەڭ مۇھىمى يامانلىقنى ئالدىن سېزىشتىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل غەم، ئەندىشە، جىددىيلىك، خاتىرجەمسىزلىك، ۋەھىمە، خاپىلىق قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان كەيپىياتنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. سىز ئاسان تەشۋىشلىنىدىغان ئادەممۇ؟ تۆۋەندىكى سوئاللارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ھەئە» ياكى «ياق» دەپ جاۋاب بېرىڭ.

1. ناۋادا قاراڭغۇدا يالغۇز قالسىڭىز قورقامسىز؟
2. ھەمىشە يۇكۇم ئېغىر دەپ ھېس قىلىپ، يېنىكلىتىشنى ئويلامسىز؟
3. باشقىلارنىڭ سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلەمسىز؟
4. دائىم تۇيۇقسىز كەلگەن تېلېفوندىن چۆچۈپ كېتەمسىز؟
5. تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلاردىن غەم قىلامسىز؟
6. سالامەتلىكىڭىزدىن ئەنسىرەمسىز؟
7. پۇلغا كۆڭۈل بۆلەمسىز؟
8. ساياھەت قىلغاندا، باشقىلاردىن ئايرىلىپ قالسىڭىز قورقامسىز؟
9. ئۇيقۇ دورىسى ئىچىپ ئۇخلامسىز؟
10. ئۇخلايدىغان ۋاقتىڭىز بولغاندىمۇ، كارۋاتتا يېتىپ بىر ئىشلارنى ئويلامسىز؟

◉ **سوئالنىڭ جاۋابى**

«ھەئە» دېگۈچىلەرگە 1 نومۇر، «ياق» دېگۈچىلەرگە 0 نومۇر.

3 نومۇردىن تۆۋەنلەر: روھىي ھالىتى نورماللار. نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندىمۇ جىددىيلەشمەيدۇ، بىمالال بىر تەرەپ قىلالايدۇ، كۆلۈمسىرەش ۋە غالىبانە ئىشەنچ بىلەن تۇرمۇشقا يۈزلىنىدۇ.

4 - 9نومۇر ئالغانلار: كەيپىياتىنى ناھايىتى ئوبدان كونترول قىلالايدىغانلار، لېكىن يەنىلا ئازراق تەشۋىشلىنىدۇ.

10 نومۇر ئالغانلار: تۇرمۇشتىن غەم يەيدۇ. نومۇر يۇقىرى بولغانسېرى شۇنچە تەشۋىشلىنىدۇ. ئەرزىمەس بەزى ئىشلار ئۈچۈن ئەنسىرەيدۇ، ھەتتا ئاچچىقلىنىدۇ، سەۋەبسىزلا چېچىلىدۇ، دەككە - دۈككە بولىدۇ.

## قىزغىنلىقىمىزدا بۆسۈش ھاسىل قىلايلى، قىزغىنلىقىمىزنى بىر ئىشقا سەرپ قىلايلى

**_خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:_**
**قىزغىنلىقىڭىزنى بىرلا ساھەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، داۋاملىق تىرىشىڭىز ۋە بۆسۈش ھاسىل قىلىڭىز، ھاياتنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى يارىتالايسىز!**

ئەنگلىيەنىڭ «تەبىئەت» ژۇرنىلىدىن بىر قىزىقارلىق بىر ماقالە ئوقۇغانىدىم، ماقالىدە بىر داڭلىق بىيولوگنىڭ ئورمانلىقنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، بىر كىچىك قۇش بىلەن يىلاننىڭ ئېلىشىشىنى مۇنداقلا رەسىمگە تارتىۋالغانلىقى يېزىلغان. ئۇ قۇشنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى قۇشقاچچىلىك بولۇپ، ئۇ قاناتلىرىنى كېرىگىنىچە ئوتلاقتا دان ئىزدەش ئۈچۈن قونىدۇ، چۆپلۈكتە مۆكۈنۈپ ياتقان يىلان تۇيۇقسىز ئېتىلىپ چىقىپ، قۇشقاچنى يۇتۇۋەتكىلى تاس قالىدۇ.

چېچەن كىچىك قۇش بىر سەكرەپلا بالا ـ قازادىن قۇتۇلىدۇ، لېكىن ئۇ غىپپىدە قېچىپ كەتمەستىن، تۇمشۇقى بىلەن يىلاننىڭ بېشىغا توختىماي چوقۇيدۇ. قۇشنىڭ كۈچى ئاجىز بولغاچقا قۇش يىلانغا ئەجەللىك زەربە بېرەلمەيدۇ، يىلانمۇ جېنىنىڭ بارىچە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ.

قۇش ھەم يىلاننىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، ھەم تۇمشۇقى بىلەن يىلاننىڭ بېشىغا چوقۇۋېرىدۇ، ھەمدە ھەر قېتىم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يىلاننىڭ بېشىنىڭ بىرلا يېرىگە چوقۇيدۇ. قۇش يىلاننىڭ بېشىغا نەچچە يۈز قېتىم چوقۇغاندىن كېيىن، يىلان ئاخىر ھالسىزلىنىپ چۆپلۈككە يىقىلىدۇ ـ دە، ئىككىنچىلەپ مىدىر- سىدىر قىلالمايدۇ.

تەن ۋە كۈچ جەھەتتىن ئېيتقاندا، يىلان قۇشقا قارىغاندا ئەۋزەللىككە ئىگە، لېكىن قۇش ئۆزىدىن كۈچلۈك يىلاننى يېڭىدۇ؟ چۈنكى قۇش توغرا ئۇسۇلنى تاپقان ـــ يىلاننىڭ بېشىدىكى بىرلا جايىنى نىشانلاپ چوقۇغان ھەمدە بارلىق كۈچىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يىلاننى توختىماستىن چوقۇغان، ئاخىر يىلاننى يەڭگەن، شۇنداقلا ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالالىغان.

ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا، نۇرغۇن كىشىنىڭ ئۆمرى ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتىدۇ، ئاخىرىدا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، ئۇلار قىزغىنلىقىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى، قىزغىنلىقىنى بىرلا ساھەگە قارىتىشنى بىلمەيدۇ. ھالبۇكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار چەكلىك زېھنىنى بىر يەرگە يىغىپ، بىر نىشان ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىدۇ، تاكى مۇۋەپپەقىيەت قازانمىغۇچە توختاپ قالمايدۇ.

تۇرمۇشىمىز بىر يىراقتا سەپەر قىلغانغا ئوخشايدۇ، يولغا چىقىش ئالدىدا پۈزۈر كىيىملەرنى كىيمىسەكمۇ، ئېسىل ماشىنىلاردا ئولتۇرمىساقمۇ، مەززىلىك تائاملارنى ئالمىساقمۇ بولىدۇ، لېكىن بىزدە سەپەر ئۈچۈن يېتەرلىك قىزغىنلىق بولۇشى كېرەك. قىزغىنلىقىڭىزنى بىر ساھەگە قارىتىپ، داۋاملىق تىرىشىڭىز ۋە بۆسۈش ھاسىل قىلىسىڭىز، ھاياتىڭىزنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى ئاچالايسىز!

بىر ئوقۇغۇچى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوچۇق دەرسىدە ئۇمىدسىز ھالدا پىروفېسسوردىن:

— مەن شۇنداق تىرىشىپ ئۆگەنسەممۇ، ئۇنۇمى تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

— ئادەتتە مەنمۇ سىزنىڭ تىرىشىۋاتقانلىقىڭىزغا دىققەت قىلىۋاتىمەن، — دەيدۇ پىروفېسسور ئوقۇغۇچىغا ھېسداشلىق قىلىپ.

— شۇنداق، — دەيدۇ ئوقۇغۇچى ۋايسىغىنىچە، — مەن ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرىمەن، ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە ئائىت بىلىملەرنى ئۆگەندىم؛ ئىلىم - پەننىمۇ ياخشى كۆرىمەن، تەجرىبىخانىدا دائىم تەتقىق قىلىمەن؛ پۇل مۇئامىلە كەسپىنىمۇ ياخشى كۆرىمەن، پۇل مۇئامىلىگە ئائىت بىلىملەرنىمۇ تەتقىق قىلدىم؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە پىسخولوگىيەنىمۇ ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا دەرسىڭىزنى بىر سائەتمۇ قالدۇرماي ئاڭلاۋاتىمەن.

پىروفېسسور ئۇشتۇمتۇت كۈلۈپ كېتىدۇ، ئاندىن ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ يېنىغا كېلىپ يەلكىسىگە ئۇرۇپ قويغىنىچە مۇنداق دەيدۇ:

— مانا بۇلار نەتىجىڭىزنىڭ تۆۋەن بولۇشىنىڭ سەۋەبى! ناۋادا قىزغىنلىقىڭىزنى بىرلا ساھەگە قاراتقان بولسىڭىز، ئۇ ساھەدە چوقۇم ئۇزۇپ چىققان بولاتتىڭىز.

ھېلىقى ئوقۇغۇچى قايسى جەھەتتە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى چۈشىنىدۇ - دە، بېشىنى لىڭشىتقىنىچە چوڭقۇر ئويغا پاتىدۇ.

بىر دانىشمەن: «بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش - قازىنالماسلىقى، ئۇنىڭ قانچىلىك خىزمەت قىلغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى قانچىلىك قىممىتى بار خىزمەت قىلغانلىقىدا» دەيدۇ. دەرۋەقە نۇرغۇن مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ ئىقتىدارى ۋە ۋاقتى كەم ئەمەس، بەلكى ئۇلار قىزغىنلىقىنى مۇستەھكەم نىشانغا قاراتمىغان. ئۇلار سەرپ قىلغان زېھىن بىلەن ۋاقىتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشسە بولاتتى، لېكىن ئۇلار

زېھنىنى چىچمۇەتكەچكە، مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش داۋامىدا ئۆزلىرى بۇرۇن ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەت ـ نەتىجىلەرگە سەل قاراپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن مەغرۇرلانغاچقا ۋە ئۆزلىرىگە يېڭى نىشان، تىرىشىش يۆنىلىشى بېكىتمىگەچكە ئاخىر ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن.

ئەتراپىمىزدا مۇشۇنداق ياشلار ـ ئۆسمۈر دوستلارمۇ ناھايىتى كۆپ. ئەمەلىيەتتە ياشلار ـ ئۆسمۈر دوستلارلا ئەمەس، تۇرمۇشتىكى سىز، مەن، ئۇمۇ يۇقىرىقىدەك خاتالىقنى سادىر قىلغاندىمىز؟ شۇنى بىلىش كېرەككى، ئادەمنىڭ زېھنى ۋە ۋاقتى تولىمۇ چەكلىك بولىدۇ. بىز پەقەت كالىلىمىزنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرسەك ئاندىن نەتىجە قازىنالايمىز.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

بىز داۋىنچىنىڭ تۇخۇم سىزىش ھەققىدىكى ھېكايىسىنى بىلىمىز. داۋىنچى شۇنىڭ ئۈچۈن مەشھۇر رەسسام بولالىغانكى، ئۇ رەسساملىقنى تۇخۇمنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ سىزىشتىن باشلىغان.

ئەتراپىمىزدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارغا نەزەر سالساق، ئۇلار ھەممىشە ئۆزلىرى ئېرىشكەن گۈل بىلەن ئالقىش سادالىرىنىلا كۆرگەن. ئەمما ئۆزلىرى تارتقان جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا پەرۋا قىلمىغان. ئەمەلىيەتتە ئۇلار قىزغىنلىقىنى بىرلا ساھەگە قارىتىشنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئاشۇنداق نەتىجىلەرگە ئېرىشەلىگەن. شۇڭا خارۋاردنىڭ پىروفېسسورلىرى ئوقۇغۇچىلىرىغا شۇنداق تەكلىپنى بەرگەنكى، زېھنىڭىز بىلەن قىزغىنلىقىڭىزنى بىر نۇقتىغا قارىتىڭ. ئېگىزنى ۋە يىراقنى كۆزلەڭ. مۇشۇنداق بولغاندا ئۆگەنگەنسېرى ئۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، كەلگۈسىدە ياخشى ئۇنىۋېرسىتېتقا ئۆتۈپ، ئاتا ـ ئانىڭىز ۋە دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرالايسىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

ساۋاقدىشىڭىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقا باردىڭىز، ئىككىڭلارنى قوشقاندا جەمئىي ئون ئادەم بولدۇڭلار، بۇ چاغدا سىز ساۋاقدىشىڭىز بىلەن سورۇندىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى سىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولسا، ساۋاقدىشىڭىزغا بىر سوم بېرىدىغانغا، ئەگەر ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بىلەن سىزنىڭ ئوخشىمىسا، ئۇ سىزگە ئىككى سوم بېرىدىغانغا باغلاشساڭلار سىز بۇنىڭغا قوشۇلامسىز؟

### ◉ جاۋاب

قوشۇلمايسىز. چۈنكى ئۆزىڭىز بىلەن تۇغۇلغان كۈنى ئوخشاشلارنى ئۆزىڭىز بىلمىسىز. شۇڭا باشتا سىز ساۋاقدىشىڭىزغا بىر سوم بەرمەكچى بولدىڭىز. قالغان توققۇز ئادەمنىڭ ئىچىدە تۆتىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى سىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا سىز پۇلىڭىزنى قايتۇرۇۋالالايسىز. ۋاھالەنكى، توققۇز ئادەمنىڭ ئىچىدىكى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بەش ئادەمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى سىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش چىقىش ئېھتىمالى ناھايىتى تۆۋەن. شۇڭا قوبۇل قىلمايسىز.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



## قارىغۇلارچە قىزغىنلىق كارغا كەلمەيدۇ

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:***
**قارىغۇلارچە قىزغىنلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزغا ياردەم بېرەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە مۇۋەپپەقىيەتكە قاراپ ماڭغان يولىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ.**

يۇقىرىدا بىز قىزغىنلىق توغرىسىدا توختىلىپ، مەيلى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتا بولسۇن، تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قىزغىنلىقىمىزنى بىر نۇقتىغا قارىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى قەيت قىلدۇق. ئۇنداقتا قىزغىنلىق قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى بولامدۇ؟

ئەلۋەتتە، ئۇنداق ئەمەس. قارىغۇلارچە قىزغىنلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزغا ياردەم بېرەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە مۇۋەپپەقىيەتكە قاراپ ماڭغان يولىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ.

چۈنكى، قارىغۇلارچە قىزغىنلىقتا ھەمىشە تەييارلىق يېتەرسىز بولغان بولىدۇ، بۇنداق قىزغىنلىق كىشىلەرنى ئۆز تەسەۋۋۇرىغا بەنت قىلىپ قويىدۇ، ئۇنىڭ رېئاللىقتىكى ئىشلارغا ئانچە كۆپ ياردىمى بولمايدۇ. ناۋادا قىزغىنلىقىمىزنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرماقچى بولساق، ئېنىق بىر نىشانىمىز بولۇشى، ئۆزىمىزنىڭ شۇ تاپتا نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىدىغانلىقىمىزنى

بىلىشىمىز كېرەك. ئامېرىكىنىڭ سەككىز پرېزىدېنتى، قىرىق نەپەر نوبېل مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى ۋە ئوتتۇز نەپەر پولىستېر مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن يېتىشىپ چىققان. ئېنىقكى، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلاردا يۈزدە يۈز قىزغىنلىق بولۇشى كېرەك، بىراق بۇ قىزغىنلىق قارىغۇلارچە قىزغىنلىق بولسا بولمايدۇ.

ليۇ مىڭجۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىي دوكتورى، ئالىي ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بۇ قابىل ئايال خوۋارد. خۇئېس تېببىي تەتقىقات ئورنىغا خىزمەتكە چۈشىدۇ. ليۇ مىڭجۇنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بېشىدا خارۋاردنىڭ تاجىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئويىدىكىدەك خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. ئەكسىچە ئۇ كىشىلەرگە دائىم كۆلۈمسىرەپ مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇ مەيلى قايسى ۋاقىت، قايسى چاغدا بولسۇن، چىقىشقاق ـ مۇلايىم قىياپەت بىلەن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا نامايان بولىدۇ.

ليۇ مىڭجۇ ئەسلىي ئەنخۇينىڭ ۋۇخۇ دېگەن يېرىدە ياشايدىغان ئاددىي قىز ئىدى، ئۇ قانداق قىلىپ دۇنيادىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتىغا كىرەلىدى؟ بۇ ئىشتا ئۇ قارىغۇلارچە قىزغىنلىققا تايانغان ئەمەس.

ليۇ مىڭجۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 ـ يىللىقىغا چىققاندا باشقا بىر مەكتەپكە يۆتكىلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېڭى ساۋاقداشلىرى ئىنگلىز تىلى دەسلىكىنىڭ 3 ـ قىسمىنى ئۆگىنىپ بولغانىدى، لېكىن ليۇمىڭجۇ ئىنگلىزچە ھەرپلەرنىمۇ تونۇمايتتى.

ليۇ مىڭجۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۆگىنىدۇ، ھەمدە «ئۇنىۋېرسىتېتقا ئۆتۈش» تىن ئىبارەت نىشاننى كۆڭلىگە مەھكەم پۈكىدۇ. باشقىلارنىڭ كەينىدە قالغۇسى كەلمەيدىغان ليۇ مىڭجۇ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئارقىلىق ساۋاقداشلىرىغا تېزلا يېتىشىۋالىدۇ. مەۋسۇملۇق ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانىدا نەتىجىسى سىنىپ بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا باشقىچە نەزىرى بىلەن قاراپ قېلىشىدۇ.

لىيۇ مىڭجۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ نەزىرىدە «كىتابپەرەس» ئىدى، ئۇنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقى مەجنۇن دەرىجىسىگە بارغانىدى. لېكىن ئۆگىنىشكە شۇقەدەر ھېرىسمەن لىيۇ مىڭجۇنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى قارىغۇلارچە قىزغىنلىق ئەمەس ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

لىيۇ مىڭجۇ بىرىنچىچە يىللىق تىرىشىپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ۋۇخۇ بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتىن شەندوڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىدۇ. بېيجىڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماگىستىرلىقىدىن، ئامېرىكىنىڭ ۋىسكونسىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇيدۇ، ئاخىرىدا غايىسىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى ــــ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ ئالىي دوكتورى بولىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر لىيۇمىڭجۇنىڭ قابىلىيىتىنىلا كۆرۈپ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقتىن كەلگەنلىكىنى بىلمىگەن.

ياشلار ۋە ئۆسمۈر دوستلارنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقى يېتەرسىز، ياكى قارىغۇلارچە قىزىقىدۇ، بۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا پايدىسىز شۇنداقلا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت مەسىلىدۇر.

ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن ياشلار ۋە ئۆسمۈر دوستلار ئۆگىنىشكە تولىمۇ قىزغىن، لېكىن ئۇلار ئىمتىھاننى ئۆگىنىشنىڭ مەقسىتى دەپ بىلىدۇ، ياكى ئۆگىنىشنى بىلىم ئېلىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى دەپ بىلىپ، ئۆگىنىشنى ناھايىتى زور پايدا ئالىدىغان نەرسە قىلىۋالغان.

## ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

«ئۆگىنىشكە قىزغىن بولۇش، لېكىن قارىغۇلارچە قىزغىن بولۇش» ھازىرقى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان مەسىلىدۇر. قانداق قىلغاندا قارىغۇلارچە قىزغىنلىقتىن ساقلىنالايمىز؟

1. ئالدى بىلەن سىزدە ئېنىق نىشان بولۇشى، ئۆگىنىشنى پايدا تاپىدىغان ۋاستە قىلىۋالماسلىقىمىز، ئۆگىنىشنى يۈرىكىمىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ياخشى كۆرۈشىمىز لازىم. كەلگۈسىدىكى تۇرمۇش پىلانىمىزغا قارىتا ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولىشىمىز كېرەك. ناۋادا قاراڭغۇ تەرەپلەر بولسا، ئوقۇتقۇچى ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشىمىز كېرەك.

2. ئۆزىمىزنى پەيدىنپەي يېتىلدۈرۈشىمىز، مۇشۇنداق قىلغاندا ئۆگىنىش ۋە خىزمەت قىلغان ۋاقتىمىزدا ئۆز ئەۋزەللىكىمىز ۋە يېتەرسىزلىكىمىز، نېمىگە ئېرىشمەكچى بولغانلىقىمىز، نېمىگە ئىنتىلىدىغانلىقىمىز تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ.

ياشلار ۋە ئۆسمۈر دوستلار قارىغۇلارچە قىزغىنلىقتىن ساقلانغاندىلا، ئۇزۇنغا قالماي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ.

## ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

قىزغىنلىق ياخشى ئەھۋال، لېكىن زىيادە قىزغىنلىق بەزىدە جاھىللىققا ئېلىپ بارىدۇ. سىز جاھىل ئادەممۇ؟ تۆۋەندىكى سوئاللارغا ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن جاۋاب بېرىڭ:

1. دائىم باشقىلارنى مۇكەممەل ئەمەس دەپ ئەيىبلەمسىز؟

2. سىزنىڭچە كۆپ ساندىكى كىشى ئىشەنچلىكمۇ؟

3. ئۆزىڭىزنى كونترول قىلالمىغاندا چېچىلامسىز؟

4. دائىم باشقىلارنى ئارۋارىچىلىك تۇغدۇردۇڭ دەپ ئەيىبلەمسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

5. باشقىلار سىزدىن پايدا ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلامسىز؟
6. باشقىلار سىزنى چۈشەنمەيدىغاندەك، سىزگە ھېسداشلىق قىلمايدىغاندەك ھېس قىلامسىز؟
7. دائىم باشقىلار نەتىجىلىرىڭىزگە ئادىل باھا بەرمەيۋاتقاندەك ھېس قىلامسىز؟
8. بەزىلەرنىڭ ئوي - پىكرى ۋە مۇددىئاسى يوقتەك ھېس قىلامسىز؟

### ◉ سوئالنىڭ جاۋابى

بىر نومۇر ئالغانلار يوق، يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار ناھايىتى يېنىكلەر ئىككى نومۇر ئالىدۇ، ئوتتۇراھاللار ئۈچ نومۇر ئالىدۇ، سەل ئېغىرلار تۆت نومۇر ئالىدۇ، ئېغىرلار بەش نومۇر ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە 10 نومۇردىن تۆۋەن نومۇر ئالغانلار جاھىللار ئەمەس، ئۇلار ئېغىر - بېسىق ئادەملەر؛ 15 - 24 نومۇرئالغانلاردا مەلۇم دەرىجىدىكى جاھىللار؛ 25 تىن يۇقىرى نومۇر ئالغانلار زىيادە قىزغىنلار بولۇپ، ئۆزىنى كونترول قىلىشقا مۇھتاجدۇر.

# تۆتىنچى باب

## سىز باشلاڭ، مۇشۇئان، ھازىر، دەرھال

- كېچىكتىم دەپ قارىغان چېغىڭىز، دەل كېچىكمىگەن ۋاقتىڭىز
- ھازىر ھوزۇرلۇق قىلىپ ئوخلىغاندا ئاققان شۆلگەيلىرىڭىز، ئەتىكى كۆز يېشىڭىز بولۇپ قالىدۇ
- بۇرۇنقىدىن داۋاملىق ئىشەپ كەتسىڭىز، ئۆزىڭىز ھەممە ئادەمدىن ئېشىپ كېتىسىز
- كېچىكمەيسىز، مانا ھازىر ئەڭ ياخشى باشلىنىش
- ئۆگىنىش ۋە رىقابەتتە ئۇنۇم ھەممىدىن مۇھىم
- بۈگۈنكى ئىشنى ھەرگىز ئەتىگە قويماڭ
- دەرھال ھەرىكەتلىنىڭلى، ھەممىلا يەردە بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرمەيلى
- بۈگۈن ماڭمىسىڭىز، ئەتە يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولىسىز

www.uyghurkitap.com

# كېچىكتىم دەپ قارىغان ۋاقتىڭىز، دەل كېچىكمىگەن ۋاقتىڭىز

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:***
**مەلۇم بىر ئىشنى ۋۇجۇدىڭىز بىلەن قىلىۋاتقىنىڭىزدا، ھەرگىز كېچىكتىم دەپ ئويلىماڭ!**

— دۇنيادا ئەڭ ئۇزۇن نەرسە نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ بىر دانىشمەن ئوقۇغۇچىسىدىن.

ئوقۇغۇچى بېشىنى چايقاپتۇ.

— ئەمىسە دۇنيادىكى ئەڭ قىسقا نەرسە نېمە؟

ئوقۇغۇچى يەنە جاۋاب بېرەلمەپتۇ.

— دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن نەرسە ۋاقىت، — دەپتۇ دانىشمەن كۈلۈمسىرىگىنىچە، — ئەڭ قىسقا نەرسىمۇ ۋاقىت! چۈنكى، ئۇنى ئۇزۇن دېيىشىمىز، ئۇنىڭ بېشى ۋە ئايىغى يوق، ئۇنى قىسقا دېيىشىمىز، ئۇ بىردەمدىلا يوقاپ كېتىدۇ.

دەرۋەقە، ۋاقىت تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدىغان نەرسە، نۇرغۇن كىشىلەر ۋاقىتنىڭ ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ۋاقىتنىڭ بەكمۇ قىسىلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

نۇرغۇن دوستلار ماڭا ۋاقىتنىڭ ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ياخشى ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى، نۇرغۇن ئىشلىرىنى تېخى قىلىپ بولماستىلا ۋاقىتنىڭ ئۆزلىرىنى قېرىتىۋەتكەنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېيىشىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلار بارغانسېرى ئۈمىدسىزلىنىپ، قانداقلا ئىش قىلسۇن، كېچىكىپ قالغاندەك ھېس قىلىشىدۇ.

مەن بۇ دوستلىرىمغا چامامنىڭ يېتىشىچە نەسىھەت قىلىمەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا: ۋاقتىم يوق دەپ، ياكى ۋاقتىم ئۆتۈپ كەتتى دەپ قاقشىماڭلار، سىز قاقشىغان شۇ ۋاقىتتا، ۋاقىت يېنىڭىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ! دېگۈم كېلىدۇ.

كۆپ چاغلاردا ئىشنىڭ ماھىيىتى بىلەن بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىز يىراقلاپ كېتىدۇ، شۇڭا ۋاقىتنى بىر خىل پۇتلىكاشاڭ دەپ بىلىۋالماسلىقىمىز، مەلۇم بىر ئىشنى چىن كۆڭلىڭىزدىن قىلىۋاتقىنىمىزدا، ھەرگىز كېچىكتىم دەپ ئويلىماسلىقىمىز كېرەك!

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلۇش تەتقىقات ئورنىدا، پىروفېسسور ئوقۇغۇچىلارغا بىناكار ئامان ھەققىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. پىروفېسسور بۇ قېتىم ئاماننىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزى قىزغىن سۆيگەن كەسىپنى تاشلاپ قويمىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىگەندى.

ئامان ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى نيۇيورك پورت باشقارمىسىدا باش ئىنژېنېر بولۇپ خىزمەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، بەلگىلەنگەن دەم ئېلىش يېشى توشقاندىلا دەم ئېلىشقا چىقىدۇ. لېكىن دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆزى قىزغىن سۆيگەن كەسىپنى تاشلاپ قويمايدۇ. ئۇ دەم ئېلىشقا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆز ئالدىغا بىر قۇرۇلۇش شىركىتى قۇرىدۇ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىش بېجىرىش بىناسى سالىدۇ.

ئاماننىڭ پىلانى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ پىلان ئىدى، ئۇ روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ياشلارغا ئوخشايتتى، ئۇ ياشىنىپ قالغانلىقى

ئۇچۇن ئەمدى بولدى قىلاي، ئەمدى يېڭىدىن ئىش باشلاشقا كېچىكتىم دەپ قارىمايدۇ.

ئامان پىلانى بويىچە ئىش باشلايدۇ، ئۆزى لايىھەلىگەن بىنالار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قەد كۆتۈرىدۇ، ئامان دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنكى 30 يىلدا ئىلگىرىكى لايىھەلىرىگە كىرگۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان يېڭىلىقلارنى لايىھەلىرىگە كۆپلەپ كىرگۈزۈپ، بىناكارلىق تارىخىدا مۆجىزە يارىتىدۇ، ۋاشىنگىتوندىكى دۇللېس ئايرودۇرومى، ئەددىس ئەبەبە ئايرودۇرومى، پىتسبۇرگ شەھەر مەركىزىدىكى قۇرۇلۇشلار ۋە ئىران يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول سىستېمىسى قاتارلىقلار كاتتا قۇرۇلۇشلار، ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ قۇرۇلۇش بىناكارلىق ئىلمىدە دەرسلىك قىلىپ ئىشلىتىلمەكتە، شۇنداقلا بۇلار ئاماننىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىنىڭ شاھىتىدۇر.

ئامان 86 ياشقا كىرگەن چېغىدا نيۇيوركتىكى ۋېررازانو-نەروس كۆۋرۈكىنى غەلىبىلىك تاماملايدۇ، بۇ كاتتا كۆۋرۈك ئامان ھايات چېغىدا سالغان ئەڭ ئاخىرقى شۇنداقلا دۇنيادىكى بىرىنچى ئاسما ئۇزۇن كۆۋرۈك ھېسابلىنىدۇ.

مېنىڭچە، بۈيۈك بىناكار ئامانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دەم ئېلىشقا چىقىش كەسپىنىڭ ئاخىرلاشقىنىدىن دېرەك بەرمەستىن، بەلكى يېڭى بىر باشلىنىش ھېسابلىنىدۇ. بۇمۇ ياشلار ۋە ئۆسمۈر دوستلار ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تەرەپتۇر. سىز تىرىشسىڭىزلا، ئىشەنچىڭىز ۋە قىزغىنلىقىڭىز بولسىلا، ھەرقانداق ۋاقىتتا كېچىكمەيسىز.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار: «كېچىكتىم دەپ قارىغان ۋاقتىڭىز، دەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېچىكمىگەن ۋاقتىڭىز!»

ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، نۇرغۇن ئىشلار ئەنە شۇنداق، سىز خالىسىڭىزلا هازىردىن باشلىسىڭىز بولىدۇ، بەلكى مەڭگۈ كېچىكمەيسىز. شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەممە ئادەم بوۋاقلىقتىن بالىلىققا، ئۆسمۈرلۈككە، ياشلىققا، قىرانلىققا ۋە قېرىلىققا قەدەم باسىدۇ، ئاخىرىدا پانىي ئالەمگە كېتىدۇ. ھاياتتىكى ھەر بىر باسقۇچ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، نىشانىمىزلا بولىدىكەن، شۇنداقلا دەرھال قول سېلىپ ئىشلەيدىغانلا بولساق، ھەرقانداق ۋاقىت باشلاش نوقتىمىز، بىر خىل باشلىنىش بولالايدۇ، مەڭگۈ كېچىككەن بولمايمىز.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى سىنىقى

سىز ھەرىكەت جەھەتتىكى قابىللاردىنمۇ ياكى ھەرىكەت جەھەتتىكى ئاجىزلاردىنمۇ؟

1. كاللىڭىزغا دائىم نۇرغۇن غەلىتە ئوي - خىيال كىرىۋالامدۇ؟
2. مىجەزىڭىز نىسبەتەن ئېغىرمۇ؟
3. بىر ئىشنىڭ ھۆزۈرىغا بەك كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ پايدىسىنى ئانچە ئويلىمامسىز؟
4. تاپشۇرۇقنى ئۆز ۋاقتىدا ئىشلەمسىز- ئىشلىمەمسىز؟
5. پىلانىڭىزدىكى ئىشلارنى قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر ئامال قىلىپ ئورۇنلامسىز؟
6. سالامەتلىك بايلىقتىن مۇھىمراق دەپ قارامسىز؟
7. خىزمەت ياكى ئۆگىنىشنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماسلىققا ئادەتلەنگەنمۇ؟
8. مۇھىم ئىش بولمىغان تەقدىردە، كېچىكىپ ئۇخلامسىز؟
9. دائىم ئاش - تاماق ياكى باشقا قىزىقىش - ھەۋەس

جەھەتتە ئۆزىڭىزنى چەكلەپ تۇرامسىز؟

10. بەزىلەر دائىم سىزنى خىيالىڭىز رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس دەمدۇ؟

### ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

0 ـ 3 نومۇر ئالغانلار: سىلەر سېپى ئۆزىدىن خىيالپەرەس بولۇپ، تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەرنى تېپىپ يېڭى پىلانىڭلارنى يولغا باشلىمايسىلەر، بەلكىم كۆڭلىدە ئالدىراش يۈرىدىغانسىلەر، لېكىن ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالمايسىلەر، غايەڭلەرگە تېخىمۇ يېقىنلىشالمايسىلەر.

3ـ 6 نومۇر ئالغانلار: سىلەر ھۇرۇنلار قاتارىغا كىرىسىلەر، گەرچە سىلەر تالانتلىق ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولساڭلارمۇ، لېكىن ئويۇن ـ تاماشىغا مەپتۇن بولۇپ كېتىپ، پىلانىڭلاردىكى ئىشلارنى بىر ياققا تاشلاپ قويىسىلەر. ھەرقانداق ئىشنى كەينىگە سوزۇپ، قايتا كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان يەرگە كەلگەندە ئاندىن ھەرىكەتلىنىسىلەر.

7 ـ 9نومۇر ئالغانلار: سىلەر ئىشنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن قىلىدىغانلار قاتارىغا كىرىسىلەر. لېكىن ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئالدى ـ كەينىڭلارغا بەك قارايسىلەر، بۇنداق قىلىشنى سىلەر مۇكەممەل بولغان پىلانىڭىزغا كاپالەتلىك قىلىشتا زۆرۈر دەپ قارايسىلەر.

10 نومۇر ئالغانلار: سىلەر ھەقىقىي مەنىدىكى ھەرىكەت قىلغۇچىلار ھېسابلىنىسىلەر، ھەرىكىتىڭلار ئويلىغىنىڭلاردىنمۇ تېز بولىدۇ. لايىھەڭلەر كاللاڭلاردا شەكىللىنىپ بولماستىنلا ھەرىكىتىڭلارنى باشلايسىلەر، سىلەر دائىم باشقىلاردىن بۇرۇن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھازىر ھۆرۈنلۇق قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئاشۇ
# ۋاقىتلىرىڭىز، ئەتىكى كۆز
# يېشىڭىز بولۇپ قالىدۇ

**خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:**
**مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇنداقتا، دەرھال ھەرىكەتلىنىڭ، ھازىرلا باشلاڭ.**

ھەر بىر ياش ـ ئۆسمۈر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى، ئادەتتىكى ئادەملەردىنمۇ بۈيۈك نەتىجىگە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. لېكىن ئۇلار مۇشۇنداق غايىنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ ـ يۇ، ئۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى بىلمەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇنداقتا، دەرھال ھەرىكەتلىنىڭ، ھازىرلا باشلاڭ. ساللۇ، بىرگىبىر بۇ جەھەتتە دەل قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى. «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى قول سېلىپ ئىشلەشتىن ئىبارەت». پەقەت سىز دەرھال يولغا چىقسىڭىزلا، ھەرقانچە يىراق مۇساپىغىمۇ يېتىپ بارالايسىز.

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھازىر ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى ھېسابلىنىدۇ. تەن ـ ساپايىڭىز ۋە روھىي ـ ھالىتىڭىزمۇ يۇقىرى پەللىدە تۇرۇۋاتقان ۋاقىت. پەقەت سىز مەلۇم ۋاقىت ۋە زېھنىڭىزنى ئاجرىتىپ ئۆگەنسىڭىزلا ۋە يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلسىڭىزلا ھەسسىلەپ

ئۇنۇمگە ئېرىشىسىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ چوڭلارغا ئوخشاش خىزمەت، تۇرمۇش بېسىمى يوق. سالامەتلىكىمۇ نىسپىي ساغلام. بۇلار ئۆگىنىش ۋە ئىلگىرىلەشنىڭ پۇختا ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بەدەل تۆلىمىسەك ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەيمىز؛ بىرىنچى قەدەمنى باسمىساق مەنزىلگە مەڭگۈ يېتەلمەيمىز. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھازىرقى مۇھىم ۋەزىپىسى تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەش، ھازىر، دەرھال شۇ تاپتىلا باشلاڭ. مۇشۇنداق قىلساڭىزلا ئۆزىڭىزنىڭ كەلگۈسىگە ئىگە بولالايسىز.

مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولساڭىز، راھەت ـ پاراغەتنى ئويلىماڭ. چۈنكى، ئىككىسى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولساڭىز راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشنى قايرىپ قويۇڭ؛ بۈگۈن تىرىشمىسىڭىز، ئەتە ھەسرەت ـ نادامەت چېكىسىز.

ئاۋىرېي خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۆت يىل ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن بىر خەلقئارا يۇمشاق دېتال شىركىتىدە مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۆتەيدۇ. لېكىن ئۇ ئانچە ئۇزۇن ئىشلىمەيلا ئۇ شىركەتنى گېرمانىيەدىكى بىر شىركەت يۇتۇۋالىدۇ.

توختام تۈزۈشكەن شۇ كۈنى شىركەتكە يېڭى ۋەزىپىدە ئولتۇرغان باش لىدىر كۆپچىلىككە مۇنداق دەپ جاكارلايدۇ: «بىر ھەپتىدىن كېيىن شىركەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىدىن نېمىسچە ئىمتىھان ئالىمىز، ئىمتىھاندا لاياقەتسىز بولغانلار ئىشتىن بوشىتىلىدۇ».

ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن شىركەتتىكى ھەممەيلەن كۇتۇپخانىغا بېرىپ نېمىس تىلى تەكرار قىلىدۇ. ئۇلار شۇ چاغدا ۋاقىتنىڭ ناھايىتى قىسقىلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ. لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاۋبرېي ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇدۇل ئۆيگە قاراپ ماڭىدۇ. كىشىلەر ئۇنى ئىمتىھاندىن ۋاز كەچكەن ئوخشايدۇ دەپ قېلىشىدۇ.

لېكىن لىدىر ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئۇقتۇرغان چاغدا كۆپچىلىك ئۈمىد يوق دەپ قارىغان ئاۋبرېي ئەڭ يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشىدۇ. بۇنىڭدىن ھەممەيلەن گاڭگىراپ قېلىشىدۇ. ئاۋبرېي بۇ ئىمتىھاندىن قانداق ئۆتتى؟

ئاۋبرېي ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئۆزلىرى بىلەن نېمىسلارنىڭ ئۇچرىشىش پۇرسىتىنىڭ ئىنتايىن كۆپلىكىنى، نېمىس تىلىنى پىششىق بىلمەسلىكى خىزمەتتە ئۆزىگە قولايسىزلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارلىق ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ نېمىس تىلىنى تەكرار قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغاندا سۆرە ياسىن ئوقۇيدىغان خىزمەتداشلىرىغا ئوخشاش خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالمايدۇ.

بىز خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىدىغان ھورۇن بالىلارنى ئۇچراتمايمىز، چۈنكى ئۇلار ھازىر ھورۇنلۇق قىلىپ ئۇخلىغاندا ئاققان شۆلگەيلىرىنىڭ ئەتىكى كۆز يېشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ھاياتىڭىزنى قەدىرلەمسىز؟ ھەر بىر مىنۇت، ھەر بىر سېكۇنتىڭىزنى مەنىلىك ۋە سۈپەتلىك ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلامسىز؟ ئەگەر ئۈمىد قىلسىڭىز، ھازىردىن باشلاپ تىرىشىپ ئۆگىنىڭ!

چۈنكى بىزنىڭ ھاياتىمىز نۇرغۇن ۋاقىتتىن تەركىب تاپقان، جۇڭگولۇقلارنىڭ: «تىرىشمىساڭ نەۋقىران چاغدا، ياشانغاندا قالىسەن داغدا» دېگەن بىر قەدىمىي ئەقلىيە سۆزى بار. بىر ئادەم

ياش چېغىدا يېتەرلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە، ۋاقىتنى قەدىرلىمىسە، ئىشنى دەرھال باشلىمىسا، قېرىغىنىدا پۇشايماننى ئالىدىغانغا قاچا تاپالماي قالىدۇ.

ۋاقىت بارماقلىرىمىزنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەتىياز كەتسە كۈز كېلىپ تۇرىدۇ، پەسىل ـ ۋاقىت دېگەن داۋاملىق ئالمىشىپ تۇرىدۇ، ناۋادا دەرھال ھەرىكەتلەنمىسەك، ئەڭ گۈزەل ۋاقتىمىز ئۆتۈپ كېتىدۇ.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا: «ھازىر ھورۇنلۇق قىلىپ ئۇخلىغاندا ئاققان شۆلگەيلىرىڭىز، ئەتىكى كۆز يېشىڭىز بولۇپ قالىدۇ» دېگەن ئىبرەتلىك سۆز بار. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر دەرھال ھەرىكەتلىنىشتەك ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرمەكچى بولىدىكەن، تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن قول سېلىپ ئىشلىشى كېرەك.

1. ياشلارنىڭ ئارزۇ ـ غايىسى بولۇش ياخشى ئىش، لېكىن خىيالپەرەس بولۇپ قالماسلىقى، كۈنبويى گۈزەل كەلگۈسىنىلا خىيال قىلىپ ئولتۇرماسلىقى، ھېچقانداق تەدبىر قوللانماي ھاڭۋېقىپ تۇرماسلىقى كېرەك. شۇڭا ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر «بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما» دەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى، ھازىرقى ھورۇنلۇقلۇقىغا كەلگۈسىدە پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقى كېرەك.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ھەرقانداق مۇۋەپپەقىيەت ئوي ـ خىيال قىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىر ئادەم پەقەت ئولتۇرۇۋېلىپ قىلىدىغان ئىشنى دەرھال قىلمىسا، ئۇ ئارزۇ قىلغان مۇۋەپپەقىيەتكە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار غايىسى بىلەن رېئاللىقنى

بىرلەشتۈرۈشى كېرەك.

ئۆنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى دائىم مۇھاكىمە قىلىپ تۇرۇشى كېرەك:

1. مەن هازىر قانچە ياش؟ غايە ـ ئارزۇلىرىمنى قانچە ياشقا كىرگەندە ئەمەلگە ئاشۇرىمەن؟

2. كۈندە ئۆگىنىشنى قانچىلىك ۋاقىت داۋاملاشتۇرىمەن؟ هازىردىن باشلاپ ئۆگىنەيمۇ؟

3. 30 ياشتىن كېيىن تۇرمۇشىڭىزنىڭ، خىزمىتىڭىزنىڭ قانداق بولۇشىنى ئارزۇلايسىز؟

4. غايىڭىزدىن يەنە قانچىلىك يىراقلىقتا؟ هازىردىن باشلاپ تىرىشامسىز؟





### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

مۇھاكىمە سوئالى: سىز بىر مەشھۇر ئاشپەزگە كۆپلىگەن ... 

مۇھاكىمە سوئالى: سېھىرگەر سىزنى بىسىپ ياپىلاقلاپ ئەمەس، بەلكى نىسبەت بويىچە كىچىكلىتىپ تەڭگە قېلىنلىقچىلىك ئېگىزلىكتىكى ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ، بىر دانە ئەينەكتىن ياسالغان قۇرۇق ئارىلاشتۇرۇش قۇتىسىغا سالدى، ئارىلاشتۇرغۇچنىڭ تىغى بىر مىنۇتتىن كېيىن ئايلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا قانداق قىلىسىز؟

### ◉ جاۋاب

ئارىلاشتۇرۇش قۇتىسىنىڭ ئىچىدە چوقۇم ئورۇن بار، شۇڭا بوش جايغا بېرىۋالسا يىقىلىپ چۈشمەيدۇ. لېكىن ئارىلاشتۇرۇش قۇتىسى ئەينەكتىن ياسالغان بولغاچقا ئەتراپىدا تۇتقۇچ يوق، تىغ ئايلىنىش جەريانىدا هاسىل بولغان شامال سىزنى ئۇچۇرتۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامال بار ئارىلاشتۇرغۇچنىڭ ئوقى ئارىسىغا بېرىۋېلىپ، چىقىپ كېتىشنىڭ ياكى بىر يەرنى تۇتۇۋېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىش كېرەك.

# ئالدىنقى قېتىملىق ئىپادىڭىزدىن داۋاملىق ئېشىپ كەتسىڭىز، ئۇزاققا قالماي ھەممە ئادەمدىن ئېشىپ چۈشىسىز

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:*** **بۈرۈنقى مۇۋەپپەقىيەت ئەسلىمە بولۇپ قالدى، ئەمدى سىزنى كۈتۈپ تۇرغىنى مۇشۇ تاپتا ئېشىپ كېتىش ۋە كېيىنكى قېتىمقى مۇۋەپپەقىيەتتۇر!**

مەن بىر ماقالىدىن: «يولغا چىقىشنى تاللىغانىكەنسىز، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەڭ، ئۇزۇكسىز ھالدا ئۆزىڭىزدىن، شۇنداقلا باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىڭ!» دېگەن ھېكمەتلىك بىر جۈملىنى ئوقۇغانىدىم.

ئادەمنىڭ ئالاھىدە بىر خىل ھايۋان ئىكەنلىكى بىزگە ئايان، ئىنسانلار پايانسىز تەبىئەت دۇنياسىدا ھېچقانداق ئەۋزەللىككە ئىگە ئەمەستەك بىلىنىدۇ: بىز پىلدەك يوغان ۋە ئېغىر ئەمەس، قاپلاندەك تېز يۈگۈرەلمەيمىز، سۇدا بېلىقتەك ئۈزەلمەيمىز، ياكى قۇشتەك كۆكتە ئۇچالمايمىز... لېكىن بىز نېمىشقا يەر شارىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدۇق؟

چۈنكى ئىنسان ئەقىل ـ پاراسەتلىك جانلىق، ئەقىل ـ پاراسەت ئۈزۈكسىز ھالدا ئۆزىمىزدىن ھالقىپ كېتىشىمىزگە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن تىرىشىش يولىمىزدا بارغانسېرى قۇدرەت تېپىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىشىمىزگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ.

بىر ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولسا، داۋاملىق ھالدا ئىلگىرىلىشى كېرەك، ئۇ ئىلگىرى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇ پەقەت تۈنۈگۈنكى ئەسلىمە خالاس. بىلىش كېرەككى، ھەر بىر كۈنىمىز يېڭى باشلىنىش، ھازىر ـــ سىزنىڭ باشلىنىش نۇقتىڭىز، ھاياتتا داۋاملىق ھالدا ئۆزىڭىزدىن ھالقىپ كەتسىڭىز، ئۆزىڭىز ئۈستىدىن غەلىبە قىلسىڭىز، ئاندىن ئەتراپىڭىزدىكى باشقىلاردىن ئېشىپ كېتەلەيسىز، ئاندىن ئارزۇيىڭىزغا يەنە بىر قەدەم يېقىنلىشالايسىز!

پىروفېسسور خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سودا ئىنستىتۇتىدىكى بىر دەرستە ئوقۇغۇچىلارغا داۋاملىق ھالدا ئۆزىدىن ھالقىپ كەتكەن بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئۆزىدىن ھالقىپ كەتكەن بۇ ئايالنىڭ ئىسمى كارلىي. فىئورۋىنا بولۇپ، دۇنيا ئىقتىساد ساھەسىدىكى ئاتاق داڭلىق باش دىرېكتور، شۇنداقلا دۇنياۋى مەشھۇر قابىل ئايال. ئۇ كونا رەقىبى كامپاك شىركىتىنى سېتىۋالغان، بۇ شىركەتنى سېتىۋېلىش باھاسى 20 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن.

بۇ باھا 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بۇيان دۇنيا ئىقتىسادىدىكى ئەڭ يۇقىرى چوققا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىمۇ ئىنتايىن زور بولغان. بۇ ئۇلۇغ باشلىنىش سودا دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئامېرىكا ئىقتىساد تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

كىشىلەر كارلىي. فىئورۋىناغا تەنتەنە قىلىشتى، ئۇ دۇنيادىكى تەڭداشسىز زەردارغا ئايلاندى دەپ قارىدى، ئۇ ياراتقان سودا مۆجىزىسىنى ھېچكىم يارىتالمىدى.

ۋاھالەنكى، كارلىي. فىئورۋىنا 1999 ـ يىلى خيۇلىت پاكارد

چەكلىك شىركىتىگە كىرىدۇ، مەبلىغى 4 مىلليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىغان بۇ شىركەتنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، يەنە كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرىدىغان مۆجىزىلەرنى يارىتىدۇ.

كارلېي. فىئورىۋىنا شۇنىڭدىن كېيىن قىزغىنلىقى ۋە داۋاملىق ئۆزىدىن ھالقىپ كېتىش روھى ئارقىلىق كەسىپ جەھەتتە ئارقا - ئارقىدىن يۇقىرى پەللە يارىتىدۇ. خارۋاردنىڭ پىروفېسسورلىرى كارلېينىڭ ئىش ئىزلىرىنى داۋاملىق ئەمەلىي مىسال قىلىپ سۆزلەپ، خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ داۋاملىق تۇردە ئۆزىدىن ھالقىپ كېتىشىگە ئىلھام بېرىدۇ.

غايىڭىز مەيلى نېمە بولسۇن، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىر - ئىككى كۈنلۈك ئىش ئەمەس، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت چىڭ تۇرۇشقا ۋە داۋاملىق تۇردە ئۆزىدىن ھالقىپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ھالبۇكى، رېئال تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ بىر «قىزقىشى» بار، ئۇلار ئازراق نەتىجىگە ئېرىشىپلا ئۆزىگە تەمەننا قويىدۇ، بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ. بەزىلىرى ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈش يولىنى تاللىغان بولۇپ، غايىسى ئۈچۈن قىلچە تىرىشمايدۇ؛ بەزىلىرى جان تىكىپ كۈرەش قىلىش يولىنى تاللىغان بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش يولىدا داۋاملىق تۇردە ئۆزىدىن ھالقىپ كېتىپ، ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قەسرىگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ!

مۇنەۋۋەر ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بەلكىم سىز تۇنۇگۈن تەڭداشسىز شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولغىيدىڭىز، بەلكىم كۆپچىلىكنىڭ مۇئەييەنلەشتۇرۇشى ۋە تەرىپلىشىگە سازاۋار بولغان بولغىيدىڭىز. لېكىن خارۋاردنىڭ قابىلىيەتلىكلىرىنىڭ لۇغىتىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، بۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھەممىسى «ئۆتكەن زامان» غا تەئەللۇقتۇر. ئىلگىرىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر ئەسلىمە بولۇپ قالدى، سىزنى كۈتۈۋاتقىنى دەل شۇ تاپتىكى ئۆزىدىن ھالقىش، بۈنۈگۈندىن كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەتتۇر!

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرى

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئەتىگەنكى پارلاق قۇياشقا ئوخشايدۇ، ئۇلار كۈندە ئىلگىرىلىشى كېرەك. چۈنكى خانىنىڭ يولىدا بىز يالغۇز ماڭمايمىز، بەلكى سان ـ ساناقسىز ئادەم كەلگۈنىدە جان تىكىپ ماڭىمىز!

توختاپ دەم ئالغىنىمىزدا، بەلكىم رىقابەتچىمىز كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدىغاندۇ، لېكىن سىز كەينىمىزگە قارىغىنىمىزدا، ئۇ ئاللىقاچان ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا توختىماسلىقىمىز، داۋاملىق تۈردە ئۆزىمىزدىن ھالقىپ كېتىشىمىز، داۋاملىق ئالغا بېسىشىمىز لازىم.

مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان ئاشۇ كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىقتىدارى يوق كىشىلەر ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى بايقاشنى بىلمەيدىغان كىشىلەردۇر. ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزدىن ھەر كۈنى ئاز ـ ئازدىن ھالقىش ئانچە قىيىن ئىش ئەمەس، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئىشنى قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ:

1. تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدىنىپ، بوشاڭ ـ چېچىلاڭغۇ ئادىتىمىزنى ئۆزگەرتىڭ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىزنى ئاكتىپ پىكىر ـ قاراشقا ئىگە قىلىڭ، ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھەرقانداق چاغدا توختىماستىن ئۆزىمىزدىن ھالقىپ كېتىڭ.

2. ئۆزىمىزدىن يالغۇز ھەرىكەت جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى روھىي جەھەتتىنمۇ ھالقىپ كېتىشىمىز كېرەك.

148

※※

HARVARD HALF PAST FOUR

3. ئۆزىڭىزنى كۆندە يېڭىلاپ تۇرۇڭ، تۈنۈگۈنكى نەتىجە ۋە ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماسلىقىڭىز لازىم.

## ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىشتىن خالىي بولالامسىز ؟

پسىخىكىلىق سىناق: بىر كۈنى سىنىپتا دەرس ئوقۇۋاتقىنىڭىزدا، مەكتەپنىڭ ئامانلىق ساقلىغۇچىسى سىزگە بىر ئادەمنىڭ نامسىز خالتا ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ، بۇ چاغدا سىز قانداق قىلىسىز؟

1. خالتا ئەۋەتكۈچىنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، خالتىنى ئېلىشنى ئەدەپ بىلەن رەت قىلىسىز؟

2. ئاۋۋال خالتىنى ئاچىسىز، خالتىدا ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان نەرسە بولسا ئالىسىز.

3. ساۋاقداشلىرىڭىز ياكى مۇئەللىمىڭىز بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن بىر قارارغا كېلىسىز.

## ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

بىرىنچىنى تاللىغانلار: سىلەر ئادەتتە ئاتا ـ ئانائىلار ياكى ئوقۇتقۇچىلىرىڭلارنىڭ گېپىنى بەك ئاڭلايسىلەر، تاپتىن چىقىپ كەتكەن ئىشلارنى كەمدىن ـ كەم قىلىسىلەر، شۇنداقلا ئۆزگىرىپمۇ كەتمەيسىلەر. ئۆگىنىشتە تېخىمۇ زور نەتىجىگە ئېرىشمەكچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلەردىن ھالقىپ كېتىشنى داۋاملىق سىناپ باقىسىلەر، بىراق رىتىمنى تەڭشىشىڭلار كېرەك، تۇيۇقسىزلا بەك چوڭ ئۆزگىرىپ كەتسەڭلار بولمايدۇ.

ئىككىنچىنى تاللىغانلار: سىلەر ئانچە ـ مۇنچە يوشۇرۇن ئىشلارنى قىلىسىلەر، ئادەتتە نەپ تېگىدىغان يەرگە يۈگۈرىسىلەر، لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۆز پىكرىڭلەردە تۇرىسى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەر، سىلەرنىڭ قارىشىڭلاردا مۇۋەپپەقىيەت ئۆز مەۋقەسىدىن كېچىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

ئۈچىنچىنى تاللىغانلار: سىلەردە باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىش پىسخىكىسى ئېغىر، نۇرغۇن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا بەك كۆپ مەسئۇلىيەتنى زىممەڭلەرگە ئېلىشنى خالىمايسىلەر، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز چەكلىمەڭلەرنى بۇزۇپ تاشلاشنى ئاساسەن خالاپ كەتمەيسىلەر، چۈنكى ئۆزۈڭلەرنىڭ بەك تېز چوڭ بولۇپ قېلىشىڭلارنى خالىمايسىلەر، ئەمما كۆڭلۈڭلاردا يەنىلا مۇۋەپپەقىيەتكە تەلپۈنىسىلەر.

# كېچىكمەيسىز، مانا ھازىر ئەڭ ياخشى باشلىنىش

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:***
**سىز پەقەت تېز ۋە يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ھەرىكەت قوللانغاندىن كېيىن، رەھىمسىز رىقابەتتە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولالايسىز.**

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن، دۇنياۋى باي بېل. گايتىس: «بىر ئىشنى قىلىشنى ئويلىغان ۋاقتىڭىزدىلا قىلىڭ!» دېگەندى.

دەرۋەقە ھەر بىر ئادەمنىڭ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشى بولىدۇ، رېئاللىقتا ئايلاندۇرماقچى بولغان تۈرلۈك غايىسى ۋە نىشانى بولىدۇ، لېكىن نۇرغۇن كىشى غايىسى ۋە ئارزۇ - ئىستىكى ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلماي، ئۆزى كۆڭلىگە پۈكۈپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا قانداقمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولسۇن؟

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن نىشانىنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، نىشانىڭىز ئۈچۈن ھەممىنى تەق قىلىپ قويغان بولسىڭىزمۇ، بىلىم ۋە ماھارەت، پوزىتسىيە ۋە ئىقتىدار جەھەتلەردە ھېچقانداق نۇقسان بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلمىسىڭىز، ئۇ چاغدا گۈزەل ئارزۇيىڭىز باياۋاندىكى ئالۋۇنغا ئوخشاپ قالىدۇ.

يېڭى دەۋردىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئىقتىساد ئۈچقاندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋردە تۇرۇۋاتقاچقا، «ئىلگىرىلىمىگەنلىك چېكىنگەنگە باراۋەر، ئاستا ئىلگىرىلىگەنلىكمۇ چېكىنگەنگە باراۋەر» دېگەننى چۈشىنىشى كېرەك. سىز پەقەت تېز ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك ھەرىكەت قوللانغاندىن كېيىنلا، رەھىمسىز رىقابەت داۋامىدا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولالايسىز، ئۇنداق بولمىغاندا نۇرغۇن پۇرسەتنى ئۆتكۈزىۋېتىسىز.

ئېلىننا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى سەنئەت ئۆمىكىدە ناھايىتى مۇھىم رولنى ئۈستىگە ئالغان، لېكىن ئۇ بۇ ئىشىدىن ئانچە رازى بولمايدۇ، مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن ياۋروپاغا بېرىپ بىر يىل ساياھەت قىلىپ، ئاندىن نيۇيوركتىكى برودۋېيغا بېرىپ جان ـ جەھلى بىلەن تىرىشىدۇ.

ئېلىننا ئارزۇسىنى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىغا ئېيتىدۇ.

— برودۋېيغا نېمىشقا مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن بارىسىز؟ — دەپ سورايدۇ ئوقۇتقۇچىسى كۈلۈمسىرىگىنىچە.

— شۇنداق، ئالىي مەكتەپ ھاياتى مېنىڭ برودۋېيغا بېرىپ خىزمەت قىلىشىمغا ياردەم بېرەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ، — دەيدۇ ئېلىننا ئويلانغاندىن كېيىن، — بىر يىلدىن كېيىن ئۇدۇللا برودۋېيغا بارسام بولغۇدەك!

بۇ چاغدا ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭدىن:

— برودۋېيغا ھازىرلا بارغىنىڭىز بىلەن بىر يىلدىن كېيىن بارغىنىڭىزنىڭ نېمە پەرقى بار؟— دەيدۇ.

ئېلىننا بىردەم جىمىمدە ئويلانغاندىن كېيىن:

— ھېچقانداق پەرقى يوقتەك قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندىكىن كېلەر مەۋسۇمدىلا باراي! — دەيدۇ.

— كېيىنكى مەۋسۇمدا بارغىنىڭىز بىلەن ھازىر بارغىنىڭىزنىڭ نېمە پەرقى بار؟ — دەپ سورايدۇ ئوقۇتقۇچىسى يەنە.

ئېلىننانىڭ سەل بېشى قايدۇ، ئۇنىڭ خىيال دېڭىزىدا ئاجايىپ چىرايلىق بىر جۈپ قىزىل ئۇسسۇل ئايىغى ۋە ھەشەمەتلىك سەھنە نامايان بولدۇ... شۇنىڭ بىلەن ئۇ برودۋېيغا كېيىنكى ئايدا بېرىش قارارىغا كېلىدۇ.

— كېلەر ئايدا بارغىنىڭىز بىلەن ھازىر بارغىنىڭىزنىڭ نېمە پەرقى بار؟ — دەپ سورايدۇ ئوقۇتقۇچىسى بارغانچە ئېچكىرىلەپ.

ئېلىننا ھاياجانلىنىدۇ، ئۇ تىترىگەن ئاۋازدا:

— ئەمىسە بولىدۇ، كېلەر ھەپتە تەييارلىق قىلىپ، ھەپتىنىڭ ئاخىرى يولغا چىقاي! — دەيدۇ.

— برودۋېيدا تۇرمۇش بويۇملىرىنىڭ ھەممىسى بار، — دەيدۇ ئوقۇتقۇچىسى ئېلىننانى تېزراق يولغا چىقىشقا دەۋەت قىلىپ.

— ئەمىسە ئەتىلا ماڭاي، — دەيدۇ ھاياجاندىن سەكرەپ كەتكەن ئېلىننا. ئوقۇتقۇچىسى مەمنۇن بولۇپ بېشىنى لىڭشىتقىنىچە:

— ياخشى گەپ، مەن سىزگە ئەتىنىڭ ئايروپىلان بېلىتىنى ئېلىپ قويدۇم، سىزگە ئامەت تىلەيمەن، بالام! — دەيدۇ.

ئېلىننا ئەتىسى كۆڭلىدىكىدەك گۈزەل جاي ——— ئامېرىكىدىكى برودۋېيغا قاراپ يول ئالىدۇ.

بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادا ياشلار - ئۆسمۈرلەر چۈشىنىۋېلىشقا تېگىشلىك بىر ھەقىقەت بار ——— مەيلى سىز قانداق ئىش قىلماقچى بولۇڭ، ھەممە شارائىت ھازىرلانغاندا ئاندىن تۇتۇش قىلىمەن دەپ مەڭگۈ ساقلاپ ئولتۇرماسلىقىڭىز كېرەك، شۇنداق قىلسىڭىز مەڭگۈ ساقلاپ ئۆتىسىز!

ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر بىر نىشانغا ئىگە بولغاندىلا دەرھال ئاتلىنىشى، ھازىردىن باشلاپ قول سېلىشى كېرەك. ئۇلار ئېغىزىدا شەھەر ئېلىپلا يۈرۈۋېرىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ نىشانى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغان چۈش بولۇپ قالىدۇ.

ئەمدى ئەتراپىمىزدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىشىلەرگە قاراپ باقايلى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چاقماقتەك چاقمىغان ھەرىكەت قىلىدىغانلار، نېمىنى ئويلىسا، شۇنى دەرھال قىلىدىغانلاردۇر. بۇ ئادەت مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىشلىك پوزىتسىيە، شۇنداقلا بىر خىل ئاكتىپ ياشاش پوزىتسىيەسى ھېسابلىنىدۇ.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن داڭلىق ئەدىب ئېمىرسون: «پۈتۈن نىيىتى بىلەن نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان ئادەمگە پۈتۈن دۇنيا يول بېرىدۇ» دېگەنىدى.

شۇڭا ياشلار ـ ئۆسمۈر دوستلار دەرھال ھەرىكەتلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشى، تېگى يوق قۇرۇق خىيالغا چۆكۈپ كەتمەسلىكى كېرەك، كېچىكىپ قالدىم دەيدىغان گەپ يوق، چۈنكى مانا شۇ دەل ئەڭ ياخشى باشلىنىشتۇر.

بۈيۈك نىشانىڭىز ئۈچۈن ھەرىكەت قوللانسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقان ھېسابلىنىسىز، ھالبۇكى بۇ بىرىنچى قەدەم ھەممىشە ئەڭ مۇھىم قەدەم بولۇپ قالىدۇ. ھەر كۈنى ئويغىنىپلا دەرھال ھەرىكەتلىنىشىڭىز، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتىكى بىرىنچى ئىشنى شۇ زامان باشلىشىڭىز كېرەك. شۇنداق قىلسىڭىز دەرھال ھەرىكەتلىنىشنىڭ سىزگە مۇكەممەللىك ۋە مەمنۇنىيەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى پەيدىنپەي بايقايسىز. مۇشۇ تەرىقىدە ئىككى ئاي داۋاملاشتۇرسىڭىز، دەرھال ھەرىكەتلىنىشنى ئادىتىڭىزگە ئايلاندۇرالايسىز.

قىسقىسى، ھازىرقى ئەھۋالىڭىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاكتىپ روھىي ھالەت بىلەن يۈزلەنسىڭىز، دەرھال

ھەرىكەت قوللانسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەت سىزگە مەنسۇپ بولىدۇ!

◉ ***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى***

تامدىكى سائەتكە قارىسىڭىز، سائەت دەل 3 تىن 15 مىنۇت ئۆتۈپتۇ، بۇ چاغدا سائەتنىڭ مىنۇت ئىسترېلكىسى بىلەن سېكۇنت ئىسترېلكىسىنىڭ ئارا بۇلۇڭى نەچچە گىرادۇس بولىدۇ؟

◉ ***جاۋاب***

5.7 گىرادۇس بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۆگىنىش ۋە رىقابەتتە ئۇتۇم

## ھەممىدىن مۇھىم

*خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:*
مەيلى جىددىي ئۆگىنىش ياكى ئالدىراش خىزمەتتە بولسۇن، ئۇتۇم باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئىكەنلىكىڭىزنىڭ ئۆلچىمىدۇر.

مەن ھەركۈنى نۇرغۇن ۋاقتىمنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىدىغان، لېكىن ئۇنى دەپ بۇنىڭدىن قۇرۇق قالىدىغان، ئازراقمۇ ئۇتۇم ھاسىل قىلالمايدىغان نۇرغۇن دوستلارنى كۆردۈم.

ھازىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى تېز بولغاچقا، كىشىلەر نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالماقتا، شۇڭا مەيلى ئۆگىنىشتە ياكى كېيىنكى خىزمەتتە بولسۇن، ئۇتۇمغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلارلا كارامىتىنى كۆرسىتىپ، يېڭى دەۋردىكى مەشھۇرلاردىن بولۇپ قالماقتا.

بىز «ساپ ئالتۇن، نۇقسانسىز ئادەم بولماس» دېگەن گەپنى كىچىكىمىزدىنلا چۈشەنسەكمۇ، لېكىن دوستلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە كېيىنكى خىزمىتىدە ھېچقانداق ئۇتۇمغا ئېرىشەلمىسە، ياشاش رىقابىتى تەرىپىدىن شاللىنىۋېتىلىنىشى مۇقەررەر.

مەشھۇر كارخانىچى جىبك. ۋېلچى مۇنداق دېگەنىدى : «ئىجتىمائىي رىقابەتتە ئۇتۇم كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل، ئۇتۇم شىركەت ۋە خىزمەتچى خادىملارغا ئەڭ ياخشى

روھىي كەيپىيات بېغىشلايدۇ، سىزنى جەلپ قىلىدۇ.»

نۇرغۇن ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئۆگىنىش ۋە خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۆگىنىش ۋە خىزمەتكە سەرپ قىلىدىغان ۋاقىتنى ئۇزارتىش ئارقىلىق نۇرغۇن بىلىم ئېلىپ، خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىمەكچى بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار خىزمەت بىلەن ئۆگىنىشكە قانچە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلسام، ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ئۈنۈمۈم شۇنچە ياخشى بولىدۇ دەپ قاراپ، كۆپ ۋاقىتنى ئۆگىنىش ۋە خىزمەتكە سەرپ قىلىدۇ. بىزنىڭچە ئۆگىنىش، خىزمەت ئۈنۈمى بىلەن ۋاقىت ئوڭ تاناسىپ بولۇشى ناتايىن. شۇڭلاشقا بىز ۋاقىتنى قانداق ئۇزارتىشقا باش قاتۇرماي، بەلكى ئىش ئۈنۈمىنى قانداق ئۆستۈرۈش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشىمىز كېرەك.

مەيلى جىددىي ئۆگىنىش ياكى ئالدىراش خىزمەتتە بولسۇن، ئۈنۈم باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئىكەنلىكىمىزنىڭ ئۆلچىمىدۇر.

پىروفېسسور خارۋارد سودا ئىنستىتۇتىدا كارخانا باشقۇرۇش دەرسى ئۆتكەندە، ئوقۇغۇچىلاردىن گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ دوكلات تەييارلاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ دوكلات تەييارلىغاندا ئۇلارنىڭ ھەمكارلىق ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرغىلى، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلار ۋە گۇرۇپپىلار ئارىسىدىكى رىقابەتنى ئاشۇرغىلى بولاتتى.

ئۆز گۇرۇپپىسىنىڭ كەينىدە قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

باشقا ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا، بۇرېت مۇكەممەللىككە ۋە ئۈنۈمگە ئىنتايىن ئېتىبار بېرىدىغان ئوقۇغۇچى ئىدى، شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن بىر گۇرۇپپا بولۇشنى خالىمايدۇ. ھالبۇكى، بۇرېت بىلەن بىر گۇرۇپپا بولغان ئوقۇغۇچىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىلاجىسىز ھالدا جاپالىق ھەمكارلىقنى بېشىدىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇرېت ساۋاقداشلىرى قىلغان ئىشلاردىن دائىم بىرمۇنچە قۇسۇر ـ نۇقسان ئىزدەيدۇ، بەزىدە ساۋاقداشلارنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتىدۇ.

بۇرېتنىڭ گۇرۇپپىدىكىلەر باشتا ئۇنىڭدىن نارازى بولۇشىدۇ، كېيىن ئۇنىڭ « قۇسۇر ـ نۇقسان ئىزدەش» ئادىتىگە بارغانچە كۆنۈپ قېلىشىدۇ، ھەتتا بەزى ساۋاقداشلىرى ئۆزىگە تەقسىملەنگەن ۋەزىپىنى ئورۇنلىماي بۇرېتقا ئېلىپ قويىدۇ.

بۇرېت ئەلۋەتتە زېھنىنى باشقىلارنىڭ تېمىسىنى ئىشلەشكە سەرپ قىلىدىغان گالۋاڭلاردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ گۇرۇپپىداشلىرى ئۆزىگە ئېلىپ قويغان ئىشنى قىلماي، ئېغىزچە دوكلات بېرىشكە ئۈچ كۈن قالغاندا، زۇكامداپ قالغاچقا گۇرۇپپىنىڭ ئىشىغا كاشىلا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ خاپا بولۇشقان گۇرۇپپىداشلىرىنىڭ بىرنەچچىسى ئىككى كېچە ـ كۈندۈزدە دوكلاتنى پۈتكۈزىدۇ.

بۇرېت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ «يۇقىرى ئۈنۈم» نى قۇۋۋەتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

— ئەمەلىيەتتە، سىلەرمۇ ئۈنۈم ھاسىل قىلالايسىلەر، ئىشلىگەنلىرىڭلار شۇنداق ئوبدان بوپتۇ!

بۇ چاغدا گۇرۇپپىدىكىلەر بۇرېتنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويلىغانلىقىنى بىلىشىدۇ، لېكىن تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشىدۇ.

ۋاقىتتىن پايدىلىنىش مۇتەخەسسىسى: «ئۆگىنىش پىلانىڭىز قارىغۇلارچە بولسا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئىنتايىن تۆۋەن بولىدۇ» دېگەنىدى.

ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن ياشلار ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، دائىم «ئوت ئۆچۈرگۈچى» نىڭ ئىشىنى تەكرارلايدۇ.

ئۇلار چەكلىك ۋاقىتنى دائىم «ئوت ئۆچۈرۈش» كە سەرپ قىلىپ، جىددىي ئىش بىلەن مۇھىم ئىشنى تامامەن پەرقلەندۈرمەيدۇ. ئۇلار كۆپ ۋاقىتنى خەتەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئاجرىتىپ، ھەممە تەرەپتە ئۆت ئۆچۈرىدۇ، ئاخىر ھېرىپ ھالىدىن كېتىدۇ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلالمايدۇ.

ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن ياشلار كۆپ ۋاقىتنى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا سەرپ قىلىۋېتىپ، چوڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا تۇتۇش قىلغاندا ئەڭ ياخشى پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.

ئۇلار ئاشۇنداق يامان ئادەتنى دائىم تەكرارلاۋېرىپ، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ياشلار ـ ئۆسمۈر دوستلار ئامال قىلىپ ۋاقىتتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئۆگىنىشنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈمى بولىدۇ. چۈنكى رىقابەت كەسكىن بولۇۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە ئۈنۈم ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.



### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھەر بىر ئوقۇغۇچى دېگۈدەك ئۈنۈمگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇلار چەكلىك ۋاقىتتا ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى، ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئىگىلەشنى بىلىدۇ.

ئەمىسە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈنۈمنى قانداق ئۆستۈرىدۇ؟

1. ئۆگىنىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئازايتىش. مەنىسى ئۆگىنىشتىن زېرىكسىڭىز، ئۆگىنىش ۋاقتىڭىزنى مۇۋاپىق ئازايتىشنى سىناپ كۆرۈڭ، ئاۋۋال ئۆزىڭىزنى ئەركىن ـ ئازادە قويۇۋېتىڭ، ئاندىن ئۆگىنىشنى يەنە باشلىغىنىڭىزدا ئۈنۈمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرىسىز.

2. بىر كۈندىكى ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش ۋاقتىنى ئىگىلەڭ. پسىخولوگلارنىڭ بايقىشىچە، چۈشتىن بۇرۇن سائەت سەككىز، چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى ۋە كەچ سائەت سەككىزدە ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى ئەڭ ياخشى بولىدىكەن، شۇنداقلا ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى ئىككى سائەت بىر خىل تۇرغاندىن كېيىن بىر تۆۋەنلەيدىكەن. سىز مۇشۇ قانۇنىيەتنى ئوبدان ئىگىلەپ، ئۆگىنىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرسىڭىز، ئۆگىنىش ئۈنۈمىڭىز چوقۇم يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

3. مۇئەييەن «دەم ئېلىش» ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۆگىنىش ۋەزىپىڭىز ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، ئازراق دەم ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. ئالايلۇق، بىرنەچچە سائەت نەرسە ئوقۇغاندىن كېيىن ياكى يازغاندىن كېيىن، ئازراق ۋاقىت ئاجرىتىپ دەم ئېلىشىڭىز كېرەك.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

قانداق ئەھۋالدا ئۆگىنىش ئۈنۈمىڭىز ئەڭ ياخشى بولىدۇ؟

1. ئىمتىھان بېسىمىنى ھېس قىلغاندا.
2. ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن دەرسنى تەكرارلىغاندا.
3. يېرىم كېچىدىكى جىمجىت چاغدا.
4. ئۆگىنىشىڭىز مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغاندا.

### ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

بىرىنچىنى تاللىغانلار: سىلەر پەيتنى ئۆتكۈزۈپ قويىدىغانلار، ئىمتىھان يېقىنلاشقاندىلا زېھنىڭلارنى يىغىپ خاتىرجەم ئۆگىنىسىلەر. ئەمەلىيەتتە سىلەر ئۆگىنىش بىلەن ئىمتىھان ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇشقا ئەمەس، بەلكى ئىخلاس

بىلەن بىلىم ئىگىلەشنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈشكە موھتاج.

ئىككىنچىنى تاللىغانلار: ئېنىقكى، سىلەرنىڭ ئۆگىنىش ئىقتىدارىڭلار يۇقىرى، ئۆزۈڭلار قىزىققان ساھەنى تىرىشىپ تەتقىق قىلساڭلار، تېزلا شۇ ساھەنىڭ ئىختىساس ئىگىسى بولالايسىلەر. لېكىن ئۆزۈڭلار قىزىقمايدىغان دەرسلەرگە دۇچ كەلگەندە كاللاڭلار ئىشلىمەسلىكى مۇمكىن.

ئۈچىنچىنى تاللىغانلار: سىلەر جىمجىت مۇھىتتا ئۆگەنسەڭلار ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيدىغانلار. سىلەر ئۆزۈڭلەرگە ئىمكان قەدەر جىمجىت مۇھىت ھازىرلاشنى، ئۇنى ئۆگىنىش ئادىتىڭلارغا ماسلاشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭلار كېرەك. ئۇنداق قىلمىساڭلار ئۆگىنىشىڭلار تەسىرگە ئۇچراش سەۋەبىدىن بىئارام بولىسىلەر.

تۆتىنچىنى تاللىغانلار: سىلەر ئىرادىسى ئىنتايىن كۈچلۈك، شۇنداقلا چىدامچانلىقى ئىنتايىن زور، چوڭ مېڭەڭلەرنىڭ ئىنكاسى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىدىن تېز كىشىلەر. سىلەر ھەرقانداق مۇھىتتا ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كېتەلەيسىلەر، يەنە كېلىپ ئۆگىنىش ئۇنۇمىڭلارمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويماڭ

*خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:*
**ئەتىنى ساقلاپ تۇرغان كىشى بۈگۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. چۈنكى سىز ساقلاۋاتقان ئەتە سىزگە پەقەت ھالاكەت ۋە قەبرە ئاتا قىلىدۇ.**



ئىتالىيەلىك مەشھۇر رادىيو ئىنژېنېرى ماكنى: «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى تېز ھەرىكەتلىنىشتەك ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت» دېگەنىدى. تېز ھەرىكەتلىنىش خارۋارد ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى.

سىز خارۋاردنىڭ كۈتۈپخانىسىغا بارسىڭىز: «بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويماڭ » دېگەن ئىبرەتلىك سۆزنى كۆرىسىز. بىراق رېئال تۇرمۇشتا بۇنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر زادى قانچىلىك؟ مەن چۈشەنگەن بەزى ياشلار ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بۈگۈن قىلىپ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ئەتىگە قويىدۇ. ئەتىسى بۈگۈن ئىشلىرى بارلىقىنى بايقىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسىدىكى ئىشنى ئۆگۈنگە تاشلاپ قويىدۇ... مۇشۇنداق كېتىۋەرگەچكە ئىشلىرى دۆۋىلىنىپ قېلىپ ھېچ ئىشقا يېتىشەلمەيدۇ. بۇنداق ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر دائىم ئالدىراڭغۇلۇق قىلىدۇ، بىراق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى چارىسىنى تاپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتنىڭ قىسلىقىدىن زارلىنىدۇ، ئۆزىنىڭ سۆرەلمىلىكىدىن مۇشۇنداق ئاقىۋەتنىڭ

كېلىپ چىققانلىقىنى بىلمەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئەھۋال پەقەت ياشلار ـ ئۆسمۈرلەردىلا كۆرۈلىدىغان ئەھۋال ئەمەس. ئەتراپىمىزدىكى قۇرامىغا يەتكەن نۇرغۇن كىشىلەرمۇ: «ئۆز ۋاقتىدا ئاشۇنداق قىلغان بولسام، بۈگۈن بۇنداق بولمىغان بولاتتى» ياكى «ناۋادا ئاشۇ يىلى سودىنى باشلىغان بولسام هازىرغىچە باي بولۇپ بولغان بولاتتىم» دەپ ئۆكۈنىدۇ. ھەرقانداق پۇرسەت سىزنى ئۆزۈن كۈتمەيدۇ. ناۋادا كەينىگە سۈرۈشنىڭ سىزنى مەڭگۈلۈك زارلىنىشقا مۇپتىلا قىلىدىغانلىقىنى بىلسىڭىز، ناۋادا سىز هازىر ھەرىكەتلەنسىڭىز، كەلگۈسىڭىز نۇرغۇن مۇمكىنچىلىكلەر بىلەن تولىدۇ.

خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋاقىت ئىنتايىن قەدىرلەشكە تېگىشلىك نەرسە دەپ قارايدۇ. ئۇلار ۋاقىتنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىرىنچى ئاساسى، دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئىش ۋاقىتنى كەتكۈزۈپ قويۇش دەپ بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئىش قىلغاندا دەرھال باشلايدۇ، مۇتلەق ئارقىغا تارتمايدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقات ۋە ئۆگىنىش يىغىنىدا، پىروفېسسور ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر پائالىيەت قىلىش قارارىغا كېلىدۇ.

پىروفېسسور يانچۇقىدىن يۈز سوملۇق پۇلدىن بىرنى ئېلىپ پەستىكى ئوقۇغۇچىلارغا:

بىر ئويۇن ئويناپ باقايلى، ھەممىڭلار دەرھال ھەرىكەتلىنىڭلار، قايسىڭلار 50 سومىڭلارنى قولۇمدىكى 100 سومغا تېگىشىسىلەر؟

پىروفېسسور بۇ گەپنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلايدۇ، لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۈندىمەيدۇ. پىروفېسسور خېلى ساقلايدۇ، ئاخىر بىر ئوقۇغۇچى تارتىنغىنىچە سەھنىگە چىقىپ، گۇمانىي نەزىرى بىلەن پىروفېسسورغا ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى 50

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سومغا قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ.

— نېمىگە ئارسالدى بولۇپ تۇرىسىز؟ — دەيدۇ پىروفېسسور ئوقۇغۇچىنى رىغبەتلەندۈرۈپ.

ئوقۇغۇچى شۇ چاغدا قولىدىكى 50 سوم پۇل بىلەن پىروفېسسورنىڭ قولىدىكى 100 سوم پۇلنى ئالماشتۇرىدۇ.

ئاخىرىدا پىروفېسسور بۇ ئويۇننى خۇلاسىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ناۋادا باشقىلاردىن ئۆزگىچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دېسىڭىز، ئىككىلەنمەي بىرىنچى قەدەمنى بېسىڭ!»

خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بۇگۈنكى ئىشنى ھەرگىز ئەتىگە قويمايدۇ. بىز خارۋاردنىڭ دەرسخانىلىرىدا پىروفېسسورلارنىڭ دائىم مەردانە ھالدا: «ئەتىنى ساقلىغان ئادەم بۈگۈنگە ئىگە بولالمايدۇ. چۈنكى سىز ساقلاۋاتقان ئەتە سىزگە ئۆلۈم ۋە قەبرە ئاتا قىلىدۇ» دەيدۇ. خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ ئىدىيەنى ئۆگىنىش بىلەن خىزمەتتە ئەمەلىيلەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار «بۈگۈنكى ئىشنى بۈگۈن قىلىدۇ»، ھەرگىز ئەتىگە قويمايدۇ.

ياشلار ـ ئۆسمۈر دوستلارنىڭ قەلبى غايە ۋە ئارزۇلار بىلەن تولغان بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دەرھال ئىشقا كىرىشمەيدۇ ياكى پىلانلىرىنى ئارقىغا سوزىدۇ، ئاخىرىدا غايە ـ ئارزۇلىرىنى، پىلانلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ.

شائىر جون.مىلتوننىڭ: «ئۆرە تۇرۇپ ساقلىغانلار، ئېرىشەلمەس ھېچنېمىگە» دېگەن چوڭقۇر مەنىلىك بىر مىسرا شېئىرى بار. بۇ بىر مىسرادىكى مەزمۇننى ئوبدان ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ناۋادا ئاكتىپ ھەرىكەت قوللانمىساق، ئۇنۇم بىلەن مۇۋەپپەقىيەت نەدىن كېلىدۇ؟ ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، ئۇ ئۇزۇن ۋاقىت جاپالىق ئۆگەنگەن ۋە خىزمەت قىلغانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ.

قىسقىسى، ياشلار ۋە ئۆسمۈر دوستلار ئىشنى مەڭگۈ كەينىگە

سوزماستىن، پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىڭىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئادەملىكىڭىزنى، شۇنداقلا ئەمەلىي ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق ھازىردىن باشلاپ تىرىشىدىغانلىقىڭىزنى، بىرقەدەم - بىرقەدەمدىن مۇۋەپپەقىيەت مەنزىلىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى جاكارلاڭ.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

خارۋاردنى پۈتكۈزگەن بىر كارخانىچى ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «ھازىردىن باشلاپ ئىشلەيلى!»

ھالبۇكى، تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ياشلار ۋە ئۆسمۈر دوستلار ساقلاشقا ۋە كەينىگە سوزۇشقا خۇشتار. ھەمىشە ئۆزى مۇۋاپىق ۋاقىت دەپ قارىغاندا ئاندىن تۇتۇش قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بىراق ۋاقىت سىز كۈتۈپ تۇرغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا قەدىمىنى ئاستىلىتىپ قالمايدۇ. كەينىدە سوزۇش سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن بولغان ئارىلىقىڭىزنى بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئۇنداقتا، ياشلار ۋە ئۆسمۈر دوستلار كەينىگە سوزۇشتىن ئىبارەت يامان ئادىتىنى قانداق ئۆزگەرتىشى كېرەك؟ بىز خارۋارد پىروفېسسورلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەكلىپىگە قاراپ باقايلى.

1. نىسبەتەن چوڭراق ۋەزىپىنى بىر نەچچىگە بۆلۈپ، ئۇنىڭ ئىلگىرى كېيىنلىك تەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇ تەرتىپ بويىچە تاماملاش كېرەك.

2. قەرەللىك ئېنىق بولغان ئىش - ۋەزىپىنى، مەيلى ئۇ چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ئاشۇ قەرەللىك ئىچىدە ئورۇنلاش كېرەك.

3. يەنە ئىش - ۋەزىپىنىڭ مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىرىنى، جىددىي ياكى جىددىي ئايرىۋېلىشىمىز كېرەك. ناۋادا ئالاھىدە بىر مۇھىم ۋەزىپە بولسا ئۇنى ئورۇنداش ئۈچۈن بەزى مۇھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمىغان ۋەزىيەتلەرنى كىچىككىنە ياكى سوزۇۋالغاندەك بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەقىقىي كەينىگە سوزۇش ھېسابلانمايدۇ.

4. ھەر قېتىمدا بىر ۋەزىيەتنى ئورۇنداپ بولغاندا ئۆزىنى مۇكاپاتلاش كېرەك. بۇ مۇكاپات ماددىي جەھەتتىكى مۇكاپات بولماستىن، مەنىۋى جەھەتتىكى مۇكاپات بولۇشى كېرەك. ئالايلۇق، ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن ئىشنى قىلىشىڭىز كېرەك.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

سىز دادىڭىز، ئاپىڭىز، سىڭلىڭىز بىللە رەسىمگە چۈشتۈڭلار. ئاپىڭىز دادىڭىزنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، سىز ئاپىڭىزنىڭ سول تەرىپىدە، سىڭلىڭىز دادىڭىزنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، ئۇنداقتا رەسىمگە چۈشكەنلەرنىڭ سولدىن ئوڭغا تەرتىپى قانداق بولىدۇ.

### ◉ جاۋابى

ئالدى بىلەن ئاپىڭىز دادىڭىزنىڭ سول تەرىپىدە بولۇپ، رەت تەرتىپىڭلار مۇنداق بولىدۇ: ئاپىڭىز، دادىڭىز؛ ئاندىن ئاپىڭىزنىڭ سول تەرىپىگە ئاساسەن يەنە مۇنداق تىزىلىسىلەر: سىز، ئاپىڭىز، دادىڭىز؛ ئەڭ ئاخىرىدا سىڭلىڭىز دادىڭىزنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئاساسەن مۇنداق تىزىلىدۇ. سىز، ئاپىڭىز، سىڭلىڭىز، دادىڭىز، شۇڭا رەسىمگە تارتقاندا سولدىن ئوڭغا بولغان تەرتىپ مۇنداق بولىدۇ: سىز، ئاپىڭىز، دادىڭىز، سىڭلىڭىز

# دەرھال ھەرىكەتلىنەيلى، زېرىكىپ بەل قويۇۋەتمەيلى

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:*** **بۈگۈن قىلىپ بولالايدىغان ئىشنى ھەرگىز ئەتىگە قويماڭ، ئىش قىلغاندا زېرىكىشتىن خالىي بولۇش تەس، كىشىلەر زېرىكىپ بەل قويۇۋېتىشنىڭ ھەرىكەت جەھەتتە بىۋاستە مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.**

خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆگىنىشنى قىزغىن سۆيىدۇ، شۇنداقلا «دەرھال ھەرىكەتلىنىش» نىڭ مۇھىملىقىنى بىلىدۇ، ئۇلار ئۆگىنىشنىڭ بېسىقلىقىدىن چارچاپ قالمايدۇ، بۇ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ھەقىقەتتۇر: ناۋادا خىزمىتىڭىزنى كەينىگە سوزسىڭىز، زېرىكىپ بەل قويۇۋەتسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەت سىزگە يېقىن يولىمايدۇ.

مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىمىز دېيدىكەنمىز، بەدەل تۆلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. پۇرسەت يارىتىدىغان ئىقتىدارىمىز بولمىسا، پۇرسەت ئۆزى كەلگەندە دەرھال ھەرىكەتلىنىشىمىز، زېرىكىپ بەل قويۇۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. ھەر ۋاقىت قانداق ئىش قىلايلى، زېرىكىش كەيپىياتى كۆرۈلگەندە، «دەرھال ھەرىكەتلىنىش» قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

زېرىكىپ بەل قويۇۋېتىش دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەڭ دەسلەپتە ئامېرىكىدا پەيدا بولغان، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىش ياكى خىزمەتتە چارچىغانلىقىدىن ياكى پاسسىپ كەيپىيات سەۋەبىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەيدا بولىدىغان ئىنكاستىن ئىبارەت. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخولوگىيە پروفېسسورلىرىنىڭ تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، زېرىكىپ بەل قويۇۋېتىش هازىرقى كىشىلەردە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇۋاتقان پاسسىپ كەيپىيات بولۇپ، بۇ خىل كەيپىيات كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا، خىزمىتىگە ناهايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىشىلەرنى زېرىكىپ بەل قويۇۋېتىشكە ئېلىپ بارىدىغان پسىخىك ئامىللار ناهايىتى كۆپ، ئالايلۇق، مەيۈسلۈك، غەزەپلىنىش، ئۈمىدسىزلىنىش، تىت ـ تىت بولۇش، ئۆيقۇسىزلىقتىن كېلىپ چىققان باش ئاغرىقى، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتنىڭ ئۈنۈمى بولماسلىق، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ جىددىي بولۇشى قاتارلىقلار.

ناۋادا ياشلار ۋە ئۆسمۈر دوستلاردا يۇقىرىدىكىدەك ئەھۋال كۆرۈلسە، ئۆگىنىشتىن زېرىكىش كەيپىياتى پەيدا بولدىمۇ ـ يوق؟ دېگەننى ئوبدان ئويلىنىپ بېقىشىمىز كېرەك، هالبۇكى، زېرىكىش كەيپىياتىنى يېڭىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى دەرهال هەرىكەتلىنىشتىن ئىبارەت.

خارۋارد سودا ئىنستىتۇتى ئىزچىل تۈردە «دەرهال هەرىكەتلىنىش» تىن ئىبارەت سودا روھىنى تەكىتلەيدۇ، بۇ هال بارلىق كەسپىي دىرېكتورلاردىن ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. پۇرسەت ئالدىمىزغا كەلگەندە دەرهال هەرىكەتلىنىشىمىز كېرەك. سودا ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورلىرى ئوقۇغۇچىلارغا: «مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولسىڭىز، هازىرلا هەرىكەتلىنىڭ!» دەيدۇ.

بۇ دۇنيادا بىكار تاماق يوق، شۇنداقلا ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش دەپ هەرىكەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. ئۆزىڭىز هەرىكەت قىلمىسىڭىز، مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايسىز. بۇ جەھەتتە

خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىسى بېۋېس چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە.

بېۋېسنىڭ ئۇستازى ئۇنىڭغا ھەرقانداق ۋاقىتتا ھورۇنلۇقتىن ئىبارەت يامان ئادەتنى تىرىشىپ يېڭىشنىڭ، دەرھال ھەرىكەتلىنىشتىن ئىبارەت ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشنىڭ كېرەك، دەپ كۆرسەتكەنىدى. بېۋېس بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئىشنى ئەتراپىدىكى ئۇششاق ئىشلاردىن باشلىغان، ئۇ ھەر قېتىم ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرغاندا، كۆڭلىدە چوقۇم مۇشۇ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردىن باشلىشىم كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا چۈشكۈنلىشىپ كېتىمەن دەپ ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرغان.

بېۋېستا مۇشۇنداق «تىغمۇتىغ تاقابىل تۇرۇش» تەك چەكلىمە بولغاچقا، «دەرھال ھەرىكەتلىنىش»كە پەيدىنپەي كۆنۈپ قالغان. ئۇ مەيلى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتىكى چوڭ ئىشلار، كىچىك ئىشلاردا بولسۇن، دەرھال ھەرىكەتلىنەلەيدۇ، يەنە كېلىپ قىلچە لايغەزەللىك قىلمايدۇ.

دېمەك، ئىگىلىك تىكلەش روھىنى قەدىرلەش خارۋارد سودا ئىنستىتۇتىنىڭ قىممەتلىك خىسلىتىدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۈيۈك غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم پائال ھەرىكەتلىنىشىمىز، يېرىم يولدا بوشىشىپ قالماسلىقىمىز لازىم. ئويلاپ باقايلى، ناۋادا ئەينى چاغدا بىل. گەيتس كومپيۇتېردىن ئىبارەت غايەت زور تىجارەت پۇرسىتىنى بايقاپ دەرھال ھەرىكەتلەنمەي، زېرىكىپ بەل قويۇۋەتكەن بولسا، بىز بۈگۈنكىدەك ئۇچۇر دەۋرىگە كىرەلمىگەن بولاتتۇق.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

21 ـ ئەسىر ئومۇميۈزلۈك رىقابەت دەۋرى، ئۇنداقتا بىزنىڭ رىقابەت كۈچىمىز نەدىن كېلىدۇ؟ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ

پسخولوگىيە پروفېسسورى داۋبي. ماكلبي شۇنداق دەيدۇكى، كەلگۈسىدىكى رىقابەت كۈچى ھەرىكەتتىن كېلىدۇ، ھەرىكەت كۈچى ئۆگىنىشتىن كېلىدۇ. ناۋادا سىز كەسكىن رىقابەت دەۋرىدە تېخىمۇ يۇقىرى ئۇنۇمگە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز دەرھال ھەرىكەتلىنىڭ، شۇنداقلا ئۆزلۈكىڭىزدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇڭ.

قانداق قىلغاندا ياشلار – ئۆسمۈر دوستلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتىن زېرىكىش ئەھۋالىنى ئۈزۈل – كېسىل تۈگەتكىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلە ئويلىنىشىمىزغا تېگىشلىك مەسىلىدۇر. داۋبي. ماكلبي ياشلار – ئۆسمۈر دوستلار بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ.

1. ئىلگىرىكى مۇۋەپپەقىيەتتىن ئۆز ئىقتىدارى ۋە قىممىتىنى بىلىشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ بىر ئادەمنى ئۆلچەيدىغان مۇتلەق ئۆلچەم ئەمەسلىكىنى، ئوقۇش نەتىجىسى ئەڭ تۆۋەن ئوقۇغۇچىنىڭمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇمكىنلىكىنى بىلىشى كېرەك.

2. نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى، ئۆگىنىش مۇددىئاسىغا بولغان چۈشەنچىسى تولۇق بولۇشى، شۇنداقلا ھەر دائىم ئىشنى تېزدىن باشلاشنى، شۇنداق قىلغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدىغانلىقىنى سەمىگە سېلىپ تۇرۇشى كېرەك.

3. دەرستە ياكى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتا ئۆزىڭىزنى نامايان قىلىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈڭ، ئۆزىڭىزنى دائىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھالەت – كەيپىياتتا تۇتۇپ يۈرۈڭ.

◉ ***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى***

1. ئوقۇشتىن زېرىكىپ باقتىڭىزمۇ؟

كۆرسەتمە: تۆۋەندىكىسى ئوقۇشتىن زېرىككەن ـ زېرىكمىگەنلىكىڭىزنى سىنايدىغان ئۆلچەم، بۇ ئۆلچەم جەمئىي 20 سوئال، ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىڭىزغا ئاساسەن ئەينەن تاللاڭ.

1. ئۆگىنىشنىڭ مەنىسى يوق دەپ قارامسىز.

A. ياق B. شۇنداق

2 . ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن مەجبۇرىي ئۆگىنەمسىز؟

A. ياق B. شۇنداق

3. ئۆگىنىش قىلغاندا ئۆزىڭىزنى جانسىز ھېس قىلامسىز؟

A. ياق B. شۇنداق

4. ھازىرقى جەمئىيەتتە ئۆگىنىش ئەسقاتمايدۇ.

A. ياق B. شۇنداق

5. سىزنىڭچە ئۆگىنىش جاپالىق ئىشمۇ؟

A. ياق B. شۇنداق

6. مەكتەپتە ئوقۇش، جاپالىق ئىش.

A. ياق B. شۇنداق

7. ئۆگىنىشىڭىز ئاتا ـ ئانىڭىز ئۈچۈنمۇ؟

A. ياق B. شۇنداق

8. ئۆگىنىشكە قىزىقامسىز؟

A. ياق B. شۇنداق

9. سىنىپتا سولىشىپ ئولتۇرامسىز؟

A. ياق B. شۇنداق

10. دەرستە مۇئەللىم سۆزلىگەن مەزمۇنلارنى دائىم قارىماققا چۈشەنگەندەك، ئەمەلىيەتتە چۈشەنمەمسىز؟

A. ياق B. شۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

11. ھەمىشە ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ تاپشۇرۇقىنى كۆچۈرەمسىز؟

A. ياق B. شۇنداق

12. ئىشىڭىز بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۆگىنىش قىلغۇڭىز كەلمەمدۇ؟

A. ياق B. شۇنداق

13. ئۆزىڭىزنى كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەم دەپ قارىمامسىز؟

A. ياق B. شۇنداق

14. مەكتەپتە ئوقۇشىڭىز ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنلىمۇ؟

A. ياق B. شۇنداق

15. مەكتەپكە دائىم كېچىكىپ بېرىپ بالدۇر قايتامسىز؟

A. ياق B. شۇنداق

16. مۇئەللىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز جىددىيمۇ؟

A. ياق B. شۇنداق

17. كىنو-تېلېۋىزىيە چولپانلىرى، يېڭى ناخشا-چولپانلىرى، تەنتەربىيە ماھىرلىرى، ياش چوقۇنغۇچىلىرىڭىزغا قىزىقامسىز؟

A. ياق B. شۇنداق

18. دەرستە دىققىتىڭىز چېچىلىپ كېتەمدۇ؟

A. ياق B. شۇنداق

19. كىتابنى قولىڭىزغا ئېلىش بىلەنلا بېشىڭىز ئاغرىمدۇ؟

A. ياق B. شۇنداق

20. دەرستە ئۆگىنىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى قىلىپ ئولتۇرامسىز؟

A. ياق B. شۇنداق

### ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

«شۇنداق» دېگەننى تاللىغانلار بىر نومۇرغا ئېرىشتى، «ياق» دېگەنلەر 0 نومۇرغا ئېرىشتى. ئاندىن ھەرقايسى سوئاللارنىڭ نەتىجىسىنى قوشۇپ، ئېرىشكەن ئورتاق نومۇرنى چىقىرىمىز.

1 ~ 6 نومۇرغا ئېرىشكەنلەر: سىلەردە ئازراق ئوقۇشتىن زېرىكىش كەيپىياتى بار ئىكەن.

7 ~ 13 نومۇرغا ئېرىشكەنلەر: سىلەردە ئوتتۇراھال ئوقۇشتىن زېرىكىش كەيپىياتى بار ئىكەن.

14 ~ 20 نومۇرغا ئېرىشكەنلەر: سىلەردە ئېغىر دەرىجىدە ئوقۇشتىن زېرىكىش كەيپىياتى بار ئىكەن، سىلەر ۋاقتىدا پسىخىك دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقساڭلار بولغۇدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بۈگۈن ماڭمىسىڭىز، ئەتە يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولىسىز

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:***

**«ھازىر» كەلگۈسىنىڭ باشلىنىشى، «ھازىر» بولمىسا، كەلگۈسىمۇ بولمايدۇ.**



خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن سابىق ئامېرىكا پرېزىدېنتى. فرانكلىن.روزۋېلت: «بۈگۈننى قەدىرلىسەڭ، ئەتەڭ ھەسسىلەپ كۆپ بولىدۇ» دېگەنىدى. بۈيۈك دراماتورگ شېكسپېرمۇ: «ۋاقىتنىڭ سائىتى بىرلا سۆز —— ھازىر!» دېگەنىدى.

مېنىڭچە ھەر بىر ئادەم ئۆز ئالدىدىكى ھەر بىر مىنۇت، ھەر بىر سېكۇنتنى قەدىرلىشى، «ھازىر» نى چىقىش نۇقتىسى قىلىشى، ئەتىگە قاراپ تىرىشىپ ئىلگىرىلىشى كېرەك. چۈنكى «ھازىر» كەلگۈسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، «ھازىر» بولمىسا كەلگۈسىمۇ بولمايدۇ.

بىز بۈگۈندە ياشاۋاتىمىز، تۈنۈگۈن ئەسلىمىگە ئايلاندى، ئەتە تېخى كەلمىدى. شۇڭا بۈگۈن ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاققان سۇ، ئاتقان ئوق بىلەن ئوخشاش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىدى.

ياشلار ـ ئۈسمۈرلەر ۋاقىتنى قەدىرلىشى ۋە بۈگۈننى ئوبدان ئىگىلىشى كېرەك، بۈگۈنكى ھەر بىر مىنۇت، ھەر بىر سېكۇنت ھاياتنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ، ياشلار ئۇنىڭدىن ئەڭ زور ئۈنۈمدە پايدىلىنىشى كېرەك. شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، بۈكۈيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىشىمۇ مۇمكىن. ھەر بىر مىنۇت،

ھەر بىر سېكۇنت ۋاقىت ئارزۇ-غايىلىرىڭىزنى، ئوي - پىلانلىرىڭىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشمۇ، شۇنداقلا ئۇنى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خارۋارد قوروسىدىكى: « بۈگۈن ماڭمىسىڭىز، ئەتە يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولىسىز!» دېگەن سۆزنى ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلىشىمىز كېرەك.

خارۋاردنىڭ دەرسخانىلىرىدا پىروفېسسورلار دائىم «بۈگۈننى ئىگىلەش» نىڭ ھېكايىلىرىنى سۆزلەيدۇ.

ديۇپونت شىركىتى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ خىمىيە شىركىتى، ئۇنىڭ رەھبىرى لاۋفورت. گرېنۋارت. خەلقئارالىق چوڭ شىركەتنىڭ كىشىلەر ئانچە كۆپ بىلىپ كەتمەيدىغان بۇ باش دىرېكتورى ئالدىراش خىزمىتىدىن بىر سائەت ۋاقىت چىقىرىپ ھەرە قۇشنى تەتقىق قىلىدۇ، يەنە مەخسۇس ئۇسكۇنىلەر بىلەن ھەرە قۇشنى رەسىمگە تارتىدۇ. ئۇ بۇ قىزىقىشنى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ، كېيىن ھەرە قۇش توغرۇلۇق كۆڭۈلدىكىدەك بىر كىتاب چىقىرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە نوپۇزلۇق ئەربابلار بۇ كىتابنى تەبىئەت تارىخى توغرىسىدىكى كىتابلار ئىچىدىكى كاتتا ئەسەر دەپ مۇئەييەنلەشتۇرىدۇ. لاۋفورت.گرېنۋارت بۈگۈننى چىقىش نۇقتىسى قىلىشنى بىلىپ، كۆپ بىلىم ئۆگەنگەچكە، ئالدىراش خىزمىتىنىڭ سىرتىدا مۇشۇنداق نەتىجىگە ئېرىشەلىگەن.

مۇۋەپپەقىيەت يولىدا ئالغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىمەي توختاپ قالسىڭىز، كېيىنكىلەر ئۆتۈپ كېتىدۇ. ناۋادا بۈگۈن ماڭمىسىڭىز، ئەتە يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولىسىز. بولمىسا مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايسىز.

بىز بۈگۈن ئاتلىنىشىمىز، داۋاملىق ئىلگىرىلىمىسىڭىز، باشقىلاردىن، ئۆزىمىزدىن داۋاملىق ئېشىپ كېتىشىمىز كېرەك. ئەتىمىز بۈگۈندىنمۇ بەك ئىلگىرىلىشى، ئىلگىرىلەش ئاستا بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەتكە تېخىمۇ يېقىنلىشىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرى

ھەممەيلەنگە ئايانكى، نىشانى بار ئادەمگە قارىغاندا، نىشانى يوق ئادەم مۇۋەپپەقىيەتكە ئاسان ئېرىشىدۇ، لېكىن كىشىلەر نىشانىنى پىلانلاپ بولغاندىن كېيىن دەرھال ھەرىكەتلىنىشكە سەل قارايدۇ، ئالدىنقىلاردىنمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا گۇمان قىلىدۇ. مانا بۇ ناۋادا بۈگۈن ماڭمىسىڭىز، ئەتە يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولىسىز دېگىنىمىزدۇر. بۈگۈن تۆلىگەن بەدىلىمىز ۋە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىمىز، ئەتىكى مۇۋەپپەقىيىتىمىزنىڭ مېۋىسى بولۇپ قالىدۇ.

كۆڭلىڭىزگە ئۇلۇغۋار غايىنى پۈككەندىن كېيىن بۈگۈنلا ئاتلىنىڭ، ئاقىلانىلىق بىلەن ھەرىكەتلىنىڭ، ئىلمىي ھالدا تەھلىل ۋە ھۆكۈم قىلىڭ، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت مەنزىلىگە يېتىپ بارغۇچە داۋاملىق ئىلگىرىلەڭ.

ياشلار ـ ئۆسمۈر دوستلار دەرھال، ھازىر، شۇ زامان ئاتلىنىشنى ئېسىدە مەھكەم تۇتىشى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ كەينىدە قالماسلىقى كېرەك.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

مۇھاكىمە سوئالى: سائەت ئىسترېلكىلىرى بىر كۈندە نەچچە قېتىم بىر يەرگە كېلىدۇ؟

### ◉ سوئالنىڭ جاۋابى

ناۋادا سېكۇنت ئىسترېلكىسى يوق ھەم مىنۇت ئىسترېلكىسى بىر مىنۇتنى بىرلىك قىلماي ماڭىدىغان سائەت بولسا، بىر كۈندە 22 قېتىم بىر يەرگە كېلىدۇ. ناۋادا مىنۇت بويىچە ماڭىدىغان ياكى سېكۇنت ئىسترېلكىسى بار سائەت بولسا، ئىككى قېتىم بىر يەرگە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چىشلىق چاقنىڭ ئارىلىقى ۋە سائەت ياسىغۇچىلارنىڭ سەۋىيەسىنىمۇ ئويلىشىش كېرەك. شۇڭا مىكرو جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىككى ياكى ئۈچ ئىسترېلكىنىڭ بىر يەرگە بولۇشى ناھايىتى تەس.

# بەشىنچى باب

[illegible]

- بىلىم ئەڭ بەخىتىر بايلىق، ئۇنى ئوغرىمۇ ئوغرىلىيالمايدۇ
- ئۆگىنىشنى ۋەزىپىمىز قىلىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەش — تۇرمۇشنىڭ مەڭگۈلۈك باش تېمىسى
- ئۆگىنىشنىڭ جاپاسى ۋاقىتلىق، ئۆگەنمىگەننىڭ جاپاسى ئۆمۈرلۈك
- ئۆزىمىزنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، بىلىمنى ئەقىدارغا ئايلاندۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك
- كەلگۈسىگە مەبلەغ سالغانلار، رېئاللىققا سادىق كىشىلەردۇر
- تەلۋىلەرچە ئۆگىنىپ، مۇتىۋەر-بەگزادىلەرچە ئويناش كېرەك
- ئەترايلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشىمىز، «يېرىم چېلەك سۇ» بولماسلىقىمىز كېرەك

# بىلىم ئەڭ بىخەتەر بايلىق، ئۇنى ئوغرىمۇ ئوغرىلىيالمايدۇ

> ***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:***
> **بىلىم ئالتۇندىنمۇ قىممەت، چۈنكى بىلىمنى ئالتۇنغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.**

دۇنيا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىلمىي مۇدىرى، ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا دائىم: «ئىبادەت قىلغىلار، ئاندىن ئۆگىنىڭلار» دەيدۇ. خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئېتىقاد ـ ئىشەنچكە ئىگە، ئەمما ئۇلار بىلىمنى تېخىمۇ قەدىرلەيدۇ.

خارۋارد ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئەڭ ئاۋۋال خەۋەردار بولىدىغىنى كۇتۇپخانىدىن ئىلىم ـ پەنگە ئائىت كىتابلارنى ئىزدەش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەمەلىي ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى نەزەرىيە بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە باغلىق بولىدۇ. ئۇلار دائىم كۇتۇپخانىدا ئۆگىنىشنىڭ لەززىتىنى تېتىيدۇ، بىلىم دېڭىزىدا ئەركىن ـ ئازادە ئۈزۈپ يۈرىدۇ. لېكىن بۇ بىلىم دېڭىزى پايانسىز، ئۇلار سان ـ ساناقسىز قەدىمىي كىتابلار ئارىسىدىن ئۆزىگە پايدىلىق كىتابلارنى تېپىپ ئۆگىنىشى كېرەك.

خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلىمگە نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا مەپتۇن بولىدۇ؟ چۈنكى ئۇلار بىلىمنىڭ ئەڭ بىخەتەر بايلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، دۇنيادا مەن ـ مەن دېگەن سېھىرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوغرىمۇ كاللىڭىزدىكى بىلىمنى ئوغرىلىيالمايدۇ.

بىلىمنى نېمە ئۈچۈن بايلىق دەيمىز، چۈنكى، ھازىرقى جەمئىيەتتە بىلىم كاپىتالغا ئايلانماقتا، مانا بۇ ئىگىلىگەن بىلىمىڭىز قانچە كۆپ بولسا ئېرىشكەن بايلىقىڭىزمۇ شۇنىڭغا يارىشا كۆپىيىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مېنىڭچە كۆپچىلىك بىر نۇقتىنى ئاسانلا بايقىيالايدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى شىركەت ياكى كارخانىلاردا ئىشلەيدىغانلارمۇ ئۆگىنىدىغانلار توپىغا قوشۇلدى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ سانى كۈنسېرى كۆپەيمەكتە، بۇ خىل كۆپىيىش ئەھۋالى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ، مانا بۇ بىز دائىم دەيدىغان «ئېنېرگىيە تولۇقلاش»تىن ئىبارەت. ئاشۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر نېمە ئۈچۈن ئېچىرقاپ كەتكەندەك بىلىم ئىگىلەيدۇ؟ چۈنكى پەن ـ تېخنىكا كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىلىمىڭىز يېتەرلىك بولمىسا، جەمئىيەت تەرىپىدىن ناھايىتى تېزلا شاللىنىپ كېتىسىز.

1992 ـ يىلىدا ئامېرىكىدىكى تۆت مىليون ئىشچى ـ خىزمەتچى ئۆگەنگۈچىلەر توپىغا قوشۇلغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆگەنمىسە ئەجەللىك «خەتەر» گە دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلگەن، بەزى كارخانىلار كارخانىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى كارخانا خىراجىتى ئارقىلىق داۋاملىق تەربىيەلەشكە قاراتقان. پايدىنىلا كۆزلەيدىغان كارخانىلار زىيان تارتىدىغان سودىنى قىلمايدۇ. ئاشۇ ئۆگەنگۈچىلەر قايتا ئۆگەنگەندىن كېيىن خىزمەت ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. شىركەتنىڭ تەتقىقات خادىملىرى داۋاملىق ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش ئارقىلىق دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، تېخنىكىنى كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىگە تەتبىقلاپ، كارخانىسىغا تېخىمۇ كۆپ پايدا يەتكۈزىدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نام ـ شۆھرىتى دۇنياغا تارقالغان ئىلىم يۇرتى، ۋاھالەنكى، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سودا

ئىنستىتۇتى دۇنياغا تېخىمۇ مەشھۇر. سودا ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورلىرى ئوقۇغۇچىلارغا دائىم مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىدۇ:

فورد شىركىتى بىر يىرىك كارخانا، شىركەتتىكى ئىنژېنېرلار ھەرقايسى ئالىي مەكتەپنىڭ سەرخىللىرى، لېكىن بىر كۈنى بۇ سەرخىللار بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ، ئۇلار چاتاق چىققان چوڭ تىپتىكى ئېلېكتىروۋوزنىڭ چاتىقىنى ئوڭشىيالمايدۇ. شىركەتنىڭ نورمال تىجارىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار شۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق ئەرباب ستېنمېتسنى تەكلىپ قىلىدۇ، ستېنمېتس ئېلېكتىروۋوزنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ توك يولى تاختىسىنى تەكشۈرىدۇ، ئۇ توك يولى تاختىسىنىڭ بىر يېرىگە سىزىق سىزىپ، يېنىدىكىلەرگە شۇ يەرنى كۆرسەتكىنىچە: «مانا ماۋۇ يەرنىڭ توك سىمى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ، ئۇلاپ قويساقلا ئوڭشىلىدۇ» دەيدۇ. ئىشچىلار ستېنمېتسنىڭ دېگىنى بويىچە توك سىمىنى ئۇلاپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېلېكتىروۋوز ئوڭشىلىپ ئىشقا كىرىشىدۇ. شىركەتتىكىلەر ستېنمېتستىن رېمونت ھەققىنى سورىغاندا، ئۇ 10000 ئامېرىكا دوللىرى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ھەق فورد شىركىتىدىكى ئىنژېنېرلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئۇلار، بۇ قاراپ تۇرۇپ قاقتى ـ سوقتى قىلغانلىق ئەمەسمۇ دېيىشىدۇ. ستېنمېتس ئۇلارغا لام ـ جىم دېمەستىن قەلىمىنى ئېلىپ پۇل تاپشۇرۇش تالونىغا: «بىر ئامېرىكا دوللىرى بىر سىزىق سىزغىنىمنىڭ ھەققى، 9999 ئامېرىكا دوللىرى بولسا سىزىقنى نەگە سىزىپ بەرگەنلىكىمنىڭ ھەققى» دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ئىنژېنېرلار نومۇستىن ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالىدۇ.

مېنىڭچە بىر سىزىق سىزىشنى ھەممە بىلىدۇ، لېكىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سىزىقنى نەگە سىزىشنى بىلمەيدىغانلار ئاز، ستېنمېتس بۇ پۇلنى بىلىمى ئارقىلىق تاپتى دېيىشكە بولىدۇ، بۇ ھال بىلىم بىلەن كاپىتالنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، شۇنداقلا بىلىمنىڭ قىممىتىنى باشقا نەرسىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

بۇرۇنقى زاماندا ئەجدادلىرى سودا بىلەن شۇغۇللانغان بىر باي ئۆتكەنىكەن، ئۇ سودا قىلىشنى تولىمۇ يامان كۆرىدىكەن، ئەجداد كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ياللىۋېلىپتۇ، ئۇ كىشى باشتا ئىش ھەققى ئۈچۈنلا ئىشلەپتۇ، ئۇ غوجايىنىنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، ھەممە سودىدا ئۆزىنىڭ يول كۆرسىتىشىگە موھتاجلىقىنى بايقاپتۇ ـ دە، ئۆزلۈكىدىن سودا قىلىشنى ئۆگىنىپتۇ. سودىسىنىڭ روناق تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن باي تولىمۇ خۇش بولۇپتۇ، ياللانغۇچىنى مۇكاپاتلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزى كۈنبويى ھېچ ئىش قىلماستىن ۋاقىت ئۆتكۈزۈپتۇ. بىر كۈنى باينىڭ ئۆيىگە بىر توپ قاراقچى كېلىپ باينىڭ بارلىق پۇل ـ پېچەك، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتىنى بۇلاپ كەتكەندىن باشقا يەنە باينىڭ ئامبىرىغا ئوت قويىۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن باي بىردىنلا گاداي ئايلىنىپ قاپتۇ.

باينىڭ قاقسەنەم بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ياللانغۇچى باينىڭ ئۆيىدىن كېتىپتۇ. ئۇ باي بەرگەن ئىش ھەققىگە بىر كىچىك دۇكان ئېچىپتۇ، بايغا ئىشلەش داۋامىدا توپلىغان تەجرىبىسى ۋە بىلىمىگە تايىنىپ دۇكىنىنى تېزلا روناق تاپقۇزۇپتۇ ۋە كېڭەيتىپتۇ، ئاخىر كاتتا سودىگەر بولۇپ كېتىپتۇ، لېكىن ھېلىقى باي سېپىي ئۆزىدىن تىلەمچىگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

ئىلگىرىكى نېفىت ماگناتى روككېفېللېر: «بىرەرسى ئۇچامدىكى كىيىملىرىمنى سالدۇرۇۋالغان، جىمى بايلىقىمنى ئېلىپ كېتىپ، مېنى قۇم ـ باياۋانغا تاشلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ،

ئۇ يەردىن بىر كارۋان ئۆتسىلا مەن يەنە مىلىيادىر بولايمەن» دېگەندى. روككېفېللېر نېمىشقا ئۆزىگە شۇنچە ئىشىنىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا بىر ئالاھىدە بايلىق بار، بۇ بايلىقنى ھېچكىم ئوغرىلاپ كېتەلمەيدۇ، لېكىن ئۇ كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، بۇ بايلىق بىلىم دېمەكتۇر. مەن بۇلار بىلىمنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە ئەمەلىي قىممىتىنى يېتەرلىك ئىسپاتلاپ بېرىدۇ دەپ قارايمەن.

### ◎ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرى

نۇرغۇن ياشلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇدۇل يولىنى ئىزدەيدۇ، مەن ئۇلارغا ئەمەلىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۆگىنىش دېمەكچىمەن، ئۆگىنىش ئارقىلىق بىلىمىمىزنى كېڭەيتەلەيمىز ۋە تولۇقلىيالايمىز، پەقەت بىلىملا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزغا، شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنياغا داڭلىقكى، بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار مول بىلىمگە ئىگە. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرغان، دۇنيانى ئۆزگەرتكەن.

ۋاھالەنكى، مەن دوستلارنىڭ مۇنۇ بىر نۇقتىنى ئېسىدە تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن،

بىلىم ئاز ـ ئازدىن توپلىنىدۇ، ئۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنىڭ ئۇدۇل يولى بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ ئۇدۇل يولى يوق. شۇڭا ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئىز قالدۇرۇشىمىز، زور شىجائەت بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز لازىم.

كىتاب بىلەن يول چىقار تىك قىيادىن، تاغلاردىن،
تىرىشچانلىق بولسىلا ھەر قەدەمدىن گۈل ئۈنەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلىم مىسلى بىر دېڭىز، كۆز يەتكۈسىز، پايانسىز،
جاپا ئەرنى تاۋلايدۇ، جاپا ـــ ئەسلىي چىن ھۈنەر»

دەيدىغان شېئىرىي مىسرالار بار. تىرىشىپ ئۆگىنىش ئەمەلىيەتتە ئۆگىنىشنى ھەممىدىن ئالغا سۈرۈش بولۇپ، بىلىمنى ئىگىلەش ئۈچۈن...

دەيدىغان شېئىرىي مىسرالار بار. تىرىشىپ ئۆگەنسەكلا تېخىمۇ كۆپ بىلىمگە ئىگە بولىمىز، ئوخشاشلا نۇرغۇن بايلىققىمۇ ئېرىشەلەيمىز. دوستلارنىڭ بىلىم باغچىسىدا پۇخادىن چىققۇچە سەيلە قىلىشىنى، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ خۇشاللىقىدىن ئۇرتاق ھۇزۇرلىنىشىنى تىلەيمەن.

### ◎ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

ئۆگىنىش ئىقتىدارىڭىزنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ باققۇڭىز بارمۇ؟ بىلگۈڭىز بولسا ئۆزىڭىزنى پسىخىك جەھەتتە سىناپ بېقىڭ.

بىر مۇئەللىم سىزنى ماتېماتىكىدا ياخشى ئەمەس دېسە، سىز قانداق قىلىسىز:

1. قاتتىق تىرىشىمەن.
2. ئىشەنچەمنى يوقىتىپ، ماتېماتىكىدىن زېرىكىمەن.
3. مۇئەللىمنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيمەن.
4. قانداق قىلسام ئىلگىرىلەيدىغانلىقىمنى مۇئەللىمدىن سورايمەن.

ئادەتتە تاللىغان ھەرىكىتىڭىز ۋە پسىخىك سىناققا ئاساسەن سىزنىڭ يوشۇرۇن ئېغىشىڭىزنى تەھلىل قىلىپ، ئۆگىنىش ئىقتىدارىڭىزنى سىنىغىلى بولىدۇ.

بىرىنچىنى تاللىغانلار: سىلەر باشقىلارنىڭ مەدەت بېرىشىگە موھتاجلار، مۇئەللىم ۋە ساۋاقداشلىرىڭلارنىڭ بېسىمى ئۆگىنىش ئارزۇيىڭلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچىنى تاللىغانلار: سىلەرنىڭ ئۆگىنىش كەيپىياتىڭلار ئاسانلا باشقىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، باشقىلار

ئىقتىدارىڭلارنى ئىنكار قىلىسىلا قولۇمدىن ئىش كەلمەيدۇ دەپ ئۆزۈڭلەرنى تۆۋەن چاغلايسىلەر.

ئۈچىنچىنى تاللىغانلار: ئۆگىنىش ئارزۇيىڭلار باشقىلارنىڭ تەسىرىگە ئاسان ئۇچرىمايدۇ، ئىقتىدارىڭلار ۋە نەتىجەڭلەرگە ئىشەنچەڭلار بار، نەتىجەڭلار بەك ياخشى بولمىسىمۇ، ھودۇقۇپ كەتمەيسىلەر، شۇنداقلا مۇئەللىمنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەنلا ئۆگىنىش ئادىتىڭلارنى ئۆزگەرتمەيسىلەر.

تۆتىنچىنى تاللىغانلار: سىلەر خاتالىقىڭلار ئۈستىدە ئويلىنىدىغان، ئۆزۈڭلارنى سۆيىدىغانلاردىن، مۇئەللىم سىلەرنى ئەسكەرتىپ قويسىلا، سىلەر ئاڭلىق ھالدا مەسىلىنىڭ نەدىلىكىنى بايقايسىلەر، ئاندىن پائال تۈردە مۇئەللىمدىن سورايسىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئۆگىنىشنى ۋەزىپە قىلىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەش — تۇرمۇشنىڭ مەڭگۈلۈك باش تېمىسى

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى: ئۆگىنىش — ئەمگەك، كاللا ئىشلىتىدىغان ئەمگەك.***

ناۋادا كۆپچىلىكتىن: «قايسى قورال ئەڭ يامان؟» دەپ سورىسام، كۆپچىلىكنىڭ ھەر خىل جاۋاب بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، لېكىن مەن كۆپچىلىكنى خىمىيەلىك قىرغۇچى قوراللار دەپ جاۋاب بېرىدۇ دەپ قارايمەن، بۇ قوراللار كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى غايەت زور دەرىجىدە نابۇت قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەڭ يامان قورال ئەمەس. ئەمىسە، ئەڭ يامان قورال قايسى؟ ئەڭ يامان قورال ئەقىل - پاراسەت. ئۇنداقتا بۇ ئەڭ يامان قورالغا قانداق ئېرىشىمىز؟ باشقىلار بىلەن ئالماشتۇرۇش ياكى پۇلغا سېتىۋېلىش ئارقىلىقمۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئەقىل - پاراسەتكە ئۆگىنىش ئارقىلىقلا ئېرىشەلەيمىز.

دۇنيادا تالانت مەۋجۇتمۇ؟ ئاشۇ پەۋقۇلئاددە ئەقىللىك ئادەملەر، نۇرغۇن بىلىم ۋە ئىقتىدار ئىگىلىگەن ئادەملەر تالانتلىق ئادەملەرمۇ، ئېيتايلۇق، ئېدىسون، ئېينىشتېين، نيۇتون قاتارلىق بۈيۈك كەشپىياتچىلار ۋە نەزەرىيەچىلەرنى تالانتلىقلار دېيىشكە بولار. ئەمەلىيەتتە، دۇنيادا تالانت دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئىقتىدارلىق ۋە ئەقىللىككى، ئۇلار بىزگە قارىغاندا ئۆگىنىشنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى

يۈكسەلدۈرىدۇ، مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، ئاخىر بىرىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشىدۇ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ، لېكىن ئۇلار ھەقىقەتەن ئاددىي كىشىلەر بولۇپ، ئۆگىنىش ئۇلارنى ئۆزگەرتكەن، شۇنداقلا ئۆگىنىش ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى قارىشىنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرغان.

ھايات يولى ئۇزۇن سەپەردۇر،
ھەر قەدەمدە كۈتەر مۈشكۈلات.
ئۆمۈر شۇنچە قىسقا بولسىمۇ،
كۈرەش بىلەن گۈللەيدۇ ھايات.

رەڭدارلىققا تويۇنغان ھايات،
كۆلكە بىلەن يىغا قوشكېزەك.
قۇياش ھەر كۈن تۇغىدۇ سەھەر،
شادلىق، ئازاب ھاياتقا بېزەك.

※※



دېگەن شېئىرىي مىسرالار. ھايات يولى ئۇزۇن، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يولدا ئۇزۇكسىز ئىلگىرىلەيدۇ، ناۋادا توساتتىن توختاپ قالسىڭىز، باشقىلار داۋاملىق ئىلگىرىلەۋېرىدۇ. بەلكىم بۇرۇلغىنىڭىزدا كۆزىڭىزگە چېلىقىدىغىنى ئۇلارنىڭ سىزنى جان ـ جەھلى بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن يەنە بىر بۇرۇلۇپ قارىغىنىڭىزدا ئۇلارنىڭ غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىسىز. بۇ چاغدا ئۇلار سىزدىن ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ، بۇ چاغدا سىز غەيرەتكە كېلىپ ئۇلارنى قوغلىسىڭىز، ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىسىز. شۇنداق قىلغىنىڭىزدىلا ھاياتىڭىز تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدۇ، ئۆزىڭىزمۇ ھاياتنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشىنىسىز. ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بىز باشقىلاردىن نېمىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق ئېشىپ كېتىمىز؟ بايلىقىمىز بىلەنمۇ، گۈزەللىكىمىز بىلەنمۇ؟ ياكى ھوقۇق ـ ئىمتىيازىمىز بىلەنمۇ؟ ھېچقايسى بىلەن ئەمەس، پەقەت ئۆگىنىشلا رەقىبلىرىمىزنى مەغلۇپ قىلىش، رىقابەتچىلىرىمىزدىن ئېشىپ كېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. سالاھىيىتىمىز مەيلى تۆۋەن بولسۇن ـ بولمىسۇن، كەچۈرمىشلىرىمىز ھەرقانچە ئەگرى ـ توقاي ۋە كۆلپەتلىك بولسۇن، ئۆگىنىشنى مۇقەددەس بۇرچىمىز دەپ قارىساق، توختاۋسىز ئۆگەنسەك، باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىمىز، ھاياتنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى ھېس قىلىمىز.

گېرىتسىيەلىك نىكۇرا ئىسىملىك بىر لىفىت رېمونتچىسى بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن بىر سائەت يادرو فىزىكىسى بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپتۇ، بەزىدە كىتابىنى ئەستايىدىل ئوقۇسا، بەزىدە جىممىدە ئولتۇرۇپ ئويلىنىدىكەن، بىر سائەت ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن تاماق يەيدىكەن. ئۇ ئاستا ـ ئاستا نۇرغۇن فىزىكا بىلىمى توپلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كاللىسىدا دادىل تەسەۋۋۇر پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ 1948 ـ يىلى يېڭى تىپتىكى بىر زەررىچە تېزلەتكۈچ ئىجاد قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ئىجاد قىلماقچى بولغان تېزلەتكۈچ شۇ چاغدىكى ھەرقانداق تېزلەتكۈچكە قارىغاندا پۇتۇش باھاسى تۆۋەن، ئۈنۈمى يۇقىرى تېزلەتكۈچ ئىدى. ئامېرىكا ئاتوم ئېنېرگىيە كومىتېتى ئۇنىڭ بۇ پىلانىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك تەجرىبىلەرنى ئورۇنلايدۇ، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بۇ خىل تېزلەتكۈچ ئامېرىكىدا ناھايىتى كۆپ چىقىمنى تېجەپ قېلىش ئىمكانىيىتى يارىتىدۇ. ھۆكۈمەتمۇ نىكۇرانى 10000 ئامېرىكا دوللىرى بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. يەنە كالفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنى مەكتەپنىڭ رادىيوئاكتىپلىق تەجرىبىخانىنىڭ خىزمەتچىلىكىگە قوبۇل

قىلىدۇ. نېكۇرا كېيىن يەنە نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئېرىشىدۇ.

بىر ئادەتتىكى لىفت رېمونتچىسىنىڭ بىر ئالىمغا ئايلىنىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ يۇقىرىقى ۋەقە بىزگە مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئۇقتۇرىدۇ: ئاشۇ داڭقى چىققان ياكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ مۇتەخەسسىس ـ ئالىملىرىلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ قالماستىن، ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرسىلا، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بولغان پەرقىمىز ئازىيىدۇ، ھازىر بەلكىم ئۇلار بىلەن بولغان پەرقىمىز ناھايىتى چوڭدۇر، ئارىلىقىمىزنىمۇ يىراق دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن بىز ئۆگىنىش ئارقىلىق ھەممىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىشىمىز كېرەك.

چېن ماۋباڭ ئىنتايىن داڭلىق كارخانىچى، نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغان، ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغان كىشى ئۇنىڭ نۇتقىغا قايىل بولماي قالمايدۇ. ئۇ سان ـ سىپىرلارنى ئەستە ساقلاش جەھەتتە ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، ھەر بىر دۆلەتنىڭ يەر مەيدانى، نوپۇسى ۋە مىللىي دارامىتى قاتارلىقلارغا ئائىت سان ـ سىپىرلارنى سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. ئامېرىكا سىنت جونس ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭغا سودا ئىلمى بويىچە پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى بەرگەن. لېكىن كۆپچىلىك بىلمەسلىكى مۇمكىن، چېن ماۋباڭ ئاران باشلانغۇچ مەكتەپنىلا پۈتكۈزگەن. دېمەك، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە چېن ماۋباڭ پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. بۇ كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك ئىش، لېكىن ئۇ ئەمەلىي ئىقتىدارى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پەخرىي دوكتورلۇققا ئېرىشىشكە مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

چېن ماۋباڭ ئۆگىنىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەر كۈنى خېلى كەچكىچە ئۆگەندى. 15 يېشىدا مەكتەپتىن ئايرىلىپ كىتابخانىدا پىرىكازچىك بولدى، كىتابخانىنىڭ خىزمىتى ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، كۈندە 12 سائەت ئىشلىدى، لېكىن چىن ماۋباڭ ھېرىپ - چارچاش سەۋەبىدىن بەل قويۇۋەتمىدى، كۈندە ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن كىتابخانىدا كىتاب ئوقۇدى، كىتابخانىنى ئۆز قىرائەتخانىسى دەپ قارىدى، ئۇ كىتابخانىدا ئەركىن سەيلە قىلىپ كىتاب بىلەن سىرداشتى. ئۇ كىتابخانىدا سەككىز يىل ئىشلىدى، ئۇ بۇ سەككىز يىلدا نۇرغۇن كىتاب ئوقۇدى. چىن ماۋباڭ كېيىن كارخانا قۇرۇپ، مەشھۇر كارخانىچى بولۇپ قالدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەر بىر ئادەم ئۆگىنىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. توختاۋسىز ئۆگەنگەندىلا، ئۆزۈكسىز ئالغا باسقىلى بولىدۇ. جەمئىيەت داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ، ئۆگىنىشنى بىر مىنۇتمۇ ئۈزۈپ قويغىلى بولمايدۇ. «ئۆگىنىش سۇنىڭ ئېقىشىغا قارشى ھەيدەلگەن كېمىگە ئوخشايدۇ، ئىلگىرىلىمىسەڭ چېكىنگەنگە تەڭ» ئۆگىنىش ئارقىلىق ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىسەك، چېكىنىپ كېتىمىز؛ ماشىنا بىر مەزگىل ئىشلىتىلگەندىن كېيىن كونىرايدۇ، رولىنى جارى قىلدۇرۇشى بارغانسېرى ئاجىزلايدۇ، بىلىممۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ، كونا بىلىمنىڭ ئورنىنى ھامان يېڭى بىلىم ئىگىلەيدۇ، ئالايلۇق، پەن - تېخنىكا بىلىمىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ، ئىككى - ئۈچ يىل ئۆگەنمىسەك جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللىنىپ قالىمىز. شۇڭا داۋاملىق پېشىپ يېتىلىمىز، ئۈزۈكسىز ئىلگىرىلەيمىز دەيدىكەنمىز، ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

«كۆزلۈك يىغىمنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، كۆزلۈك

تېرىمغا ئالدىرايلى، ئۆگىنەيلى، ئۆگىنەيلى، يەنە ئۆگىنەيلى.»
مانا بۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا كەڭ تارقالغان ھېكمەتتۇر. بۇ ھېكمەت ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىزمۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى «تەڭرىنىڭ ئەركىلىرى» نىڭ توختاۋسىز ئۆگىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ.

ئۆگىنىشتىكى مۇھىم مەسىلە ئۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، توختاۋسىز ئۆگەنگەندىلا ئالغا باسقىلى بولىدۇ. شۇڭا بىر كۈندە ئالتە ـ يەتتە سائەت ئۆگىنىپ، ئارىلىقتا يەنە بىرنەچچە كۈن ئۈزۈپ قويۇپ يەنە ئۆگەنگەندىن كۆرە، ھەر كۈنى بىر ـ ئىككى سائەت قەتئىي داۋاملاشتۇرغان ئېشىپ كېتىدۇ. ئۆگىنىش بىر خىل تەرتىپ بويىچە تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانى، باغلىنىشچان ئۆگىنىش ئۇسۇلى كاللىمىزدىكى بىلىمىمىزنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىزنى يېڭى بىلىملەرنى ئىگىلەشكە ۋە قوبۇل قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرىدۇ. ناۋادا ئۆگىنىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرالمىساق، ئۇ ھالدا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ شادلىقىدىن بەھرىمەن بولالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. يېرىم يولدا توختاپ قالساق، بۇ ئىرادىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا سىزنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەت قىلالمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ، ئەمەلىي ھەرىكەتنى ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشتۇرالمىغانلار ئاخىردا مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىن يولىيالمايدۇ.

قەتئىي بوشاشماي ئۆگەنگەندىلا، كۈندە ئۈزۈكسىز، قىزغىنلىق بىلەن ئۆگەنگەندىلا بىلىم مۇنارىنىڭ مۇستەھكەم قەلئەسىنى قۇرالايمىز، بىلىم قورغىنىنى مەھكەم قوغدىيالايمىز. رىقابەتتە ئاسانلا يېڭەلەيمىز. ھەر بىر جەڭنىڭ غەلىبىسى بىلىمنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن كېلىدۇ، ۋاھالەنكى، بىلىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىزچىل ئۆگىنىشتىن كېلىدۇ. بىز كىتاب دېڭىزىغا مەستانە بولۇپ، بىلىم بىلەن ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، ئۆگىنىش ـ بىلىم ئارقىلىق پارلاق ئەتىنى يارىتايلى.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

ئۆگىنىش يېتەرلىك ئىراده ۋە غەيرەتكە موھتاج، ئىرادىڭىزنىڭ قانچىلىكلىكىنى سىناپ بېقىڭ.

ئاغىنىڭىز بىلەن ساياھەتكە چىققىنىڭىزدا، ناھايىتى چوڭ بىر ئورمانلىققا كەلدىڭلار، ئاغىنىڭىز ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ بېقىش تەكلىپىنى بەردى، بۇ چاغدا سىز قانداق قىلىسىز:

1. ئاغىنىڭىز بىلەن ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتىسىز.

2. ئورمانلىققا كىرىپ كۆرۈپ يېرىم يولغا بارغاندا يېنىپ چىقىسىز.

3. ئورماننىڭ چوڭلۇقىنى كۆرۈپ، ئېزىپ قېلىشىڭىزدىن ئەنسىرەپ ئورمانلىققا ئاغىنىڭىز بىلەن كىرمەيسىز.

### ◉ جاۋاب

بىرىنچىنى تاللىغانلار: سىلەر يېڭى شەيئىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ بېقىش جەھەتتە زور غەيرەت ۋە ئىرادىگە ئىگە كىشىلەر بولۇپ، ئالدىڭلاردىكى قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلاردىن قورقمايدىغانلار

ئىككىنچىنى تاللىغانلار: سىلەر نىسبەتەن ئىپتىياتچانلار، لېكىن قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغان غەيرىتىڭلار كەمچىل بولۇپ، ئىش قىلغاندا دائىم يېرىم يولدا توختاپ قالىسىلەر.

ئۈچىنچىنى تاللىغانلار: سىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئىراده ۋە غەيرەت كەم بولۇپ، يېڭى ساھەنى سىناپ كۆرۈپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمايسىلەر، مەغلۇپ بولۇشتىن ئەنسىرەيسىلەر.

# ئۆگىنىشنىڭ جاپاسى ۋاقىتلىق، ئۆگەنمىگەنلىكنىڭ جاپاسى ئۆمۈرلۈك

***خارۋاردنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:*** **يەرگە ئۇرۇق سالمىسىڭىز، ھەرقانچە مۇنبەت يەر بولسىمۇ ھوسۇل بەرمەيدۇ؛ ئادەم ئۆگەنمىسە، ھەرقانچە ئەقىللىك بولسىمۇ نادان بولۇپ قالىدۇ.**

خارۋاردنىڭ سودا سەركىلىرىگە ئائىت ئوقۇشلۇقلارنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئورتاق بىر ئادىتى بارلىقىنى بايقايمىز. بۇلار سودا ساھەسىدىكى ئىنتايىن كۈچلۈك سەرخىللار بولۇپ، كۈندە نۇرغۇن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار ئۆگىنىشنى ئۈزۈپ قويمايدۇ، ئۇلار ئۆگىنىشكە ئىنتايىن ھېرىسمەن بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۆگىنىشكە ماھىر.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىزگە تونۇش بولغان بىل.گايتىس بىلىم ئىگىلەش جەھەتتە ئۆگىنىش ئۈلگىمىزدۇر. ئۇ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەن، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى دۇنياغا داڭلىق مەكتەپ بولسىمۇ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار مۇھەببەتلىشىدۇ، لېكىن بىل.گايتىس مۇھەببەتنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى ۋە مالىيەگە ئائىت تۈرلۈك كىتابلارنى توختىماي ئۆگىنىدۇ، ئۇ مۇھەببەتتىن ئۆگىنىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ، ئۆگىنىش ئارقىلىق مول كەسپىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلىمگە ئىگە بولىدۇ. ئۇ كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى ئۆگىنىش ئارقىلىق يۇمشاق دېتال جەھەتتە غايەت زور توھپە قوشىدۇ، مالىيە ۋە باشقا ئەسەرلەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق يۈرۈشلەشكەن بىر كارخانىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىگىلەيدۇ، ھەتتا ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ بىر خىل باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى —— قەرەرلىك ھوقۇق تۈزۈمىنى ئىجاد قىلىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇل شىركەتنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى شىركەت پېيىنىڭ قەرەرلىك ھوقۇقىغا ئىگە قىلىدۇ، ئەمەلىيەت بۇ ئۇسۇلنىڭ شىركەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقىنى قوزغىيالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھازىر نۇرغۇن شىركەتلەر مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانماقتا، شۇنداق دېيىشكە بولىدىكى، بىل.گەيتسنىڭ كارخانا باشقۇرۇش جەھەتتىكى تۆھپىسى يۇمشاق دېتال جەھەتتىكى تۆھپىسىدىن قېلىشمايدۇ.

خارۋاردنىڭ سودا سەركىلىرى ۋە باشقا مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلىرى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن، چۈنكى ئۇلار ئۆگىنىشنىڭ زېرىكىشلىك ئىش بولسىمۇ، لېكىن سىز ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولۇپ قالسىڭىز، ئۇنىڭ سىزگە بېغىشلىغان لەززىتى ھەرقانداق نەرسىنىڭ لەززىتىدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۆگىنىشنىڭ ۋاقىتلىق زېرىكىشلىكلىكىگە قارىغاندا، بىلىمسىزلىك، نادانلىقنىڭ ئازابى مەڭگۈلۈك بولىدۇ. شۇڭا نۇرغۇن كىشى كىتابنى دوست تۇتۇپ، كىتابنى ھەمىشە ئۆزىگە ھەمراھ قىلىدۇ، ئۆگىنىش داۋامىدا ناھايىتى كەڭ بىلىمگە ئېرىشىدۇ.

رىگان 1940 ـ يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن، ئۇ ئامېرىكا دۆلەت مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولغان، ئۇمۇ ئۆگىنىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئامېرىكىنىڭ ماسساچۇسېتس ئىشتاتىدا تۇغۇلغان، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا دېڭىز

ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمىغا قاتناشقان، ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ۋال سترېت كوچىسىدىكى مېررىل لىنچ ئاكسىيەسىدىن خىزمەت تاپىدۇ. ئۇ ئۆگىنىشنى زادىلا ئۇزۇپ قويمايدۇ، ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، كېيىن دولەت مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ۋە ئاق ساراي بەنگوڭتىڭىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. ئۇ مالىيە مىنىستىرى بولغان مەزگىلدە جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەن. ئۇ 1987 ـ يىلى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ يۇرتىغا قايتىپ كېتىدۇ. ئۇ ۋال سترېت كوچىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئامېرىكا پاي بازىرىنى ئىنتايىن پىششىق چۈشىنەتتى، پۈتۈن ۋال سترېت كوچىسىنى ئاساسەن رىگان كونترول قىلىپ تۇراتتى، ئەينى چاغدا ئۇ پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە ئەڭ باي شەخس ئىدى. ئۇ مالىيە مىنىستىرى بولغان ۋاقىتتا باج كىرىمىنى ئىسلاھ قىلغان، ئۇنىڭ بۇ ئىسلاھاتى ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئۇ مەيلى ۋال سترېت كوچىسىدا خىزمەت قىلغاندا بولسۇن، ياكى ئاق سارايدا ئىشلىگەندە بولسۇن، ئۆگىنىشنى ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرغان. ئۇ ھارماي ـ تالماي ئىلىم تەھسىل قىلىش نەتىجىسىدە پۇل مۇئامىلە ساھەسى ۋە سىياسىي سەھەدە ئاجايىپ نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

ئۆگىنىشنى ئۇزۇپ قويسىمۇ بولىدىغان ئىش دەپ قارىماسلىقىمىز كېرەك، ئۇنى توختىتىپ قويغانلىق ئىلگىرىلەش يولىمىزنى توختىتىپ قويغانلىق بىلەن باراۋەر. ئۆگىنىشنى تاماق يېگەندەك، ئۇخلىغاندەك مۇھىم ئىش دەپ قارىشىمىز، بىر كۈنمۇ ئۇزۇپ قويماسلىقىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا داۋاملىق ئىلگىرىلىيەلەيمىز. كارخانا ئىگىلىرى ياكى سىياسىي ساھەدىكى رەھبەرلەرگە قارىغاندا، بىزنىڭ بوش ۋاقتىمىز كۆپ، شۇڭا بىز ئاشۇ يېتەرلىك ۋاقتىمىز بىلەن يېڭى بىلىملەرنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆگىنىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھورۇنلۇق ئۇستىدىن غالىب كېلەلەيمىز، بىر خىل بىلىمنى كۆپ ئىگىلىسەك، بىر گاڭگىراشتىن ساقلىنالايمىز، ھايات يولىمىزمۇ بارغانسېرى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

«پۇرسەت تەييارلىقى بارلارنى ياقتۇرىدۇ». چۈنكى مۇۋەپپەقىيەتمۇ ئۆگىنىشكە ماھىر، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن كىشىلەرگە ئامراق. كىشىلەر ئۆگىنىش داۋامىدا بىلىمنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى بايقايدۇ، ئۆگەنگەنسېرى ۋۇجۇدىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى بايقايدۇ، ۋۇجۇدىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشى كېرەك.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار بىلەن مەغلۇپ بولغۇچىلارنىڭ پەرقىنىڭ باشتا ناھايىتى كىچىكلىكىنى، ھەتتا ئىككىسىنىڭ پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى، بەزىدە مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ باشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىدىنمۇ ئەقىللىكلىكىنى، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئىككىسىنىڭ پەرقىنىڭ بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىدىم. بۇنىڭ سەۋەبىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىنىڭ ئىزچىل تۈردە ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىنى، ھالبۇكى مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ھورۇنلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئىلگىرىلىمەي بىر ئىزدا توختاپ قالىدىغانلىقىنى، يېتەرلىك بىلىم ئىگىلىدىم دەپ قارايدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇلاردا ئۇنچىۋالا بىلىم يوقلۇقىنى، ئىگىلىگەن بىلىمنىڭ دېڭىزدىن تامچە ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى كۈندە يېڭى ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىدۇ، ھەسەل ھەرىسىدەك كۈندە ھېرىپ ـ چارچاشتىن باش تارتماي، ئاخىر ئېسىل ھەسەل ئىشلەپچىقىرىدۇ. لېكىن مەغلۇبىيەتچىلەر يېتەرلىك قىشلىق ئوزۇق يىغالمىغان تىيىنغا ئوخشايدۇ، ئوزۇقلۇقى كۈندىن ـ

كۆنگە ئازلاپ، ئاخىر ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ.

بىز ئىشچان ھەسەل ھەرىسى بولۇشىمىز كېرەكمۇ ياكى ھۇرۇن تىيىن بولۇشىمىز كېرەكمۇ، جاپالىق مېھنەتتىن كېيىن شېرىن شەربەتنى تېتىغۇچىلاردىن بولىمىزمۇ ياكى ھۇرۇنلۇق قىلىپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرىدىغانلاردىن بولىمىزمۇ. مېنىڭچە بۇنىڭغا ھەممەيلەن جاۋاب بېرەلەيدۇ.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

ھەرقانداق ئوقۇغۇچى خارۋادقا كىرىش بىلەنلا تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىۋاتقان بېسىمنى ھېس قىلىدۇ. سىز خارۋاردنىڭ قورۇسىغا كىرسىڭىز، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۇتۇپخانا، ئاشخانا، مەيدانلاردا قېلىن كىتابلارنى كۆتۈرۈۋېلىشىپ ئۆگىنىش قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ ھەرگىزمۇ شەكىلۋازلىق بولماستىن، خارۋاردنىڭ ھەقىقىي كۆرۈنۈشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇشنى ئوڭۇشلۇق تاماملاش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك ئارزۇ ـ ئىستىكى يەنى كىشىلىك قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ھايات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاشۇنداق تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ.

خارۋاردتا ئارزۇيىڭىز بىلەن ئارىلىقىڭىزنىڭ ناھايىتى يىراقلىقىنى ھېس قىلىسىز. چۈنكى، ئۇ يەردە نۇرغۇن بىلىمنى ئۆگىنىشىڭىزگە، ئىگىلىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا خارۋاردتا غايىڭىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدا ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلىسىز، چۈنكى، سىز ئۇ يەردە ھەل قىلالايدىغان مەسىلىنىڭ بارغانسېرى كۆپلىكىنى بايقايسىز ـ دە، ئۆگىنىشكە بولغان ئىشەنچىڭىز بارغانسېرى ئاشىدۇ.

شۇڭا كۆپچىلىككە شۇنى تەۋسىيە قىلغۇم كېلىدۇ، بىلىمىمىز ئارقىلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك، ئۆزىمىز ھەل قىلغان مەسىلە بىلىم سىغىمچانلىقىمىزنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ بىر ـ بىرلەپ ئازلاۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، سىزدە بىلىمگە نىسبەتەن غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئۆگىنىشىمىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزنى تېزلىتىدۇ، شۇنداقلا ئۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىدۇر. ئۆگەنگەن بىلىمىمىز بەلگىلىك كەڭلىككە يەتسىمۇ، لېكىن ئەڭ مۇھىمى ئۆگىنىشتىكى چوڭقۇرلۇقتۇر، ئۆگەنگەن ھەر بىر بىلىمىمىزنى چوقۇم ھەزىم قىلىشىمىز ۋە ئۆزلەشتۈرۈشىمىز لازىم، بىلىمنى مۇستەھكەم، پۇختا ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايمىز.

ئۆگىنىشنىڭ بىردەملىك ئىش بولماستىن، مەڭگۈلۈك ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىردەملىك قىزغىنلىق بىلەن تاماملىغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلىشىمىز كېرەك. ئۆگىنىش بەزىدە زېرىكىشلىك تۇيۇلىدۇ، بۇ بىزنىڭ ئۆگىنىشكە تولۇق كىرىشىپ كەتمىگەنلىكىمىزنى، بىلىم بىلەن بېلىق بىلەن سۇدەك كەتمىگەنلىكىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئەتراپىمىزدىكى مەسىلىلەرنى ئۆز كۈچىمىز ئارقىلىق ھەل قىلغىنىمىزدا، ئۆگىنىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىمىز ئۆزلۈكىدىن كۈچىيىدۇ. ئۆگىنىشنى كۈندە ئۆگەنمىسە بولمايدىغان مۇھىم ئىش دەپ بىلگىنىمىزدە، مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىنلا يەردە ئىكەنلىكىمىزنى بايقايسىز.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

بىر بايغا يەتتە كۈن ئىشلىدىڭىز، ئۇ ئىش ھەققىڭىز ئۈچۈن بىر تىزىق ئالتۇن ھالقا بەردى، بۇ بىر تىزىقتا جەمئىي يەتتە تال

هالقا بار، ئۇ سىزنىڭ بىر كۈندە بىر تال هالقا ئېلىشىڭىزغا ئىجازەت بەرگەن، لېكىن ئۇ ئىككى هالقىنى ئۈزۈۋېتىشىڭىزغا رۇخسەت قىلدى. بۇ چاغدا قانداق قىلىسىز؟

**◉ جاۋاب**

بىرىنچى كۈنى بىر ئالتۇن هالقىنى ئۈزۈۋېلىپ ئۇنى ئىش هەققىم قىلىمەن، ئىككىنچى كۈنى ئالتۇن هالقىلارنى ئۈزۈۋېتىپ، ئىككىسىنى بىر تىزىق ۋە تۆتىنى بىر تىزىق قىلىمەن، بىر تىزىق قىلغان ئىككى هالقىنىڭ بىرىنچىسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئىككى هالقىنى ئېلىپ كېتىمەن. ئۈچىنچى كۈنى بىرىنچى كۈنى ئۈزۈۋالغان بىر ئالتۇن هالقىنى ئېلىۋالىمەن، تۆتىنچى كۈنى قولۇمدىكى ئۈچ تال ئالتۇن هالقىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، قېلىپ قالغان تۆت ئالتۇن هالقىنى ئالىمەن، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن داۋاملاشتۇرۇۋېرىپ، يەتتە تال ئالتۇن هالقىنى ئالىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۆزىمىزنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ھەمدە بىلىمنى ئىقتىدارغا ئايلاندۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:*** **ئۆگىنىش ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ، ئۇ تېخىمۇ گۈزەل دۇنيا بەرپا قىلالايدۇ.**

شەخسنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئۆگىنىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار. ناۋادا ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئۆگىنىشكە قاتناشمىساق بىزدە قانداق ئۆزگىرىش بولىدۇ. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، كىشىلەر تاغ ئورمانلىقلىرىدا ۋە چەت ـ ياقا يەرلەردە چوشقا بالا ۋە بۆرە بالىلارنى بايقىغان، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بۇ بالىلارنى مەدەنىي جەمئىيەتكە ئېلىپ كەلگەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىپادىسى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان، كىشىلەر ياۋا چوشقا ياكى بۆرە بېقىپ چوڭ قىلغان بۇ بالىلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىش ئارقىلىقلا ئۆسۈپ يېتىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىش ئارقىلىقلا جەمئىيەتتە ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايدىغانلىقىنى بايقىغان.

گېرمانىيەلىكلەر 1724 ـ يىلى بۆرە بالا «ياۋا بىد» نى بايقىغان. ئىنسانشۇناسلار بىدنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە ئىدىيەسىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، بۇنىڭ ئەھمىيىتى نەچچە ئون مىڭ يېڭى يۇلتۇزنى بايقىغاندىنمۇ زور بولىدۇ دەپ قاراشقان.

ئىنسانشۇناسلار بىر مەزگىللىك كۆزىتىش ئارقىلىق ئۆگىنىشنىڭ جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ھالقىلىق رول ئوينايدىغانلىقىنى، ئادەمنىڭ بۆرىلەر ئارىسىدا يۈرسە «بۆرە»بولىدىغانلىقىنى؛ ئادەملەر بىلەن يۈرسە «ئادەم» بولىدىغانلىقىنى بايقاشقان.

كىشىلەر تۇغۇلغاندىلا بىلىملىك بولۇپ تۇغۇلغان ئەمەس، شۇنداقلا كىچىكىدىنلا ياشاش ئىقتىدارىنى ئىگىلىگەنمۇ ئەمەس، كىشىلەر بىلىم ۋە ئىقتىدارنى كېيىن ئاز - ئازدىن ئۆگەنگەن، ئۆگەنگەن تەجرىبىسىنى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئەمەلىي پائالىيەت داۋامىدا ئىشلەتكەن، ئاستا - ئاستا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق تۇرلۇك ئىقتىدارنى ئىگىلىگەن. شۇڭا تۇغما تالانتلىق بىرى بۆرە ئارىسىدا ياشىسا ئۇ بۆرە بولۇپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ بىلىدىغىنى بۆرىلەرنىڭ ئوۋ ئوۋلاپ يېيشى ۋە ياشاش ئادىتى بولىدۇ، ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتى توغرىسىدىكى ئىقتىدار جەھەتتە ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۆگىنىشلا ئىقتىدارىمىزنى كۆپەيتەلەيدۇ، شۇندىلا ياشاش كۈچىگە ئىگە بولالايمىز.

ئۆگىنىشتە ئەڭ مۇھىمى ئىشلىتىش ۋە ئەمەلىيەت، بۇلار ئۆگىنىشنى ئىقتىدارغا ئايلاندۇرىدۇ، «كىتابتىن ئۆگەنگەن نەرسە يۈزە بولىدۇ، شۇڭا ھەممە ئىشنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىزدىن ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك.» كىتابتىكى نەزەرىيەۋى بىلىم بىزنى ھەرقايسى ساھەگە نىسبەتەن دەسلەپكى تونۇشقا ئىگە قىلىدۇ. لېكىن بىز بىلىمىمىزنى ھەر بىر ساھەگە ئىشلەتمەكچى بولساق، ئۇ چاغدا ئەمەلىيەتكە قاتنىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، بىلىمىمىزنى ئىقتىدارغا ئايلاندۇرغاندىلا رېئاللىقتا يولۇققان تۈرلۈك قىيىن مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلار ھەل بولىدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى 2012 - يىلى جۇڭگولۇق بىر قىزنى دوكتور ئاسپىرانتلىقىقا قوبۇل قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ئەۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭ بارلىق ئوقۇش خىراجىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈۋەتكەندىن سىرت، يىلدا 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تۇرمۇش پۇلى بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شۇنچە دىققىتىنى تارتقان ۋە يۇقىرى تەمىناتىغا نائىل بولغان بۇ قىزنىڭ ئىسمى گومىڭ ئىدى.

گومىڭ 2012 ـ يىلى «ئامېرىكا بويىچە ماتېماتىكا نەتىجىسى ئەڭ مۇنەۋۋەر قىز» بولۇپ باھالىنىدۇ. بۇ شەرەپكە ئېرىشىدىغانلار ئىنتايىن ئاز بولۇپ، يىلدا بىر نەچچە كىشىلا بۇ پەۋقۇلئاددە شەرەپتىن بەھرىمەن بولالايتتى. ئامېرىكا ئىللىنوئىس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چامپاكىني شۆبە مەكتىپى مەكتەپ كۇتۇپخانىسىنىڭ تېمىغا گومىڭنىڭ ئىسمى ئويۇپ قويۇلغانىدى، بۇ جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىنىڭ چەت ئەلدە مۇشۇنداق شەرەپكە تۇنجى قېتىم مۇيەسسەر بولۇشى ئىدى.

گومىڭ ئادەتتە بەك تىرىشچانىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ماتېماتىكا ئۆگىنىشتە نۇرغۇن ۋاقىت ئاجرىتىپ كۆنۈكمە ئىشلەشكە، ئۆگەنگەن فورمۇلالىرىنى، نەزەرىيەلەرنى كۆنۈكمە بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى، شۇنداق قىلغاندىلا ئۆگەنگەن بىلىملەرنى پىششىق ئىگىلىيەلەيتتى. گومىڭ كۈندە ئۇستازى بەرگەن تاپشۇرۇقنى ئىشلىگەندىن باشقا، يەنە ماتېماتىكىدىكى ھەر خىل قىيىن مەسىلىلەرنى باشقىچە يېشىش ئۇسۇلى بويىچە يېشىپ كۆرۈپ باقاتتى، فورمۇلا بىلەن نەزەرىيەلا ئۆگىنىشنىڭ كۇپايە قىلمايدىغانلىقى، ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرمەكچى بولىدىكەن، ئۆگەنگىنىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش كېرەككى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇ كۈندە كۇتۇپخانىدا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت تۇراتتى، ئۇ يەردە ماتېماتىكىدىكى قىيىن مەسىلىلىرىنى يېشىش چوڭقۇر باش قاتۇراتتى.

گومىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇشتەك ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈردى، بەزىدە ئۇستازى قىيىن مەسىلىنى بىر خىل ئۇسۇل بىلەن يېشىپ

بەرگەندىن كېيىن، گومىڭ ئۇ مەسىلىنى باشقا ئۇسۇل بىلەن يېشىشنى ئويلايدۇ. ئۇستازى ۋە ئوقۇغۇچىلار گومىڭنىڭ ئەقىل - پاراسەت ۋە تىرىشچانلىق بىلەن تەتقىق قىلىش روھىغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. شۇڭا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە باشقا دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلار ئۇنىڭغا مۇددەتتىن بۇرۇن دوكتورانتلىقتا ئوقۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ ئۆگىنىشكە ئاشۇنداق ماھىر بولغان ئوقۇغۇچىنىڭ يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشىغا قىل سىغمايدۇ، ئۇ نەگىلا بارسۇن، بىلىمنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلالايدۇ. ھەرقانداق ئۇنىۋېرسىتېت گومىڭنىڭ مەكتېپكە پۇتمەس - تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئېلىپ كېلىشىنى، ئىلمىي ساھەنى مەڭگۈ جۇلالاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

گومىڭنىڭ ئىش ئىزلىرى ئارقىلىق كۆپچىلىككە مۇنداق زاكوننى ئېيتماقچىمەن: بىز بىلىم ئۆگىنىشنى كۈچەيتكەن چېغىمىزدا، ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك، ئىقتىدار نەدىن كېلىدۇ، ئۇ ئۆگىنىش ئارقىلىق كېلىدۇ، بىز بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇشىمىز، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەڭ ياخشى نىسبەت ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۆگىنىشنى ئىقتىدارغا ئايلاندۇرالايمىز، ئىقتىدار ئۆگىنىشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ، ئىككىسى بىر - بىرىگە ماسلىشىدۇ ۋە بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئاخىرىدا ۋۇجۇدىمىزدىكى يوشۇرۇن كۈچنى جارى قىلدۇرىدۇ. بىلىمنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ئۆزىمىزنى، تەقدىرىمىزنى، ئاخىرىدا دۇنيانى ئۆزگەرتىشىمىزگە تۈرتكە بولىدۇ.

«كىتابنى كۆپ ئوقۇش بىلەن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئوخشاشلا مۇھىم» دېگەن ھېكمەت بار. بۇ ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ ئوخشاشلا مۇھىم ئىكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

چۈشەندۈرىدۇ، ناۋادا بىز كىتاب ـ دەرسلىكتىكى بىلىملەرنىلا ئۆگەنسەك، ئۆگەنگەن بىلىمنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلمەيمىز، ئەمەلىيەت بىلەن ئىشلىتىش توغرىسىدا ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان بىر كىتاب خالتىسى بولۇپ چىقىمىز. مەن «ئاغزىدا شەھەر ئاپتۇ» دېگەن ھېكايىنى ھەممەيلەن چوقۇم بىلىدۇ دەپ ئويلايمەن. جەنگو دەۋرىدە جاۋ بەگلىكىدە جاۋكو دەيدىغان بىرەيلەن بار ئىكەن، ئۇ داڭلىق گېنېرال جاۋشانىڭ ئوغلى بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپ دادىسىدىن ئۇرۇش سەنئىتى ئۆگەنگەن، كىچىكىدىنلا ئۇرۇشقا ئائىت دەستۇرلارنى ئوقۇغانىكەن، ھەربىي ئىشلاردا دادىسىمۇ ئۇنىڭغا يەتمەيدىكەن. كېيىن جاۋكو لىيەنپونىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ، جاۋ بەگلىكىنىڭ گېنېرالى بولىدۇ، ئۇ چاڭپىڭ ئۇرۇشىدا قوشۇنغا ئۇرۇشقا دائىر كىتابلاردا كۆرسىتىلگىنى بويىچە قوماندانلىق قىلىدۇ، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىشنى بىلمەيدۇ. ئاخىرىدا چىن بەگلىكى قوشۇنى تەرىپىدىن كۆلى كۆككە سورۇلىدۇ.

مانا بۇ بىلىم ئىگىلەشتە كىتابىي بىلىمنى ئىگىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدىغانلىقنى، بىلىمنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. پەقەت ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي بىلىمگە ئىگە بولغان بولىمىز. ئۇنداق بولمىغاندا كىتابىي بىلىمنى ئۆگىنىش بىلەنلا توختاپ قالساق، تۇرمۇش ۋە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلالمايمىز.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

بىز خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ جەمئىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى بايقايمىز. چۈنكى ئۇلار ئۆگەنگىنىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشنى بىلىدۇ، ئۆگەنگىنىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىيالايدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكىلەر بىر تۇركۇم ئاقىللارنى يېتىشتۈردى، چۈنكى ئۇلار ئۆگەنگەننى قايتا ـ قايتا تەتبىقلىغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي قابىلىيەتلىك ۋە ئەمەلىي بىلىملىك كىشىلەردىن بولالايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئۇنداقتا بىز قانداق قىلىپ ئۆگەنگەن بىلىمىمىزنى ئىشلىتەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئايلاندۇرالايمىز، بىز تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئۇسۇل ئارقىلىق بىلىمىمىزنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشىپ باقساق بولىدۇ.

1. پائال مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش. يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنەيلى ياكى كونا بىلىمىمىزنى تەكرار قىلايلى، مۇلاھىزە بىزنى مول نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدۇ. پائال ۋە ئۆزلۈكسىز مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش بىزنى يېڭى بىلىمگە نىسبەتەن بىر ئومۇمىي تونۇشقا ئىگە قىلىدۇ، بىلىم بىلەن ئالاقىدار ساھەلەرگە، ئۇچۇرلارغا ۋە بىلىم ئىگە بولغان مۇناسىۋەتلىك قىممەتلەر ھەققىدە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. كۆڭلىمىزدە سان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆگىنىش قىلغىنىمىزدا ئۆزىمىزنى يېنىك ھېس قىلىمىز، ئادەتتىكى ئالدىن تەييارلىقتا مۇنداقلا كۆز يۈگۈرتۈپ قويساق بولمايدۇ، بۇنىڭدا چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. ھالبۇكى كونا بىلىم ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتە بايقالغان نۇرغۇن مەسىلىلەر مۇلاھىزە ئارقىلىق ھەل بولىدۇ.

2. مەسىلىنى ھەل قىلىش. بىلىمىمىزنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرىمىز دەيدىكەنمىز. ھەمىشە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك، ھەل قىلغان مەسىلىمىز يېڭى يولۇققان مەسىلىلەر بولسىمۇ، ئىلگىرى ھەل قىلغان مەسىلىلەر بولسىمۇ بولىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى بىرلا ئەمەس، شۇڭا ئىلگىرى ھەل قىلغان مەسىلىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ، ئۇنى باشقا ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقساق بولىدۇ. ۋاھالەنكى، يېڭى مەسىلىنى ھەل قىلغىنىمىزدا، چوڭ مېڭىمىز تېز سۈرئەتتە ھەرىكەتلىنىدۇ. چۈنكى چوڭ مېڭە نېرۋىمىز باشقىدىن غىدىقلىنىدۇ، بۇ چاغدا چوڭ مېڭىمىزدە ساقلىنىۋاتقان بىلىم پائال يۆتكەپ ئىشلىتىلىدۇ. ئىقتىدارىمىز نۇرغۇن مەسىلىنى ھەل قىلىش داۋامىدا تەبىئىي ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

## ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

بىلىم ئەمەلىيەتكە تەتبىقلانغاندىلا رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. تۆۋەندە بىلىمىڭىزنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىڭىزنى سىناپ باقايلى.

پىسخىك سىناق: ئوقۇتقۇچى دەرستە بىر كىچىك كەشپىياتنى ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسىتىپ، كۆپچىلىككە بۇ كەشپىياتنىڭ بىر يېتەرسىزلىكى بار. كۆپچىلىكنىڭ بۇنى بىللە تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن دەيدۇ. بۇ چاغدا سىز:

1. مۇئەللىمنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلمايسىز، مۇئەللىم ئۇنى ئۆزگەرتىشنى ماڭا تاپشۇرمىدى دەپ قارايسىز.

2. باشقا ساۋاقداشلار بىلەن بىللە مۇلاھىزە قىلىسىز ۋە كەشپىياتنىڭ يېتەرسىزلىكىنىڭ نەدىلىكىنى مۇھاكىمە قىلىسىز.

3. كەشپىياتقا تەپسىلىي زەن سېلىپ چىقىسىز، ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى سىناپ باقىسىز، كىتابتىن ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەيسىز.

## ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

بىرىنچىنى تاللىغانلار: قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارى كەمچىل، پوزىتسىيەسى دۇرۇس بولۇپلا قالماي، ئۆگەنگىنىنى

ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغانلار.
ئىككىنچىنى تاللىغانلار: مەسىلىنى تەتقىق قىلىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ئىقتىدارى كەمچىل بولۇپ، نەزەرىيە تەتقىقاتى باسقۇچىدىلا توختاپ قالىدىغانلار.
ئۈچىنى تاللىغانلار: نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئەمەلىيەت ئارقىلىقلا مەسىلىلەرنى بايقايدىغانلار بولۇپ، مەسىلىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى، ئۇنى تېخىمۇ ياخشى ھەل قىلىشنى بىلىدىغانلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# كەلگۈسىگە مەبلەغ سالغانلار، رېئاللىقتا سادىق كىشىلەردۇر

**خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى: كەلگۈسىڭىز بىلىم ئارقىلىق تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.**

نۇرغۇن ئادەم مەبلەغ سېلىش تىلغا ئېلىنسىلا كاپىتال شەكىللىنىدۇ دەپ قارايدۇ، ئەلۋەتتە مەبلەغ پۇل مۇئامىلە ۋە ئىقتىسادىي ساھەدىكى بىر ئاتالغۇ، لېكىن ئۇ تار مەنىدىكى كەسپىي ئىپىنقىلىما بولۇپ، مەنىسى مۇئەييەن مەزگىلدە ئىجتىمائىي ئەمەلىي كاپىتالنىڭ ئېشىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەبلەغ سېلىش تىلغا ئېلىنسا بەزى ئادەملەرنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن مەبلەغ، كەڭ ـ كۇشادە زاۋۇت ئۆيلىرى، ئىلغار ئۈسكۈنىلەر، زاپاس مال پەيدا بولىدۇ. ھالبۇكى بۇ خىل كاپىتال ۋە مالغا سېلىنغان مەبلەغ سېلىش شەكلىنىڭ بىر خىلىلا بولۇپ، مەبلەغ سېلىش نۇرغۇن تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆۋەندە كۆپچىلىك بىلەن كەلگۈسىگە مەبلەغ سېلىش توغرىسىدا توختالماقچىمەن. كەلگۈسىگە مەبلەغ سېلىش ئۆزىگە، بىلىمگە مەبلەغ سېلىش دېمەكتۇر، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بىز بىلىمنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسەتكۈچى مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بىلىم ئادەمنى، شۇنداقلا دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرىلىشى، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى شۈبھىسىزكى، بىلىمنىڭ فۇنكسىيەسىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بەزىلەر ھازىرغا تولۇق ئىگە بولۇش، كەلگۈسىگە مەبلەغ سالغانلىق دەپ قارايدۇ، بۇ خىل قاراشتىكىلەر ۋاقىتنى قەدىرلەپ، داۋاملىق ئۆگىنىدۇ، داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇلار كەلگۈسىدىكى مەۋجۇتلۇقىمىز بۈگۈنكى تىرىشچانلىقىمىز ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. بۈگۈنكى تىرىشچانلىقىمىزمۇ كەلگۈسىگە سېلىنغان مەبلىغىمىز دەپ قارايدۇ. يەر شارى ئايلىنىشتىن توختاپ قالغىنى يوق. تۇرغۇنلۇق نىسپىي، لېكىن ھەرىكەت مەڭگۈلۈك بولىدۇ. جەمئىيەت ئۆزگەرمەكتە، ئادەملەرمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن قېرىماقتا.

پىروفېسسور ئالبېرت خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرسىدە ئوقۇغۇچىلارغا «كەلگۈسى» گە مەبلەغ سېلىش ھەققىدىكى بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىدۇ: بۇرۇن ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە ئىشتاتىدىكى بىر يېزىدا ئىككى ياش بار ئىكەن، ئۇلار كۈندە شەھەرگە سۇ ئېلىپ بېرىپ ساتىدىكەن، بىر چېلەك سۇ ئىككى ئامېرىكا دوللىرى ئىكەن، بىر كۈندە ئەڭ كۆپ بولغاندا 20 چېلەك ساتالايدىكەن.

بىر كۈنى ئىككى ياش ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ، يېشى سەل چوڭراقى: « شۇ تاپتا بىز ياش، كۈندە 20 چېلەك سۇ سېتىشىمىزدا گەپ يوق، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قېرىيمىز، شۇ چاغدىمۇ 20 چېلەك سۇ ساتالايمىزمۇ؟» دەپتۇ.

كىچىكرەكى نېمىدۇر بىر نەرسە توغرىسىدا خىيالغا چۆمۈپ قاپتۇ. يېشى سەل چوڭراقى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ: «بىز شەھەرگە تۇتىشىدىغان بىر سۇ تۇرۇبا يولى كولىساق بولمامدۇ؟ شۇنداق قىلساق چېلەكتە سۇ توشۇپ يۈرمەيتتۇق.»

«بىز ھەممە ۋاقتىمىزنى تۇرۇبا يولى كولاشقا سەرپ قىلساق، بىر كۈندە 20 دوللار تاپالمايمىز ــ دە» دەپتۇ ياشراقى.

بۇ ئىككى ياشنىڭ قارىشى ئوخشىمىغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلگۈسىنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. يېشى سەل چوڭراقى كۈندە 15 چېلەك سۇ توشۇپ سېتىپ، قالغان ۋاقتىدا تۇرۇبا يولى كولاپتۇ، ياشراقى بولسا كۈندە 20 چېلەك سۇ توشۇپ سېتىپتۇ.

بەش يىلدىن كېيىن ئىككى ياشنىڭ تەقدىرىدە ئاسمان ـ زېمىن پەرق كۆرۈلۈپتۇ. يېشى سەل چوڭراقى بىر ۋودوپروۋود تۇرۇبا شىركىتىنىڭ ئىگىسى بولۇپتۇ، يەنە بىرى بولسا يەنىلا چېلەكتە سۇ توشۇپ سېتىپ يۈرۈپتۇ، لېكىن كىشىلەر بەس ـ بەستە سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىشقا باشلاپتۇ... پىروفېسسور ئالبېرت گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلاردىن: «بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قانداق تەسىراتقا ئىگە بولدۇڭلار؟» دەپ سوراپتۇ ئوقۇغۇچىلاردىن زور قىزىقىش بىلەن. ئوقۇغۇچىلار كۈسۈرلىشىپتۇ، دەماللىققا كۆز قارىشىنى ئىپادىلىمەپتۇ.

«ئەمەلىيەتتە» دەپتۇ پىروفېسسور ئالبېرت ئوقۇغۇچىلارغا كۈلۈمسىرىگىنىچە: «تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئادەم ئۆز كەلگۈسىگە مەبلەغ سېلىشنى بىلمەيدۇ، ۋاقتى ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىنى كۆز ئالدىدىكى ئازغىنا مەنپەئەتكە سەرپ قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن سىلەرگە شۇنى دەپ قويماقچىمەن: «مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولسىڭىز، هازىردىن باشلاپ كەلگۈسىڭىزگە مەبلەغ سېلىڭ!»

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ قارايدىغان بولساق، بىرمۇ هورۇن ئوقۇغۇچىنى ئۇچرىتالمايسىز، ئۇ مەيلى نەدە بولسۇن ئۆگىنىش قىلىدۇ، ياكى قولىغا قېلىن كىتابنى ئېلىۋېلىپ ئوقۇيدۇ، ياكى ئۇستازلىرى بىلەن مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىدۇ. ئۇلار ۋاقىتنى ئىسراپ قىلمايدۇ، خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى پائال پىكىر يۈرگۈزۈش، تىرىشىپ ئۆگىنىشتەك ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرگەن.

هازىرقى جەمئىيەت ئۇچۇر جەمئىيىتى بولۇپ، هەر خىل بىلىم ئارىلىشىپ كەتمەكتە، كۈندە ئۇچرىشىدىغان بىلىم

مىقدارى ئۆزۈكسىز ئاشماقتا، يېڭى پەن ـ تېخنىكا كەشپىيات ـ ئىختىرالىرى دەۋر بىلەن تەڭ كۆپەيمەكتە. مەيلى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتە بولسۇن ياكى خىزمەت ئۇسۇلىدا بولسۇن، قىسقا ۋاقىتتا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. ئۇچۇر دەۋرى بىزدىن بىلىممىزنى تېزدىن يېڭىلاشنى تەلەپ قىلماقتا، ناۋادا كونا بىلىم ـ دەسمىيىنى يەپ يېتىۋەرسەك، هامان بىر كۈنى جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللىنىپ قالىمىز. كۈنسايىن يېڭىلىنىپ تۇرغان تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەر بىزدىن داۋاملىق هالدا يېڭى بىلىم ئىگىلەشنى تەلەپ قىلماقتا، جەمئىيەتتە پۇت دەسسەپ تۇرىمىز دەيدىكەنمىز، «تىنىمسىز توختىمىغچە ئۆگىنىشىمىز» كېرەك، ئۆگىنىش كەلگۈسىگە سالغان ئەڭ ياخشى مەبلىغىمىز هېسابلىنىدۇ. جەمئىيەتنى سالماقلىق بىلەن ئىنچىكە كۆزىتىدىغان بولساق، رېئاللىق بىزگە كەلگۈسىگە چوقۇم مەبلەغ سېلىشىمىزنى تەۋسىيە قىلىدۇ، كەلگۈسىدىكى جەمئىيەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى هېچكىم ئالدىن مۆلچەرلىيەلمەيدۇ، لېكىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرەلەيدۇ. ئۆزىنى كېيىنكى جەمئىيەتكە سوغۇققانلىق بىلەن يۈزلەندۈرەلەيدۇ. جەمئىيەت ئۆزگەرمەكتە، بىزمۇ ئۆگەنمەكتىمىز، يېڭى ئۆزگىرىش يېڭى بىلىم ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككىسىنىڭ سۈرئىتى ماس قەدەملىك بولىدۇ. بىز دەۋر قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ ماڭساق مەڭگۈ پۇت تىرەپ تۇرالايمىز.

بىر پىروفېسسور ياش ۋاقتىدا ناهايىتى ئەقىللىك بولۇپ، ئۇ ئالىي دوكتورلۇقنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. باشتا ئۇنىڭ نەزەرىيەلىرى ئىلمىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇنىڭ دەرسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ تۈركۈم ـ تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار يېتىشىدۇ. پىروفېسسورمۇ قېرىيدۇ. بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆنى پىروفېسسورنىڭ دەرسىدە بىر ئوقۇغۇچى ئۇنىڭدىن بىر مەسىلىنى سورايدۇ. پىروفېسسور ئوقۇغۇچىنىڭ سوئالىدىن چۆچۈيدۇ. ئۇ ئىلگىرىكى نەزەرىيەسىنى يېڭىلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى، ناۋادا يېڭى بىلىملەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆگەنمىسە كونا بىلىم ئىلگىرىلەشكە ھامان پۇتلىكاشاڭ بولىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پىروفېسسور ھەر خىل يېڭى بىلىمنى پائال ئۆگىنىدۇ. نۇرغۇن ئوقۇغۇچى پىروفېسسورنىڭ دائىم كۇتۇپخانىدا ئەستايىدىل ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. پىروفېسسور بىر ئۆگىنىش ئارقىلىق نۇرغۇن يېڭى بىلىم ئىگىلەيدۇ. ئۇ يەنە نۇرغۇن يېڭى ئەسەر يازىدۇ، بۇ ئەسەرلەر بەزى ياش ئالىملارنى ھەيران قالدۇرىدۇ، چۈنكى بۇ ئەسەرلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيە ۋە نەزەرىيەلەر ئەينى چاغدىكى ئەڭ ئىلغار قاراشلار ئىدى. ياش ئالىملار پىروفېسسورنىڭ ئىزچىل تۈردە ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش روھىغا چوڭقۇر قايىل بولىدۇ. ھالبۇكى ئاشۇ پىروفېسسور بىلەن زامانداش بولغان بەزى پېشقەدەم ئالىملار دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۇلارنىڭ دەرسلىرىگە قىزىقمايدۇ، ئۇلارنىڭ بەزى نەزەرىيەلىرى ئاللىبۇرۇن كارغا كەلمەس نەزەرىيە بولۇپ قالغاندى. بۇ پېشقەدەم ئالىملار قوم ـ بورانلار تەرىپىدىن كۆمۈلۈپ قالغاندى، ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ بىلىمى بىلەن ئىلمىنى كۆمۈپ تاشلىغان باشقىلار ئەمەس، دەل ئۇلارنىڭ ئۆزىدۇر.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى دۇنيادىكى ھەممە ئادەم ھەۋەس قىلىدىغان ئۇنىۋېرسىتېت، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئۇ يەردە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا «ئۆزىگە ئىشىنىش» ى

يېتەرلىك ئەمەس، «بىخەتەرلىك تۇيغۇسى» تېخىمۇ كەمچىل، ئۇلار كاتتا كارخانا ۋە شىركەتلەردە ئىشلىسىمۇ، ئۆگىنىشنى ئۈزۈپ قويمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كەمچىل ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆگىنىشنىڭ مەڭگۈ چېكى بولمايدىغانلىقىنى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن توختىماستىن يېڭى بىلىم ئىگىلەش لازىملىقىنى، بىلىمگە مەبلەغ سېلىشنىڭ كەلگۈسىگە مەبلەغ سېلىش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

شۇنى كۆپچىلىكنىڭ سەمىگە سالماقچىمەن، بىلىمگە مەبلەغ سېلىشتا ئەمەلىي قوللىنىشچانلىق بىلەن ئەمەلىيلىككە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. دۇنيا ئۆزگەرمەكتە، بىلىممۇ يېڭىلانماقتا. بىز دائىم تىلغا ئېلىۋاتقان «قىزىق نۇقتا» بىلەن «سوغۇق نۇقتا» ھەققىدىكى بىلىم دەل مۇشۇ نۇقتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بەزى نەزەرىيە بىلەن پەن ـ تېخنىكا ئەينى چاغدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان بولسا، لېكىن بىر مەزگىل تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. شۇڭا بىلىمنى توغرا تاللاشمۇ ئۆگىنىشنىڭ بىر مۇھىم نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ، بىلىمنىڭ چېكى بولمايدۇ، بىز ئۇنى پۈتۈن ئۆمرىمىزدە ئۆگىنىپ بولالمايمىز. شۇڭا تاللاپ ئۆگىنىشىمىز لازىم. سىز مەلۇم بىر ساھەنى مەخسۇس تۇتسىڭىز ۋە داۋاملىق ئۆگەنسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەت ئىشىكىنى ئاچالايسىز.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

ئىككى تال كۈجە بار، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تەكشى ئەمەس. لېكىن ئىككىلىسى بىر سائەتتىن كۆيىدۇ. بۇ ئىككى تال كۈجە ئارقىلىق 45 مىنۇتنى قانداق ھېسابلاپ چىقالايمىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

◉ **جاۋاب**

ئىككى تال كۈجىنىڭ بىرىنىڭ ئىككىلا تەرىپىگە تەڭلا ئوت يېقىلىدۇ. يەنە بىر تال كۈجىنىڭ بىر تەرىپىگە ئوت يېقىلىدۇ. ئىككى ئۇچىغا ئوت يېقىلغان كۈجە 30 مىنۇتتا كۆيۈپ بولىدۇ. بۇ چاغدا يەنە بىر كۈجىنىڭ يەنە بىر ئۇچىمۇ كۆيىدۇ. بۇ كۈجە كۆيۈپ بولغاندىن كېيىنكى ۋاقىت 15 مىنۇت بولىدۇ. بۇ ۋاقىت دەل 45 مىنۇت بولىدۇ.

# تەلۋىلەرچە ئۆگىنىپ، مۆتىۋەر ـ بەگزادىلەرچە ئويناش كېرەك

*خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:* **كۆڭۈل ئېچىش بىلەن خىزمەت ئوخشاشلا مۇھىم، كۆڭۈل ئېچىش خىزمەتنىڭ بىر قىسمى!**

«تەلۋىلەرچە ئۆگىنىپ، مۆتىۋەر ـ بەگزادىلەرچە ئويناش كېرەك» دېگەن سۆز خارۋاردنىڭ مەشھۇر سۆزىدۇر. بۇ گەپ ئوقۇغۇچىلارغا مەيلى ئۆگىنىشنىڭ ياكى ئويناشنىڭ، ھەر بىر مىنۇت، ھەر بىر سېكۇنتتىن تولۇق پايدىلىنىشنىڭ، ھەرقانداق ئىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ئاتلىنىشنىڭ، زېھىن ۋە كۈچىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈش، شۇنداق قىلغىنىڭىزدىلا ئۇ ئىشنى تېز ۋە يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئورۇنلىيالايسىز دېمەكچى. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىپ بولغاندا، دەم ئېلىپ ھاردۇق چىقىرىشنىمۇ بىلىش كېرەك، ئارام ئالىدىغانغا ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئۆزىگە ئاراملىق بېغىشلايدىغان ئىشلارنى قىلىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ئادەم جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن يېنىكلەپ قالغاندىن باشقا يەنە ئۆزىنى خۇشال ـ ئەركىن ھېس قىلىدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىش «جەننەتكە كىرگەن» دىن دېرەك بەرمەستىن، بەلكى «دوزاخقا كىرگەن» گە ئوخشايدۇ. خارۋاردتا ئوقۇغانلار ناھايىتى ئېغىر بېسىمغا دۇچ كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنى «رەھىمسىز» دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلەشكە بولىدۇ، بۇ رىقابەت ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە ئۆزى جەڭ ئېلان قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. نەتىجىسى ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان خارۋارد سودا ئىنستىتۇتى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

خارۋارد سودا ئىنستىتۇتىدا ئىككى يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، بىرىنچى يىلىدا دەرسلەر ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئاساسىي دەرس 11 خىلغا بارىدۇ، ھالبۇكى مەكتەپنىڭ بەلگىلىمىسىدە بىرىنچى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسىدە ئاز دېگەندىمۇ ئون خىلدا «ئەلا» بولۇشى كېرەك، ناۋادا نەتىجە كۆرسەتكۈچىدە «لاياقەتلىك» ياكى «لاياقەتسىز» سەككىز قېتىمدىن ئارتۇق كۆرۈلۈپ قالسا، ئۇ ئوقۇغۇچى « تىزىملىككە چۈشۈپ قالىدۇ»، ئۇلارنىڭ ئىككىنچى يىللىققا چىقىش - چىقالماسلىقى مەسىلىسىدە ئوقۇغۇچى مەكتەپ نەتىجە كومىتېتىغا ئىلتىماس سۇنىدۇ. نەتىجە كومىتېتى ئوقۇغۇچىنىڭ ئىلتىماسى ۋە «تىزىملىككە چۈشۈپ قېلىشى»نىڭ سەۋەبى، شۇنداقلا پىروفېسسورلارنىڭ باھاسىغا ئاساسەن قارار چىقىرىدۇ. ئىلتىماسى تەستىقلانغان ئوقۇغۇچى داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇيدۇ. ئىلتىماسى تەستىقلانمىغان ئوقۇغۇچى ئوقۇشتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن ئوقۇشتىن چېكىنگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا قايتا ئوقۇشنى ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە « تىزىملىككە چۈشۈپ قالغان» ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئادەتتە بەش ئوقۇغۇچىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. لېكىن بۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ «تىزىملىككە چۈشۈپ قېلىش» سەۋەبىدىن مەكتەپتىن چېكىنىپ كېتىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەكسىچە پەقەت بەش ئوقۇغۇچىلا شاللىنىۋېتىلىدۇ. بۇ خىل تەھدىت يەنىلا ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. چۈنكى نومۇر قويۇش

پۈتۈن يىللىقلارنى ئاساس قىلىپ دائىرىگە بۆلۈنمەستىن، ئەكسىچە سىنىپتا 100% لىك نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ، بىزگە مەلۇمكى، ئاقىللار يىغىلغان بىر سىنىپتىمۇ ئارقىدا قالىدىغان بىرى چىقىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئوقۇغۇچىلار ھەر ۋاقىت خىرىس ـ رىقابەتتىن خالىي بولالمايدۇ. رەھىمسىز رىقابەتتە شاللىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىنىڭ كۈندە ئۆگىنىش قىلىدىغان ۋاقتى 13 سائەتتىن ئېشىپ كېتىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 18 سائەتكە يېتىدۇ. ئۇلار سەھەر سائەت بىردە ئۇخلايدۇ، ئەتىسى سائەت سەككىز يېرىمدا دەرسكە كىرىدۇ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇلار كۈندە قاتتىق چارچايدۇ.

خارۋارد سودا ئىنستىتۇتىنىڭ ئۆگىنىش مېخانىزمى ئوقۇغۇچىلارغا داۋاملىق بېسىم پەيدا قىلىدۇ. ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسىنى ئوقۇغۇچىنىڭ دەرستىكى پىكىر بايان قىلىش ئەھۋالى بىلەن مەۋسۇم ئاخىرىدىكى ئىمتىھان نەتىجىسىگە قاراپ باھالاپ بېكىتىدۇ، ئوقۇغۇچىلارغا يېزىقچە تاپشۇرۇق ئورۇنلاشتۇرۇلمايدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن مەخسۇس خېلى كۆپ ۋاقىت ئاجرىتىپ دەرسكە ئالدىن تەييارلىق قىلىدۇ ۋە دەرستە ناھايىتى ئاكتىپ ھالدا پىكىر بايان قىلىدۇ.

خارۋارد سودا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئالدىن ئۆگىنىپ تەييارلىق قىلىشنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايدۇ، چۈنكى، ئالدىن ئۆگىنىپ تەييارلىق قىلىشنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ئەتىسىدىكى ياكى كېيىنكى سائەتلىك دەرستە چوڭقۇر پىكىر بايان قىلىش ـ قىلالماسلىقنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا ئۇلار دەرستىن بۇرۇن كۇتۇپخانىغا كىرىپ تىرىشىپ ماتېرىيال توپلايدۇ ۋە رەتلەيدۇ. ئەتىسى ئەتىگىنى ئۆزلىرى مۇھاكىمە قىلغان لايىھەسىنى ئېلىپ دەرسكە ئېلىپ كىرىدۇ.

پىروفېسسورلار ھەر قېتىم دەرسكە كىرگەندە ئوقۇغۇچىلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنچى بولۇپ پىكىر بايان قىلىدىغان ئوقۇغۇچىنى ئىزدەيدۇ. بۇ چاغدا سىنىپنى قورقۇنچلۇق كەيپىيات قاپلايدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ يۈرىكى سىلىپ كېتىدۇ، ناۋادا ئوقۇتقۇچى ئىسمىنى چاقىرغان ئوقۇغۇچى ئالدىن ئۆگىنىپ پۇختا تەييارلىق قىلمىغان بولسا پىكىر بايان قىلالمايدۇ. بۇچاغدا ئوقۇغۇچى غايەت زور تەھدىتكە دۇچ كېلىدۇ.

سودا ئىنستىتۇتىنىڭ نومۇر قويۇش قائىدىسىدە ئوقۇغۇچى دەرستە بىر قېتىم پىكىر بايان قىلمىسا، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى بىر دەرىجە چۈشۈرۈۋېتىش؛ ئىككى قېتىم پىكىر بايان قىلمىسا، ئوقۇش نومۇرى ئالالماسلىق ئېھتىماللىقى بولىدۇ. پىكىر بايان قىلمىغان سانى ئۈچ قېتىمدىن ئېشىپ كەتسە، ئوقۇش نومۇرىغا ئېرىشەلمايلا قالماستىن، يەنە مەكتەپ بۇ ئوقۇغۇچىغا « ئىپادىسى پاسسىپ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. ناۋادا ئەھۋالى ئېغىر بولسا مەزكۇر ئوقۇغۇچى مەكتەپتىن چېكىندۈرۈلۈشى مۇمكىن.

بىز بۇلاردىن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نەقەدەر رەھىمسىز«دوزاخ»لىقىنى كۆرۈۋالايمىز. بۇ يەردە ھەر دائىم رىقابەت ئىچىدە ياشايسىز، رىقابەت كىشىلەرنى تولىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ ۋە ھارغۇزۇۋېتىدۇ. ھالبۇكى ئۆگىنىش سىجىللىقى ئاشۇنداق زىچ بولغان خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغۇچىلار غايەت زور ئۆگىنىش بېسىمىغا بەرداشلىق بەرسىمۇ، لېكىن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممە ۋاقتىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىشىنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىدىغان چاغدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشى، لېكىن ئويناشقىمۇ سەل قارىماسلىقى كېرەك دەپ قارايدۇ. خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى دەرستىن سىرت ئورۇنلاشتۇرغان پائالىيەتلىرىمۇ دەرس ئوقۇشتىن قېلىشمايدۇ دەپ قارايدۇ. چۈنكى، مەكتەپتىكىلەر

دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش مائارىپنىڭ ۋەزىپىسىگە خىلاپ ئەمەسلىكىنى، بۇ پائالىيەتلەرنىڭ مائارىپ ۋەزىپىسىنى قوللاش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلارغا «مۆتىۋەرلەردەك ئويناش» نى تەشەببۇس قىلىدۇ.

خارۋاردتا ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشكە پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلىپلا قالماي، يەنە ئۆگىنىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا مەكتەپ ئورۇنلاشتۇرغان سەنئەت پائالىيەتلىرىگە ئالايلۇق، كونسېرت، تىياتىر ئورۇنداش، ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش ۋە باشقا سەنئەت كۆرگەزمىسى قاتارلىقلارغا پائال قاتنىشىدۇ. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى يەنە ھەر يىلى سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە بېيىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ھاياتىي كۈچكە تولغان پائالىيەتلەردىن بەھرە ئالىدۇ ۋە سەنئەت تەربىيەسىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىستېتىكىلىق قابىلىيىتى ۋە سەنئەت جەھەتتىكى مەلۇماتى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىدىيەسى ـــ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېيىن ئەمگەك بىلەن دەم ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشىنى، بىر مەزگىللىك جىددىي خىزمەتنى تاماملىغاندا ئۇنى ۋاقىتىنچە پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ تۇرۇپ، خۇددى جان تىكىپ خىزمەت قىلغانغا ئوخشاش پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئويناپ، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن يېنىكلىيەلەيدىغان، خۇشخۇي ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتمۇ دەل شۇنداق، بىز بىر مەزگىل قانغۇچە ئارام ئالغاندىن كېيىن يېنىكلەپ، زېھنىي قۇۋۋىتىمىز ۋە جىسمانىي كۈچىمىز تېز ئەسلىگە كېلىدۇ، بۇ ھال شۇبھىسىزكى، «جەڭ» گە قاتنىشىش كۈچىمىز ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىمىزنى ئاشۇرىدۇ. شۇڭا بىز ئىلگىرىلەش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يولىمىزدا تىرىشىپ ئۆگىنىش، قىلچە بىپەرۋالىق قىلمىغاندىن باشقا، يەنە مۇۋاپىق دەم ئېلىشىمىز، ئەمگەك بىلەن دەم ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

«ئارام ئېلىشنى بىلگەندىلا خىزمەت قىلىشنى بىلىدۇ» دېگەن گەپ مەيلى نېمە ئىش قىلايلى، ئەمگەك بىلەن ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈشىمىز ۋە خىزمەت بىلەن ئارام ئېلىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز لازىم دېگەن ئەمەلىيەتنى ئىسپاتلايدۇ. ئۆگىنىشكە پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن كىرىشىشىمىز، تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز؛ ئارام ئالغاندا ھاردۇق چىققۇچە ئارام ئېلىشىمىز لازىم. بۇ خىل ئۇسۇلنى ئۆگىنىۋېلىش تولىمۇ ئاقىلانىلىقتۇر.

مەن كۆپچىلىككە شۇنى دېمەكچىمەنكى، كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىز چەكلىك، كۈچ ـ قۇۋۋەت بىر ياغا ئوخشايدۇ، يانىڭ كىرىچىنى تارتىشنىڭ مەلۇم چېكى بولىدۇ، چەكتىن ئاشۇرۇپ تارتىسىڭىز، كىرىچ ئۈزۈلۈپ كېتىپ ئوقيانى نابۇت قىلىسىز. بىر مەزگىللىك جىددىي ئۆگىنىشتىن كېيىن چوقۇم ئارام ئېلىپ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن يېنىكلىشىمىز كېرەك. زېھنىمىز ۋە كۈچىمىز ئەسلىگە كەلگەندىلا ئۆگىنىش ۋە خىزمەتكە بىمالال كىرىشىپ كېتەلەيمىز. ۋاقىتلىق دەم ئېلىش ئۆگىنىش ۋاقتىمىنى ئىگىلىۋالىدۇ دەپ قارىماسلىقىمىز، «پالتا بىلىگەن ۋاقىتنىڭ ئوتۇن كېسىشكە دەخلىسى بولمايدۇ» دېگەننى بىلىشىمىز كېرەك. مۇۋاپىق ئويناپ ۋە ئارام ئېلىپ كۈچ ـ قۇۋۋەت يىغقاندىن كېيىن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن غەلىبىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

تۆۋەندىكى سىناق ئارقىلىق ئۆگىنىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان ـ بىلمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ بېقىڭ.

پىسخىك سىناق: تەتىل تاپشۇرۇقلىرىڭىزنى دائىم قانداق ئىشلەيسىز:

1. تەتىلگە قويۇپ بېرىش بىلەنلا تاپشۇرۇقنى ئىشلىۋېتىمەن، ئاندىن كېيىن پۇخادىن چىققۇچە ئوينايمەن.

2. تەتىلدە ئاۋۋال ئوبدان ئويناۋېلىپ، تەتىل تۈگەي دېگەندە ئاندىن تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن.

3. تاپشۇرۇقنى كۈندە قانچىلىك مىقداردا ئىشلەش توغرىسىدا پىلان تۈزۈۋالىمەن، كۈندىلىك پىلانىمنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن ئوينايمەن.

◉ **جاۋابىنىڭ تەھلىلى**

بىرىنچىنى تاللىغانلار: ئاۋۋال ئۆزىگە ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىپ، ئارقىدىن بېسىمسىز ھالەتكە كىرىدىغانلار، ئۇزۇن ۋاقىت بۇنداق قىلىش سالامەتلىككە زىيانلىقتۇر.

ئىككىنچىنى تاللىغانلار: ئاۋۋال تۇرمۇشتىن قانغۇچە ھوزۇر ئېلىپ، كېيىن جىددىي ھالەتكە كىرىدىغانلاردۇر.

ئۈچىنچىنى تاللىغانلار: ئەمگەك بىلەن ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈشنى بىلىدىغان، كۈندە مەلۇم ۋەزىپىنى ئورۇنلايدىغان، ھارغىنلىق ئىچىدە ئەسنەپ يۈرمەيدىغان كىشىلەر بولۇپ، تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشنىڭ يولىنى ھەقىقىي بىلىدىغانلاردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشىمىز، «يېرىم چېلەك سۇ» بولماسلىقىمىز كېرەك

**خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى: مەخسۇس ۋە ئەتراپلىق ئۆگىنىش سىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىنلاشتۇرىدۇ.**



ماركىس مۇنداق دېگەنىدى: «ھەرقانداق ۋاقىتتا قانائەتلەنمەسلىكىمىز كېرەك، كىتابنى ئوقۇغانسېرى قانائەت ھاسىل قىلمايدىغانلىقىمىزنى، بىلىمىمىزنىڭ كەملىكىنى شۇنچە چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. ئىلىم - پەن تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق نەرسىدۇر.»

مەن كۆپچىلىككە بىر تېپىشماق تاشلاي: «چېلەككە قانچىلىك سۇ ئالسا، شالاقشىغان ئاۋازى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ؟»

تېپىشماقنىڭ جاۋابى: يېرىم چېلەك سۇنىڭ.

ھالبۇكى، بۇ تېپىشماق ئىلىم تەھسىل قىلىشقىمۇ ماس كېلىدۇ: بىر ئادەم مېنىڭ ئازراقمۇ بىلىمىم يوق دەپ قارىسا، ئۇ ئىلىم تەھسىل قىلغاندا ناھايىتى كەمتەر بولىدۇ؛ قورسىقىدا يېرىم چېلەك سۇ بار ئادەملەرلا بىزنىڭ نۇرغۇن بىلىمىمىز بار دەپ قاراپ مەغرۇرلىنىدۇ. يېرىم چېلەك سۇدەك بەك شالاقشىپ كېتىدۇ.

ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغانلار ئەڭ مەككار ئادەملەر، ئۇلارنىڭ قورسىقىدا يېرىم چېلەك سۇ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ يېرىم چېلەك سۇ بىلەن ھېچقانداق ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل

قىلالمايدۇ. بۇ يېرىم چىلەك سۇ ھېچكىمنى نەزىرىگە ئىلمايدىغان، ھاكاۋۇر قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار قورسىقىدا بىلىمى يوق كىشىلەردىنمۇ قورقۇنچلۇقتۇر.

ئاشۇ قورسىقىمدا بىلىم يوق دەپ قارىغان كىشىلەر بەلكىم كەمتەرلىك قىلىدىغاندۇ، بەلكىم راستتىنلا بىلىمى يوقتۇر. لېكىن ئۇلار ئۆزىنى بىلىدىغانلار بولۇپ، ئۇزۇكسىز ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاستا ــ ئاستا بىلىملىك كىشىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلار ئاشۇ كەمتەرلىكى بىلەن نۇرغۇن بىلىم ئېگىلەپ، ئاشۇ يېرىم چىلەك سۇلاردىن ھامان ئېشىپ كېتىدۇ. بىلىمى ناھايىتى مول بىر ئالىم بولۇپ، ئۇ دىيانا تەلىماتىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە يېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن يول يۈرۈپ، چەن مەزھىپىنىڭ بىر راھىبىدىن تەلىم ئاپتۇ. چەن مەزھىپىنىڭ راھىبى ئالىمنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىككى ئىستاكانغا توشقىچە چاي قۇيۇپتۇ، ئاندىن ئولتۇرۇپ بۇ ئالىمغا بۇدداشۇناسلىقنىڭ جەۋھەرلىرىنى شەرھلەپ بېرىپتۇ.

ئالىم چەن مەزھىپى راھىبىنىڭ بايانىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپتۇ، لېكىن ئۇ ئاڭلىغانسېرى راھىبنىڭ دېگەنلىرىنىڭ كىتابتىكى بايانلار ئىكەنلىكىنى، بۇ بايانلارنىڭ كىشىنى قايىل قىلغۇدەك پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپتۇ. ئالىم ئەسلىي راھىبنى ئەۋلىيا سۈپەت كىشى دېگەن مۇبارەك نامىنى ئاڭلاپ شۇنچە يىراقتىن كەلگەنىكەن. لېكىن ئۇ شۇ تاپتا راھىبنىڭ قورسىقىدا ھېچقانچىلىك بىلىمنىڭ يوقلۇقىنى بايقايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ راھىب كىشىلەر تەرىپلىگەندەك ئۇنچىۋالا كاتتا ئۆلىما ئەمەسكەن، بەلكىم ئېيتى ئۇلۇغ، سۇپۇرىسى قۇرۇق، نادان ئاۋامنى ئالدايدىغان مەدداھكەن دەپ قارايدۇ.

ئالىم بارغانچە ئۆزىنى باسالماستىن راھىبتىن بىزار بولۇشقا باشلاپتۇ. راھىب بولسا ئۇزۇكسىز ھالدا بۇددىزم قائىدىلىرىنى

www.uyghurkitap.com

شەرھلەپتۇ، لېكىن ئالىم راھىبنىڭ ئېغىزىنى غېرىچلاپتۇ. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن راھىبنى كۆزگە ئىلمىغانلىق چىقىپ تۇرۇپتۇ.

راھىبمۇ ئالىمنىڭ پوزىتسىيەسىگە دىققەت قىپتۇ. لېكىن ئۇ ئالىمنىڭ ئەدەپسىزلىكىنى ئەيىبكە بۇيرۇماپتۇ. ئۇ بۇددا ئەقىدىلىرىنى شەرھلەشتىن توختاپ يېنىدىكى چەينەكنى ئېلىپ ئالىمغا چاي قۇيۇپتۇ، بۇ چاغدا ئالىمنىڭ ئىستاكانىدا يېرىمدىن خېلى كۆپ چاي بولسىمۇ، لېكىن چاينىڭ ئۈستىگە چاينى قۇيۇۋېرىپتۇ. چاي ئىستاكاندىن تېشىپ تەرەپ ـ تەرەپكە ئېقىشقا باشلاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئالىم: « بولدى، ئەمدى قۇيماڭ » دەپتۇ.

ئالىمنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان راھىب چەينەكنى ئاستا قويۇپ، ئالىمغا مېھرىبانلىق بىلەن خۇشخۇي ھالدا: «توغرا دېدىڭىز، ئىستاكان توشۇپ كەتتى. ناۋادا سىز ئىستاكاندىكى چاينى تۆكۈۋەتمىسىڭىز مەن قويۇپ بەرگەن يېڭى چاينى ئىچەلمەيسىز» دەپتۇ. راھىبنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن ئالىم راھىبتىن بىرىنچى قېتىم ئەپۇ سوراپتۇ. راھىبتىن ئۆزىنىڭ ئەدەپسىزلىكىنى كەچۈرۈۋېتىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. راھىب كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى لىڭشىتىپتۇ. كېيىن ھېلىقى ئالىممۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر راھىب بوپتۇ.

بىلىمنىڭ مەڭگۈ چېكى بولمايدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان، چۈنكى بىز ھەممە بىلىمنى ئۆگىنىپ بولالمايمىز، شۇڭا بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئەتراپلىق» نىڭمۇ چېكى بولىدۇ. ھالبۇكى ئۆگىنىشنى بارغانچە قىزغىن سۆيىدىغان ئادەم ئۆگىنىشكە بارغانسېرى مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ. بۇ دەل ماركس ئېيتقانغا ئوخشاش، ئۆزۈكسىز ئۆگىنىش، ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى داۋاملىق بايقاش، ئاندىن پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىش.

ئامېرىكا نېفىت پادىشاھى پاۋلو.گېرتى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. ئۇ كاتتا كارخانىچى بولۇش ئۈچۈن كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىمگە ئىگە بولۇش كېرەك، بۇ كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ كاپالىتى دېگەندى. لېكىن بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان بىلىم ئىككى تەرەپنى يەنى بىر تەرەپتىن كەسىپي بىلىمنى چۈشىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى كەسىپي بىلىم بىزنىڭ سانسىزلىغان رىقابەت داۋامىدا كارامىتىنى كۆرسىتىشنىڭ زۆرۈر شەرتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، باشقا بىلىملەرگە كەڭ دائىرىدە چېتىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۈنكى، جەمئىيەتتە ئۆزگىرىش بولدى. ھەرقايىسى كەسىپلەرنىڭ ئىش تەقسىماتى كۈنسېرى ئىنچىكىلەشتى، مۇنەۋۋەر كارخانىچىلار ئۇزۇكسىز ھالدا ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يالغۇز كارخانىغىلا مەسئۇل بولۇپ قالماستىن، يەنە جەمئىيەتكە مەسئۇل بولدى، شۇڭا باشقا ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى مۇكەممەل بىلىشىمىز لازىم.

گېرتى ئەينى چاغدا، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەربىي ئىشلار ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان، ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى گەۋدىلىك ئەمەس ئىدى، ئۇ كەسىپتىن باشقا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئالايلۇق، سىياسەت ۋە ئىقتىساد ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن ئەينى چاغدا ئامېرىكىدا تەسىس قىلىنغان ئىقتىدار دەرسى ئامېرىكا ئىقتىسادىغا زىيادە ئېتىبار بېرەتتى، نۇرغۇن كىشىلەر لايىھىلىگەن يۈرۈش-يۈرۈش نەزەرىيەلەر ئامېرىكىنىڭ ئىقتىساد سىياسىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىسپاتلايتتى؛ سىياسىيغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىشلەتكەن ماتېرىيال بولسۇن ياكى دەرس سۆزلىگەن ئوقۇتقۇچى بولسۇن، ھەممىسى قارىغۇلارچە ئىش كۆرەتتى، ھەتتا بىرئاز گۆدەكلەرچە ئىش قىلاتتى دېيىشكىمۇ بولاتتى، بۇلار گېرتىنىڭ باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە توسالغۇ بولغانىدى.

گېرتى 1912 ـ يىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىدۇ، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ دۇنياغا مەشهۇر داڭلىق مەكتەپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىلمىي كەيپىيات ناهايىتى ئەركىن ئىدى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن دەرسلەرنى تاللىسا بولاتتى، بۇ هال گېرتىنىڭ تەلىپىگە ماس كېلەتتى. گېرتىنىڭ نەتىجىسى باشقىلاردىن ئۈستۈن بولمىسىمۇ، لېكىن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەش، مەغلۇبىيەت دېگەن سۆزنى مەڭگۈ تىلغا ئالماسلىقتىن ئىبارەت ئەنئەنە ئۇنىڭ كاللىسىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. گېرتى كېيىن داڭلىق نېفىت شاهى بولۇپ، كاتتا بايغا ئايلىنىدۇ.

خارۋارد يېتىشتۈرۈپ چىققان نۇرغۇن سەركىلەر مول بىلىم ئىگىلىرى، شۇنداقلا ئۇلار ئەقىللىك كاللىسىنى ئىشقا سېلىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن نۇرغۇن ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق ياراتتى، ئىنسانلار بۇ بايلىقتىن بەھرىلەنمەكتە. لېكىن خارۋاردنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان پارلاق نەتىجىلىرى ئۇنىڭ ئەنئەنىسى ۋە تارىخى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى خارۋاردلىقلارنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد جان تىكىپ تىرىشقانلىقى ئارقىلىق قولغا كەلگەن.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

بىر ئادەمنىڭ زېهنى ۋە كۈچى چەكلىك بولغاچقا، ھەممە بىلىمنى ئىگىلەپ كېتەلمەيدۇ، پەقەت شۇ نۇرغۇن بىلىم ئىچىدىن مەخسۇس بىر ساھەدىكى بىلىمنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىدۇ. «بىلىم ئېلىشتا ئىلگىرى ـ كېيىنلىك بولىدۇ، كەسىپ ئىگىلەش قاراتمىلىقتا ئىگە بولىدۇ » دېگەن گەپنىڭ مەنىسىمۇ مانا مۇشۇ. ھەممە ساھەدە سەركە بولالايدىغان ئادەم يوق، يىتۇك مۇتەخەسسىس

ۋە ئالىمنى پەقەت مەلۇم بىر ساھە ۋە بىرنەچچە ساھەگىلا پىششىق بولىدۇ. شۇڭا بىز مەلۇم بىر جەھەتتىكى بىلىملەرلا تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز. بىر كەسىپكە ماھىر بولۇشىمىز لازىم. بۇ ئارتۇقچىلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ ئۆزىمىزنىڭ ھايات قارىشىمىز ۋە كۆرەش نىشانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

ئەلۋەتتە «كۆپنى بىلىش» دېگەن گەپنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك، چۈنكى «كۆپنى بىلگەن» دىلا ئاندىن نەزەر دائىرىمىز كەڭ بولىدۇ. ئاندىن كاللىمىز تېخىمۇ ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۆگەنگەن بىلىمىمىز قانچە كۆپ بولسا، ئىگە بولغان جەمئىيەت تەجرىبىمىزمۇ شۇنچە مول بولىدۇ. ھەل قىلىدىغان مەسىلىلەرمۇ بارغانچە كۆپ بولىدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا نومۇر كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ بېشارىتى ئەمەس. يۇقىرىدا گېرتى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەيلى ئۇ نەدە ئوقۇسۇن، نەتىجىسى ئادەتتىكىدەك بولغان، لېكىن ئۇ ئاخىرىدا ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. چۈنكى ئۇنىڭ قورسىقىدىكىسى يېرىم چېلەك سۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنىمۇ ئاددىي ھالدا نەتىجىسى بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايتتى. شۇڭا كۆپچىلىك ئۆگىنىش قىلغاندا ئۆزىڭىز ماھىر بولغان بىر كەسىپكە ئېتىبار بېرىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تىرىشىپ ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەپ، جەمئىيەتكە كېرەكلىك ئادەملەردىن بولۇشىمىز كېرەك.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

مۇھاكىمە سوئالى: نېمىشقا ئەۋرەز ئېغىزى قاپقىقىنىڭ ھەممىسى يۇملاق بولىدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

◉ **جاۋاب**

بۇ مەسىلە نۇرغۇن جەھەتتىكى بىلىمگە چېتىلىدۇ، بىرىنچىدىن، قاپقاقنى ئوخشاش ماتېرىيالدىن ياسايدۇ، يۇمىلاق كۆلىمى ئەڭ چوڭ، شۇڭا تەننەرخنى تېجىگىلى بولىدۇ، ئىككىنچىدىن، بىخەتەرلىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، باشقا شەكىلدىكى قاپقاقلار يانتۇ بولۇپ قالسا قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن، لېكىن يۇمىلاق بولسا قۇدۇققا چۈشۈپ كەتمەيدۇ، ئۈچىنچىدىن، ئورنىتىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، يۇمىلاق ئېغىز دومىلىتىپ ئەكېلىپ ئورنىتىشقا ئەپلىك، شۇڭا كۈچ تېجەپ قالغىلى بولىدۇ، لېكىن باشقا شەكىلدىكى ئېغىزنى دومىلاتقىلى بولمايدۇ.

# ئالتىنچى باب

## يېڭىلىق يارىتىشتا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، تەپەككۇرىمىزدا ساقلانغان كونىلىقنى تاشلايلى

- ئىجادىي پىكىر تەقدىرنىڭ سوۋغىسى، تەپەككۇردا بۆسۈش ھاسىل قىلغاندىلا يول ئاچقىلى بولىدۇ
- ئۆگىنىش نەتىجىڭىزنى ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇن، ئۆگىنىش پوزىتسىيىڭىزنى ئۆزگەرتكىنىڭىز تۈزۈك
- ئۆزىمىزنى چەكلىمەيلى، تەسەۋۋۇرىمىز ئەركىن پەرۋاز قىلسۇن
- جاۋاب بىرلا ئەمەس؛ بىرگە مەڭگۈ يول ئوچۇق
- ئوي ـ پىكىر ۋە ئىلھام ئاددىي تۇرمۇشتىن كېلىدۇ
- ئىجادچانلىقتىن پايدىلىپ تەپەككۇرنىڭ كىشەنىنى بۇزۇپ تاشلايلى
- ئاسماننىڭ قەھرىدە ئۇچالايدىغىنى يالغۇز پەيلا ئەمەس

# ئىجادىي پىكىر تەقدىرنىڭ سوۋغىسى، تەپەككۇردا بۆسۈش ھاسىل قىلغاندىلا يول ئاچقىلى بولىدۇ

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:* شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىجادكارلىق ئەڭ مۇھىم ئادەم كۈچى بايلىقى. ئىجادكارلىق بولمىسا ئىلگىرىلەش بولمايدۇ، ئوخشاش بىر ئەندىزىنى مەڭگۈ تەكرارلايمىز.**

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 24 ـ قېتىملىق مۇدىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادكارلىقىنى ئېچىش توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بىرىنچى قاتاردىكى ئىختىساسلىقلار بىلەن ئۈچىنچى قاتاردىكى ئىقتىساسلىقلار ئىجادچانلىقتا ئىگە بولۇش ـ بولماسلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ.»

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. گاۋ جيەن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى جۇڭگو پۇشتىدىن بولغان داڭلىق پىسخولوگىيە پىروفېسسورى، ئۇ «كارخانىچى ۋە ئىجادچانلىق» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان، گاۋجيەن بۇ كىتابىدا ئادەمنىڭ تەپەككۇر ئادىتىگە ئاساسەن، ئادەمنىڭ مېڭىسىنى ئوڭ مېڭە تىپلىق، سول مېڭە تىپلىق ۋە ئوڭ ـ سول مېڭە تىپلىق دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىغان. سول مېڭە ئاساسلىقى ماتېماتىكىلىق ئانالىز قىلىپ، مەنتىقىلىق تەپەككۇر قىلىدىكەن ۋە تىل ماھارىتىنى ئىگىلەيدىكەن؛ ئوڭ مېڭە بولسا تارقاق ئۇچۇرلارنى

www.uyghurkitap.com

ئومۇملاشتۇرىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلھام، بىۋاسىتە سەزگۈ ۋە تەپەككۇرغا بىر قەدەر ئېتىبار بېرىدىكەن. شۇڭا سول مېڭە تىپلىقلار ھېسابلاش ۋە تەشكىللەشكە ئىنتايىن ماھىر كېلىدىكەن؛ ئوڭ مېڭە تىپلىقلار مول تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا ئىگىكەن. ھالبۇكى، ئوڭ ـ سول مېڭە تىپىدىكىلەر بولسا ئوڭ مېڭىسى بىلەن سول مېڭىسى ئۆزئارا ماسلاشقان كىشىلەركەن.

پىروفېسسور گاۋ جيەن ھەر بىر ئادەمنىڭ مېڭە تىپىغا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن، بىر قاتار ئۇسۇللارنى قوللانغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ بىۋاسىتە ئۇسۇل سىناق سوئاللىرى ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. سىناق سوئاللىرىنىڭ مەزمۇنى ئالاقىدار مەزمۇنلارنى، ئالايلۇق، كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، كەسپى، ھەۋىسى، قىزىقىشى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مۇشۇ كونكرېت مەزمۇنلار ئارقىلىق ھەر بىر ئادەمنىڭ مېڭە تىپىغا ھۆكۈم قىلغان. ئوقۇغۇچىلار ئاشۇ سىناق سوئاللىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مېڭە تىپىنى چۈشەنگەن، بۇنىڭ بىلەن كېيىنكى ئۆگىنىشى تېخىمۇ قاراتمىچانلىققا ئىگە بولۇپ، مېڭە تىپىدىن چەتنەپ كېتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بەزى تەپەككۇر يېتەرسىزلىكىدىن تىرىشىپ ساقلىنىپ، داۋاملىق تىرىشىش ئارقىلىق، ئۆزىنى مۇكەممەل ئوڭ ـ سول مېڭە تىپىدىكى ئىقتىدارلىق ئادەم قىلىپ چىققان.

ھەر بىر ئادەمنىڭ مېڭە تىپىدە ئۆزگىچىلىك بولىدۇ، بۇ تەبىئىي ئەھۋال. ھالبۇكى مېڭە تىپى كېيىن ئۆزگىرىدىغان نەرسە، نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار مېڭىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شۇنى ئىسپاتلىدىكى: ئوڭ مېڭە تىپىدىكىلەر سول مېڭە تىپىدىكىلەرگە يېقىن بولىدۇ. سول مېڭە تىپىدىكىلەرنىڭ ئوڭ مېڭە تىپىدىكىلەرگە يېقىنلىششى تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ. سول مېڭە بىر ئارتۇقچىلىقنى ئىگىلىمەكچى بولسا، ئوڭ مېڭىنىڭ

ياردىمىگە ئېرىشىدۇ، سول مېڭە ئىگىلىگەن ماھارەت ـ ئىقتىدار تېخىمۇ مول بولىدۇ. شۇڭا سول مېڭە تېپىدىكىلەرنىڭ ئوڭ مېڭە تېپىدىكىلەرگە يېقىنلىشىشىنى سول مېڭىنىڭ ئازاد بولۇشى دېيىشكە بولىدۇ؛ لېكىن ئوڭ مېڭە تېپىلىقلارنىڭ سول مېڭە تېپلىقلارغا يېقىنلىشىشى نىسبەتەن تەسكە توختايدۇ، ناۋادا ئوڭ مېڭە تېپلىقلار سول مېڭە تېپلىقلارنىڭ تېخنىكا ۋە بىلىمىنى ئىگىلىمەكچى بولسا، ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە بولمايدۇ. ئوڭ ـ سول مېڭە تېپلىقلارنىڭ بىر پائالىيەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش جەريانى ئاساسلىقى بەش باسقۇچتىن تەركىب تاپىدۇ: تەييارلىق باسقۇچى، ئويلىنىش باسقۇچى، چۈشىنىش باسقۇچى، دەلىللەش باسقۇچى ۋە ئىشلىتىش باسقۇچى. ئىجاد قىلغان چاغدىكى سول مېڭە بىلەن ئوڭ مېڭە ئوتتۇرىسىدىكى زىچ ماسلىشىش مۇناسىۋىتىدە، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشتا سول مېڭە ئۆتەيدىغان خىزمەت مەزمۇنى بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ. بۇ خىزمەتلەر ئىنتايىن مۇشكۈل بولۇپ، بۇ ۋەزىپىنى ۋە ۋەزىپىنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىش شۇنداقلا سول مېڭىنىڭ ھازىرلاشقا كىرىشىشى، ۋەزىپە داۋامىدىكى ئالاقىدار مەزمۇنلارنى بىر ـ بىرلەپ ھەزىم قىلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئۇچۇرنى بىرلەشتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىرلاش پەيدىنپەي مۇكەممەللەشكەندە ۋە پىشقاندا، ئىجاد قىلغۇچىنىڭ مېڭىسىدە ئېنىق ئوي ـ پىكىر پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋەزىپىمۇ ھەل بولىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسپاتلاش جەريانىغا ئۆتىمىز، ئوڭ مېڭە ئايدىڭلاشتۇرغاندىن كېيىنكى بارلىق تەسەۋۋۇرلارنى سول مېڭە تەھلىل قىلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمەلىيەت ئارقىلىق تەسەۋۋۇرنىڭ ئىشەنچلىكلىكى تەكشۈرۈلۈپ بېكىتىلىدۇ. بۇ جەريان ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ۋە قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى قانداق يېتىلدۈرۈش ۋە

ئۆستۈرۈش كېرەك دېگەن مەسىلىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى 1983 ـ يىلىلا ئۆزى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پائالىيىتىنى دەرسخانىدا ئاددىي ھالدا دەرس ئۆتۈشنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دىرېكتورلار ئىنستىتۇتىدا كىچىك تىپتىكى كارخانىلار بار. بۇ كارخانىلارنى ئوقۇغۇچىلار باشقۇرىدۇ. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارغا تاپشۇرغان ھەر بىر تۈرنى ئوقۇغۇچىلار كۆتۈرە ئالىدۇ. ئالايلۇق، ساغلاملىق گىمناستىكىسى كۇرسى، ئوقۇغۇچىلار ساياھەت كوپېراتىپى، تونۇلاتقۇ، ئۇن ئالغۇلۇق تېلېفوننى ئىجارىگە بېرىش، كىر يۇيۇش، ئائىلە مۇلازىمىتى قاتارلىقلار. مەكتەپ ئىچىدىكى نۇرغۇن ئەمەلىي ئىشلىتىدىغان قوللانمىلارنىمۇ ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تۈزىدۇ، تەھرىرلەيدۇ ۋە نەشر قىلدۇرىدۇ. ئالايلۇق، «ساپ كىرىم»، «يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى تونۇشتۇرۇش»، «خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يىلنامىسى»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادرېسى» قاتارلىقلار. ھەر يىلى ئىككىنچى ئايدا بۇ تۈرلەردىكى مۇلازىمەتلەرنى باشقۇرۇپ باقماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلار گۇرۇپپىلار قۇرۇپ، پىلان تۈزۈش ۋە لايىھەلەش ئارقىلىق، ئىجرا قىلغىلى بولىدىغان تىجارەت لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. يەنە تەپسىلىي كىرىم ـ چىقىم خام چوتىنى يېزىپ چىقىدۇ، ئىنستىتۇتنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقلۇق كومىتېتى ھەر بىر گۇرۇپپا تاپشۇرغان تىجارەت لايىھەسىنى ئەستايىدىل تەكشۈرگەندىن كېيىن، پىلانى ئەڭ مۇۋاپىق گۇرۇپپىنى تاللاپ چىقىدۇ، تىجارەت قىلىش ئالاھىدە ھوقۇقىغا ئېرىشكەن گۇرۇپپا تىجارەت قىلىدۇ. ناۋادا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەنە باشقا يېڭى ئوي ـ خىيالى ۋە ئىجادىي پىكرى بولسا ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ. ئالاھىدە ھوقۇقلۇق كومىتېت ئۇلارنىڭ تىجارەت لايىھەسىگە قاراپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ لايىھەسى قاراپ چىقىشتىن ئۆتسە، يېڭى كەسىپ ئاچسا بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار تىجارەت تاپاۋىتىدىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ، كىر يۇيۇش تىجارىتى قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ھەر مەۋسۇمدا يەتتە



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىلياردلىق ئامېرىكا دوللىرى پايدىغا ئېرىشىدۇ. ئوقۇغۇچىلار نەشىر قىلىپ تارقاتقان «يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى تونۇشتۇرۇش» ئارقىلىق قىلغان كىرىمى 20 مىلياردلىق ئامېرىكا دوللىرى ئەتراپىدا بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئاشۇ كىچىك كارخانىلار تىجارىتى ئارقىلىق ئەمەلىي تىجارەت كەسپى تەجرىبىسى ۋە ئىقتىدارىنى ئىگىلەپلا قالماستىن، يەنە بەلگىلىك كىرىمگىمۇ ئېرىشەلەيدۇ.

«ناۋادا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، تەسەۋۋۇرىڭىزنى ئەركىن قويۇۋېتىڭ.» خارۋارد دىرېكتورلار ئىنستىتۇتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەجرىبىسى شۇنى ئۇقتۇرىدۇ: تۇرمۇشتا پىكىر يۈرگۈزۈشتىن باش تارتماسلىق، يېڭىلىق يارىتىشنى ئۆگىنىۋالساق، مەسىلى كۆرۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتكە ۋە خۇشاللىققا ئېرىشەلەيمىز. بەزىدە ئالدىمىزدا يول يوقتەك ھېس قىلىمىز، بۇ تەڭرى ئاتا قىلغان ئىنئامدىن پايدىلىنىشنى بىلمىگەنلىكىمىزنى، ئىجادكارلىقىمىزنى جارى قىلدۇرالمىغانلىقىمىزنى، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچالمىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرىدۇ.

ناپولېئون.خىئول ئىنتايىن داڭلىق مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق يېتەكچىسى، ئۇ يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ئەمەس. بەلكى شۇنداقلا ئەقىل ـ پاراسەتتە باشقىلاردىن يۇقىرى تۇرىدىغانلاردىلا بولىدىغان يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمۇ ئەمەس دەپ قارايدۇ. ناۋادا قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلساق، تەپەككۇرىمىزنى قاناتلاندۇرساق، ئۇ چاغدا كىچىك ئىجادىي پىكىرمۇ ئاجايىپ كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. كاللىمىزدىكى ھەر بىر چېقىننى مەڭگۈ ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكىمىز كېرەك، ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزدا ھەل قىلغۇچ نۇقتا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى روزۋېلىت مۇنداق دېگەنىدى: «بەخت پۇلغا ئېرىشىشلا ئەمەس، يەنە مۇۋەپپەقىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خۇشاللىقىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىجادچانلىق ئېلىپ كەلگەن چەكسىز سېھرىي كۈچنى ھېس قىلىشتىن ئىبارەت.» روزۋېلتمۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن، ئۇ خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى قارىغۇلارچە ئەگەشمەسلىك ۋە بېقىنىۋالماسلىق، تېخىمۇ مۇھىمى، دورامچىلىق قىلماسلىقىمىز، بۇرۇنقىلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئىش قىلماسلىقىمىز كېرەك، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى بىزنىڭ پىكىر ـ خىيالىمىزنى توسىيالمايدۇ، بىز ئالدىنقىلار ۋە ئەنئەنىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ۋە ئوي ـ پىكىرلىرىنى تاشلىۋېتىپ، ئۆزىمىزگە ماس يول كېلىدىغان يول ھەققىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى. تەقدىر بىزگە ئاتا قىلغان ئىجادچانلىقتىن بەھرىمەن بولغاندىلا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېڭى يولىنى تاپالايمىز.



### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

بەزىدە ئىجادچانلىقنىڭ كەملىكىدىن شۇنداقلا كالىمىزنىڭ ئىشلىمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى چەكلىمە ـ ئاسارەتنىڭ بەك كۆپلۈكىدىن، دۇچ كېلىۋاتقان توسالغۇلارنىڭ ئىنتايىن كۆپلىكىدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايمىز. ھەر بىر ئادەم مول تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا ۋە ئىجادچانلىققا ئىگە، لېكىن پەيدىنپەي چوڭ بولۇشىمىزغا ئەگىشىپ، تاشقى مۇھىت ۋە بەزى كونا بىلىمىز بىزنى ئاستا ـ ئاستا ئورىۋالىدۇ. ئۇلار بىزگە «چوقۇم بىر قائىدە ـ تۈزۈمنىڭ چەكلىمىسى بولۇش كېرەك» دېگەننى سەممىزگە سىڭدۈرۈپ، بىزنى رامكا ـ قېلىپلار بىلەن ئىش قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاخىر خالتا كوچىغا كىرىپ قالىمىز.

مۇستەقىل ئادەم بولىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئىدىيەمىزنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. بىز ھەرقايسى تەرەپتىن مەھرۇم بولغان ئىجادچانلىقىمىزنى تېپىشىـ

مىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىمىزنىڭ ئىجادچانلىقىمىزنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشىمىز، كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز، قول تىقىپ ئىشلىشىمىز لازىم. يېنىمىزدا نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەر مەۋجۇت، ئۆگەنگەن بىلىمىمىز ئارقىلىق مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىمىز دېگەننى ئويلىغىنىمىزدا، باشقىلار ئوتتۇرىغا قويغان ھەل قىلىش چارىسىنى ۋاقىتلىق نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئىشقا سېلىپ، يېڭى يول تېپىشىمىز كېرەك. بۇ چاغدا ئوي ـ پىكرىمىز ۋە يېڭىلىق يارىتىشىمىز ناھايىتى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالىدۇ. پىكىر يۈرگۈزۈشتىن باش تارتماي، ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرساقلا، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئاسانلا ھەل قىلالايمىز. مەسىلىلەرنى مۇستەقىل ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى يېتىلدۈرگەندە، ئىجادچانلىقىمىزمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمىز پەرۋاز قىلىدۇ، ئىجادىيىتىمىز ئارقىلىق تۇرمۇشنى، دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيمىز.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

بىر كورۇپكىدىكى تورتنى سەككىز پارچە قىلىپ كەستىڭىز، ھەر بىر پارچە تورتنى بىر ئادەمگە بەردىڭىز، جەمئىي سەككىز ئادەم بار، لېكىن تورت كورۇپكىسىدا يەنە بىر پارچە تورت ئېشىپ قالدى، بۇ ۋاقىتتا قانداق قىلىسىز.

### ◉ جاۋاب

بۇ ئىنتايىن ئاددىي ئۇسۇل، تورتنى سەككىز پارچە قىلىپ، يەتتىسىنى يەتتە ئادەمگە بۆلۈپ بېرىسىز، ئېشىپ قالغان بىر پارچە تورتنى كورۇپكىنىڭ ئىچىگە سېلىپ سەككىزىنچى ئادەمگە بېرىسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۆگىنىش نەتىجىڭىزنى ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇن،ئۆگىنىش پوزىتسىيەڭىزنى ئۆزگەرتىڭىز توزۇك

**خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:**
**بەزى خاتا ئوي ـ پىكىردە بولۇش، ھېچنېمىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ توغرا دېگەنندىن ياخشى.**



شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى: «ھەر بىر ئىمىزنىڭ ئىدىيەسى ۋە ئۆزىمىزگە خاس نەرسىلەر خاس ئالاھىدىلىكىمىزنى نامايەن قىلىدۇ. بىزدە يېتەرلىك ئىشەنچ بولسا، ناخشا ئاۋازىمىز باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇ چاغدا پۈتۈن دۇنيا خاسلىقىمىزنى بىلىدۇ.»

بۇ بىر ئابزاس خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكىلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ خاسلىقى ھەققىدە ئېيتقانلىرى. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى كىشىلەرنىڭ سەھنىنىڭ ئاستىدا جىممىدە ئولتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ، باشقىلارغا ئالقىش ياڭرىتىشنى ئەمەس، بەلكى جەسۇرانە ھالدا سەھنىدە تۇرۇپ، ئۆز ئاۋازىنى پۈتۈن دۇنياغا ياڭرىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مانا بۇ خاسلىق، شۇنداقلا پوزىتسىيە، ئالاھىدە تۇرمۇشقا ئېرىشمەكچى بولساق، ئاشۇنداق خاسلىققا ئىگە بولۇشىمىز، بۇ خىل پوزىتسىيەنى ساقلىشىمىز كېرەك. بۇلار بىزنى مۇستەقىل ئىدىيە ۋە ئاڭغا ئىگە قىلىپ، باشقىلارنى دوراشتىن ساقلاپ قالىدۇ، مۇستەقىل ئۆگىنىش ئارقىلىق مول بىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىگە قىلىدۇ. نۇرغۇن ۋاقىتتا ئۆگىنىشتە نەتىجىگە ئېرىشىش ـ ئېرىشەلمەسلىكىمىز. تامامان پوزىتسىيەمىزگە باغلىق. ناۋادا

پاسسىپ - سوغۇق مۇئامىلىدە بولساق، ھەمىشە باشقىلارغا ئەگەشسەك، «ئۆزىمىزنىڭ بىلىمى» نى ناھايىتى تەستە ئۆگىنىمىز. بۇرۇنقىلار يەكۈنلىگەن تەجرىبە ۋە نەزەرىيەلەرنى ئۆلگە ۋە يېتەكچى قىلساقمۇ، لېكىن ئۇ بەرىبىر «باشقىلارنىڭ بىلىمى»، پەقەت ئۆزىمىز مۇلاھىزە قىلىشقا ئىرىنمەي، خۇلاسە قىلىشقا ماھىر بولساقلا، «باشقىلارنىڭ بىلىمى» نى «ئۆزىمىزنىڭ بىلىمى» گە ئايلاندۇرالايمىز. ئۆگىنىش جەريانىدا توغرا پوزىتسىيەدە بولساقلا، تولۇپ تاشقان ھاياجان، چەكسىز قىزغىنلىق بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كېتىمىز، شۇنداقلا ئۈمىدۋار روھتا بولساق، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئۆگەنسەك، داۋاملىق ئالغا بېسىپ، ئاخىر غەلىبە مېۋىسىدىن ھوزۇرلىنىمىز. ئۆگىنىش نەتىجىمىز ئارقىلىق نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇلىرىمىزنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز، لېكىن، ئۆگىنىشتە توغرا پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك. توغرا پوزىتسىيە خۇددى پايانسىز دېڭىزدىكى ماياكقا ئوخشاش بىزگە مەڭگۈ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بىز ئاشۇ توغرا نىشاننى بويلاپ، دولقۇنلار يېرىپ ئىلگىرىلىسەكلا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ قىرغىقىغا چىقالايمىز.

ئۆگىنىش پوزىتسىيەڭىز نۇرغۇن تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بەزىلەر كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنسە، بەزىلەر تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۆگىنىدۇ؛ بەزىلەر ئىشەنچ بىلەن ئۆگەنسە، بەزىلەر ئۆزىنى كەمسىتىپ ئۆگىنىدۇ؛ بەزىلەر مۇستەقىل ئۆگىنىشنى ياقتۇرسا، بەزىلەر باشقىلارنى دوراپ ئۆگىنىدۇ... ئۆگىنىشتىكى ئوخشىمىغان پوزىتسىيە، ئوخشىمىغان نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، كۆپچىلىك، سىلەر قانداق پوزىتسىيەدە ئۆگىنىسىلەر؟ بىز ھەر بىر ئادەمنىڭ تىرىشىپ ئۆگەنگۈچى، ماھىر ئۆگەنگۈچى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ئۇنداق بولسا ھازىردىن باشلاپ ئۆگىنىش پوزىتسىيەڭىز پائال ئۆزگەرتىڭ.

ئۆگىنىشتە كەمتەر بولۇش كېرەك. كەمتەر پوزىتسىيەلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىزنى تېخىمۇ كۆپ بىلىمگە ئىگە قىلىدۇ. تەكەببۇر ـ قانائەتچان كىشىلەر ئۆزىنى قالتىس چاغلايدۇ، باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىنى مەڭگۈ ئاڭلىمايدۇ، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنى مەركەز قىلىدۇ، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەپ تۇرىۋالىدۇ. مەڭگۈ ئالالمىۋۇرۇنلا يېتەرلىك بىلىم ئىگىلىگەنتىم دەپ قارايدۇ، باشقىلار گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۇلار مۇنازىرە قىلىشنىلا بىلىدۇ. باشقىلارنىڭ خاتالىقى ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى پائال ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى مەسلىھەتىنى ئاڭلىمايدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا كىشىلەر ئۇلارغا ئېتىبار قىلمايدىغان بولىدۇ ـ دە، مەنمەنلىك پوزىتسىيەسى ئۆمرىنى نابۇت قىلىدۇ. ھالبۇكى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش پوزىتسىيەسىدە بولساق باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلايمىز ۋە قوبۇل قىلىمىز. داۋاملىق توپلايمىز ۋە ئۆگىنىمىز، ھېچقانچە دەسمىيىمىز يوق چاغدا كەمتەر پوزىتسىيەنىڭ ياردىمىدە ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ، ئاخىر نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولىمىز. ئاستا ـ ئاستا بىلىم چوققىسىغا چىقىمىز. كەمتەرلىكنى تاللىغىنىڭىز مۇۋەپپەقىيەت يولىنى تاللىغىنىڭىز بىلەن باراۋەر.

كەمتەرلىك يەتتە تەزىم قىلىش بولماستىن، باشقىلارنى ئۇستاز تۇتۇشتىن ئىبارەت، سىز كىشىلەر نەزىرىگە ئىلمايدىغان ئادەم بولۇشنى خالامسىز؟ ئەلۋەتتە خالىمايسىز، كەمتەرلىك بىلىم ئۆگىنىشىمىزدىكى توغرا پوزىتسىيە، لېكىن ئۇ ئۆزىنى پەس كۆرۈش ئەمەس. ھەرگىزمۇ تالانت ۋە بىلىمى، ئىقتىدارى باشقىلارنىڭكىگە يەتمىگەنلىكتىن ئۆزىنى كەمسىتىشكە بولمايدۇ. ئەكسىچە ھەر ۋاقىت تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن تۇرۇشىمىز كېرەك. ئىشەنچكە ئىگە ئادەملا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. ئىلىم تەھسىل قىلىشتىمۇ ئىشەنچىمىز بولۇشى لازىم، ئىشەنچ بىزنى توغرا ئۆگىنىش پوزىتسىيەسىنى ئىزچىل تۇردە ساقلىشىمىزغا كېپىللىك قىلالايدۇ. ناۋادا ئىشەنچ كەم بولسا، ناھايىتى ئاسانلا باشقىلارنىڭ ئىدىيەسىنىڭ ئىزگىنىگە چۈشۈپ قالىمىز. ئىشەنچ

بولغاندىلا شەيئىلەرنى توغرا پەرقلەندۈرەلەيمىز، ئىشەنچ بىزنى مۇستەقىل ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ.«ئۆگىنىش ئۇچۇن ئالدى بىلەن ئىشەنچ بولۇشى كېرەك». ئۇنداق بولمىغاندا ئۆزىڭىزنى مەڭگۈ تاپالمايسىز، تولۇپ تاشقان ئىشەنچكە تولۇپ، مەردانىلارچە قەدەم تاشلاپ، ئىلىم ـ بىلىمگە يۈرۈش قىلايلى.

مۇستەقىل ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. ئۆزىگە ئىشىنىش بىزنى مۇستەقىللىققا ئىگە قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. چۈنكى مۇستەقىللىققا ئىگە بولغاندىلا باشقىلارغا ئەگەشمەيمىز، بىز بەلگىلىك بىلىمگە ئىگە بولغاندا، بۇ بىلىملىرىمىز ئارقىلىق مەسىلىلەرنى مۇستەقىل ھەل قىلىپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلايمىز. مۇستەقىل ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى تېخىمۇ تېز ئىلگىرىلىشىمىزگە، مۇستەقىل ئۆگىنىش روھىمىزنى يېتىلدۈرۈشكە، ئەقىللىك مېڭىمىزنى ئىشقا سېلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا ئۆز ئىدىيەمىز ۋە نەزەرىيەمىزنى ئۇتتۇرىغا قويالايمىز، مۇستەقىللىق باشقا ئۆگىنىش پوزىتسىيەسىگە ئوخشاش مۇھىم، مۇستەقىللىق بىلەن ئىشەنچ بىر تۇغقان، ئىشەنچ بولغاندا مۇستەقىللىقىمىزنى ساقلىيالايمىز، مۇستەقىللىق بىزنى تېخىمۇ ئىشەنچكە ئىگە قىلىدۇ. ئىككىسىنى جانلىق بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن، بىلىم دېڭىزىدا بىمالال ئۈزۈپ، تۈرلۈك ئاسارەتلەردىن قۇتۇلىمىز، پىكىر ـ خىياللىرىمىز ئەركىن قانات قاقالايدۇ.

كەمتەرلىك، ئىشەنچ ۋە مۇستەقىللىق، توغرا ئۆگىنىش پوزىتسىيەسىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن نۇقتىلار بار، ئالايلۇق، ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولۇش، پىكىر قىلىشقا ماھىر بولۇش، ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىقلار. ھەر بىر توغرا ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى ئۆگىنىشىمىزنى ئاز كۈچ سەرپ قىلىپ، كۆپ ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرىدۇ. توغرا ئۆگىنىش پوزىتسىيەلىرى خۇددى ھەقىقەتكە، ماياكقا ئوخشاش قانداق ئۆگىنىدىغانلىقىمىزنى سەممىمىزگە سېلىپ تۇرىدۇ، ئىلگىرىلەش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىشانىمىزغا يېتەكلەيدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارغانلار مۇنداق بىر ئەھۋالغا دىققەت قىلىدۇ: ئوقۇتقۇچىلار دەرسخانىلاردا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەستىن كۆزقارىشى ۋە ئىدىيەسىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەھۋاللار كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ، مۇنبەردە تۇرۇپ سۆزلەيدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇغۇچىلاردۇر. خارۋاردنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ھورۇنمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس، خارۋاردنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىنتايىن مۇنەۋۋەر ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەر، ئۇلار يىلدا نۇرغۇن تېمىنى تەتقىق قىلىپ، نەزەرىيەۋى بىلىمىنى بېيىتىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. خارۋاردنىڭ پەخرى يالغۇز بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارلا ئەمەس، بەلكى ئىدىيەسى مۇستەقىل، مەنىۋىيىتى مۇستەقىل ئالىملار بۇ يەردە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنداقتا بۇ ئالىملار بەك ئالدىراشمۇ؟ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغانغا چولىسى تەگمەمدۇ؟ خارۋاردنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ خىزمىتى ئىنتايىن بېسىق، چۈنكى، ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇرغۇن تېما لايىھەسىنى كۆرىدۇ ۋە ئۆزگەرتىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا توسالغۇ بولۇپ قالماي، ئۇلارنى توغرا يېتەكلەش ئۈچۈن، لايىھەلەرنى ئوقۇغاندا ئۇزۇكسىز ئۆگىنىشى ۋە مۇلاھىزە قىلىشى، ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆستۈرۈشى كېرەك. خارۋاردنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئوقۇغۇچىلاردا توغرا ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى يېتىلدۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ ئاز دەرس ئۆتىدۇ.

ئوقۇتقۇچىلار ھەر قېتىم دەرسكە كىرگەندە ئەتىكى تاپشۇرۇقنى قىسقىچە ئورۇنلاشتۇرىدۇ، بۇ تاپشۇرۇقلار ئەلۋەتتە يېزىقچە تاپشۇرۇق ئەمەس، بۇ تاپشۇرۇقلارنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلار دەرستىن چۈشۈش بىلەنلا كۇتۇپخانىغا يۈگۈرىدۇ. كۇتۇپخانىدىن نۇرغۇن ماتېرىيال ئىزدەيدۇ، ئۇنى رەتلەيدۇ، تەھلىل قىلىدۇ. ئۆز ئىدىيەسىنى يىغىنچاقلايدۇ ۋە خۇلاسىلەيدۇ. كېيىنكى سائەت دەرستە كۆزقارىشى ۋە تەشەببۇسىنى بايان

قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ بايانىنى ئەستايىدىل ئاڭلايدۇ، ئوقۇغۇچىلارغا ھەل قىلغۇچ كۆرسەتمە ۋە ئىلھام – مەدەت بېرىدۇ. قارىماققا ئىنتايىن ئاددىيدەك تۇيۇلغان بۇ خىل «ئوقۇتۇش» خارۋاردنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدا توغرا ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى يېتىلدۇرىدۇ. ئۇلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن پائال، مۇستەقىل، ئەستايىدىل ئۆگىنىدىغان قىلىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ، ئۇلارنى قالتىس كىشىلەردىن قىلىپ چىقىدۇ.

## ◉ *خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى*

ئىمتىھان قەغىزىدىكى تۆۋەن نومۇرنى كۆرگىنىمىزدە، قانداق پوزىتسىيە بىلەن ئۆگەندۇق؟ دېگەن مەسىلىنى تەمكىن ھالدا ئويلاپ كۆردۇقمۇ – يوق؟ لاياقەتسىز نومۇرنى كۆرگەندە، نۇرغۇنلار ھەر خىل باھانە – سەۋەبلەر بىلەن ئۇنى ئاقلايدۇ. لېكىن ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش خۇشياقمىغانلىقىنى، ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىنى، ئۆگىنىشكە ماھىر ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ. قانائەتلەنگۈدەك نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆگىنىش پوزىتسىيەمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. كۆپچىلىككە تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتە توغرا ئۆگىنىش پوزىتسىيەسىنى ئاستا – ئاستا يېتىلدۈرۈشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

1. ئۆگىنىشتە تىرىشچان بولۇشىمىز كېرەك. «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەن گەپ بار. دەل ھورۇنلۇق قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن نەتىجىمىز چۈشۈپ كەتكەنىكەن، ئۆگىنىشتە تېز يول يوق. تىرىشىپ ئۆگەنسەكمۇ يەنىلا يېتەرلىك بىلىم ئۆگىنەلمەسلىكىمىزدىن ئەنسىرەيمىز، ناۋادا سىز ھورۇنلۇقنى تاللىسىڭىز، بۇ سىزنىڭ ۋاز كەچكىنىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ. پەقەت تىرىشچانلىقلا بىزنى تېخىمۇ كۆپ بىلىمگە ئېرىشتۈرىدۇ، ئۆزىمىزنى ئۇزۇكسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىيتتىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. بىز « 99% تىرىشچانلىق» ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىمىز، ئارزۇ ـ غايىلىرىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

2. ئاكتىپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. نۇرغۇنلار «ماڭا ئۆگىنىش خۇشياقمايدۇ» دەيدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ گېپىدىن ئۇلارنىڭ مەجبۇرىي ئۆگەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ، كۆپچىلىكنىڭ تۇرمىدىكى سائەتچىنىڭ تۇرمىدە ئېسىل سائەت ئىشلەپچىقىرالمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، چۈنكى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. تاشقى چەكلىمىدىن قانداق قۇتۇلۇش، بىزدىن پائال ۋە تەشەببۇسكار بولۇشنى «سەن ئۆگەنمەكچى بولغان» نى «مەن ئۆگىنىمەن» گە ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كېتىمىز، پوزىتسىيەنىڭ ئۆزگىرىشى، ئۆگىنىشىمىزنى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئىشقا ئايلاندۇرىدۇ.

3. مۇھىمى ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشتا. يېرىم يولدا توختاپ قېلىش ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى. قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگودىن چەت ئەلگىچە بولغان چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلار قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئىگە كىشىلەردۇر. « تاما ـ تاما كۆل بولۇر» دېگەن گەپ بار. ئېگىز بىنالار تۈز يەردىن كۆتۈرۈلىدۇ، ئۆگىنىش ئۆي ۋە كۆۋرۈك سالغانغا ئوخشايدۇ. بىر خىش، بىر خىشتىن قوپۇرغاندىلا مۇۋەپپەقىيەتكە بارىدىغان كۆۋرۈك سالالايمىز.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

توغرا ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى ۋە ئۇسۇلى، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن بولغان ئارىلىقىمىزنى قىسقارتىشى مۇمكىن، ئۇنداقتا سىزنىڭ ئۆگىنىش پوزىتسىيەڭىز توغرىمۇ ـ يوق، سىناپ باقايلى.

پىسخىك سىناق: ئوقۇش باشلىنىش بىلەنلا ئوقۇتقۇچى بۇ مەۋسۇمدا كىچىك دائىرىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچىدىغانلىقىنى

ئېيتتى، كونكرېت ۋاقتىنى مۇئەللىم ئايرىم ئۇقتۇرماقچى، سىز قانداق قىلىسىز؟

1. دەرھال ماتېرىيال تېپىپ، مۇھاكىمە يىغىنىغا تەييارلىق قىلىمەن.

2. مۇئەللىمنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى ساقلاپ جىم تۇرىمەن، ۋاقتى كەلگەندە تەييارلىق قىلىمەن.

3. مۇئەللىمنى ئىزدەپ مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى سورايمەن، مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىدىغان ۋاقىتنى پەرەز قىلىپ، مەلۇم پىلان بويىچە ماتېرىيال تەييارلايمەن.

◉ ***جاۋابنىڭ تەھلىلى***

بىرىنچىنى تاللىغانلار: ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە بولساڭلارمۇ، لېكىن ئىلمىي ئۇسۇلىڭلار يېتەرسىز بولغاچقا، ھەمىشە ئاز ئىشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىسىلەر.

ئىككىنچىنى تاللىغانلار: تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىش پوزىتسىيەڭلار كەمچىل، باشقىلارنىڭ ھەيدەكچىلىكى ۋە ئەسكەرتىشى ئارقىسىدا ئۆگىنىشنى چۈشىنىدىغانلار.

ئۈچىنچىنى تاللىغانلار: سىلەر ئۆگىنىش پوزىتسىيەڭلار توغرا، ئۆگىنىش ئۇسۇلىڭلار مۇۋاپىق، ئۆگىنىشكە ماھىر كىشىلەر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئۆزىمىزنى چەكلىمەيلى، ئەسەۋۋۇرىمىز ئەركىن پەرۋاز قىلسۇن

**خارۋاردنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمەتلىك سۆزى: ئىجادكارلا ھەقىقىي بەھرىمەن بولغۇچىدۇر.**

كۆپچىلىككە بىر مۇھاكىمە سوئالى قويااي: بىر قۇلۇلە بار ئىكەن، كۈندە بىر چىنارنىڭ ئاستىدا ئوينايدىكەن. بىر كۈنى، قۇياش نۇرى قۇلۇلىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەندە، ئۇ ئۇشتۇمتۇت چىنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كۆرۈپ باقماقچى بولۇپتۇ. قۇلۇلە دەرەخ يىلتىزىنى بويلاپ سەپىرىنى باشلاپتۇ. ئۇ دەرەختە بەزىدە ناھايىتى تېز، بەزىدە ئاستا يامىشىپتۇ، بەزىدە تېخى توختاپ ئەتراپتىكى مەنزىرىدىن ھۇزۇرلىنىپتۇ، ياكى خېيىم - خەتەر بار - يوقلۇقىنى كۆزىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇلۇلە كۈن ئولتۇرغاندا چىنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ، ئۇ چىنارنىڭ ئەڭ ئېگىز شېخىغا چىقىپ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

قۇلۇلە ئەتىسى ئاپتاپ ئۈستىگە چۈشكەندە ئويغىنىپ، ئۆيىگە كەتمەكچى بولۇپ، يەنە يەر بېغىرلاپ مېڭىپ قايتىپتۇ، ئۇ چىناردىن تۈنۈگۈن چىققان يول بىلەن چۈشۈپتۇ، بەزىدە تېز، بەزىدە ئاستا چۈشۈپتۇ، چىققان چاغدىكىدەك توختاپ ھاردۇقمۇ ئاپتۇ ياكى زەيتۇن شەربىتى ئىچىپتۇ. ئۈستىدىن تۆۋەنگە قاراپ پايلاش پەستىن يۇقىرىغا قاراپ پايلىغاندىن جىق ئاسان ئىدى، قۇلۇلە قۇياش ئولتۇراي دەپ قالغاندا ئۆيىگە ـــ سەپەرگە ئاتلانغان جايغا يېتىپ كەپتۇ.

بۇ مەسىلىدىن قۇلۇلە ئىككى كۈن ئىچىدە ئوخشاش بىر

ۋاقىتتا ئۆتكەن بىر نۇقتا بارمۇ ـ يوق، يەنى قۇلۇلە بىرىنچى كۈنى ماڭغان مەلۇم بىر نۇقتىدىن ئىككىنچى كۈنى دەل بىرىنچى كۈنى ئۆتكەن ۋاقىتتا ئۆتكەنمۇ ـ يوق دېگەن مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمىزنى ئىشقا سېلىشىمىز كېرەك، خىيال دېڭىزىمىزدا قۇلۇلىنىڭ چىنارغا يامىشىش كۆرۈنۈشىنى پەيدا قىلىشىمىز، ئاندىن قۇلۇلىنىڭ يامىشىش سۈرئىتى، ۋاقتى ۋە مۇساپىسىنى، ئاخىرىدا ئاشۇ نۇقتىنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك.

بۇ، سېلىشتۇرۇش ئىلمىنىڭ مەسىلەرنى يېشىش ئۇسۇلى، بىز باشلانغۇچ مەكتەپتە مەسىلە ئىشلىگىنىمىزدە، مۇشۇنداق مەسىلىلەرگە يولۇقاتتۇق. ناۋادا مەن تېز ھەم توغرا جاۋابقا ئېرىشمەكچى بولسام، بىز تاپماقچى بولغان نۇقتىنىڭ نەدىلىكىنى كىم دەپ بېرەلەيدۇ؟ بۇ چاغدا مېڭىمىز جىددىي ئىشقا كىرىشىدۇ، لېكىن بۇ سوئال بەلكىم نورمال سوئالدۇر، كۆپچىلىكنى گاڭگىرىتىپ قويار. لېكىن كىچىك باللار بۇنىڭغا بىردەمدىلا جاۋاب بېرەلەيدۇ. بىز دەۋاتقان نۇقتا قۇلۇلە توختاپ ئارام ئالغان جايدىن ئىبارەت، بەزىلەر بەلكىم بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، بۇ خىل ئېھتىماللىق ناھايىتى ئاز دېيىشى مۇمكىن. لېكىن كۆپچىلىك بۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇتمۇ-يوق دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئەلۋەتتە مەۋجۇت. قۇلۇلە ئىككىنچى كۈنى بىرىنچى كۈندىكى «ئىز» ى بىلەن ئۆيىگە يانىدۇ، يەنى ئۆزىنىڭ بەدەن سۇيۇقلۇقى قېلىپ قالغان ئىز بىلەن قايتىدۇ. شۇڭا قۇلۇلە بىرىنچى كۈنى توختاپ، ئەتراپتىكى مەنزىرىنى تاماشا قىلغان نۇقتىنى بايقايدۇ. بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى شۇنچە گۈزەل تۇرسا، قۇلۇلە ئەلۋەتتە توختاپ ئارام ئالىدۇ-دە. ھالبۇكى ۋاقىت مەسىلىسىگە كەلگەندە، بىز تەپەككۇر ئادىتىمىزنى بۇزۇپ تاشلاپ، قۇلۇلە ئاشۇ نۇقتىدىن دەل ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئۆتكەن دەپ قىياس قىلساق بولىدۇ.

نۇرغۇنلار مۇشۇنداق ئاددىي مەسىلىگىمۇ جاۋاب

بىرەلمەسلىكى مۇمكىن. چۈنكى، ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولۇشىمىزغا ئەگىشىپ، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمىزمۇ تۈرلۈك چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدۇ، ئويلايدىغان نەرسىلىرىمىزمۇ بارغانسىرى كۆپىيىدۇ، ئۇلار ئوي ـ پىكرىمىزنىڭ تېخىمۇ ئەتراپلىق بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. لېكىن دەل ئاشۇ ئەتراپلىق ئىدىيە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمىزنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بىزنى قەپەسكە سولاپ قويىدۇ، قەپەستىن ئىككىنچىلەپ چىقالمايمىز.

كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشىمىزدە، نۇرغۇن ئاجايىپ ـ غارايىپ مەسىلىلەرگە يولۇقىمىز. بۇ مەسىلىلەر خۇددى قۇلۇلە دەرەخكە ياماشقانغا ئوخشاش بىزدە بەزى گۇمانلارنى پەيدا قىلىدۇ. لېكىن بىز بۇ گۇمانىي مەسىلىلەرگە چوقۇم جاۋاب تېپىشىمىز كېرەك. نۇرغۇنلار ئاددىي مەسىلىلەرگىمۇ جاۋاب تاپالمىغاچقا قاقشاپ جاھاننى بېشىغا كىيىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى تامامەن نابۇت بولغاچقا، مەسىلىلەرنى مېخانىك ھالدا تەپەككۇر مەنتىقىسىگە تايىنىپ تەھلىل قىلىدۇ ۋە ھەل قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرۇشقا ماھىر بولساقلا مەسىلىلەر ئىلھامىمىز كەلگەن ئاشۇ دەقىقىدە ھەل بولىدۇ.

خارۋاردنىڭ بىر پسىخولوگ پروفېسسورى ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن:

ھەممىشە «يالغان سۆزلىگەچكە»، كىشىلەر ئانچە ياقتۇرمايدىغان بىر بالا بار ئىكەن، ئۇ بىر كۈنى ساۋاقداشلىرى بىلەن ئويۇنغا كېتىۋېتىپ، يولدا بىر شېغىل تاشنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنى ئېلىپ سىنچىلاپ كۆرۈپتۇ، ئاندىن ساۋاقداشلىرىغا «بۇ بىباھا گۆھەر تاشكەن» دەپتۇ ھەيران بولۇپ، ساۋاقداشلىرى تاشنى ئېلىپ سەپسېلىپ كۆرگەندىن كېيىن، «قۇرۇق گەپ» دېيىشىپتۇ ـ دە، بالىنىڭ يېنىدىن كېتىپتۇ.

مۇئەللىمى بۇ بالىدىن بەزى مەسىلىلەرنى سورىغاندا، ئۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ جاۋابلارنى بېرىدىكەن. مۇئەللىم ئۇنى دەرسنى

كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمايسەن دەپ دائىم ئەيىپلەيدىكەن، ئۇنى گەپ ئاڭلىمايدىغان، يالغانچى بالا دەپ قارايدىكەن. مۇئەللىم بالىنىڭ دادىسىغا بالىنىڭ مەكتەپتىكى ئىپادىسىنى دەپ، دادىسىنىڭ بالىسىنىڭ يالغان سۆزلەيدىغان ئەيىبىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىپتۇ. لېكىن بالىنىڭ دادىسى بالىسىنىڭ قىلىق ـ ھەرىكەتلىرىنى ئىنچىكە كۆزەتكەندىن كېيىن ئوغلىنىڭ يالغانچى ئەمەسلىكىنى، پەقەت شۇ تەسەۋۋۇرنى ئىشقا سېلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ.

بۇ بالا ئويناۋېتىپ بىر تەڭگە تېپىۋاپتۇ. ئۇ تەڭگىگە سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئاچىسىغا «بۇ قەدىمكى رىم دەۋرىدىكى تەڭگىكەن» دەپتۇ. ئاچىسى تەڭگىنى ئېلىپ قاراپ باققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئادەتتىكى، ئەمما شۇ كونا تەڭگىلىكىنى سېزىپتۇ. ئۇكىسىنىڭ گېپىگە سەل خاپا بولغان ئاچىسى بۇ ئىشنى دادىسىغا دەپ، دادىسىنىڭ بالىنى تازا بىر ئەدەپلەپ، كېيىن يالغان سۆزلىمەس قىلىۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىپتۇ. دادىسى ئوغلىنى چاقىرىپتۇ، لېكىن ئۇنى ئەدەپلىمەستىن، ئەكسىچە بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپتۇ ۋە «ئەقىللىق بالام، سېنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭ نېمىدېگەن مول» دەپتۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە.

دادىنىڭ بالىسىنى ماختىغانلىقىنى كۆرۈپ تەئەججۈپلەنگەن كىشىلەر، دادىنىڭ بۇنداق قىلىشى توغرا ئەمەس، ناۋادا بالىلارنى دائىم ئەركىلەتسەك، بالىنىڭ ئەيىبى ئەدەپ كېتىپ، بالا چوڭ بولغاندا يالغانچى، ساختىپەز ئادەم بولۇپ قالىدۇ، دېيىشىپتۇ. بالىنىڭ دادىسى كىشىلەرنىڭ قارشىغا پىسەنت قىلماي، بالىنىڭ ھەر بىر قېتىمقى «يالغان گېپى» نى ماختايدۇ. ۋاھالەنكى، بالا كېيىن بۈيۈك ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ، مانا بۇ ئالىم دارۋىندۇر.

دارۋىن كېيىن «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى»نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، بۇ نەزەرىيە مول تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ۋە سانسىز ئەمەلىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىسال ـ پاكىستانلار ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇڭا ناۋادا دارۋىن تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ كەلمىگەن بولسا، تەسەۋۋۇرى قاناتلانمىغان بولسا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان بولاتتى.

## ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى تەقدىرلىنىشكە ۋە رىغبەتلەندۈرۈشكە ئېرىشىدۇ. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلار مول تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇلار قوبۇل قىلغان مائارىپ ئىلغار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار نەزەرىيە ۋە تەربىيە چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئەكسىچە سەنئەت ئىجادىيىتى ياكى نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئۆزگىچە، يېڭى يول تۇتىدۇ. ئۆز كۆزقارىشى ۋە تەشەببۇسىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ.

تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ھەر بىر ئادەمدە تۇغۇلۇشىدىنلا بولىدۇ. لېكىن، تەگرى ئىنئام قىلغان بۇ سوۋغات چوڭ بولغىنىمىزدا غايىب بولۇپ كېتىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش دېگەندىن كۆرە كۆپچىلىكنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى قايتۇرۇپ كېلىش دېگەن تۈزۈك. كىچىك چاغلىرىمىزغا، ئەڭ سەبىي چاغلىرىمىزغا قايتساق، ئەركىن ـ ئىختىيارىي تەسەۋۋۇر قىلغان بولاتتۇق. چۈنكى تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ئىجادچانلىقىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەسەۋۋۇر تەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىدۇ، ئىدىيەمىزنى بېيىتىدۇ. مەن كۆپچىلىكنىڭ زىيادە چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقىنى، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمىز ئۈچۈن چەكلىمىنى بۇزۇپ تاشلاشنى، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى ھەممە يەردە قاناتلاندۇرۇشنى، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنىڭ كۆلكە ساداسى ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا كەلگۈسىگە، مۇۋەپپەقىيەتكە قاراپ ئىلگىرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇھاكىمە سوئالى: ئون قەۋەتلىك بىر بىنا بولۇپ، لىفتىنىڭ ھەر بىر قەۋەتتىكى ئىشىكى ئالدىدا بىردىن ئالماس قويۇلغان، ئالماسنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشىمايدۇ. سىز لىفتتا چىقىسىز. لىفت بىرىنچى قەۋەتتىن باشلاپ ئونىنچى قەۋەتكىچە ھەر بىر قەۋەتتە توختايدۇ. لېكىن سىزنىڭ ئالماسنى بىر قېتىملا ئېلىش پۇرسىتىڭىز بار. سىز قانداق قىلىپ ئەڭ چوڭ ئالماسنى ئالالايسىز؟

◉ **جاۋاب**

ئالدىنقى بەش قەۋەتتە ئالماسنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى كۆزىتىمەن. كېيىنكى بەش قەۋەتتە ئالماسنىڭ چوڭىنى ئىزدەيمەن، ئالدىنقى بەش قەۋەتتە كۆرگەن ئەڭ چوڭ ئالماس بىلەن كۆپ پەرقلەنمەيدىغان ئالماستىن بىرنى ئالىمەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر ئوچۇق سوئال بولۇپ، بىزنىڭ پىكىر - ئىقتىدارىمىزنى سىنايدۇ، خالاس، ناۋادا پىكىر - ئىقتىدارىمىز چولتا بولسا، خالىغان بىر تاشنى ئېلىپ سېلىپ، ئەڭ چوڭ تاشنى ئېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇشىمىز مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جاۋاب بىرلا ئەمەس: بىزگە مەڭگۈ يول ئوچۇق

*خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:*
**تالانت پەقەت غەيرىي ئادەت ـ ئۇسۇل بىلەن شەيئىلەرنى ھېس قىلىش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت.**

«جاۋاب بىرلا» دېگەن گەپنى ئاڭلىغىنىمىزدا بەكلا بىئارام بولىمەن. چۈنكى بۇ گەپ ئاشۇ بىرلا توغرا جاۋابنى تېپىش ئۈچۈن چوقۇم چوڭقۇر باش قاتۇرۇپ ئويلاش زۆرۈر دېگەندىن دېرەك بېرەتتى. لېكىن سوئال سورىغۇچىنىڭ ھەر قېتىم « جاۋاب بىرلا ئەمەس» دېگەن گېپىنى ئاڭلىغىنىمىزدا روھلىنىپ كېتىمەن، ئاندىن ئەركىن تەپەككۇر قىلىپ خىلمۇخىل جاۋابلارنى ئىزدەشكە باشلايمەن. بەلكىم بۇ جاۋابلار خاتادۇر. لېكىن بىز زېرىكمەستىن پائال پىكىر يۈرگۈزىمىز، ئىزدىنىمىز. نېمىشقا شۇنداق قىلىمىز. چۈنكى، خىلمۇخىل جاۋاب تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمىزنى ئۇرغۇتىدۇ. ئىجادچانلىقىمىزنى ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خىلمۇخىل جاۋاب ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاشۇ «بىرلا جاۋاب» نى تېپىش ئۈچۈن قاتتىق باش قاتۇرغان بىلەن «جاۋابى بىرلا ئەمەس» دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى سېلىشتۇرساق «جاۋابى بىرلا ئەمەس» نىڭ جاۋابىنى تېپىش ئاساندەك ئۆزىمىزنى تولىمۇ يېنىك ۋە ئەركىن ھېس قىلىمىز.

تارىخ چاقى توختاۋسىز ئىلگىرىلىمەكتە، ئىجادچانلىقتا ئىگە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ئارقىلىق دۇنيانى تىرىشىپ ئۆزگەرتمەكتە. كىچىكىمدە پەنگۇننىڭ ئالەمنى

يارىتىشى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇنداقلا ئۇ چاغدا ئالەمنىڭ ئەلمىساقتىن بۇرۇنقى تۇمان ۋە قاراڭغۇلۇق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتىم. ھالبۇكى بۈگۈنكى دۇنيا ھاياتى كۆچكە تولغان دۇنيادۇر. تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلارنىڭ تۈرىدىن باشقا، ئىنسانلار ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان نەرسىلەرمۇ ئىنتايىن كۆپ. سەددىچىن سېپىلى، ئەلئېھرام، ئەسكەر ۋە ئات ھەيكەللىرى قاتارلىقلار قەدىمكىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى نامايان قىلىپ بەردى؛ چاڭگىسىمان تەنتەربىيە سارىيى، سۇيلىفاڭ سۇ ئۈزۈش مەيدانى، دۇنيا سودا كۆرگەزمىسىنىڭ جۇڭگو زالى قاتارلىقلار ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ مول تەسەۋۋۇر كۈچىنى نامايان قىلىپ بەردى.

بۇ دۇنيادا بەزىلەر يەنىلا «غەپلەت ئۇيقۇسى»دا ئۇخلاۋاتقان بولسا، بەزىلەر ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە، ئۇلار خۇددى «باشقىچە بىر خىل ئادەم»لەرگە ئوخشاش بەزىدە تولىمۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇلار غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاشنى خالىمايدۇ. ئۇلار ئەقىل ـ پاراسىتى ئارقىلىق ۋاقىت بىلەن بەسلەشمەكتە. پۈتۈن جەمئىيەتتىكىلەر بىلەن بەسلەشمەكتە. شۇڭا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، ياشاۋاتقان مۇھىتىمىز ھەمىشە مېڭىمىزنى خورىتىپ، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمىز ۋە ئىجادچانلىقىمىزنى نابۇت قىلىپ، ئاخىر بىزنى تۇيۇق يولغا مېڭىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەر «تۇيۇق يول» غا مېڭىشقا مەجبۇر قىلىنغانىدى. لېكىن ئۇلار ۋاز كېچىشنى تاللىماستىن ئۆزلىرىنىڭ ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرغاندىن كېيىن، يېڭى، نۇرلۇق، ئۆزلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان يول تاپقان.

بې يۈمىڭ ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق بولۇپ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىناكارلىق ئۆگەنگەن. ئۇ «ئاخىرقى مودېرنىزم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇسلۇبىدىكى بىناكار» دېگەن نامغا ئېرىشكەن، قۇرۇلۇش ساھەسىدە كىشىلەر ئۇ لايىھەلىگەن ئابستراكت شەكىلدىكى قۇرۇلۇشلارنى ناھايىتى زوق ـ ھەۋەس بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئۇ نۇرغۇن قۇرۇلۇشنى لايىھەلەشكە قاتناشقان، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ئەمەلىيەتچان بىناكار دەپمۇ تەرىپلىشىدۇ. ئۇ لايىھەلىگەن قۇرۇلۇشلاردىن ئاۋمىبېندىكى پەن ـ تېخنىكا سارىيى، سۇجۇ مۇزېيى، شياڭشەن مېھمانسارىيى قاتارلىقلار بار. ئۇ لايىھەلىگەن ھەر بىر قۇرۇلۇش كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان، كىشىلەر ئۇنىڭ كاتتا ئىمارەتلىرىدىن بەھرى ئېلىشقىنىدا، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ۋە ئىجادچانلىقىغا قايىل بولماي قالمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدە ئىجادچانلىقنى يېتىلدۈرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بې يۈمىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىناكارلىقنى ئۆگەنگەن مەزگىلىدە، پىروفېسسورلار ئۇلارغا دۇنيادىكى مەشھۇر بىنالارنىڭ قانداق سېلىنغانلىقىنى كەمدىن ـ كەم چۈشەندۈرەتتى. ئەكسىچە ئوقۇغۇچىلارغا بىنالارنى، تەسەۋۋۇردىكى بىنالارنى لايىھەلىتەتتى. ھەر بىر بىنا ھاياتىي كۈچكە تولغان بولىدۇ. لېكىن ھەرقانداق بىناكار ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلالمايدۇ. ھالبۇكى پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر بې يۈمىڭ بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇ ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە قۇرۇلۇش لايىھەلەشنى ياخشى كۆرەتتى، دۇنيادىكى كاتتا قۇرۇلۇشلارغا سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ لايىھەلىرى ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ قۇرۇلۇشلاردىكى تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ لايىھەلىگەن قۇرۇلۇشلار ھەرقانداق بىر مەشھۇر قۇرۇلۇشتىن قېلىشمايدۇ.

ئوقۇغۇچىلار لايىھەلىگەن قۇرۇلۇشلار پىروفېسسورلارنىڭ يېتەكلىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشىگە ئېرىشىدۇ. پىروفېسسورلار دائىم: «كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىلەر تەسەۋۋۇرىڭلاردىكى قۇرۇلۇشنى

ۋۇجۇدقا چىقىرالايسىلەر، ئۇ قۇرۇلۇش دۇنيادىكى تەڭدىشى يوق قۇرۇلۇش بولۇپ قالىدۇ» دەيتتى. بى يۇمىڭ دەرۋەقە بۇنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

پىروفېسسورلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ۋە ئىجادچانلىقى تولۇق جارى قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق. ئۇلار ھەرقانداق «بىمەنە» مەسىلىنىمۇ ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپالايدۇ. تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ئۇلارنى تېخىمۇ ئېگىز پەرۋاز قىلدۇرسا، ئىجادچانلىق ئۇلارنى تېخىمۇ ئۇزۇن پەرۋاز قىلدۇرىدۇ. ئۇلار جاۋاب بىر دېگەنگە مەڭگۇ ئىشەنمەيدۇ، ئۇلار تۈيۈق يول مەۋجۇت ئەمەس، پۈتمەس - تۈگىمەس تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمىز ۋە ئىجادچانلىقىمىزنى پايدىلىنىپ ساقلىساقلا يولىمىز مەڭگۇ ئوچۇق بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

كىچىككىمىزدە كۆپىنچە (ئويۇنچۇق) تىزىپ ئويناپتۇق، ئۇ چاغدا چىرايلىق بىر ئۆي سالساق دەپ ئويلايتتۇق. بۇ ئويىمىز ھازىرمۇ بارمۇ - يوق؟ بۇنىڭغا كىشىلەر ئۇ دېگەن گۆدەك چاغلىرىمىزدىكى خىياللارغۇ دەپ كۈلۈشى مۇمكىن. لېكىن كۆپچىلىككە ئاشۇ گۆدەكلىكىمىزدىكى ئويىنى ساقلاشنى، كىچىك كۆپىنچە بىلەن بىر كۆۋرۈك سېلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن، شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، ئالدىمىزدا مەڭگۈ بىرلا يول بار، ئۇ يول تەسەۋۋۇر ۋە ئىجادچانلىقتىن ياسالغان، بۇ يول ئىزچىل ھازىرمۇ مەۋجۇت، بىز «قاتمۇقات تاغ - دەريالاردا يول يوقمىكىن» دەپ قارىغان چېغىمىزدا يول پەيدا بولۇپ، كۆز ئالدىمىزدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر، ئىللىق ئاپتاپ نامايان بولىدۇ.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

ئىككى ئەما ئىككى جۈپ قارا پايپاق، ئىككى جۈپ ئاق پايپاق ئاپتۇ. بۇ پايپاقلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە سۈپىتى ئوخشاش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەر بىر جۈپ پايپاق ماركا قەغىزى بىلەن چېتىپ قويۇلغانىكەن. ئىككى ئەما پايپاقلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇلار قانداق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىككى جۈپ ئاق پايپىقى ۋە ئىككى جۈپ قارا پايپىقىنى تېپىپ ئالالايدۇ؟

◉ **جاۋاب**

ھەر بىر جۈپ پايپاق ماركا قەغىزى بىلەن چېتىپ قويۇلغان، شۇڭا ئىككى ئەما ھەر بىر جۈپ پايپاقتىن پەقەت بىرنى ئالسىلا بولىدۇ.

# ئوي ـ پىكىر ۋە ئىلھام ئادەتتىكى تۇرمۇشتىن كېلىدۇ

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:***
**ئىجادچانلىقتا ئىگە كىشى ئارىسالدىلىق ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇ مەسىلىنى دەرھال ھەل قىلماستىن، مۇۋاپىق ئامالنى ئىزدەيدۇ.**

بىز ئاشۇ ئالىم ۋە كەشپىياتچىلارنىڭ بايقاشلىرىغا چوڭقۇر قايىل بولغىنىمىزدا، خىيال دېڭىزىمىزدا ئاشۇ ئالىملارنىڭ دائىم ئىلغار سايمان ـ ئۈسكۈنىلەر بىلەن تولغان بىر ئېغىزلىق تەجرىبىخانىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى پەيدا بولىدۇ. ھالبۇكى، ئەمەلىيەت بىزگە بۇنداق خىيال قىلىشنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلىدى. ھەتتا بۇنداق ئويلاشنى ئىنتايىن خاتا دېيىشكىمۇ بولىدۇ، شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، كەشپىياتچىلار تەجرىبىخانىدا ئولتۇرۇپ قانداق بىرنېمىنى كەشىپ قىلىشىم كېرەك دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ ئولتۇرمايدۇ، بارلىق كەشپىيات تۇرمۇشتىن كېلىدۇ، كەشىپ قىلىنغان نەرسىمۇ تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئامېرىكىلىق ستەيفېيكى (Sitaifeike) دەيدىغان ناھايىتى داڭلىق بىر سودىگەر بار ئىدى، ئۇ ئەسلىي سودىگەر بولماستىن، ھەربىي ئىدى، ئۇ ھەربىي سەپتىن قايتقاندىن كېيىن دوختۇرخانىدا داۋالىنىدۇ. بىكارچىلىقتا كىتاب ئوقۇيدۇ، ئوقۇغان كىتابتا پىكىر قىلىش، باي بولۇشقا دائىر ئىشلار يېزىلغانىدى، كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دىلى يورۇپ، باي بولۇشنىڭ ئامالىنى تاپقاندەك بولىدۇ، ھاياجاندىن ئۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باسالماي قالىدۇ، زەردار بولۇشنى ئويلايدۇ.

ستەيفىپكى كارىۋاتتا ياتقاچ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى قاناتلىنىدۇ. بىردەم ساناتورىيە ئاچماقچى بولسا، بىردەم ئېلان شىركىتى ئاچماقچى بولىدۇ؛ بىردەم ئۇچۇر مەركىزى قۇرماقچى بولىدۇ... ئۇ بۇ تەسەۋۋۇرلىرىدىن ئىنتايىن سۆيۈنىدۇ. لېكىن بىردەمدىن كېيىنلا چىرايىدىكى كۈلكە غايىب بولىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ ئىشلىرى بىلەن بىراقلا داڭ چىقىرالىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ بۇ ئوي - خىياللىرىنىڭ ئەمەلىيەتتىن يىراقلىقىنى بايقايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان مەبلىغى يوق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرلىرى ئۆزىنىڭ رېئال شارائىتىدىن يىراقلاپ كەتكەن بولغاچقا، كۆپۈككە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن بولسىمۇ، باي بولۇش نىيىتىدىن يالتىيىپ قالمايدۇ. لېكىن ئالدىنقى ساۋاقنى يەكۈنلەپ، باي بولۇشنىڭ يولىنى كىچىك ئىشلارنى قىلىشتىن باشلىماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرنەچچە كۈن ئويلىنىدۇ. ئەمما ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

بىر كۈنى بىر سېسترا ئۇنىڭ يۇيۇلغان بىر كۆڭلىكىنى ئېلىپ كىرىدۇ، سېسترا كۆڭلەكنى كىر يۇيۇش دۇكىنىدا يۇدۇرغانىدى، ستەيفىپكى سېستراغا «رەھمەت» ئېيتقاندىن كېيىن باي بولۇش خىيالىغا چۆمىدۇ. ئۇ ئويلاۋېرىپ بېشى ئاغرىپ كەتكەندە، كۆڭلە ئىچىدىكى نېپىز تاختىنى كۆرۈپ قالىدۇ، بۇ تاختا كىر يۇيۇش دۇكىنىدىكىلەر كۆڭلەكنىڭ پۈرلىشىپ كەتمەي تۈز تۇرۇشى ئۈچۈن ئىشلەتكەن تاختا ئىدى. بۇ تاختا ستەيفىپكىنى شۇندىن كېيىن سودا يولىغا باشلايدۇ. ئۇ تاختىنىڭ ئۈستىگە ئېلان چىقىرىپ، ئېلان چىقىرىشقا ئېھتىياجلىق سودىگەرلەردىن ئېلان ھەققى ئالىدۇ، قولىغا پۇل كىرگەندىن كېيىن باشقا يوللار بىلەن كۆڭلەك تاختىسىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، ئۇ ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئىنتايىن باي سودىگەر بولۇپ قالىدۇ.

ستەيفىپكىنىڭ باي بولۇشى شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى،

ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ئوي ـ پىكىر ئەسقاتمايدۇ. بۇ خۇددى ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېگەنگە ئوخشاش گەپ، ئادەتتىكى تۇرمۇشتىن ئىلھام ئىزدىگەندىلا، پىكىر يۈرگۈزگەندىلا، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيمىز. نۇرغۇن تەسەۋۋۇر ۋە ئىلھام ئاساسسىز پەيدا بولمايدۇ. شۇنداقلا تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ۋە ئىجادچانلىق يالغۇز ئالىم ۋە كەشپىياتچىلاردىلا بولمايدۇ. ھەممە ئادەمدە بولىدۇ. پەقەت ئاشۇ تەسەۋۋۇردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانساقلا، ھەممىمىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز.

خارۋارد سودا ئىنستىتۇتى نۇرغۇن كىشىلەر كىرىشكە ئىنتىزار بولىدىغان ئورۇن، چۈنكى ئۇ زەردارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان جاي. سودا ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەنلەر كۆپ بايلىققا ئىگە بولىدۇ. لېكىن ئۇلار بۇ بايلىققا سودا ئىنستىتۇتىدا نۇرغۇن چوڭقۇر بىلىم ئالغانلىقىدىن ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلار بۇ يەردە بارلىق تەسەۋۋۇرىنىڭ ئاددىي تۇرمۇشتىن كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاددىي بىر ھەقىقەتنى بىلىۋالغانلىقتىن ئېرىشكەن.

سودا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مۇنداق بىر ھېكايىنى ياخشى كۆرىدۇ: جونېس بىر دېھقان، دېھقانچىلىق مەيدانى كىچىك بولغاچقا، ئۆيىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئاران قامدايدۇ. بىر كۈنى ئۇ ئورنىدىن تۇرالمايدۇ، ئەسلىي ئۇ پۈتۈن پالەچ بولۇپ قالغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يېتىپ قېلىپ، كېرەكسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە ئەل ـ ئاغىنىلىرى ئۇنى ئىنتايىن بەختسىز ئادەم، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچنېمە قىلالمايدۇ دەپ قارىشىدۇ، لېكىن جونېس ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ، ئۇ بىرنەچچە كۈن ئويلانغاندىن كېيىن، ئۆيىدىكىلەرنى چاقىرىپ، ئۇلارغا پىلانىنى دەيدۇ : يەرگە ئالدى بىلەن كۆممىقوناق تېرىيلى، كۆممىقوناق پىشقاندا، ئېتىزدا چوشقىلارنى كۆممىقوناق بىلەن باقايلى، چوشقىلار بەك يوغىناپ كەتمەستە ئۆلتۈرۈپ كالباسا ئىشلەپ ساتايلى. ئۆيىدىكىلىرى جونېسنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇزاق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆتمەيلا باي بولىدۇ.

جونىس ئىنتايىن ئەقىللىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنى «ئۇلۇغ ئايلىنىش» ئىدى، تورايلار ئىچىمىزدا چوڭ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ گەندە ـ سۆيدۈكلىرى تەبىئىي ئوغۇت بولىدۇ. كېيىنكى يىلى يەر تېخىمۇ كۈچلىنىپ، كۆممىقوناقمۇ ئوخشايدۇ، بۇنىڭ بىلەن تورايىنىمۇ كۆپ باقىلى بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا كالباسانىمۇ كۆپ ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ... مەن كۆپچىلىكنىڭ ھازىردىن باشلاپ بۇ ھېكايىنى ياخشى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

«ئەمەلىيەت داۋامىدا پىكىر يۈرگۈزگەندىلا، ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلار خىيالىمىزغا كېلىدۇ.» تۇرمۇشنى كۆزىتىشكە ماھىر بولساقلا، ئادەتتىكى تۇرمۇشتىن ئەڭ قىممەتلىك تەسەۋۋۇرلار تۇغۇلىدۇ. مول تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ۋە ئىجادچانلىق يالغۇز خارۋارد سودا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدا، جونىستا بولۇپلا قالماي ھەممىمىزدە بار. لېكىن بىز تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرالىدۇقمۇ ـ يوق، چاقناپ ئۆتۈپ كېتىدىغان تەسەۋۋۇر ۋە ئىلھامنى تۇتالىدۇقمۇ ـ يوق دېگەن مەسىلە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ھەرقانداق ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولسا، ئۇ ـ خىيال باسقۇچىدىلا توختاپ قالماسلىقى، ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك. مەيلى كۆڭۈلدەك تاختىسىغا تايىنىپ بېيىغان كاتتا سودىگەر ستەيفېيكې بولسۇن، ياكى ئۇلۇغ ئايلىنىشقا تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان دېھقان جونىس بولسۇن، ئۇلار تەسەۋۋۇرنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن باي بولغان. شۇڭا تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ۋە ئىجادچانلىقىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، تاسەۋۋۇر ـ خىياللىرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكەت داۋامىدا ئىسپاتلىشىمىز —— مۇۋەپپەقىيەت

قازىنىشىمىزنىڭ مۇقەررەر يولىدۇر.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

ئاغىنىڭىز بىلەن يۇچۇن بىر يەرگە ئېكسپېدىتسىيەگە بارماقچى بولدىڭىز، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن نېمىلەرنى تەييارلايسىز؟

1. بارىدىغان جايغا مۇناسىۋەتلىك خەرىتە ۋە كىتابلارنى تەييارلايمەن.

2. كومپاس، دورا قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلايمەن

3. مەھەللىدىكىلەردىن كىمنىڭ ئۇ يەرگە بارغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇ يەرگە يېقىندا بارغان كىشىدىن ئەھۋال ئىگىلەيمەن.

### ◉ جاۋابىنىڭ تەھلىلى

بىرىنچىنى تاللىغانلار: كىتابىي بىلىمگە زىيادە تايىنىدىغانلار، خەرىتە ۋە كىتابلار ۋاقىتچانلىقىغا ئىگە بولۇپ، ئەمەلىي ئەھۋال بىلەن پەرقلىنىدۇ.

ئىككىنچىنى تاللىغانلار: بىلىمگەن جاينىڭ خەتىرى بارلىقىنى ئويلايدىغانلار، لېكىن ئېكسپېدىتسىيەگە چىققاندا يېتەرلىك نەرسە ئېلىۋالمايدىغان كىشىلەر بولۇپ، ناۋادا كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالىدىغانلاردۇر.

ئۈچىنچىنى تاللىغانلار: بىۋاسىتە تەجرىبىنىڭ كىشىلەرگە پايدىسى زور، سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بىلمىگەن يەردە قانداق خەۋپ ـ خەتەرنىڭ بارلىقىنى، نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالىدىغانلار. بۇ خىل تاللاش ئۈچ خىل تاللاشنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى تاللاش ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئىجادچانلىقتىن پايدىلىپ تەپەككۇرنىڭ كىشەننى بۇزۇپ تاشلايلى

**خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇلۇغ مۇبەخش ھېكمىتى: ھەقىقىي ئىجادچانلىقتا ئىگە كىشى ئۆزىدىكى چەكلىمىدىن قۇتۇلالايدۇ.**



ئىجادچانلىق ــ كىيىن تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان ئىقتىدار ئەمەس. تۇغۇلۇشىمىزدىنلار بۇ خىل ئىقتىدارغا ئىگىمىز. لېكىن بەزىلەر بۇ خىل ئىقتىداردىن پايدىلىنالمايدۇ، ياكى پايدىلىنىش ئېڭى كەمچىل. ناۋادا ئۆزىمىزدىكى ئىجادچانلىقتىن پايدىلىنالمىساق، تەپەككۇر ئادىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، قانداقلا ئىش قىلساق چەكلىمىگە ئۇچرايمىز. ناۋادا ئەنئەنىۋى كۆزقاراشتىن چىقىپ كېتەلمىسەك، نۇرغۇن ئىشلىرىمىز ئاخىرىدا مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن.

كىران ئادەتتىكى سودىگەر، ئۇ كىچىك كارخانىسىدا شاكىلات ئىشلەپچىقىرىدۇ ۋە ساتىدۇ. لېكىن ياز كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ بېشى قاتىدۇ، چۈنكى، يازدىكى يېزغىرىم ئىسسىقتا شاكىلات يۇمشاپ ئېرىپ كېتىدۇ. شۇڭا دۇكاندارلار يازدا شاكىلات ئالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىراننىڭ شاكىلاتلىرىنىڭ بازىرىمۇ كاساتلىشىپ، كارخانىسى تاقىلىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ. كىران بۇنىڭغا ئەقىل ــ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، يازدا شاكىلات ئۆتمىگەندىكىن ئىسسىققا چىدامىلىق باشقا خىل كەمپۈت ئىشلەپچىقىرىش نىيىتىگە كېلىدۇ. كېيىن ئۇ بىر خىل ناۋات

ئىشلەپچىقىرىدۇ. بۇ خىل ناۋاتنىڭ يازدىمۇ سېتىلىشى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ. ياز ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنلا شاكىلاتنىڭ سودىسىمۇ ياخشى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېيىن پەسىلنىڭ ئالمىشىشى بىلەن مەھسۇلاتىمىنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ قالارمۇ دېگەن غەمدىن خالاس بولىدۇ.

ئەمەلىيەت ئارقىلىق شۇنى بايقىدۇقكى، يېڭىلىق ياراتماقچى بولىدىكەنمىز، كونا كۆزقارىشىمىزنى چۆرۈپ تاشلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بىزدە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ يېڭى تەسەۋۋۇر تۇغۇلىدۇ. ئىجادچانلىقىمىز ئۇزۇكسىز ئۆسىدۇ. ئۆگەنگەن بىلىمىمىز بىر خىل ئوبيېكت، ئۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان سۇبيېكت مانا بىز، بىزلا پىكىر يۈرگۈزەلەيمىز، يېڭىلىق يارىتالايمىز ۋە ئىجاد قىلالايمىز.

جەمئىيەت تېز ئۆزگىرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، پەن ـ تېخنىكىنىڭ يېڭىلىنىشى كىشىنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرماقتا، ھالبۇكى، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتمۇ داۋاملىق كۈچەيمەكتە، كىشىلەر كەسكىن رىقابەتتە قانداق قىلىپ غەلىبە قىلىمىز دېگەن مەسىلىگە دۇچ كەلمەكتە. بىلىم، پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق بايلىقلار ھەممىمىزگە ئورتاق، ئۇنىڭدىن تەڭ بەھرىمەن بولىمىز. رىقابەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن پەقەت ئىجادچانلىقىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك چەكلىمىلەردىن قۇتۇلۇشىمىز، يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئارقىلىق كىشىلىك قىممىتىمىزنى نامايان قىلىشىمىز كېرەك. ھازىرقى جەمئىيەت بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى، ھالبۇكى، ئىجاد قىلىش روھى ئىگىلىك دەۋرىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇش سەل قارىغىلى بولمايدىغان مەسىلە. يېڭىلىق يارىتىش بىلىم ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇنداقلا بىلىم ئىگىلىكىدىكى ئەڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسىمدۇر.

www.uyghurkitap.com

بىلىم بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنىڭ زادى قايسىسى مۇھىم؟ مول بىلىم بولمىسا ئىجادچانلىق ۋە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى بولامدۇ؟ بىز خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخولوگىيە پروفېسسورى ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ بەرگەن تۆۋەندىكى ھېكايىنى ئوقۇپ باقايلى:

بىر پادىشاھ بىلەن ۋەزىرلەر گۈللۈككە كىرىپتۇ، ھەممەيلەن گۈزەل مەنزىرىدىن ھوزۇرلىنىۋاتقاندا، پادىشاھ يېقىنلا يەردىكى بىر كۆلچەكنى كۆرسەتكىنىچە سوراپتۇ: «قېنى كىم بىلىدۇ، كۆلچەكتىكى سۇ نەچچە چېلەك چىقىدۇ؟» پادىشاھنىڭ سوئالىنى ئاڭلىغان ۋەزىرلەر بىر- بىرىگە قارىشىپتۇ، ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەپتۇ. ۋەزىرلەرنىڭ لام ـ جىم دېمەي تۇرغانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئوغىسى قايناپتۇ ۋە: «ئادەتتە شئېر ئوقۇڭلار دېسە ئاغزى ـ ئاغزىڭلارغا تەگمەي ئوقۇپ كېتىشىسەن، مۇشۇنچىلىك ئاددىي نەرسىنىمۇ بىلىشمەيسەن!» دەپتۇ. ۋەزىرلەر نومۇستىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قاپتۇ، پادىشاھ ئاخىر ئۇلارغا سوئالىنىڭ جاۋابىنى تېپىشقا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپتۇ، جاۋاب بېرەلمىسە جازالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۈچ كۈنمۇ بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن ۋەزىرلەر جاۋاب تاپالماپتۇ، پادىشاھ ئۇلارنى جازالىغىلى تۇرغاندا، باغۋەننىڭ ئوغلى كېلىپ قاپتۇ، يەتتە ياشلىق بۇ بالا پادىشاھنىڭ سوئالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھاللا: «بۇ ناھايىتى ئاسان گەپقۇ» دەپتۇ، «ناۋادا كۆلچەك بىلەن تەڭ چېلەك بولسا، كۆلچەكنىڭ سۈيى بىر چېلەك چىقىدۇ. ناۋادا كۆلچەكنىڭ يېرىمىچىلىك چېلەك بولسا، كۆلچەكنىڭ سۈيى ئىككى چېلەك چىقىدۇ...» پادىشاھ بالىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپتۇ. بۇ سوئالغا كىچىك بالا جاۋاب بېرىپتۇ، لېكىن ئادەتتە ئۆزلىرىنى چوڭقۇر بىلىملىك سانايدىغان ۋەزىرلەر جاۋاب بېرەلمەي ئۆلگۈدەك خىجىل بولۇشۇپتۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا بۇ ھېكايىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىپ بەردىكى، ئۇلار جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، تەپەككۇرىنىڭ ئاشۇ ۋەزىرلەرنىڭكىدەك چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدۇ. تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمىز ۋە ئىجادچانلىقىمىزنى مەڭگۈ ساقلىشىمىز لازىم. بۇلار مەسىلىلەر ئالدىدا گاڭگىراپ تۇرۇپ قالماستىن، مەسىلىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

بىز كونىچە تەپەككۇر چەمبىرىكىگە كىرىپ قالساق، تەپەككۇر ئادىتى تەرىپىدىن بوغۇلۇپ قالىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن بىلىمىمىز ۋە تەجرىبىمىز تەرىپىدىن چۈشىلىپ قالىمىز. بەزىدە بىلىمىمىز مول بولغانسېرى بۇ خىل چۈشەكتىن قۇتۇلالمايمىز. لېكىن بىر بالا نۇرغۇنلار قىيىن دەپ قارىغان مەسىلىنى ئاسانلا ھەل قىلدى. بىز تەپەككۇر چۈشكىدىن چىقساقلا مەسىلىنىڭ جاۋابىنى تاپالايمىز. بۇ بىزگە تەربىيە ۋە ئەنئەنىۋى ئىدىيەنىڭ ئارتۇقچە چەكلىمىسىدىن قۇتۇلۇپ، پائال پىكىر قىلىپ، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرىدۇ.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

ئوڭ ۋە سولغا قايرىلىدىغان ئىككى يول بار، ئۇنىڭ بىرى راستچىللار دۆلىتىگە بارىدىغان يول، يەنە بىرى يالغانچىلار دۆلىتىگە بارىدىغان يول، راستچىللار دۆلىتىدىكىلەر راست گەپ قىلىدۇ، يالغانچىلار دۆلىتىدىكىلەر يالغان گەپ قىلىدۇ، ھەر بىر يولنىڭ يول ئېغىزىدا بىردىن ئادەم بار، ناۋادا سىزگە ئىككى ئادەمنىڭ بىرى بىلەن پاراڭلىشىشقا ئىجازەت بېرىلسە، سىز قايسى يولنىڭ راستچىللار دۆلىتىگە بارىدىغان يول ئىكەنلىكىنى، قايسى يولنىڭ يالغانچىلار دۆلىتىگە بارىدىغان يول

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيسىز؟

◉ **جاۋاب**

ئۇلارنىڭ بىرىدىن : «سىزنىڭ دۆلىتىڭىزگە قانداق ماڭىدۇ؟» دەپ سوراپ، قايسى يولنىڭ راستچىللار دۆلىتىگە بارىدىغان يول ئىكەنلىكىنى، قايسى يولنىڭ يالغانچىلار دۆلىتىگە بارىدىغان يول ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. چۈنكى، يالغانچىلار دۆلىتىنىڭ ئادىمى يالغان سۆزلەپ راستچىللار دۆلىتىگە بارىدىغان يولنى كۆرسىتىدۇ، راستچىللار دۆلىتىنىڭ ئادىمى راست سۆزلەپ راستچىللار دۆلىتىگە بارىدىغان يولنى كۆرسىتىدۇ، دېمەك، ئىككىلىسى كۆرسەتمىگەن يول يالغانچىلار دۆلىتىگە بارىدىغان يول بولۇپ چىقىدۇ.

# ئاسماننىڭ قەھرىدە ئۇچالايدىغىنى يالغۇز پەيلا ئەمەس

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى: تۇرمۇشىمىز ساياھەتكە، ئىدىيەمىز يول باشلىغۇچىغا ئوخشايدۇ. يول باشلىغۇچى بولمىسا، ساياھىتىمىز توختايدۇ.***

مەن سىلەردىن: «ئايروپىلاننى كىم كەشىپ قىلغان؟» دەپ سورىسام، «ئاكا ـ ئۇكا لېيتېلەر» دەپ جاۋاب بېرىشىڭلار مۇمكىن. ناۋادا يەنە: «ئۇلار ئايروپىلاننى نېمىشقا كەشىپ قىلغان؟» دەپ سورىسام، سىلەر ئويلىنىپ قېلىشىڭلار مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي: ئۇلار ئاسماندا ئۇچماقچى بولغان. لېكىن ئۇلارنىڭ قۇشلاردەك قانىتى بولمىغاچقا، تاشقى كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇچۇشى كېرەك. ئۇلار تاشقى كۈچنىڭ ياردىمىگە قانداق ئېرىشىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزغا، ئۆزگىچە پىكىر يۈرگۈزۈشىمىزگە، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشىمىزگە، ئۈزۈكسىز ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ناۋادا بىر ئادەمدە تەسەۋۋۇر، يېڭىلىق يارىتىش كەم بولسا، ئۇ ماشىنىغا ئوخشاپ قالىدۇ، ماشىنىنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولمىسا نورمال خىزمەت قىلالمايدۇ، ئادەمدە تەسەۋۋۇر ۋە يېڭىلىق يارىتىش بولمىسا، ئۇ جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللىۋېتىلىدۇ. شۇڭا تەسەۋۋۇرىمىز قانچە يۇقىرى بولسا يېتىپ بارىدىغان جايىمىز شۇنچە ئېگىز بولىدۇ. ئاسماندا ئۇچۇش ئارزۇيىمىز بولغاچقا مەملىكىتىمىز ئادەملىك ئالەم كېمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياساپ، ئادەملىرىمىز ئايغا چىقتى. شۇڭا ئارزۇ ـ خىيالىمىز بولسا ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش بولمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئارزۇ ـ خىيالىمىز بولمىسا، ھەمىشە مۇتەئەسسىپلىك قىلساق، كۆنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئەسلىدىكى بىلىمىمىزدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ قالىمىز.

بىر دېھقان ياۋا غاز تۇخۇمى تېپىۋاپتۇ، ئۇ تۇخۇمنى توخۇ ئۇۋىسىغا توخۇ تۇخۇمى بىلەن بىللە باستۇرۇپ بىرىپ، غاز چۈجىسى چىقارتىپتۇ، غاز چۈجىسى توخۇ چۈجىلىرى بىلەن بىللە چوڭ بولۇپتۇ. لېكىن ياۋا غاز چۈجىسى توخۇ چۈجىلىرىدەك قاناتلىرىنى بىرنەچچە قېتىم پالاقشىتىپ قويۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ. دېھقان ئۇلۇغ كىچىك تىنىپتۇ، ئەسلىي غاز چۈجىسىنىڭ ئۇچۇش ئارزۇسى يوق ئىكەن.

نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ئىش ـ ھە، تەسەۋۋۇر بولمىسا قاناتلىرى بولغان بىلەنمۇ ئاسماندا ئۇچالمايدىغان گەپ. ناۋادا بىز ئەسلىدىكى چەمبەردىن چىقالمىساق، تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيمىز. پارلاق ئەتىمىز تېخىمۇ بولمايدۇ. رېئال تۇرمۇشتا نۇرغۇن مەغلۇبىيەتچىلەر بار، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەجەللىك يېتەرسىزلىكلەر بار، ئۇلار مەڭگۇ كونا قائىدىلەرگە ئېسىلىۋالىدۇ، ئۆزگەرمەيدۇ، مەيلى ئىدىيە ياكى ھەرىكەتتە بولسۇن، ئەسلىدىكى چەكلىمە ـ چۈشەكتىن قۇتۇلالمايدۇ، ئۇلار مەڭگۇ ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ، تەرەققىي قىلالمايدۇ.

ئېلېن.لانگېر پىسخولوگىيەگە ئاساس سالغان مەشھۇر پىسخولوگ، شۇنداقلا خارۋاردنىڭ ئۆمۈرلۈك ئايال ئوقۇتقۇچىسى. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى دۇنياغا داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت، مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئادەتتە تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن ئېلېن.لانگېر ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن ئۆمۈرلۈك تۈزۈمدىكى ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكۈدەك زادى قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟ ئۇ پىسخولوگىيە جەھەتتە قانداق قىلىپ شۇنچە كۆپ نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن؟

ئېلېن.لانگېر خارۋاردتىكى باشقا ئوقۇتقۇچىلاردەك يېڭى تېمىلارنى

داۋاملىق تەتقىق قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارغا دەرس ئۆتىدۇ. ئۇ بۇلاردىن باشقا ئىجادىي نەرسىلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى، رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىر قېتىم ئۇ بىر رەسسامدىن رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، رەسسام ئۇنىڭغا بىرنەچچە پارچە ماي بوياق رەسىم سىزىدىغان رەخت بېرىپ، مۇشۇ رەختكە خالىغانچە سىزىڭ دەيدۇ. لېكىن ئېلېن. لانگېر رەختكە كۆزى قىيماي رەسىمنى ياغاچ تاختىغا سىزىدۇ، ئۇنىڭ سىزغىنى ئات ۋە ئاتقا مىنىۋالغان بىر قىزنىڭ رەسىمى ئىدى.

دوستى بۇ رەسىمنى كۆرگەندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ. بۇ رەسىمنى رەسىم كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان رەسىمدىنمۇ ياخشى سىزىلىپتۇ دەپ ماختايدۇ. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇرسەن بولىدۇ، كېيىن رەسىم سىزىشقا ئائىت بىلىملەرنى ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىدۇ. لېكىن كېيىن سىزغان رەسىملىرى دوستىغا يارىمايدۇ. ھالبۇكى ئېلېن.لانگېر بىرىنچى قېتىم سىزغان رەسىمنى باشقىدىن كۆرگەندە رەسىمدە خاتالىقنىڭ ئىنتايىن كۆپلىكىنى، رەسىمنىڭ بەدىئىي تۈزۈلۈشى، نىسبەت، بوياق قاتارلىق جەھەتلەردە رەسىم سىزىشنىڭ ئۆلچىمىگە يەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئىجادچانلىقىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ گەرچە رەسىم سىزىشنى داۋاملاشتۇرغان، ئالغا بېسىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ رەسىم سىزىشتا نەزەرىيەگە ئېسىلىۋالغان. ئۇ ئاخىر رەسسامنىڭ ئۇنىڭغا پەقەت ماي بوياق رەسىم سىزىش لاتىسىلا بەرگەنلىكىنى، لېكىن ئۇنى رەسىم سىزىش جەھەتتە يېتەكلىمىگەنلىكىنى چۈشەنگەن. رەسسامنىڭ ئېلېن.لانگېر ھېچقانداق تەكلىپ ـ مەسلىھەت بەرمىگەنلىكى ئۇنىڭ ئىجادچانلىقىنىڭ چەكلىنىپ قېلىشىنى خالىمىغانلىقتىندۇر.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

قانات بولسىلا ئۇچۇش، بىلىم بولسىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ناتايىن. تەپەككۇر جەھەتتىكى بوغۇلۇپ قېلىشتىن قۇتۇلۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمىز ۋە ئىجادچانلىقىمىزنى جارى قىلدۇرغاندىلا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز. تەپەككۇر ئادىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىنتايىن روشەن بولىدۇ. بىز بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولغاندا، دەرھاللا كاللىمىزدا شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىنى ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى ئىزدەيمىز. مانا بۇ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمىز ۋە ئىجادچانلىقىمىزنى بوغۇپ قويىدۇ. شۇڭا بۇ يېتەرسىزلىكىمىزنى تىرىشىپ تۈگىتىشىمىز كېرەك. بارلىق تەجرىبە ۋە بىلىمىمىز ئىختىيارسىز ئوتتۇرىغا چىققاندا، ئۇزۇل - كېسىل ۋاز كېچىشنى ئۆگىنىۋالىمىز، ئاندىن بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان جاۋاب ئىزدەيمىز. تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمىز ۋە ئىجادچانلىقىمىزنى پائال جارى قىلدۇرغاندا نۇرغۇن يېڭى جاۋابقا ئېرىشىمىز، بۇ جاۋابلار بىلەن دۇنيادىكى بارلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلالامىز، بارغانسېرى ئېگىزگە ئۇچالايمىز.



### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

پادىشاھ بىر ئەۋلىياغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىپتۇ، پادىشاھ ئۇنىڭغا : «ئاڭلىشىمچە ئېيتقانلىرىڭ ناھايىتى توغرا چىقىدىكەن، ناۋادا بۇگۈن ئېيتقىنىڭ توغرا چىقسا، سېنى كەچۈرىمەن، ئېيتقىنىڭ توغرا چىقمىسا سېنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىمەن» دەپتۇ. پادىشاھنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئەۋلىيا ئاغزىغا كەلگەن بىر جۈملە گەپنى قىپتۇ. بۇ بىر جۈملە گەپ ئەۋلىيانىڭ جېنىنى ساقلاپ قاپتۇ، پادىشاھمۇ ئۇنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلماپتۇ. دەپ بېقىڭلارچۇ، ئەۋلىيا نېمە دېدى؟

### ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

ئەۋلىيا: «سىلى مېنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرسىلە» دېدى. ناۋادا ئەۋلىيانىڭ گېپى توغرا چىقسا پادىشاھ ئۇنى كەچۈرىدۇ، بۇ زىددىيەتلىك؛ ناۋادا ئەۋلىيانىڭ گېپى توغرا چىقمىسا، پادىشاھ ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇمۇ زىددىيەتلىك. شۇڭا پادىشاھ ئۇنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلمايدۇ.

# يەتتىنچى باب

## ۋاقىت باشقۇرۇش: ۋاقىت ئەڭ ئۇلۇغ ئۇستاز

- ھەر بىر دەقىقىدە ھاياتلىقنىڭ خاسىيىتى بار
- ۋاقىت ئوغرىغا ئوخشاش ھەمىشە غىيىبىدە تىكىۋېتىدۇ
- ۋاقىتتىن ۋاز كەچسىڭىز، ۋاقىتمۇ سىزدىن ۋاز كېچىدۇ
- تەڭرى ۋاقىتنى قەدىرلىگەنلەرگە ھەمىشە ھەممىنىڭ ئالدىدىن ئورۇن بېرىدۇ
- ۋاقىتنى يۈرەك سوقۇشىڭىز بىلەن ھېسابلاڭ، ھەرگىزمۇ ۋاقىت يۈرەك سوقۇشىڭىزنى ئېلىپ كەتمىسۇن
- «ۋاقىت ئوغرىسى»نىڭ ئالداپ قويۇشىدىن ھەزەر ئەيلەڭ
- ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش بىلەن ئۆلۈۋېلىشنىڭ پەرقى يوق

# ھەر بىر دەقىقىدە ھاياتنىڭ خاسىيىتى بار

> *خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:*
> كۆز ئالدىڭىزدىكى مىنۇت ـ سېكۇنتنى قەدىرلىگەنلىكىڭىز، بۈگۈنىڭىزنى قەدىرلىگەنلىكىڭىز.

خارۋاردلىقلارنىڭ نەزىرىدە نېمە ئەڭ مۇھىم؟ دەل ۋاقىت. ھەر بىر خارۋاردلىق ۋاقىتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك، شۇنداقلا ئىسراپ قىلىشقا قەتئىي بولمايدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. خارۋاردلىقلار ۋاقىتنى بىرىنچى بايلىق، ئۇنى يوقىتىش ھەرقانداق نەرسىنى يوقاتقاندىنمۇ ئازابلىق ئىش دەپ قارايدۇ. چۈنكى ھەر بىر دەقىقىدە ھاياتلىقنىڭ خاسىيىتى بار. شۇڭا، خارۋاردلىقلار ئىش قىلغاندا ئۇنۇمنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ، ئەزمىلىكنى ياقتۇرمايدۇ. ناۋادا بىزدىمۇ مۇشۇنداق ۋاقىتنى جان دەپ بىلىدىغان روھ بولسا، پىلانلىغان ئىشنى دەرھال پۈتتۈرسەك، كىشىلىك ھاياتىمىز تېخىمۇ پارلاق بولمايتتىمۇ؟

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن بىر زەردار بار. كىشىلەر ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ ئادەمنىڭ زوقى كەلگۈدەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇ پەقەت «شۇ تاپتىلا باشلاش» دېگەن گەپ بىلەن جاۋاب بەرگەن.

بۇ ئاددىي بىر جۈملە سۆز چوڭقۇر مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نۇرغۇنلارنىڭ ۋاقىت ئىسراپ قىلىشى ساقلاشقا خۇشتار بولغانلىقىدىن ئەمەسمۇ؟ ئۇلار مەلۇم بىر پەيتنىڭ كېلىشىنى، شۇ پەيت كەلگەندە باشلاشنى ساقلاۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇ پەيت باشلاشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرستى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇ پەيت قەيەردە؟ كەينىگە سۆرەشكە ئامراق كىشىلەر ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى مەڭگۈ چۈشەنمەيدۇ، شۇنداقلا ئۇلار ساقلاۋاتقان مۇۋاپىق پەيتمۇ مەڭگۈ كەلمەيدۇ.

قانداق قىلغاندا ۋاقىتنىڭ غايەت زور ئەھمىيىتىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇ بىزنىڭ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىزغا باغلىق. ۋاقىت بەزىدە رەھىمسىز، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بىزنى تاشلاپ كېتىدۇ، ئۇنى ساقلاۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن توختاپ قالمايدۇ. ئۇنى تۇتۇپ قالماقچى بولساقمۇ يەنىلا ئالدىراپ ـ تېنەپ غايىب بولىدۇ.

بېنجامىن فرانكلىن ئۇلۇغ كەشپىياتچى ۋە ئالىم. ئۇ ئىلگىرى خارۋاردنىڭ پەخرىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. بىر كۈنى بىر يىگىت ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، بەزى جەھەتتە ئۇنىڭدىن تەلىم ئالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار ۋاقىت، ئورۇننى دېيىشىپ قويىدۇ. بىردەمدىن كېيىن يىگىت بېنجامىن ئىشلەۋاتقان يەرگە كېلىدۇ. بېنجامىنىنىڭ ئىشىكى ئۇلۇغ ئوچۇق ئىكەن. يىگىت ئۆيگە قاراپلا ئۆيىنىڭ ناھايىتى بىسەرەمجانلىقىنى، يەردە نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ھەممىلا يەردە چېچىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بېنجامىن يىگىتنى كۆرۈپ، ئۆيگە كۆز يۈگۈرتىۋەتكەندىن كېيىن «ماڭا بىر مىنۇت ۋاقىت بېرىڭ» دەيدۇ ۋە كېيىنى تۈگىتىپ ئىشىكنى يېپىۋېتىدۇ.

ئۇ ئىشىكنى قايتا ئاچقان چاغدا يىگىتنىڭ كۆزىگە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆي چېلىقىدۇ، يەنە تېخى ئۈستەلگە خۇش ھىدى ئادەمنى مەست قىلىدىغان ئىككى رومكا قىزىل ھاراقمۇ قويۇلغانىدى. بېنجامىن يىگىتكە بىر رومكا ھاراق سۇنىدۇ، ئىككىسى رومكىنى قۇرۇقدىغاندىن كېيىن بېنجامىن يىگىتكە: «ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ» دەيدۇ. يىگىت نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالىدۇ ۋە تەلىم ئالىدىغان ئىشنى دېمەكچى بولىدۇ.

ئەمما يىگىت بىنجامىننىڭ ئۆزىگە جاۋاب بېرىپ بولغانلىقىنى ئويلاپ قالدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىنجامىنغا رەھمەت ئېيتىپ كېتىپ قالدۇ. كېيىنچە بۇ ياش يىگىت ئۇلۇغ كەشپىياتچىغا ئايلىنىدۇ.

بىنجامىن يىگىتكە زادى نېمە دەپ مەسلىھەت بەردى؟ ئۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يىگىتكە بىر مىنۇتتا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىز ئادەتتە بىر مىنۇتنى پەقەت كۆزىمىزگە ئىلمايمىز. ئەمما ھەر بىر كۈن، ھەر بىر يىلنىڭ ھەممىسى بىر مىنۇتتىن تەركىب تاپقان ئەمەسمۇ؟ ناۋادا بىز ھەر بىر مىنۇت ۋاقىتنى قەدىرلىسەك، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋەتكىنىمىزدىن ئۆكسىنىپ يۈرمىگەن بولاتتۇق. ھاياتنىڭ مەنىسى قانداق نامايان بولسا، ۋاقىتنىڭ قىممىتىمۇ شۇنداق نامايان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىزدىن كۆتىدىغان تەلىپى ۋاقىتنى قەدىرلەپ، ئىجتىھات بىلەن تىرىشىشتىن ئىبارەت.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى



كۆپچىلىككە شۇنى دېمەكچىمەنكى، قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە نەتىجە قازانغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ۋاقىتنى قەدىرلىگەن. ئايروپىلاننى كەشىپ قىلغان ئاكا - ئۇكا لېيتېلار بولسۇن ياكى تارىخنامىنى يازغان «بۈيۈك تارىخشۇناس» سى ماچيەن بولسۇن، ھەر بىر مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي ئۈزۈكسىز داۋاملاشتۇرغان، داۋاملىق كۈرەش قىلغان، ئاخىرىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

بىز قانداق قىلساق ۋاقىتنى قەدىرلەپ، ھەر بىر دەقىقىنى قولىمىزدا تۇتۇپ تۇرالايمىز؟

1. «بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويمايدىغان»، ھەرقانداق ئىشنى كەينىگە تارتمايدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. خىزمەت ۋە ئۆگىنىش پىلانىنى ئوبدان تۈزۈپ، ۋەزىپىنى پىلاندىكى ۋاقىت بويىچە تېز، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن

ئورۇنلىشىمىز كېرەك.

2. پىلان تۈزەيدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. بەزىدە قىلىدىغان ئىشلار بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي قالىمىز. بۇنداق چاغدا ئاسانلا ۋاقىت ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقىدۇ، بىر ئىشنى قىلىۋاتقان چاغدا تۇيۇقسىز قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم ئىشنىڭ بارلىقىنى ئېسىمىزگە ئالىمىز، ئۇنى دەپ بۇنىڭدىن قۇرۇق قالىمىز. ناۋادا، ئىشتىن بۇرۇن پىلان تۈزۈۋالساق ھەممە ئىش ئۆز تەرتىپى بويىچە ماڭىدۇ ـ دە، نۇرغۇن ۋاقىت تېجىلىدۇ.

3. ۋاقىتتىن يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن پايدىلىنىش كېرەك. نۇرغۇن كىشى ۋاقىتنى ھەقىقەتەن قەدىرلەيدۇ، ئۇلار كۆنبويى ئۆگىنىشى، ئىشلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشى ناھايىتى ئاز بولىدۇ، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىش ئۈنۈمى ناھايىتى تۆۋەن. ئىش ئۈنۈمى بەكلا تۆۋەن بولغاچقا، بىر ئىش ئۈچۈن كۆپ ۋاقىتنى سەرپ قىلىدۇ. قارىماققا ھەر بىر مىنۇت ـ سېكۇنتنى چىڭ تۇتۇۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ.

مەن كۆپچىلىكنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان نۇقتىلار بويىچە تىرىشىپ ۋاقىت قارىشى يېتىلدۈرىدىغانلىقىغا، ئۆگەنگىنىگە يارىشا نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. چۈنكى ۋاقىتنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتۇق، دېمەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا بىر قەدەملا قالدى دېگەن گەپ.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

ۋاقىت چۈشەنچىڭىز قانداق؟

پىسخىك سىناق: مەكتەپتىن ئۆيىڭىزگە يېنىپ كەلگەن چېغىڭىزدا دېرىزىنىڭ ئەينىكىنىڭ چېقىلغانلىقىنى، ئۆيگە ئوغرى كىرگەندەك ناھايىتى قالايمىقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلدىڭىز. ساقچى يېتىپ كەلگىچە نېمە ئىش



www.uyghurkitap.com

قىلىسىز؟

1. ساقچىنى ساقلاش بىلەن بىرگە ئۆيدىن نېمىنىڭ يىتكەنلىكىنى تەكشۈرىمەن.

2. نېمىنىڭ يىتكىنى بىلەن كارىم بولماي، ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىمەن.

3. ئۆيدە توختىماي ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ، ساقچىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن ساقلايمەن.

### ◉ ***جاۋاب تەھلىلى***

بىرىنچىنى تاللىغانلار: ۋاقىت قارىشىڭلار بىر قەدەر كۈچلۈك، ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايسىلەر. بىراق، ئەقلىي تەپەككۇرىڭلار زىيادە كۈچلۈك بولغاچقا، ئادەتتە سائەتتىكى ۋاقىتقىلا ئىشىنىپ، فىزىيولوگىيەلىك سائىتىڭلارغا ئىشەنمەيسىلەر. شۇڭا ۋاقىت نەزىرىڭلاردا ناھايىتى ئاددىي نەرسە.

ئىككىنچىنى تاللىغانلار: سىلەر فىزىيولوگىيەلىك سائىتىڭلارغا ناھايىتى ئېتىبار بېرىسىلەر، بۇ تۇغۇلۇشىدىنلا ۋاقىت سېزىمى خېلىلا سەزگۈر كىشىلەرگە خاس ھادىسە. نەزىرىڭلاردا سائەت بولسىمۇ - بولمىسىمۇ بولىدىغان نەرسە. چۈنكى سائەتكە قارىمىساڭلارمۇ ۋاقىتنى تەخمىنەن بىلەلەيسىلەر، شۇنداقلا ھەر كۈنى سەھەردە سائەت قوڭغۇرىقى جىرىڭشىمىسىمۇ دەل ۋاقتىدا ئورنىڭلاردىن تۇرالايسىلەر.

ئۈچىنچىنى تاللىغانلار : ۋاقىت ئۇقۇمىڭلار ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. چۈنكى مۇھىت ئامىلى ياكى پسىخىك ئامىل سىلەرنىڭ ۋاقىت سەزگۈكلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئالايلۇق، ئوخشاش بىر سائەت ۋاقىتتا ئۆزىڭىز ئامراق ئىشنى قىلسىڭىز، ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتىدۇ، ئەكسىچە خالىمايدىغان ئىشنى قىلسىڭىز، ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ۋاقىت ئۇغرىغا ئوخشاش ھەمىشە غىپپىدە تىكىۋېتىدۇ

**خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:** دۇنيادا 93% ئادەم ئىشنى كەينىگە سۆرەشتىن ئىبارەت يامان ئادەتنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن ھېچ ئىشنى باشقا چىقالمايدۇ. چۈنكى كەينىگە سۆرەش ئادەمنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

ۋاقىت ناھايىتى چېچەن ئوغرىغا ئوخشايدۇ، ئۇ كۆز ئالدىمىزدىن ئوچۇق ـ ئاشكارە ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. بىراق، سىز ئۇنى «تۇتۇۋېلىش» نى خالىسىڭىز، ئۇ يەنە بىز ئۇچۇن ئىشلەيدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۆرمەسكە سالساق، ئۇ ئاز ـ ئازدىن غايىب بولىدۇ، ئۇنىڭ قارىسى تامامەن يىتكەندە ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولساق ئۈلگۈرەلمەيمىز. ئەمما، دېمەكچى بولغىنىم، ئۆتكۈزىۋەتكەن ۋاقىت ئۈچۈن قايغۇرۇش ھاجەتسىز، چۈنكى بۇنداق «ئوغرى» بىرلا ئەمەس. ئالدىنقى قېتىملىق ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ، تېخىمۇ كۆپ «ئوغرى»نى تۇتۇۋالايلى. شۇنداق قىلساق ۋاقىتنىڭ غوجايىنىغا ئايلىنىمىز.

ۋاقىت ئوغرىغا ئوخشاش تۇيدۇرماستىن قاچىدۇ، بىز تىرىشىپ ھەر بىر مىنۇت ـ سېكۇنتنى تۇتۇۋېلىشىمىز كېرەك. ۋاقىت چەكسىز بولسىمۇ، ئەمما ھايات چەكلىك، چەكلىك ھاياتىمىزغا نىسبەتەن ۋاقىتمۇ قىسقا. شۇڭا بىز چەكلىك ۋاقىت بىلەن ھاياتىمىزنى چىڭ تۇتۇپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا

كەلتۈرۈشمىز كېرەك. ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىشىمىز، ئۈزۈكسىز ئالغا بېسىشىمىز كېرەك. ۋاقىتنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى، بىز ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزنى روياپقا چىقىرىمىز، سەۋىيەمىزنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈمىز. قىلىپ قالغان ۋاقتىمىزنىڭ بارغانسېرى ئازلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىمىزدا، ئۆمۈر مەنزىلىمىزمۇ ئاخىرلىشىپ قالغان بولىدۇ. بۇ چاغدا ھەرقانچە تىرىشقان بىلەنمۇ كېچىكىمىز.

خارۋاردنىڭ نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىدىكى سىر شۇكى، ئۇ ئوقۇغۇچىلاردا ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان روھ يېتىلدۈرگەن. مۇبادا بىزمۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقتىمىزنى تۇتۇۋالساق، كىم بىزنى ئۇتۇق قازىنالمايسىلەر دېيەلەيدۇ؟

داۋىي روكفېللېر دۇنيادىكى داڭلىق بانكىر ۋە كارخانىچى، داڭلىق «نېفىت ماگناتى» روكفېللېر دەل ئۇنىڭ بوۋىسى. داۋىي بالىلىق چېغىدىن باشلاپلا ئائىلىسىدە ياخشى تەربىيە ئالغان، كىچىكىدىنلا پىكىر يۈرگۈزۈشكە ۋە ئۆگىنىشكە ئامراق ئىدى. دوستلىرى ئويناۋاتقان چاغدا ئۇ رەسىملىك ژۇرنال كۆرەتتى، رەسىمدىكى كۆرسەتمە بويىچە مودېللارنى قۇراشتۇراتتى. سەل چوڭ بولغاندا ئۇ كىتاب ئوقۇشقا كىرىشىپ كېتىدۇ، كۈنبويى كىتابتىن نېرى بولمايتتى، شۇڭا بارغانسېرى ئەقىللىك بولۇپ كېتىدۇ.

داۋىي روكفېللېر كېيىن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىدۇ. بۇ يەردە ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان ئېسىل خىسلىتىنى ئىزچىل ساقلايدۇ. ئۆگىنىش كەيپىياتى قويۇق خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ھەم ئۇنىڭ نەچچە ئون كۇتۇبخانىسى مۇتەخەسسىس ۋە ئىزدەنگۈچىلەرنى ئىلىم ۋە نەزەرىيەنى تەتقىق قىلىدىغان روھىي ئوزۇق بىلەن تەمىنلەيدىغان كاتتا سورۇن ئىدى. داۋىيمۇ بۇ كۇتۇبخانىلاردا تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ، پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىي

بارلىق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، بىلىم بىلەن ئۆزىنى توختىماي ئوزۇقلاندۇرىدۇ. ئېھتىمال بەزىلەر ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بوۋىسىدىن ئۇدۇم قالغان، دەپ قارىشى مۇمكىن. لېكىن ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس، داۋىي مۇنداقلا بانكىر بولۇپ قالمىغان، بوۋىسى ياكى دادىسىنىڭ مال ـ بىساتىغىمۇ ۋارىسلىق قىلمىغان. ئۇ شەھەر باشلىقىنىڭ كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن، ئەسكەرمۇ بولغان، 1946 ـ يىلى بانكىغا خىزمەتكە چۈشكەن، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ مۇنەۋۋەر بانكىرغا ئايلانغان.

داۋىي دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىگە «ھورۇنلۇق ئەڭ چوڭ ئىسراپچىلىق» دەپ يازغان. ئۇ ھورۇنلۇقنىڭ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى تارتىۋېلىشىغا يول قويمىغان. مۇنەۋۋەر بىر بانكىر بايلىق يارىتىشنىڭ ئېپىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار پۇل ــ بىلەن ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى پىششىق چۈشىنىدۇ. «ۋاقىت دېمەك پۇل دېمەكتۇر» دېگەن ھېكمەتنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، بىراق ھەممىسىلا ئەمەلىيەتتە كۆرسىتەلمەيدۇ.

خارۋاردلىقلارنىڭ ۋاقىتقا بۇنچە ئېتىبار بېرىشى ئۇلارنىڭ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگەنگەنلىكى ۋە ھەزىم قىلغانلىقىدىن بولغان. دەقىقىمۇ ئىسراپ قىلماستىن ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، پائال ئالغا ئىنتىلگەندىلا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقىلى بولىدۇ. بىز چۇ؟ گەرچە خارۋاردقا كىرەلمىسەكمۇ، بۇ ئۇلۇغ پەلسەپىۋى قائىدىنى بىلىمىز، شۇڭا ھازىردىن باشلاپ ۋاقىتنى قەدىرلەپ، تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز لازىم.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

بىز بەزىلەرنىڭ «خاسىيەتلىك ئادەم»دەك بىر كۈندە نۇرغۇن ئىشنى قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرىمىز، شۇنداقلا بۇ ئىشلارنى شۇنداق سۈپەتلىك ۋە ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

لېكىن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئىنچىكە كۆزەتسەك، ئۇلارنىڭمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئاددىي ئادەملىكىنى بايقايمىز. ئۇلار بىزگە قارىغاندا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، دەقىقە ۋاقىتنىمۇ ئىسراپ قىلمىغاچقا يۇقىرى ئۈنۈم ياراتقان.

ۋاقىت بىر ئوغرى. بىپەرۋالىق قىلساق، ئۇ بىلمىمىز، تەجرىبىمىز، بايلىقىمىز، يەنە تېخى سالامەتلىكىمىز ۋە ھاياتىمىزنىمۇ ئوغرىلاپ كېتىدۇ. تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھوجۇمغا ئۆتۈشنى ئۆگىنىپ، ۋاقىتتىن ئىبارەت بۇ «ئوغرى» نى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالىساق، كۆندە نۇرغۇن «بايلىق» قا ئېرىشەلەيمىز، بۇ بايلىقلار بىزنى تېخىمۇ دانا ـ ئەقىللىك، زېرەك ـ چېچەن ساغلام ـ تېمەن، گۈزەل ـ سالاپەتلىك قىلىدۇپتىدۇ.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

رادىئوسى بىر كېلىدىغان بىر ھالقا بار، رادىئوسى ئىككى كېلىدىغان بىر ھالقا بار. كىچىك ھالقا چوڭ ھالقىنىڭ ئىچىنى بويلاپ بىر ئايلانسا، كىچىك ھالقا قانچە ئايلىنىدۇ؟ ناۋادا كىچىك ھالقا چوڭ ھالقىنىڭ سىرتىنى بويلاپ بىر ئايلانسا، كىچىك ھالقا نەچچە ئايلىنىدۇ؟

### ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

ئىككىنى ئايلىنىدۇ. رادىئوسقا قاراپ چوڭ ھالقىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقىنىڭ كىچىك ھالقا ئايلانما ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ناۋادا ھالقىنى بىر تال ئارغامچىدەك تۈزلىسەك، ئۇزۇن ئارغامچا قىسقا ئارغامچىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، كىچىك ھالقا ئىككى قېتىم ئايلانسا، چوڭ ھالقىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقىنى بېسىپ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ۋاقىتتىن ۋاز كەچسىڭىز ۋاقىتمۇ سىزدىن ۋاز كېچىدۇ

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلهامبەخش ھېكمىتى:***
**ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش چوڭ جىنايەت.**

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋاقىتقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئوقۇتقۇچىلارمۇ دائىم ئوقۇغۇچىلارغا بارلىق ۋاقىتنى قەدىرلەشكە دەۋەت قىلىدۇ. چۈنكى ۋاقىتنىڭ سىزنى قاچان تاشلاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتىدىغان تۇنجى دەرسى دەل ۋاقىت باشقۇرۇشتۇر. ناۋادا بىز ۋاقىت باشقۇرۇشنى بىلمىسەك، نۇرغۇن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋېتىمىز. ۋاقىت بىزگە ھەرگىز كۆپىيىپ بەرمەيدۇ، ئەكسىچە قەدىرلىمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن بارغانسېرى ئازلايدۇ.

خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشتە ئۈنۈمگە قاتتىق ئېتىبار بېرىدۇ. «ئۈنۈم» دېگەن سۆزنى ئاددىي قىلىپ ئېيتساق، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىمكانقەدەر كۆپ ئىشلارنى قىلىش، شۇنداقلا ئادەتتىكى كىشىلەردىن ياخشىراق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. خارۋارد ئوقۇغۇچىلىرى ۋاقىتنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت بۇ چىن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ھەقىقىي ئۆتكۈزگەچكە، ئەزەلدىن ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ. خارۋارد ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كاللىسىغا مۇنداق پىكىر چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن: ۋاقىتنىڭ ئۆزى ئەھمىيەتلىك ئەمەس، ئەمما ۋاقىتنى ئىگىلىگۈچىلەر ئۇنىڭ

ئەھمىيىتىنى نامايان قىلىدۇ. بۇلار پۈتۈنلەي بىزنىڭ ۋاقىتقا تۇتقان پوزىتسىيەمىزگە باغلىق.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ۋاقىتنى ئىگىلەش ماھىرلىرى، ئۇلار ۋاقىتنى تەڭرى ئاتا قىلغان ئىلتىپات، ئۇ ھاياتىمىزنى ئەھمىيەتكە ۋە قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ، دەپ بىلىشىدۇ. ھالبۇكى، بارلىق مەغلۇبىيەتچىلەر ۋاقىتنىڭ قولىدۇر، ۋاقىت ئۇلارنى ئۇزۇكسىز خورىتىدۇ، چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ، ئاخىرىدا ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈمىدۋار كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار يېڭى بىر كۈننىڭ كەلگىنىگە رەھمەت ئېيتىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىدۇ، ھالبۇكى ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىدىغانلار پاسسىپلار بولۇپ، ئۇلار كۆتۈرۈلمىۋاتقان قۇياشتىن بىزار بولىدۇ، چۈنكى بۇ قۇياش ئۇلارغا تۈنۈگۈننى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان كىشىلەر خۇش پۇراق گۈل ۋە قىزغىن ئالقىشلارغا نائىل بولىدۇ، لېكىن ۋاقىت ئىسراپ قىلغۇچىلارغا ئەلەملىك كۆز يېشى بىلەن تولدۇرغۇسىز پۇشايمانلا ھەمراھ بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر روشەن پەرقلىنىدۇ. تۇرمۇشتا ئىككى خىل كىشىلەرنى بايقايمىز. ئۇنىڭ بىرى، پۈتۈن زېھنى بىلەن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، ۋەزىپىنى ئۆز قەرەلىدە تاماملايدۇ، دەم ئېلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالايدۇ، تۇرمۇشتىن ھوزۇرلىنىشنىمۇ بىلىدۇ، ھەر كۈنى خۇشاللىققا تولغان بولىدۇ؛ يەنە بىرى، ئەتىدىن كەچكىچە ئالدىراش ئىشلىسىمۇ، ۋەزىپىسىنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلالمايدۇ، شۇنداقلا دېمىنى ئالغۇدەك ۋاقتىمۇ بولمايدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، كۈنلىرى جاپالىق ئۆتىدۇ. بۇ ئىككى خىل كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ۋاقىتنى «قەدىرلىگەن» بولسىمۇ، نەتىجىسىدە ئاسمان ــ زېمىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەرق كۆرۈلىدۇ.

ۋاقىت مۇئامىلىمىزگە قاراپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئۇ بىر كىتابنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئوقۇمىسىڭىز، ھاڭۋاقتىلىق قىلسىڭىز، كۆڭۈللىگىز بىر يەردە بولمىسا بۇلارغا جاۋاب قايتۇرمايدۇ. ۋاقىت پوزىتسىيەڭىزنى تەبىئىيلا بىلىۋالغاچقا، ئارتۇق بىرەر مىنۇت - سېكۇنتمۇ ئارتۇق تۇرۇشقا كۆڭلى ئۇنىمايدۇ - دە، بىمەنە قىلىقلىرىڭىزنى كۆرۈپ يېنىڭىزدىن كېتىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا سىز كىتابنى كۆتۈرگەن پېتىڭىز ھەسرەت چېكىپ قالىسىز. ۋاقىت نېمىشقا سىزگە شۇنچە ئادالەتسىزلىك قىلىدۇ؟ چۈنكى، سىز ۋاقىتتىن ۋاز كەچكەن تۇرسىڭىز، ئۇ يەنە قانداقمۇ سىزنى قەدىرلىسۇن؟

خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھەۋىسى كېلىدۇ، ئۇلارنى تەڭرىنىڭ ئەركىسى، ئەقىل - پاراسەتنىڭ سىمۋولى، دەپ قارايدۇ. ئەمما، سىز خارۋاردنى كىمنىڭ مۇشۇنداق شان - شۆھرەتكە ئېرىشتۈرگەنلىكىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ خارۋاردنى يالغۇز ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارلا ئاشۇنداق شان - شۆھرەتكە ئىگە قىلغان ئەمەس. مۇبادا ئادىل، ئوبيېكتىپ مەۋقەدە تۇرۇپ گەپ قىلساق، ھەر يىلى خارۋاردنى پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى كۆپ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا مەشھۇر ئالىم ياكى يەن تەتقىقات مۇتەخەسسىسى بولۇپ كەتمەيدۇ. خارۋاردنىڭ كىشىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدىغىنى، مەكتەپنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى، يەنى خارۋارد ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىلدۈرىدىغان ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىبارەت.

خارۋاردنى پۈتكۈزگەن ھەر بىر ئوقۇغۇچى جەمئىيەتنىڭ يارامىلىق خادىملىرىغا ئايلىنىدۇ، دېيەلمىسەكمۇ، ئەمما خارۋارد ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن نۇرغۇن تۆھپە قوشىدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتمۇ شۇنداق، خارۋاردنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىلگىرى نۇرغۇن نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. بەزى

پىروفېسسورلىرى ھەتتا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. مەسىلەن، دۇدلېي خېرسچباد، كارلو رۇبىيا، نىگۇلاس بىلومبېرگىن قاتارلىقلار. سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، خىزمەتچىسى ۋە خارۋاردتا ئوقۇغانلار بولۇپ، 40 تىن ئوشۇق كىشى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

بۇ پىروفېسسورلار مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، سىز خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارسىڭىز چاچلىرى ئاقارغان پىروفېسسورلارنىڭ يېڭى بىلىم ۋە نەزەرىيەلەرنى يەنىلا ھارماي - تالماي ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى بايقايسىز. ئۇلارنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش روھىغا ئىگە دېگەندىن كۆرە، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشنى، چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ تۆھپە يارىتىشنى بىلىدۇ، دېگەن ياخشىراق.

### ◉ خارۋاردنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرى

خارۋاردنىڭ پىروفېسسورلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، بىز تېخى نامى چىقمىغانلار ھېسابلىنىمىز. بىز ھازىرچە چوڭقۇر نەزەرىيەلەرنى بىلمەيمىز، ھېچقانداق كەشپىياتىمىز ۋە ئىجادىيىتىمىزمۇ يوق، مانا بۇلار بىزنىڭ يۇقىرىقى ئوتتۇق قازانغۇچىلاردىن پەرقىمىز. ئەمما، ۋاقىت تارازىسىنىڭ ئىككى بېشىدا بىز ئۇلار بىلەن ئوپمۇئوخشاش، قولىمىزدىكى ۋاقىتمۇ ئوخشاش. ئەگەردە بىز ھازىردىن باشلاپلا ۋاقىتنى چىڭ تۇتساق، بۈگۈننى مەڭگۈ قويۇۋەتمىسەك، ھازىرنى ئۆتكۈزۈۋەتمىسەك بىزمۇ ئۆگەنگىنىمىزگە يارىشا نەتىجىگە ئېرىشىمىز، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمىسەكمۇ كىشىلىك ھاياتىمىز چاقنايدۇ. ئۆمرىمىزنى لاي سۇدەك ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىمىزگە مىڭلاپ پۇشايمەن قىلمايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

◉ **خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى**

ھەم ئېتىلگەن ئۆينىڭ تۆت تېمىغا تۆت سىنئەينەك ئورنىتىلغان، ئۆيگە كىرگىنىڭىزدە قانچە ئەينەكتە كۆلەڭگىڭىزنى كۆرىسىز؟

◉ **جاۋابنىڭ تەھلىلى**

بىرنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۆي ھەم ئېتىلگەچكە نۇر يوق، نۇر بولمىغاچقا ئەينەككە كۆلەڭگىمۇ چۈشمەيدۇ.

# تەڭرى ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان ئادەمنى ھەرزامان ئەڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزىدۇ

***خارۋاردنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:*** **ۋاقىت سىزنى ساقلىمايدۇ. ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان ئادەملا ھەممە يەردە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.**

نۇرغۇن ئادەم «ۋاقىتنى قەدىرلەيمەن، چىڭ تۇتىمەن»، دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ئەمما، ۋاقىتنى قەدىرلىگەن ـ قەدىرلىمىگەنلىكىنى ھەرگىز ئېغىزدا ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. بەلكى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ئىسپاتلىشىمىز كېرەك. دەل ئاشۇنداق ۋاقىتنى ئېغىزىدىلا قەدىرلەيدىغان كىشىلەر ئاخىرىدا يەنە نۇرغۇن ۋاقىتنىڭ ئىسراپ بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئاغرىنىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ كىشىلەر ۋاقىتنى ئەسلا قەدىرلەپ باقمىغان. زادى قانداق قىلغاندا ۋاقىتنى ھەقىقىي قەدىرلىگىلى، شۇنداقلا قەدىرلەش بىلەن ئىسراپچىلىقنىڭ پەرقىنى ئايرىغىلى بولىدۇ؟

ئەمەلىيەتتە جاۋاب ناھايىتى ئاددىي، بىز بىر ئادەمنىڭ ئۇتۇقلىرى بىلەن ئورۇنلىغان ۋەزىپىسىگە نەزەر سالساقلا كۇپايە. گەرچە تەڭرى ھەممىمىزگە ئوخشاش ئادىل بولسىمۇ، ئەمما بىزگە رەت تەرتىپى تۇرغۇزۇپ قويغان. بۇ تەرتىپ ۋاقىتنى قەدىرلەش دەرىجىسىگە ئاساسەن بېكىتىلگەن. كىمكى ۋاقىتنى ئىسراپ قىلسا، ئۇنىڭ رەت تەرتىپى شۇنچە كەينىگە تىزىلىدۇ.

ناۋادا ئىسمىمىزنى تەرتىپنىڭ ئالدىغا يۆتكەشنى ئويلىساق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋاقىتنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. بۇ خىل قەدىرلەش رەسمىيەت ئۈچۈن بولماسلىقى، شۇنداقلا ئېغىزدىكى گەپكىلا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. بىز ھەر بىر دەقىقە، مىنۇت ـ سېكۇنتنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قەدىرلەپ، تىرىشىپ ئەمەلىي ئىش قىلىشىمىز، خىزمەت ۋە ئۆگىنىشتىكى ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. بىر قارارغا كەلگەن ھامان قول سېلىپ ئىشلىشىمىز، ئەتىنى ساقلىماسلىقىمىز كېرەك. ئەتە ھەرگىزمۇ ئەڭ مۇۋاپىق چاغ ئەمەس، پەقەت بۈگۈنلا، ھازىرلا ھەممە ئىشنىڭ باشلىنىدىغان ئەڭ ياخشى پەيتىدۇر. چۈنكى، بۈگۈن كۆز ئالدىمىزدىلا تۇرۇپتۇ، بۈگۈننى قەدىرلىسەك. ئۈنۈگۈن بىكار ئۆتكۈزىۋەتكەن ۋاقىتنى تولۇقلىيالايمىز. ئەتىنى، كەلگۈسىنى تېخىمۇ ياخشى كۈتۈۋالالايمىز.

لېي شىدوڭ خارۋاردتا ئوقۇپ، قانۇن پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇ دۇشمەننىڭ مەخپىي شىپىرىنى ئوقۇشلۇق يېشىپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مەشھۇر شەخسكە ئايلانغان. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ياشىنىپ قالغان. ئەمما ئۇ 63 يېشىدا بىراقلا داڭ چىقىرىپ، ئادەتتىكى پۇقرادىن دۆلەتمەن بايغا ئايلىنىدۇ. قىرىلىق دەۋرگە قەدەم قويۇۋاتقان لېي شىدوڭ تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئۆگىنىشنى بىردەممۇ توختاتماي، كۆڭۈل ئېچىش دۇنياسى قۇرۇشنى پىلانلايدۇ. 2001 ـ يىلى ئۇ CBS (كولومبىيە رادىيو شىركىتى، Columbia Broadcasting System) نى سېتىۋالىدۇ. بۇ شىركەت ئامېرىكىدىكى داڭلىق شىركەت ئىدى. لېي شىدوڭ مۇشۇ شىركەتكە تايىنىپ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ كۆڭۈل ئېچىش كارخانىسىنى قۇرىدۇ.

مۇخبىر لېي شىدوڭنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇن بىلەن كۆڭۈل ئېچىش كەسپىگە ناھايىتى قىزىقىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئەينى چاغدا خارۋاردنىڭ قانۇن كەسپىدە ئوقۇغانلىقىنى

ئېيتىدۇ. كەينىدىن ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ قانداق تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكى، خىزمەت قىلغانلىقى ھەققىدە توختىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ پاراڭلىرى باشقىلارنىڭ ئادەتتىكى پاراڭلىرىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيتتى. مۇخبىر ئۇنىڭ ئاق كىرگەن چاچلىرىغا قاراپ: «63 ياشقا كىرىپ پېنسىيەگە چىققان چېغىڭىزدا، يەنە قانداق غەيرەتنىڭ تۈرتكىسىدە كۆڭۈل ئېچىش دۇنياسى قۇرماقچى بولۇپ قالدىڭىز» دەپ سورايدۇ تۇيۇقسىز.

لېي شىدوڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەن نەدىمۇ 63 ياشقا كىرەي، ئەمدى 20 ياشقا كىردىم. ياش نېمىنى چۈشەندۈرەلەيدۇ؟ ناۋادا ۋاقىتنى قەدىرلىمىسەك، 80 ياشتىمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيمىز. ئادەم ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم نەرسە نىشان ۋە يۆنىلىش، ئاندىن ھەر بىر مىنۇت ـ سېكۇنتنى چىڭ تۇتۇپ نىشانغا يېتىش. شۇنداق قىلغاندا مەيلى قانچە ياشقىچە ياشاڭ، يەنىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز» دەيدۇ.

لېي شىدوڭ 63 ياشقا كىرىشتىن ئىلگىرى ئادەتتىكى ئادەم ئىدى، مېنىڭچە شۇ چاغدا تەڭرى ئۇنىڭ رەت تەرتىپىنى كەينىگە تىزغان. چۈنكى 60 نەچچە ياشلىق چالنىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيتتى. ئەمەلىيەتتە بىزنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، 63 ياشلىق لېي شىدوڭ جېنىنى تىكىپ ۋاقىت بىلەن بەسلەشكەن ۋە ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ كىشىلىك قىممىتىنى ياراتقان.

### ◉ خارۋازدىلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

جەمئىيەتتە نۇرغۇن تەڭسىز ھادىسىلەر مەۋجۇت. ئالايلۇق، بايلىقنىڭ ئاز ـ كۆپلىكى، ھوقۇق ـ ئىمتىيازنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى قاتارلىقلار. ئەمما، بۇ دۇنيادا ئەڭ ئادىل نەرسە دەل ۋاقىت. ياشلىقىدا ۋاقىتنى قەدىرلىمىگەنلەر يۈتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا ھېچنېمىگە يارىماس ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. نۇرغۇن كىشى توغۇلۇشىدىنلا باي ئەمەس، ھەتتا بەزىلىرى ئەينى چاغدا ناھايىتى نامرات ئۆتكەن. ئەمما، ئۇلار ئاخىرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتنىڭ تايانچ كۆچىگە ئايلىنالىدى. مۇبادا بىزمۇ ۋاقىتنى قەدىرلەشنى بىلسەك، يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرالىساق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز. ناۋادا ھەر دائىم سەۋەب ياكى باھانە ئىزدىسەك، مۇۋەپپەقىيەت بىزدىن بىر قەدەم نېرىدا بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيمىز.

تەڭرى بىزگە تىزىپ بەرگەن ۋاقىت تەرتىپىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقتىمىزغا ئېچىنىپ ئاھ ئۇرىمىزمۇ ياكى ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ قايتىدىن باشلايمىزمۇ؟ تالاي كۈنلەرنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ئېچىنماي، ھازىرنى چىڭ تۇتالىساق، بۈگۈننى قەدىرلىسەك، ۋەزىپىلەرنى سۈپەتكە، سانغا كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا تاماملىيالىساق، يۇقىرى ئۈنۈمدە چىڭ تۇرساق، چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە قىلغان ئىشىمىزنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

يېنىمىزدىكى كىچىك ئىشلاردىن ۋاقىتنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىمىزنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇنداقتا، سىزدە مۇشۇنداق قابىلىيەت بارمۇ؟

پىسخىك سىناق: ھەپتە ئاخىرىدا دوستىڭىز بىلەن ئۇچراشماقچى ئىدىڭىز. لېكىن ئۇ بىر سائەت كېچىكىپ قالدى، بۇ چاغدا سىز قانداق قىلىسىز؟

1. قاتتىق ئاچچىقلايسىز، ئۇنىڭ بىر سائەت ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلىۋاتقانلىقىدىن كۈنبويى خاپا يۈرۈيسىز.

2. پەرۋا قىلماي دېيىشىپ قويغان يەردە دوستىڭىز كەلگۈچە ساقلاۋېرىسىز.

3. مېڭىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ، يولغا چىقمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپىسىز، شۇنىڭ بىلەن ئىشلىرىڭىزنى قىلىپ، ۋاقىتنى مۆلچەرلەپ ئاندىن بارىسىز.

◉ **جاۋابنىڭ تەھلىلى**

بىرىنچىنى تاللىغانلار: ۋاقىت ئىسراپ بولدى، خاپا بولغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. شۇڭا كەيپىياتنى تەخشەپ، باشقا ئىشلارنى قىلىش كېرەك دەپ ئويلايدۇ.

ئىككىنچىنى تاللىغانلار: دوستۇمغا كەڭ قورساقلىق قىلسامىمۇ ئۆزۈمنىڭ ۋاقتى ئىسراپ بولدى دەپ ئويلايدۇ.

ئۈچىنچىنى تاللىغانلار: ۋاقىت قارىشى كۈچلۈكرەك بولۇپ، ئەتراپلىق ئويلاپ، ۋاقىتنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرالايدىغانلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ۋاقىتنى يېرەك سوقۇشى بىلەن ھېسابلاش، ۋاقىتنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئېلىپ كېتىشىگە يول قويماسلىق

**خارۋاردنىڭ *ئىلھامبەخش* ھېكمىتى: ۋاقىتنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ۋاقىتنى تېجىگەنلىك.**



«ۋاقىتنى يۈرەك سوقۇش ئارقىلىق ھېسابلاپ، ۋاقىتنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئېلىپ كېتىشىگە يول قويماسلىق كېرەك». بۇ جۈملىنى ھەر قېتىم ئوقۇغىنىمىزدا تېنىم ئىختىيارسىز جۇغۇلداپ كېتىدۇ. ۋاقىت قانداقلارچە غىپپىدە ئۆتۈپ كەتكەندۇ؟ تېخى تۇنۇگۇنلا ئۆزۈمنىڭ تېزرەك چوڭ بولۇشىنى ئارزۇلىغانتىم، ئەمدى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ياشلىقىم بىلەنمۇ خوشلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن، شۇ تاپتا ۋاقىتتىنمۇ رەھىمسىز نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى يادىمغا ئالدىم. مەن ئۇنى قانچىلىك سېغىناي، ئۇ ئوخشاشلا مېنى تاشلاپ كەتمەكتە. مەن تېخى تۈنۈگۈنكى شادلىق ياكى قايغۇ ئىچىگە بەنت بولۇپ تۇرغاندا، ۋاقىت ئاللىقاچان مېنى تاشلاپ جىممىدە كېتىپ قالدى. مەن ئامالسىز بۈگۈن ئىچىدە ياشايدىغان، تۈنۈگۈنكىگە ئۆكۈنمەيدىغان، ئەتىگە تولا تەلمۈرمەيدىغان بولۇپ قالدىم. بۈگۈننىڭ پىشىنى مەھكەم تۇتقاندىلا بۈگۈنكى ئىشنى تىرىشىپ ئورۇندىغىلى بولىدىكەن. شۇنداق قىلسام يۇقىرىقى جۈملىلەرنى قايتا ئوقۇغاندا ئاز - تولا ئارام تاپقاندەك بولىمەن.

مېنىڭچە، دوستلارنىڭ ھەممىسى پارلاق كەلگۈسىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھېچكىممۇ يارامسىز بولۇشىنى

خالىمايدۇ. ئۇنداق بولسا ھازىرنى قەدىرلەيلى، ۋاقىت بىزنى تاشلاپ كەتمەستە ئۇنى چىڭ تۇتايلى. ھازىرقى دەۋرنىڭ رىتمى ئىنتايىن تېز، ئىلىم - پەن، ئۇچۇر، تېخنىكىلارنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

بىز جەمئىيەت بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەشنى ئويلىساق، چوقۇم ۋاقىتنى قەدىرلىشىمىز، غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت قوشۇپ ئىشلىشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا جەمئىيەتنىڭ كەينىدە قالمايمىز.

ۋاقىتنىڭ بىزنى مۇشۇنداقلا تاشلاپ كېتىشىگە يول قويمايمىز دەيدىكەنمىز، ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىشنى بىلىشىمىز، ھەر بىر مىنۇت - سېكۇنتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە تۈرلۈك ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ۋەزىپىسىنى تاماملىشىمىز كېرەك. نىشان بىلەن پىلاننىڭ مۇددىتى قىسقا بولغىنى ياخشى، چۈنكى ۋاقتى زىيادە ئۇزۇن پىلان ئىجرا داۋامىدا ئېنىقسىز ئامىللارنىڭ توسالغۇسىغا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمما، شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇشۇم كېرەككى، ئەتىدىن كەچكىچە ئالدىراش يۈرۈش ھەممىدىن ياخشى دېگەنلىك ئەمەس. چوڭ مېڭە بىر ئىشنى توختىماي تەكرارلىغاندا چارچايدۇ. بۇ خىل چارچاش خىزمەت ۋە ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، ئۈنۈم تۆۋەنلەپلا كەتسە ئوخشاش ۋاقىتتا تاماملىنىدىغان ۋەزىپىمۇ ئازلايدۇ. بۇنىڭ ۋاقىت ئىسراپ قىلىش بىلەن ماھىيەتلىك پەرقى يوق. ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، ۋاقىت ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلەر ھەرگىز ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىغان ھاماقەتلەردىن ئەمەس.

جاموس ئەيلون خارۋاردنىڭ پىروفېسسورى. ئۇ ئىلگىرى «ئويلانغۇچى» ناملىق بىر كىتاب يازغان. مەزكۇر كىتابتا كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى 90% ئادەمنىڭ ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزىدىغانلىقى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كۆپ ۋاقىتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆز بوياپچىلىق بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. نۇرغۇن ئادەمنىڭ ۋاقتى تاماق يېيىش، ئىشقا بېرىش، ئۇخلاش دېگەندەك ناھايىتى ئۇششاق ئىشلار بىلەن ئۆتىدىكەن. كىشىلەر ئوخشىمىغان ئورۇندا ئەھمىيەتسىز، قىممىتى يوق ئىشلارنى قايتىلايدىكەن، قارىماققا توختىماي ئىشلەۋاتقاندەك، بىر ئىشنىڭ كەينىدىن بىر ئىشنى تۈگىتىۋاتقاندەك قىلىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ بىرىمۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىگەن نىشانىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىكەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتىنى گەۋدىلەندۇرەلمەيدىكەن. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى شۇكى، نۇرغۇن كىشى تاكى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقۇچە كۈنىنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزىدىكەن. رېئاللىقتىكى كۆپلىگەن كىشى پېنسىيەگە چىقاي دېگەندە ئاندىن ئەقلىنى تېپىپ، ئۆمرىدە ئەھمىيەتلىك بىرەر ئىش قىلمىغانلىقىنى، ئۆمرىنىڭ بىكار دېگۈدەك ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بايقايدىكەن. ئارقىدىن ئۇلار كېسەل كارىۋىتىغا جايلىشىپ ھەسرەت يۇتۇپ، ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىدىكەن، ئاخىرىدا بۇ دۇنيا بىلەن ئاستا - ئاستا خوشلىشىدىكەن.

خارۋارد پىروفېسسورىنىڭ بۇ كىتابى ئەينى چاغدا بىر مەزگىل بازار تاپقان، بۇ كىتابنى ئوقۇغانلار غايەت زور ئىلھام ئالغان. ئۇلار كىتابتا سۆزلەنگەن مەزمۇنلار بىلەن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كىتابتا ئېيتىلغاندەك ھەر كۈنى ئالدىراش يۈرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تىرىكچىلىك ئۈچۈنلا چېپىپ يۈرگەنلىكىنى بايقىغان، بۇرۇنقى چاغلىرى گوللۇق - گومۇشلۇقتا ئۆتۈپ كەتكەندەك بىلىنگەن. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرى قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلمىغان، شۇنىڭ بىلەن ۋاقتى پۇتۇنلەي ئىسراپ بولغان.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

يۇرەك رىتىمىنىڭ تېزلىكى بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىتنى ئەستە تۇتۇش ۋۇجۇدىمىزدا ئىجابىي ۋاقىت قارىشى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق. ھەر بىر كۈننى چىڭ تۇتۇش، مۇۋاپىق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن پىلان تۈزۈش، ھەممە ئىشنى بىر ۋاقىتقا جۇغلىۋالماسلىق، قانۇنىيەتلىك ئىشلەش، زۆرۈر بىلەن مۇھىم ئەمەسلىرىنى ئېنىق ئايرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئىش ئۈنۈمىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيمىز. ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشنى تېپىپ قىلىش، بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئۆزۈكسىز تىرىشىش كېرەك، ئەھمىيەتلىك ئىشنى قىلغاندىلا ۋاقىتنىڭ مەۋجۇت بولۇش قىممىتىنى ھېس قىلالايمىز. ئەكسىچە بولغاندا، تاكى قېرىغىچە كۈنبويى جان بېقىشنىڭ كويىدا يۈرىدىغان ئىش بولىدۇ. ئۇ چاغدا ۋاقىتنىڭمۇ چىن مەناسىنى چۈشەنمەي قالىمىز. ھەر قېتىملىق يۈرەك سوقۇشىمىزنى سەزگەن چاغدا، ئۆزىمىزنى ۋاقىتنى قەدىرلەشكە، ھازىرنى چىڭ تۇتۇشقا ئەسكەرتىشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ھاياتنىڭ قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

كۆك، ئاق ۋە ھال رەڭدىكى مېۋە ئۇيۇتمىسى قاچىلانغان بىر چېلەك بار. ناۋادا كۆزىڭىزنى يۇمۇپ تاللىسىڭىز، قانچىنى تاللىسىڭىز ئاندىن ئوخشاش رەڭدىكى ئىككى دانە مېۋە ئۇيۇتمىسىنى تاللاپ چىقالايسىز؟

### ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

ئاز دېگەندە تۆتنى. بۇ ئېھتىماللىق مەسىلىسى. ناۋادا ئالدىدىكى ئۈچى ئوخشىمايدىغان رەڭ بولسا، تۆتىنچىسى چوقۇم ئالدىدىكى ئۈچىنىڭ بىرى بىلەن ئوخشاش چىقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پەخەس بولۇڭ،«ۋاقىت ئوغرىسى» ئالدىۋەتمىسۇن

***خارۋاردنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:*** **ۋاقىتنى ئەزەلدىن ئىسراپ قىلمايدىغان ئادەمنىڭ ۋاقىتنىڭ يېتىشمىگەنلىكىدىن ۋايساشقا چولىسى تەگمەيدۇ.**



بالىلىقىمىزدا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كەمدىن ـ كەم ھېس قىلىمىز. ئۇ چاغدا ئۆگىنىشكە، ئويناشقا يەتكۈدەك ۋاقتىمىز بارغۇ، دەپ قارايمىز. ئەمما، چوڭ بولغانچە ئەسلىدە ۋاقىتنىڭ مۇشۇنداق ئاسانلا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى، بىزگە نىسبەتەن ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇرلۇقىنى ھېس قىلىمىز. ھەر قېتىم توغۇلغان كۈنىمىزنى ئۆتكۈزگەندە ياشلىق باھارىمىزنىڭ بىزنى ساقلاپ تۇرمايدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئەمما، بىز «ئاھ ئۇرارمەن» بوپقالساق بولمايدۇ. «ۋاقىت ئوغرىسى» نىڭ بىلىپ ـ بىلمەي نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلىرىمىزنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغاندا، چوقۇم بەلگىلىك تەدبىر قوللىنىپ، ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

ۋاقىت ـ ئالتۇن دېمەكتۇر، تېخىمۇ يامىنى ۋاقىت ـ ھايات دېمەكتۇر. بىز ئۇنى ئەزىز تېنىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز كېرەك. بىز ھەمىشە دىققەتسىزلىكتىن بەزى كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ تۇرىمىز، ھالبۇكى، ۋاقىتقا ئېتىبار قىلمىغاندا، ئۇ بىزنى تاشلاپ كېتىدۇ. بىزنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىمىز بارغۇ دەپ قارىماسلىقىمىز لازىم، بىر ئىشنى بىرلىپ

قىلىنۋاتقان چاغدا ۋاقىتنىڭ يەتمەيۋاتقانلىقىنى بايقايسىز، كۈندە تىرىشىپ ئىشلىسىڭىز، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىسىڭىز بىر كۈن كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە تۈگەيدۇ. ھەممىمىز ۋاقىت بىزنى ساقلايدۇ، ئۇ ئىشلىرىمىز تۈگىگىچە، ئائىلىمىزدىكىلەر بىلەن جەم بولۇپ بەختنىڭ پەيزىنى سۈرگىچە، ئەڭ يۇكسەك مۇراد ـ مەقسەتلىرىمىزگە يەتكۈچە يېتىدۇ، دەپ ئويلايمىز. ئەپسۇس، ۋاقىت ئىتتىك كېتىۋاتقان قەدىمىنى ھەرگىزمۇ توختاتمايدۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن جىددىي قوغلىماقتىن ئۆزگە يول يوق.

خارۋاردتا ئوپپېنگېيمېر ئىسىملىك بىر «تۇغما ئەقىللىك بالا» بار. ئوپپېنگېيمېر 1922 ـ يىلى كۈزدە ئەلا نەتىجە بىلەن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەينى چاغدا ئۇ خىمىيە ئۆگىنىش نىيىتىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ نىيىتى سەل قىيىنغا توختايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىلگىرى نۇرغۇن كەسىپلەرنى ئۆگىنىشكە ئۇرۇنغان، بىناكار، كىلاسسىك ئەدىب بولماقچى بولغان، يەنە شائىر ياكى رەسسام بولۇشنى ئويلاپ يۈرگەن. ئەمما، بىر مەزگىللىك ئويلىنىشتىن كېيىن ئۇ ئاخىر خىمىيە كەسپىنى تاللايدۇ.

ئوپپېنگېيمېر ۋاقىت بىلەن بەسلىشىدىغان ئادەم ئىدى، ئۇ ۋاقىتنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىدۇ. ئوپپېنگېيمېر خارۋاردتا ئوقۇۋاتقان چاغلاردا جاپاغا چىداپ ئۆگىنىدۇ. ھەتتا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلىپ ئۆگىنىدۇ، ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ، بىرىنچى بولۇپ تەجرىبىخانىغا كىرىدۇ ۋە تەجرىبە ئىشلەشنى باشلايدۇ. ئوپپېنگېيمېر تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك كۈندە ئاشۇنداق بېرىلىپ ئۆگىنىدۇ. پەقەت چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدىلا يەر ياڭىقى ۋە شاكىلات قىيامى سۈركەلگەن بىر پارچە بولكا يەيدۇ. ئوپپېنگېيمېر بۇنداق بولكىنى ئوزۇقلۇق مىقدارى ئەڭ مول يېمەكلىك قاتارىدا ھاپىلا ـ شاپىلا يەپ بولغاندىن كېيىن، يەنە پۈتۈن زېھنى بىلەن تەجرىبە ئىشلەشكە باشلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدا دەل مۇشۇنداق ۋاقىتنى ھايات دەپ بىلىدىغان، ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان روھ بولغاچقىلا ئۇچ يىلدىلا ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى تۈگىتىدۇ ھەم ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتكۈزىدۇ. بۇ ئەينى چاغدا ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان مۆجىزە ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئۇ خارۋاردنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن «تۇغما ئەقىللىك بالا» دەپ تەرىپلىنىدۇ.

جاھاندا نەدىمۇ تۇغما ئەقىللىك بالا بولسۇن، ئوپپېنگېيمېرنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىشى ئۇنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەنلىكى، جاپاغا چىداپ تىرىشقانلىقى، كۆڭۈل قويۇپ ئىزدەنگەنلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق ۋاقىتتىن پايدىلانغان. ھەر كۈنى ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، ئاخىرىدا نىشانغا يەتكەن. نۇرغۇنلار ۋاقىتنىڭ بەدخەجلىكىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋاقىتقا ئىگىدارچىلىق قىلىش ئېڭى كەمچىل. مۇبادا بىز ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈپ ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانساق، دۇنيادىكى ئەڭ كەمچىل ھېسابلىنىدىغان بايلىق — ۋاقىتقا ئىگىدارچىلىق قىلالايمىز. مۇبادا قولىمىزدىكى نەرسىلەرنى ۋاقىتنىڭ خالىغانچە ئوغرىلاپ كېتىشىگە يول قويساق، بىر ئۆمۈر ئۆكۈنۈش ۋە ئېچىنىشتىن قۇتۇلالمايمىز.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

«ۋاقىت ئوغرىسى» نىڭ ئىزىنى بايقاش توغرىسىدا مەن كۆپچىلىكنى بىر قىسىم «يىپ ئۇچى» بىلەن تەمىنلەي: بىز نەرسە ــ كېرەك ئىزدىگەن چاغدا بۇ ئوغرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەر يىلى ئون پىرسەنت ۋاقىتىمىز ئاچقۇچ، پورتمال دېگەندەك نەرسە ــ كېرەكلەرنى ئىزدەش بىلەن ئۆتىدۇ. مۇبادا، بۇ نەرسىلەرنى تۈرگە ئايرىپ ساقلىساق، ۋاقىت ئوغرىسىنىڭ قول سېلىشىدىن ساقلىنالايمىز. بىز ھۇرۇنلۇق قىلغاندا ياكى

كەينىگە سوزغاندا بۇ ئوغرى يەنە پەيدا بولىدۇ. بۇ چاغدا بىز چوقۇم خىزمەت ۋە ئۆگىنىش ئۈنۈمىمىزنى ئۆستۈرۈپ، مۇۋاپىق پىلانلارنى كۆپلەپ تۈزۈپ، ھەر بىر ئىشنى پىلاندىكى كۈن تەرتىپ بويىچە ئىجرا قىلىساق، ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تۈگىتەلەيمىز. ۋاقىتنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرەلەيمىز. شۇنداق قىلساق «ۋاقىت ئوغرىسى» نى ئۆزىمىزگە يېقىن يولاتماي، مۇۋەپپەقىيەتكە قاراپ يول ئالىمىز.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

A زاۋۇتتا بەشلا ماشىنا ئادەم بار. B زاۋۇت بىلەن A زاۋۇتنىڭ ماشىنا ئادەم پەرقى ئالتە B زاۋۇت بىلەن A زاۋۇتنى سېلىشتۇرغاندا، قايسى زاۋۇتنىڭ ماشىنا ئادىمى كۆپ؟

### ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

بىرىلگەندىن بىلىشكە بولىدىكى، ئىككى زاۋۇتتىكى ماشىنا ئادەمنىڭ پەرقى ئالتە، شۇڭا ئىككى خىل ئېھتىماللىق بار. بىرى، A زاۋۇتنىڭ ئىشچىلىرى B زاۋۇتنىڭكىدىن كۆپ. يەنە بىر ئېھتىماللىق B زاۋۇتنىڭ ئادىمى كۆپ. چۈنكى، A زاۋۇتتا ئارانلا بەش ماشىنا ئادەم بار، B زاۋۇتنىڭ A زاۋۇتنىڭكىگە قارىغاندا ئالتە ماشىنا ئادىمى ئاز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. پەقەت B زاۋۇتنىڭ ئادىمى A زاۋۇتنىڭ ئادىمىدىن كۆپ بولۇش مۇمكىنچىلىكىلا مەۋجۇت. شۇڭا B زاۋۇتتا 11=6+5 ماشىنا ئادەم بار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش بىلەن ئۆلۈۋېلىشنىڭ پەرقى يوق

*خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:*
**ۋاقىت دۇنيادىكى بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ تۈپرىقى. ۋاقىت خىيالپەرەسلەرگە ئازاب، ئىجادكارلارغا بەخت ئېلىپ كېلىدۇ.**



ئېھتىمال ھوقۇق بىلەن بايلىق باشقىلار بىلەن ئوتتۇرىمىزدا زور پەرق ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. ئەمما، بىر نەرسە ناھايىتى ئادىل، مەيلى بىز قەيەردە تۇغۇلايلى، بايلىقىمىز قانچىلىك بولسۇن، ھەممىمىزنىڭ ھەر كۈنى 24 سائىتى بار. شۇڭا دېيىمىزكى، ۋاقىت تەڭرى بىزگە ئاتا قىلغان ئەڭ ئېسىل ئىلتىپاتتىن ئىبارەت. ۋاقىت شۇنداق ئادىلكى، ئۇ دۆۋانە بىلەن زۇڭتۇڭنى ئوخشاشلا 24 سائەتتىن بەھرىمەن قىلىدۇ. ئەمما، ۋاقىت يەنە ئەڭ ئادالەتسىز نەرسە، ئەلۋەتتە بۇ خىل ئادالەتسىزلىكنى ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز. ۋاقىت بىر ئېسىل غىزا، بەزىلەر ئۇنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزلەيدۇ، تەمىنى تېتىيدۇ، ئەمما يەنە بەزىلەر ئۇنىڭغا پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ بىكار ئۆتۈپ كېتىشىگە قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرىدۇ. بۇلار تۇيۇقسىز ئۇنى بىر تېتىپ بېقىش خىيالىغا كەلگەندە ئۇ ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ.

قەدىرلەش بىلەن ئىسراپچىلىق تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل پوزىتسىيە، دەل مۇشۇ ئىككى خىل پوزىتسىيە باي

بىلەن گادايىنى، مۇۋەپپەقىيەتچىلەر بىلەن مەغلۇبىيەتچىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى خىل پوزىتسىيەنى تاللاش ھوقوقى ئۆزىمىزدە بولغاچقا، باشقىلاردىن ئاغرىنىشقا ھەققىمىز يوق. بەزىلەر قىرىغاندا ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىغا ئۆكۈنۈپ، ئۆزىنىڭ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغۇەتكەنلىكىگە نەپرەتلىنىدۇ. بۇ چاغدا كايىغاننىڭ نېمە پايدىسى. بىلىش كېرەككى، ۋاقىت ئىسراپ قىلىش ئۆلۈۋېلىشنى تاللىغانلىق، پەقەت شۇ ئاستا خاراكتېرلىك ئۆلۈۋېلىش خالاس.

فىرانسىس لىس 1914 - يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ لوۋا ئىشتاتىنىڭ مەركىزى دېسموئىن شەھىرىدە تۇغۇلغان، كېيىن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان. لىسنىڭ ۋۇجۇدىدا ئادەتتىكى كىشىلەردە يوق بولغان قەتئىي ئىرادە بولۇپ، بىرەر ئىشنى قىلىش نىيىتىگە كەلسە شۇ ھامان قىلىدۇ، بۇ جەرياندا قانداقلا ئەھۋال يۈز بەرسۇن، قەتئىي توختىتىپ قويمايدۇ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى ھېچقانداق كۈچ توسيالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يېرىم يولدا ۋاز كېچىشنىڭ ئىلگىرى سەرپ قىلغان ۋاقتى ۋە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنىڭ كۆپۈككە ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى، كېيىنكى ئىشلارنى تىرىشچانلىق ئارقىلىق كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلىغىلى بولسىمۇ، لېكىن قولدىن بېرىپ قويغان ۋاقىتنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى، قىممەتلىك ۋاقىتنى قەتئىي ئىسراپ قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماسلىق ئۈچۈن، ھەممىشە بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ھەر بىر ئىشنى ئەستايىدىل قىلاتتى.

لىس كېيىن فورد شىركىتىگە كىرىدۇ. ئەينى چاغدا فىرانسىيەدىكى فورد تارماق شىركىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن قىيىنچىلىقتا قالغانىدى. ئۇ بۇ شىركەتنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن فىرانسىيەگە ئەۋەتىلىدۇ. فورد شىركىتى لىسنىڭ

تىرىشچانلىقىدا ھالاكەت گىرداۋىدىن قايتىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە ھۆكۈمىتى لىسقا بىر ئوردېن تەقدىم قىلىدۇ. لىس ۋەزىپىنى غەلىبىلىك تاماملاپ ئامېرىكىغا قايتىدۇ، كېيىن فورد شىركەتنىڭ مۇئاۋىن لىدىرى بولىدۇ.

لىس خىزمەتداشلىرى تەرىپىدىن سىپى ئۆزىدىن «خىزمەت مەستانىسى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇتۇق قازىنىشى دەل مۇشۇنداق «مەستانىلىق» بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. لىس ئىستاتىستىكىلىق باشقۇرۇش بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان چاغدا، دائىم بىر پاتمان سانلىق مەلۇماتلار بىلەن ھەپىلىشەتتى. بۇ، ئادەمنىڭ زېھنىنى تازا خورىتىدىغان خىزمەت ئىدى، لىس ۋەزىپىنى تېز تاماملاش ئۈچۈن دائىم كېچە ـ كېچىلەپ ئىشلەيدۇ، ھەر بىر مىنۇت ـ سېكۇنتتىن پايدىلىنىپ قولىدىكى خىزمەتنى ئورۇنلايدۇ. بىر كۈنى زىيادە چارچاپ كەتكەن لىسنىڭ نېرۋىسىدىن چاتاق چىقىدۇ. دوختۇر ئۇنى ئوبدانراق ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ كۆلۈمسىرىگىنىچە «كارىۋاتتا جىممىدە يېتىپ ئەزرائىلنىڭ كېلىشىنى كۈتسەم بولمايدۇ» دەيدۇ ۋە دوختۇردىن ئازراق دورا ئالغاندىن كېيىن خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. لىسنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى ئەسلىدىنلا يۇقىرى، يەنە كېلىپ بارلىق ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدىغان، ۋاقىت بىلەن بەسلىشەلەيدىغان جۇرئەتكە ئىگە بولغاچقا، ناھايىتى تېزلا ئەلا نەتىجىلەرنى يارىتىدۇ، رەھبىرىمۇ ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلايدۇ، ئۇنىڭغا شەرەپ ئوردېنى بېرىدۇ.

بىز ئۇتۇق قازانغان كىشىلەرنىڭ ھېكايىسىنى كەينى ـ كەينىدىن ئوقۇغان چاغدا، ئۇلاردىكى روھقا قايىل بولماي تۇرالمايمىز. لىس پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزىنى خىزمەتكە ئاتىغان، بۇ ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئالدىنقى شەرت. ئۇ ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ كېسەل كارىۋىتىدا يېتىشنى خالىماي پۈتمىگەن ئىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. «ئەزرائىل» نىڭ كېلىشىگە

302 ※※ HARVARD HALF PAST FOUR

قاراپ تۇرمايدۇ، ۋاقىت ئىسراپ قىلىشنىڭ ئاستا خاراكتېرلىك ئۆلۈۋېلىش ئىكەنلىكىنى بىلمىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ۋاقىتنى قەدىرلەشتەك قىممەتلىك روھ ھەممىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

### ◉ خارۋاردنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرى

دۇنيادا پۇشايماننىڭ دورىسى يوق، ئىسراپ بولغان ۋاقىتنىمۇ قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ. شۇڭا نۇرغۇن كىشى بۇرۇنقى سەۋەنلىكلىرىگە ئۆكۈنىدۇ. مۇبادا بىز ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىدىغان ئاستا خاراكتېرلىك ئۆلۈۋېلىشتىن ساقلانماقچى بولساق، دەرھال ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا چەكلىك ھاياتىمىزنى ئۇزارتىپ، كىشىلىك ھاياتىمىزنى تېخىمۇ چىن مەنىگە ئىگە قىلالايمىز.

بىز ۋاقىتنى قانداق قەدىرلىشىمىز، ھەر بىر مىنۇت ـ سېكۇنتنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. سەللا ئېزىلەڭگۈلۈك قىلساق بىلىپ ـ بىلمەي نۇرغۇن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋېتىمىز. ۋاقىتنى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ۋەزىپىنى تاماملىشىمىز كېرەك. مەلۇم ۋاقىتقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋەزىپە قانچىكى كۆپ بولسا، بىزمۇ ئىش ئۈنۈمىنى شۇنچىكى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇمكىنچىلىكى شۇنچە زور بولىدۇ.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلاردا ۋاقىت ئىسراپ قىلامسىز ـ يوق، قاراپ باقايلى.

پىسخىك سىناق: يېڭىدىن ئۆي كۆچتىڭىز، تۆۋەندىكى بۇيۇملارنى يېڭى ئۆيگە ئېلىپ كەتمەكچى. ئەمما، ھەر قېتىم بىرلا خىل نەرسىنى ئېلىپ كېتىشكە بولىدۇ. قېنى، تۆۋەندىكى

ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپنىڭ قايسىنى تاللايسىز؟
1. كىيىم ئىشكابى، كىيىم ـ كېچەك، گىلەم، سافا
2. سافا، گىلەم، كىيىم ـ كېچەك، كىيىم ئىشكاپى
3. سافا، كىيىم ئىشكاپى، كىيىم ـ كېچەك، گىلەم

### ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

مۇبادا باشتا كىيىم ـ كېچەكنى ئەكېلىۋېلىپ، ئاندىن كىيىم ئىشكاپىنى ئەكەلسىڭىز، كىيىم ـ كېچەكلەرنى قايتا رەتلەپ ئىشكاپقا سالىدىغان ئىش چىقىدۇ. بۇ ۋاقىت ئىسراپ قىلغانلىق. گىلەمنى ئەڭ ئاخىرىغا قويۇش كېرەك. شۇ چاغدىلا مەينەت بولۇپكەتمەيدۇ. تازىلايدىغان ۋاقىتمۇ تېجىلىپ قالىدۇ. شۇڭا 3 ـ تاللاش ئەڭ مۇۋاپىق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى باب

## ئۆز - ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش: مۇۋەپپەقىيەت قاتتىق تەلەپ ۋە پولاتتەك ئىرادىدىن كېلىدۇ

- بۈيۈك نەتىجىلەر ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشتىن كېلىدۇ
- ئاۋۋال ئۆزىگە توغرا ھۆكۈم قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش
- ئۆتمۈشكە تارتىشماي ھەر ۋاقىت نۆل ھالىتىنى ساقلاش كېرەك
- «تالانتلىق بولۇش»تىن ئىلگىرى «ئادەم بولۇش» كېرەك
- خاتالىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىش كېرەك
- مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى كەيپىياتنى كونترول قىلالماسلىق
- ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۆزىنى بىلىشتە، سەۋەنلىكلىرىگە توغرا قاراش كېرەك
- ئۆزىنى كونترول قىلالىغاندىلا باشقىلارنىمۇ كونترول قىلغىلى بولىدۇ

# شانلىق نەتىجىلەر ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشتىن كېلىدۇ

**_خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:_ ھېچكىم خالىغانچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قاتتىق تەلەپ ۋە پولاتتەك ئىرادىدىن كېلىدۇ.**

ئۆزىگە تەلەپچان بولۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟ مېنىڭچە، ئۆزىگە تەلەپچان بولۇش جانلىقلارنىڭ بىر ئىقتىدارى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ سىزنى ھەر ۋاقىت سېلىشتۇرۇشقا، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ، گۈزەل ھايات بەرپا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. تەلەپچان بولۇش جانلىقلارنىڭ بىر جەريانى، ئۇ كەيپىياتىڭىزنى تېخىمۇ ياخشى كونترول قىلىپ، ناچار قىلمىشلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن ساقلاپ، سىزنى ئالاھىدە نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدۇ!

دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى زەردار —— بېل گايتىسنى دۇنيا خەلقى بىلىدۇ. ئۇ ئىنتايىن قۇدرەتلىك يۇمشاق دېتال ئىمپېرىيەسىنى قۇرغان. ئۇنىڭ بۇ خىل بۈيۈك نەتىجىسى ئۇنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغانلىقىدىن كەلگەن.

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، بېل گايتىس خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا تولۇق ئوقۇمىغان. ئۇ ھەتتا تولۇق كۇرس دىپلومىمۇ ئالالمىغان. ئەمما ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا دۇنياغا مەشھۇر «يۇمشاق دېتال پىرى» غا ئايلاندى، ئۇ بىرىنچى بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشى، ئۇ دەۋردىن ھالقىغان كۆز قارىشى ۋە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان پاراسىتىگە تايىنىپ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

بىل گايتىس ۋاشىنگتون ئىشتاتىنىڭ سىئاتىل شەھىرىدە تۇغۇلغان. كىچىك چېغىدا ئائىلىسى باياشات ئۆتكەن. دادىسى ۋىلىيام گايتىس ئادۋوكات، ئانىسى ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇلاھىزىچىسى، قوشۇمچە ئىشتاتلار ئارا بانكىنىڭ تۇنجى باشقۇرۇش ھەيئىتى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇلار گايتىسنى ياخشى تەربىيەگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن باشقۇرۇلۇشى ناھايىتى قاتتىق سىئاتىل كۆل بويى خۇسۇسىي ئوتتۇرا مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگەن. ئۆسمۈر گايتىس دەل مۇشۇ يەردە ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە ھېسابلانغان تەلەپچانلىقنى ئۆگەنگەن ۋە كومپيۇتېر بىلەن ئۇچراشقان.

بىل گايتىس ئون نەچچە يېشىدىن باشلاپلا ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزمىگەن، كومپيۇتېر ئالدىدا ئون نەچچە سائەتلەپ ئىشلىگەن، قورسىقى ئاچسا ھامبۇرگ بولكىسى يېگەن. يېگىنىنىڭ چۇشلۇك تاماقمۇ ياكى كەچلىك تاماقمۇ ئۆزىمۇ بىلمەي قالغان. چارچاپ بولالماي قالغاندا ئامالسىز ئۈستەلگە بېشىنى قويۇپ بىردەم ئۇخلىۋالغان. كومپيۇتېر ئىشلىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇ ھەتتا باشقىلارغا ھەقسىز يۇمشاق دېتال لايىھەلەپ بەرگەن.

بىل گايتىس ئون توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى مىكروسوفت شىركىتىنى رەسمىي قۇرغان. ئەينى چاغدا ئۇ خۇددى روھلاندۇرۇش دورىسى يەۋالغاندەك غەيرەت ـ شىجائىتى، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان. ھېرىپ ـ چارچاش دېگەننىڭ نېمىلىكىنى ئەسلا بىلمىگەن. ئۇنىڭ ئىشخانىسى چاڭ ـ توزان بىلەن تولغان ئاپتوموبىل سارىيى ئىدى. ئۇ خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئاشۇ ئىنتايىن قالايمىقان، ئادەمنىڭ ئىچى

سىقىلىدىغان قىستاڭچىلىقتا، سۈبھىدىن گۇگۇمغىچە پىروگرامما تۈزگەن. قورسىقى ئاچسا ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر بىلەن ئەستەرلەپ چارچاپ بولالمىغاندا چىقىپ كىنو كۆرگەن.

كېيىنچە، مىكروسوفت شىركىتى ئىزىغا چۈشكەن، ئەمما، گايتىس ھەپتىدە 60 سائەتتىن كۆپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ ھەر يىلى ئىككى ھەپتە دەم ئېلىش ۋاقتى بولسىمۇ، جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنى شاللىۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دەم ئالماي يۇمشاق دېتاللار بىلەن تونۇشقان. ئۇ «خىزمىتىمنى قىزغىن سۆيىمەن، شۇڭا ئۇزۇنغىچە ئىشلەشكە رازىمەن» دېگەن.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بىل گايتىسنىڭ ئۇتۇقلىرى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي قولغا كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق تەلەپ قويغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ئۇ بۇ ھەقتە : «مېنىڭچە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمىز دەيدىكەنمىز، ئۆزىمىزگە زىيادە كەڭ قوللۇق قىلماي، قاتتىق تەلەپچان بولۇش ئارقىلىق ئاخىرقى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك» دېگەنىدى.

بىل گايتىس ئۆزىنىڭ ھەممە ۋاقتىنى دېگۈدەك ئۆگىنىش ۋە خىزمەتكە ئاتىغان، ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ بوششىپ كېتىشىگە يول قويمىغان. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىدا، ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ كومپيۇتېر تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن. مىكروسوفت ئىمپېرىيەسى خەلقئالەم ئالدىدا تەڭداشسىز پارلاق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئەمما ئۇنىڭغا ئاساس سالغۇچى بىل گايتىس نۇرغۇن ئازابلىق تاللاشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئۇ ھەر قېتىم قاتتىق ئىككىلەنگەن چاغدا، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش روھى ئۇنىڭغا توغرا يول كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئادەم ھەرقانچە تۇغما تالانتلىق بولسىمۇ، ئۇ قاتتىق تەلەپچان بولمايدىكەن. يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭا، مەن خارۋاردنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىنىپلىرىدا ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەمىشە «ئۆزىگە تەلەپچان بولۇش» نى تەكىتلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆزىگە تەلەپ قويۇشنى ھەتتا ئوقۇغۇچىلارنى باھالاشنىڭ بىر تۈرلۈك دەرسى قىلىپ بېكىتكەن. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ كونكرېت شەكلى ـ ئۇسۇللىرى تۈرلۈك ـ تۈمەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، ئۆزىگە تەلەپچان بولۇش ئىنتايىن مۇھىم. بۈيۈك نەتىجىلەر ئۆز ـ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشتىن كېلىدۇ. ئۆزىگە تەلەپچان بولۇش باشلامچى سەركىنى يۈكسەك پەللىگە يەتكۈزىدۇ، ئۇلۇغ مۆجىزىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

### ◉ خارۋاردنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرى

«ئاينىڭ يۈزىدىمۇ داغ بار» دەيدىغان گەپ بار. دۇنيادا مۇكەممەل ئادەم مەۋجۇت ئەمەس. ھەممىمىزلا تۈرلۈك نۇقسان ۋە سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمايمىز. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ يېتەرسىزلىكى بار. ئەمما، ئۇلار نۇقسان ـ يېتەرسىزلىكى ۋە ئەيىب ـ سەۋەنلىكلىرىگە دىققەت قىلىدۇ. ھەردائىم ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، سۆز ۋە ھەرىكىتى ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇشۇنداق قىلىشمۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشنىڭ ئىپادىسى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ يەنە ئۆزۈكسىز ئالغا بېسىشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى ۋە يولى ھېسابلىنىدۇ.

ماڭا ئايانكى، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزىگە تەلەپچان بولمىقى ئاسان ئەمەس. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئىرادە ۋە سۇنماس جاسارەت كېرەك. ئەمما، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا مەسئۇل بولۇشى، ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە يۈز كېلەلىشى كېرەك. شۇڭا كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپچان بولۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم.

ئۆزىڭىزگە بولغان تەلەپچانلىق خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىغان چېغىڭىزدا، تەكلىپىم شۇكى، ئۆزىڭىز بىلەن بىردەم - يېرىمدەم پاراڭلىشىڭ، ئۆزىڭىزگە مەدەت بېرىڭ، كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ. بىلىشىڭىز كېرەككى، بەزى چاغلاردا ئۆزى بىلەن مۇڭدىشىش ناھايىتى زۆرۈر. بۇ ئارقىلىق نىشانىڭىزنى قايتا ئەسكە ئالغىلى، جاسارىتىڭىزنى ئويغاتقىلى، شۇنداقلا كالليڭىزنىڭ ھەر ۋاقىت سەگەك تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئىلگىرى ئۆزۈمگە بولغان تەلەپچانلىقىم خىرىسقا دۇچ كەلگەندە، ئۆزۈمگە «تەلەپچانلىق ئۈچۈن تۆلەنگەن بەدەلىم پۇشايمان ئۈچۈن تۆلەنگەن بەدەلدىن خېلىلا ئاز بولىدۇ!» دەيتتىم.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

تۆۋەندىكى سەككىز سوئال ئارقىلىق ئۆزىڭىزگە بولغان تەلەپچانلىقىڭىزنى سىناپ باقايلى.

1. ئويۇننى دەپ خىزمەتنى ئاقسىتىپ قويىسىڭىز پۇشايمان قىلامسىز؟

2. مەلۇم بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم بىر قارارغا كېلىپ، ئاخىرىدا سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلى ۋاز كەچكەن چاغلىرىڭىز بارمۇ - يوق؟

3. تاشقى دۇنيانىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىماي، مەلۇم بىر ئىشنى پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن ئىشلىيەلەمسىز؟

4. بۈگۈن ۋاقىت جەدۋىلى تۈزدىڭىزمۇ؟

5. قول تۇتىدىغان ئىشقا يولۇققىنىڭىزدا، بۇنى خىرىس دەپ قارامسىز؟

6. كېرەكلىك نەرسىلەرنى دەرھال تېپىپ چىقالامسىز؟

7. بەزى ماتېرىياللار كېرەك بولۇپ قېلىپ تاپالمىغىنىڭىزدا

باشقىلاردىن ياردەم سورامسىز؟

8. باشقىلار ئۆزى خالىمىغان ئىشنى سىزگە قىلغۇزماقچى بولسا رەت قىلامسىز؟

### ◉ باھا

«ھەئە» دەپ جاۋاب بەرسىڭىز بىر نومۇرغا ئېرىشىسىز، ئىنكار قىلسىڭىز نۆل نومۇرغا ئېرىشىسىز. ئېرىشكەن نومۇرىڭىز7 ــ 8 گىچە بولسا ئۆزىڭىزگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. 4 ــ 6 غىچە نومۇر ئالسىڭىز تەلەپچانلىقىڭىز ئادەتتىكىچە، 3 تىن تۆۋەن بولسا تەلەپچانلىقىڭىز ناچار بولغان بولىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاۋۋال ئۆزىگە توغرا باھا بېرىشنى بىلىش

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:*
**باشتا ئۆزىگە توغرا باھا بەرگەندىلا ئاندىن باشقىلارغا باھا بەرگىلى بولىدۇ. باشقىلارنى ئالدىدىڭىزمۇ ياكى ئۆزىڭىزنىمۇ؟ ئىنچىكە ئويلىنىپ جاۋاب بېرىڭ.**

تۇرمۇشتا مۇنداق ئادەملەر دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ: سىلەر يېقىن تونۇشلاردىن بولمىساڭلارمۇ، ئۇ ھەممىشە شەخسىي تۇرمۇشىڭىزنى سوراپ تۇرىدۇ، سوراپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن سىزگە ئاساسسىز باھا بېرىدۇ. خۇددى سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىز تۈپتىن خاتادەك، ئۇنىڭ ئويلىغىنى بويىچە ياشىسىڭىز توغرا بولىدىغاندەك قىلىپ كېتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، تەربىيە كۆرگەن ھەرقانداق بىر ئادەم باشقىلارغا كەلسە ـ كەلمەس باھا بەرمەيدۇ. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئاۋۋال ئۆزىگە توغرا باھا بەرگەندىلا، ئاندىن باشقىلارغا باھا بەرگىلى بولىدۇ» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز كەڭ تارقالغان. ھالبۇكى، مەن تۇرمۇشتا ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلەيدىغان ئادەمنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى، ئەكسىچە ھە دېگەندە باشقىلارغا باھا بېرىدىغانلارنىڭ قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغانلىقىنى بايقىدىم. قارىغاندا، كىشىلەر ئۆزلىرىگە كەڭ قورساق بولۇپ، باشقىلارغا قاتتىق قوللۇق قىلامدۇ نېمە؟

دوستۇم ماڭا دەرد تۆكۈپ، يېقىندىلا شىركەت رەھبىرىنىڭ ئۆزىنى ناھەق ئەيىبلىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ رەھبەر ئۇنىڭ ياش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆرۈپلا چەت ئەل كارخانىسىغا كىرگەنلىكىنى، يىغىن مەزگىلىدە بىر شىركەتنىڭ لايىھە باش نازارەتچىسى بىلەن ئىنگلىز تىلىدا راۋان پاراڭلاشقانلىقىنى كۆرگەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن رەھبەر دوستۇمنىڭ يېنىغا كېلىپ پاراڭلاشقان، ئۇنىڭ قايسى مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلىكىنى سورىغان ۋە دوستۇمنىڭ مەزكۇر ئۆلكىدىكى ئىككىنچى قاتاردىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەنلىكىنى، شۇ تاپتا ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەھبەر قاتتىق ھەيران قالغان ۋە كەمسىتكەن ئاھاڭدا: «ھەئە، چەت ئەل كارخانىسىدا ئىشلەيدىغانلىقىڭىزغا، ئىنگلىزچىڭىزمۇ شۇنداق ياخشى سۆزلەيدىغانلىقىڭىزغا يەنە تېخى يېشىڭىزغا قاراپ سىزنى چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن! مۇشۇ ياشقا كېلىپمۇ يەنە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇماقچى بولۇۋېتىپسىز، كېچىكىپ قالدىڭىزمۇ نېمە! بۇ يېشىڭىزدا توي قىلىپ بالىلىق بولسىڭىز بولىدۇ» دەپتۇ. ئارقىدىن يەنە سەمىمىي ۋە مەنىلىك قىلىپ:

— ھازىرقى يېشىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە توي قىلىپ پەرزەنت يۈزى كۆرۈش. قىز بالا تۆرۈپ بۇ يېشىڭىزدا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇيمەن دېگىنىڭىز نېمىسى، ئوقۇغىنىڭىز بىلەنمۇ پايدىسى يوق. خىزمەتكە چۈشكىنىڭىزدىن كېيىن خەقلەر «ئائىلە كېلىپ چىقىشى» ڭىزغا قارايدۇ. خەقلەر ئالدى بىلەن سىزدىن تولۇق كۇرسنى قايسى مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىڭىزنى؟ دەپ سورايدۇ. كېچىكىپ ئالغان دىپلوم ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ» دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

ئەمەلىيەتتە، تۇرمۇشىمىزدا بۇ رەھبىرىمىزدەك ئادەملەر كۆپ. ئۇلار باشقىلارغا ئۆز مەۋقەسى بويىچە كەلسە ـ كەلمەس باھا بېرىدۇ، باشقىلارنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن پەرۋايى پەلەك. بۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا يەنە

مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز بار: «خالىغىنىڭىزچە ئويلاڭ، ئەمما ئوي - پىكرىنى ئىپادىلەشتە ئېھتىياتچان بولۇڭ».

شۇنداق، ئىش ۋە ئادەمگە نىسبەتەن ئۆز قارىشىڭىزنى ساقلاپ قالسىڭىز بولىدۇ، نېمىلا دېگەنبىلەن ھەممە ئادەمنىڭ ئوي - خىيالى بولىدۇ. ئەمما، بۇ ئوي-خىيالنى ئىپادىلەيدىغان چاغدا قايتا - قايتا دەڭسەپ كۆرۈشىڭىز كېرەك.

ئادەم ۋە ئىشلارغا ئادىل باھا بېرىش ناھايىتى مۇشكۇل ئىش. نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ھەمىشە ئۆزىنى زىيادە ئۇستۇن چاغلاپ، سەۋىيە - ئىقتىدارىم باشقىلاردىن يۇقىرى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ، ئۆزىنى بىلمىگەنلىكنىڭ ئىپادىسى. خارۋاردتا ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە توغرا باھا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىنى بىلىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت.

### ◉ خارۋاردنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرى

مەن ئىنسانلاردىكى ئەڭ چوڭ ھاماقەتلىك ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالداش! دەيدىغان بىر گەپنى ئاڭلىغانىدىم. دەرۋەقە، ئادەمنىڭ قىممىتى ئۆزىنى بىلىشتە. بىراق، رېئال تۇرمۇشتا نەزىرى ئۇستۇن، ھالى بوش، ئېگىز شاخقا ئېسىلىدىغان، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغانلار ئەستايىدىل، ئىخلاسمەن ئادەملەردىن نەچچە ھەسسە كۆپ.

نۇرغۇن كىشى ئۆزىنىڭ «تالانت»ىنى نامايان قىلالمىغانلىقىدىن ۋايسايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى كۆمۈلۈپ قالغاچقا كۆڭلى غەش بولىدۇ، ھەتتا تەكەببۇرلۇق بىلەن «ناۋادا مېنى باش مۇدىر قىلىدىغان بولسا، مەنمۇ غوجايىنىنىڭ ئىشخانىسىدا سالاپەتلىك ئولتۇراتتىم... پىروفېسسور قىلغان بولسا كىتاب بويىچە دەرس ئۆتكەن بولاتتىم...» دەپ قارايدۇ. ئېھتىمال، باشقىلار توغرىسىدا ئۇنى - بۇنى دېيىش ئاسان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە توغرا باھا بېرىش ناھايىتى تەس بولسا كېرەك.

ئۆزىگە توغرا باھا بېرىشكە جۈرئەت كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە سەگەك كاللا، تەمكىن روھىي ھالەت بولمىسا بولمايدۇ.

شۇ تاپتىكى داڭلىق يازغۇچى بەلكىم نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى نامى چىقمىغان، قەلىمى پىشمىغان ئادەتتىكى بىر ھەۋەسكار بولۇشى مۇمكىن؛ ياشانغان ئالىي تېخنىك ئېھتىمال ياش ۋاقتىدا ئاساسىي قاتلامدا كۆزگە كۆرۈنمىگەن ئىشچى بولۇشى مۇمكىن؛ تېببىي مۇتەخەسسىسمۇ دەسلەپتە بەلكىم ئادەتتىكى دوختۇر بولۇشى مۇمكىن... ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق تەجرىبە، بايلىق، ئورۇن ـ مەرتىۋە ئاز ـ ئازدىن يىغىلىدۇ. شۇڭا، بىز مەيلى قانداق يەردە ئىشلەيلى، قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنايلى، توغرا پىسخىك ھالەت ـ كەيپىياتتا بولۇشىمىز، ئۆزىمىزگە توغرا باھا بېرىشىمىز زۆرۈر.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھاياتلىق يولىدا، قانداق قىلغاندا ئۆزىمىزگە توغرا باھا بېرەلەيمىز؟ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن بىر دوستۇم ماڭا ئۆزىنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېرىشكەن ئەڭ چوڭ ھاسىلاتىنىڭ ئۆزىدىكى سەۋەنلىكلەرگە يۈرەكلىك ھالدا يۈزلىنىش، ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشقا جۈرئەت قىلىش ئىكەنلىكىنى دېگەنىدى. دەرۋەقە، بىز ئۆزىمىزگە توغرا باھا بەرسەكلا قەلبىمىز يورۇپ، ھايات نىشانىمىزدىن ئاداشمايمىز.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

كۆڭۈلسىز ئىشلارنى چىن دىلىڭىزدىن قوبۇل قىلالامسىز؟ شۇ تاپتا تاغدىكى ئىبادەتخانىغا يالغۇز كوچە كۆيدۈرگىلى كەلدىم، دەپ ئويلاڭ. بۇ چاغدا سىز ئەڭ باشتا نېمىنى كۆرسىز؟

1. ناتونۇش كىشىنى
2. راھىبنى

3. كۆچۈكنى
4. ئاسلاننى

### ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

بىرىنچىنى تاللىغانلار: پالاكەتكە يولۇقۇپ، تەڭرىنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن زارلىنىدىغانلار. قوشكېزەك يۇلتۇز تۈركۈمى، ئوغلاق يۇلتۇز تۈركۈمى، سۇغا يۇلتۇز تۈركۈمىدىكىلەرگە ئوخشاش ھەمىشە ئاھ ئۇرۇپ يۈرىدىغانلار.

ئىككىنچىنى تاللىغانلار: يامان ئىشنى بىر خىل تەقدىر ـ قىسمەت دەپ قارايدىغانلار؛ خۇددى تىمساھ يۇلتۇز تۈركۈمى، سۈنبۈلە يۇلتۇز تۈركۈمى، بېلىق يۇلتۇز تۈركۈمىدىكىلەرگە ئوخشاش تولا ھەسرەت چېكىدىغانلار.

ئۈچىنچىنى تاللىغانلار: پالاكەتكە يولۇققاندا ئۇھسىنىپ قويىدىغانلار، خۇددى قوزى يۇلتۇز تۈركۈمى، شىر يۇلتۇز تۈركۈمى، ياچاق يۇلتۇز تۈركۈمىدىكىلەرگە ئوخشاش.

تۆتىنچىنى تاللىغانلار: بۇلار ناھايىتى زىددىيەتلىك كىشىلەر بولۇپ، بەزىدە تەقدىرگە ئىشىنىدۇ، خۇددى ئۇد يۇلتۇز تۈركۈمى، تارازا يۇلتۇز تۈركۈمى، چايان يۇلتۇز تۈركۈمىدىكىلەرگە ئوخشاش ھەم ھەسرەت چەكمەيدۇ، ھەم ھەسرەت چەكمەيمۇ قالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۆتمۈشكە تارتىشماي، ھەرۋاقىت نۆل ھالىتىنى ساقلاش

***خارۋاردنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى: ئۆزىڭىزنى قەرەللىك تازىلاپ، قەلبىڭىزدىكى كىر - داغلارنى چىقىرىۋېتىڭ.***

شۇنىسى ئېنىقكى، ھايات يولى ئۆزگىرىشلەر بىلەن تولغان بولىدۇ. بۇ يەرگە بارسىڭىز، چوقۇملا باشقا يەرگىمۇ بارىسىز، بۇ ئىشنى تۈگەتسىڭىز، يەنە بىر ئىشنىمۇ قىلىسىز. مۇبادا ئىلگىرى باسقان يوللىرىمىز، قىلغان ئىشلىرىمىز كەلگۈسىمىزگە دائىم تەسىر يەتكۈزسە، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ھە! شۇڭا، ئۆتمۈشتىكى «نەتىجە» نى ھازىرقى «نۆل»گە ئايلاندۇرۇپ، لاقا - لۇققىنى تاشلاپ، يەڭگىل قەدەملەر بىلەن كەلگۈسىگە قاراپ ماڭساق ئاجايىپ كاتتا ئىش بولمامدۇ؟

شۇڭا، بۇرۇنقى تۇرمۇشىمىز ياكى ئۆگىنىشىمىز مەيلى ئۇتۇقلۇق بولسۇن ياكى مەغلۇبىيەتلىك بولسۇن، ھەممىنى «نۆل ھالەت»گە ئېلىپ كېلىپ، يېڭىچە قىياپەت بىلەن قايتا باشلايلى. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا «نۆل ھالەت» پىسخىكىسىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆنتەرتىپكە قويۇلىدىغان مۇھىم پىسخىك ھالەت ھېسابلىنىدۇ.

ئېيتىمدە قىلىشىچە، بىر قېتىم خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر مۇدىرى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا زىيارەتكە كەلگەندە، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن:

نەچچە يىل ئاۋۋال مەكتەپ مۇدىرى نەچچە ئاي رۇخسەت سوراپتۇ، ئاندىن ئۆزى يالغۇز ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر كەنتكە كەپتۇ. مېڭىشتىن بۇرۇن ئۇ ئۆيىدىكىلەرگە ئۆزىدىن خاتىرجەم بولۇشىنى، نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىماسلىقىنى، پات ـ پات تېلېفون قىلىپ ئەھۋاللىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ مۇدىر ھېچكىم بىلەن تونۇشمايدىغان يات يۇرتتا باشقىچە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. بۇ كەنتتە تۇرغان نەچچە ئايدا ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا بېرىپ ئەمگەك قىپتۇ، ئاشخانىغا بېرىپ قاچا يۇيۇپتۇ. بۇنداق پۇتۇنلەي يېڭىچە كەچۈرمىشتىن قەۋەتلا خۇشال بوپتۇ.

ھەممىدىن ئەھمىيەتلىك بولغىنى، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خىزمىتى ـــ مەلۇم بىر ئاشخانىدا قاچا ـ قۇچا يۇيۇش بوپتۇ. ئۇ ئەمدىلا تۆت سائەت ئىشلىشىگە غوجايىن ئۇنى ھېسابات قىلىشقا چاقىرىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ بەك ئاستا ئىشلىگەچكە ئىشتىن بوشىتىلغانىكەن.

كېيىنچە، مۇدىر خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا يېنىپ كېلىپ ئۆزىگە تونۇش دۇنياغا قايتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئۆز خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ يېڭىچە، تېخىمۇ قىزىقارلىق بولۇپ ئۆزگەرگەنلىكىنى بايقاپتۇ.

ئەڭ مۇھىمى، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بۇ مۇدىرى ئەسلىدىكى تۇرمۇشىغا قايتقاندىن كېيىن، ئوخشىمايدىغان روھىي ھالەتكە ئۆتۈپتۇ. ئۇ نەچچە يىللاردىن بۇيان قەلبىدە تىنىپ قالغان «ئەخلەت» لەرنى تازىلاپ، دۇنياغا بوۋاقلارنىڭ كۆزىدە قارايدىغان، ھەممە نەرسە قىزىقارلىق تۇيۇلىدىغان بوپتۇ.

خارۋارد مۇدىرىنىڭ بۇ كەچۈرمىشى بىزگە بىر قېتىملىق ئەمەلىي دەرس بولدى. ئىلگىرى مەيلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولايلى، ئىلگىرىلەش يولىدا ھەر ۋاقىت قەلبىمىزدىكى ئەخلەتلەرنى تازىلاپ تۇرۇشىمىز، ھە دېگەندە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتمۈشكە تارتىشماسلىقىمىز، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنىڭ شېرىن چۈشىنى كۆرۈپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك.

بۈگۈنكى جەمئىيەتنىڭ رىتىمى ئىنتايىن تېز بولماقتا، كىشىلەرنىڭ ياشاش بېسىمىمۇ ئۈزۈكسىز ئېشىپ بارماقتا. مېنىڭدە ۋە دوستلىرىمدا مەلۇم ۋاقىتتا ياكى بەلگىلىك باسقۇچقا بارغاندا ھەمىشە غەلىتە، قۇتۇلۇش قىيىن بولغان بېسىم ۋە ئىچى سىقىلىشنىڭ كۆرۈلىدىغانلىقىنى سېزىمەن. بۇ چاغدا مەن بېسىمنى يەڭگىللىتىدىغان نۇرغۇن چارە ـ ئاماللارنى ئىزدەيمەن، شۇنداقتىمۇ ئۇنۇمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. كېيىنچە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى سۆزلىگەن ھېكايىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم پاللىدە يورۇدى. ئەسلىدە پات ـ پات ئۆزىمىزنى قۇرۇقداپ تۇرۇشقا موھتاج ئىكەنمىز!



### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

قانداق قىلغاندا «نۆل ھالەت» نى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پىروفېسسورى «نۆل پىسخىك ھالەت بىر خىل بوش ئىستاكان تەسىرىگە ئوخشايدۇ. بۇنىڭدا دېيىلگۈاتقىنى بىر خىل كەمتەر روھىي ھالەت. بۇ خىل روھىي ھالەت بىزنى كىبىردىن خالىي، ھەممىنى يېڭىباشتىن باشلاش» قا ئۈندەيدۇ دېگەنىدى.

نېمىلا قىلايلى، تۈنجى قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەت سەل ئوڭايغا توختايدۇ. ئەمما، كېيىنكى قەدەمدە يەنىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن، دېيىش سەل تەس بولىدۇ. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى، ئۆزىمىزنى نۆل ھالەتكە ئېلىپ كېلىشكە قۇربىمىزنىڭ يەتمىگەنلىكىدۇر. بۇ قائىدىنى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى بۇرۇنلا بىلگەن. خارۋاردنىڭ پىروفېسسورلىرىمۇ پات ـ پات ئوقۇغۇچىلارغا «ئۆتمۈشكە تارتىشماڭلار، ھەر ۋاقىت نۆل ھالەتنى ساقلاڭلار» دەپ تەكىتلەيدۇ.

ئەتراپىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر مەغلۇپ بولدى، بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ ئىلگىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ باققان. ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق ئىشنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت دولقۇنسىمان ئىلگىرىلەپ، بۇرمىسىمان يۇقىرىلاپ، دەۋرىيلىك ئۆزگىرىپ تۇرۇشتۇر. قەدىمدىن دۆلىتىمىزدە «سۇ بىلەن ھاۋا نۆۋەتلىشىپ ئايلىنىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. كەلگۈسىدە بىز تۇرلۇك ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن.

بەلكىم سىزنىڭ مەرتىۋىڭىز ناھايىتى يۇقىرىدۇ ياكى ئىلكىڭىزدە نۇرغۇن بايلىق باردۇر ۋە ياكى بىلىمىڭىز ئىنتايىن چوڭقۇردۇر. بىراق، تېخىمۇ چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولسىڭىز ۋۇجۇدىڭىزدا چوقۇم نۆل ھالەتتىكى يۈرەك بولۇشى كېرەك. چۈنكى، نۆل ھالەتكە كەلگىنىڭىزدىلا تېز پىشىپ يېتىلىسىز، يەلكىڭىزدىكى يۈكنى چۆرۈپ تاشلاپ، ماھارەت ۋە ئۇسۇللارنى تىرىشىپ ئۆگىنەلەيسىز.

ئېسىڭىزدە بولسۇن: قەھۋە ئىچكۈڭىز بولسا ئىستاكاندىكى چاينى تۆكۈۋېتىڭ. ناۋادا چاينى تۆكۈۋېتىشكە قىيماي قەھۋە بىلەن چاينى ئارىلاشتۇرسىڭىز، بۇ نەرسە چايغىمۇ، قەھۋەگىمۇ ئوخشىمايدىغان بەتتام يۇندىغا ئايلىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتقاندا، نۆلدىكى روھىي ھالەت ھەممىنى باشتىن باشلاش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دېڭىزغا نەزەر سېلىپ باقايلى، ئۇ ئۆزىنى ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا قويغاچقىلا مىڭلىغان دەريا - ئېقىنلارنى سىغدۇرالايدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ، تەكەببۇرلۇق كەينىدە قالدۇرىدۇ. نەق گەپنى ئېيتقاندا، نۆلدىكى روھىي ھالەت بىزنى تېخىمۇ كىچىك پېئىل قىلىدۇ. كىچىك پېئىللىق ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى دېگەن دەل مانا مۇشۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

«نۆل» دېكى روھىي ھالىتىڭىزنىڭ قانداقلىقىنى سىناپ باقايلى.

1. كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى داۋاملاشتۇردىڭىزمۇ؟
2. ئېلېكتىرونلۇق ئەلبومغا سىيلىشتۇرغاندا، ئامراق رەسىملەرنى يۇيۇپ ئالبۇمغا سېلىپ قويۇشنى ياقتۇرامسىز؟
3. ۋاقتىڭىز يار بەرسە دوستلار يىغىلىشىغا بېرىپ تۇرامسىز ؟
4. تېلېفونىڭىزدىكى ئۆچۈرۈشكە قىيمىغان قىسقا ئۇچۇر ئەللىكتىن ئاشامدۇ؟
5. كونا كىتابلارنى يىغىدىغان ئادىتىڭىز بارمۇ؟
6. تاپشۇرۇۋالغىلى ئۇزاق بولغان خەت ـ چەكلەرنى ساقلاپ قويامسىز؟
7. ئۆتكەن ئىشلارنى كۆچمەيلا ئەسلىيەلەمسىز؟
8. كىيىم ئىشكاپىدىن مودىدىن قالغان كىيىمنى تاپالامسىز؟
9. بەزىدە كونا ناخشىلارنى ئېيتىپ قويامسىز؟
10. ئاشخانىدا غىزالانغاندا «مۇقىم تاماق تىزىملىكىڭىز» بارمۇ؟

## ◉ نەتىجە

«ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەنلىرىڭىزنى ساناڭ.

0 ــ 3 كىچە بولسا «نۆل» دىكى روھىي ھالىتىڭىزنىڭ ئىنتايىن ياخشىلىقىنى بىلدۈرىدۇ. سىز ھەممىنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتەلەيسىز، بايىلا يۈز بەرگەن ئىشلار ھەر قانچە شىرىن بولسىمۇ، تېزلا پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىسىز. سىزگە نىسبەتەن «كەلگۈسى» ھەرقاچان «ئۆتمۈش» تىن مۇھىم.

4 ــ 7 گىچە بولسا «نۆل»دىكى روھىي ھالىتىڭىز ئادەتتىكىدەك بولۇپ، ئۇنتۇشقا تېگىشلىك ئىشلارغا قىيالماسلىق

پوزىتسىيەسىدە تۇرۇۋېتىپسىز.

8 ــ 10 غىچە بولسا «نۆل» دىكى روھىي ھالىتىڭىز ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ئەسلىملەر قايىنىمىدا ياشاشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىكەنسىز، ھەتتا كىچىككىنە ئەسلىمە بولسىمۇ ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتىدىكەنسىز.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# «تالانتلىق بولۇش» تىن ئىلگىرى «ئادەم بولۇش» كېرەك

**خارۋاردنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى: ئەخلاقى بار، قابىلىيىتى يوقلار يارامسىزدۇر؛ تالانتى بار، ئەخلاقى يوقلار زەھەردۇر؛ ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك كىشىلەرلا ئەڭ ئېسىلدۇر.**



خارۋاردتا «ئادەم تەربىيەلەش» مائارىپنىڭ ئاساسى، «يارامىلىق تەربىيەلەش» مائارىپنىڭ نىشانى قىلىنىدۇ. خارۋاردنىڭ مائارىپ ئىدىيەسى ئادەمگە، ئېسىل ئەخلاقىقا ئەھمىيەت بېرىشنى تۇتقا قىلغان ئاساستا كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيەلەپ، ئۇلارنى ھەقىقىي يارامىلىق ئادەمگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا، «ئادەمنى ئاساس قىلغان مائارىپ» خارۋاردنىڭ ئەنئەنىسى، شۇنداقلا خارۋاردنىڭ نېگىزلىك مائارىپ ئىدىيەسى ھېسابلىنىدۇ.

مېنىڭ بىر ساۋاقدىشىم خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھەر قېتىملىق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا، ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرى شەخسەن يېڭى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيە كۆرگەن كىشىلەر قاتارىغا ئۆتكەنلىكىنى تەبرىكلەيدىكەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، خارۋاردنىڭ مائارىپى ئالدى بىلەن «ئىنسانىي پەزىلەت» تىن باشلىنىدۇ.

1764 ـ يىلى بىر ئاخشىمى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا

تۆيۇقسىز ئوت كېتىدۇ. ئوت ناھايىتى تېزلا يامراپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە داڭلىق خارۋارد بىناسىنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. بۇ ئەسلىي كۈتۈپخانا بىناسى ئىدى، كۈتۈپخانىدىكى كىتابلارنى خارۋارد ئەپەندىم ھايات چېغىدا ئىئانە قىلغانىدى. خارۋارد ئەپەندىمنى خاتىرىلەش ئۈچۈن مەكتەپ مەزكۇر خارۋارد بىناسىنى سالغان. ئەمما، ئوت ئاپىتى كىتابلارنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، شۇڭا، ھەربىر خارۋاردلىق بۇنىڭغا چوڭقۇر ئېچىنىدۇ.

كىشىلەر ئىچىدە جون ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ، نېمە ئۈچۈن؟ ئەسلىدە جون سېپى ئۆزىدىن كىتاب مەستانىسى بولۇپ، ئادەتتە ۋاقتىنى كۈتۈپخانىدا ئۆتكۈزەتتى. كىتابتىكى مول بىلىملەر ئۇنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىدۇ. ئەمما بىر ئىش يەنى كۈتۈپخانىنىڭ ئوقۇغۇچىلار كىتابنى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئوقىسا بولىدۇ، ئېلىپ كەتسە بولمايدۇ، خىلاپلىق قىلغانلار مەكتەپتىن قوغلىنىدۇ دېگەن بەلگىلىمىسى ئۇنى نائىلاج ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىكەن.

ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەش، كۈتۈپخانىنى تاقايدىغان ۋاقىت بوپتۇ. ئەمما بىر كىتابقا قاتتىق مەپتۇن بولۇپ كەتكەن جون كىتابنى دەرھال ئوقۇۋېلىش نىيىتىگە كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىتابنى كۈتۈپخانىدىن ئوغرىلىقچە ئېلىپ چىقىدۇ. ھالبۇكى، ئويلىمىغان يەردىن شۇ كۈنى كۈتۈپخانىغا ئوت كېتىپ، كىتابلار كۆلگە ئايلىنىدۇ، پەقەت جون ئوغرىلاپ چىققان كىتابلا قالىدۇ.

«كىتابنى تاپشۇرۇش كېرەكمۇ ـ يوق» دېگەن مەسىلىدە قاتتىق ئارىسالدى بولغان جون قايتا ـ قايتا ئويلانغاندىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كېلىپ خىجالەتچىلىكتە:

«ئەپەندىم، ناھايىتى خىجىلمەن، مەن شەخسىيەتچىلىك قىلىپ كۈتۈپخانىدىن بۇ كىتابنى ئېلىپ چىققانىدىم، سىزگە تاپشۇرۇپ بېرەي» دەپتۇ.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكى

مەكتەپ مۇدىرى جوننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ھاياجان بىلەن كىتابنى قولىغا ئېلىپ : «خارۋارد ئۇچۇن بىر بىباھا تەۋەررۇكنى ساقلاپ قالغىنىڭىزغا رەھمەت، ھازىرچە چىقىپ تۇرۇڭ» دەيدۇ.

خارۋاردنىڭ باشقا رەھبەرلىرى بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ، بەزى رەھبەرلەر جوننى تەقدىرلەشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھالبۇكى، ئىككى كۈندىن كېيىن مەكتەپ كىشىلەر ئويلىمىغان ئۇقتۇرۇش چىقىرىدۇ. ئۇقتۇرۇشتا «ساۋاقداش جون مەكتەپنىڭ تۈزۈمىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن چېكىندۈرۈلدى» دەپ يېزىلغانىدى.

بۇ خەۋەر جونغا ئوچۇق ھاۋادا چېقىلغان چاقماقتەك بىلىنىدۇ. خارۋاردنىڭ نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى ــ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ جازا بەك چەكتىن ئېشىپ كەتتى دەپ قاراپ، مەكتەپ مۇدىرىدىن جونغا بىر قېتىم پۇرسەت بېرىشنى بەس ــ بەس بىلەن ئۆتۈنىدۇ. مەكتەپ مۇدىرى ناھايىتى ئالىيجانابلىق بىلەن : «جون كىتابنى سەمىمىلىك بىلەن قايتۇرۇپ بەردى، بۇ جەھەتتە مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ پوزىتسىيەسىدىن ئىنتايىن خۇرسەنمەن. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى مەكتەپتىن ھەيدىمىسەم بولمايدۇ، مەكتەپنىڭ تۈزۈمگە مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك» دەيدۇ.

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ گېپى ئورۇنلۇق بولغاچقا، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئىچ ــ ئىچىدىن قايىل بولىدۇ. مەكتەپ مۇدىرى جون ۋەقەسى ئارقىلىق كۆپچىلىككە: ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرقانداق ئەھۋالدا تۈزۈمگە رىئايە قىلىشى، ئۆزىنى باشقۇرۇپ يۈرۈشى كېرەكلىكى، بولمىسا بەلگىلىك جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا دەرس بېرىپتۇ. بۇ شۇنداقلا تۇرمۇش داۋامىدا بىزمۇ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك توپ پىرىنسىپ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا، مائارىپ ئۇنىۋېرسىتېت بىلەن

تەتقىقات ئورنىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. بۇ دۆلەتىمىزدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. خارۋاردنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت قىسمى ئاساسلىق «ئادەم يېتىشتۈرۈش» نى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئادەم بولۇشنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئۆگىتىدۇ.

تالانتلىق بولۇشتىن ئىلگىرى ئادەم بولۇشنى بىلىش كېرەك. ناۋادا بىرسى «ئادەم» دېگەن ئۇقۇمنى پىششىق بىلمىسە، ئۇنداقتا ئۇ جەمئىيەتكە نىسبەتەن پەقەت قورال ـ سايمانلا بولىدىكى، جەمئىيەتنىكى مەسئۇلىيەتنى ئاڭلىق ھالدا زىممىسىگە ئالالمايدۇ.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

خارۋاردنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى «ئادەم» نى تولۇق چۈشىنىپ، ئاندىن مەخسۇس تەربىيەلىنىش ئارقىلىق يېتىلگەن ‹ئىختىساس ئىگىلىرى› لا جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرى بولىدۇ. مۇشۇنداق كىشىلەرلا جەمئىيەتكە ھەر تەرەپتىن خىزمەت قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ» دەپ قارايدۇ.

بۇ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان خارۋاردنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەشتىكى ئەڭ ئاساسلىق بىر تۈرلۈك پرىنسىپى بولۇپ كەلمەكتە. بۇ پرىنسىپ ھازىر ئامېرىكىنىڭ ئالىي مەكتەپ مائارىپىدىكى ئېسىل ئەنئەنىگە ئايلاندى. خارۋاردنىڭ نەچچە ئەۋلاد سەرخىللىرى مانا مۇشۇنداق تەربىيەلەنگەن.

«دۆلەتتە قانون، ئائىلىدە قائىدە» بولىدۇ. ئىنتىزام ۋە تۈزۈم مەكتەپنىڭ تەلىم ـ تەربىيە، ئوقۇتۇش تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۇ خۇددى قانون ـ نىزاملارغا ئوخشاش مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە. ھەر بىر ئوقۇغۇچى مەكتەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قائىدە ـ تۈزۈملەرگە چوقۇم بويسۇنۇشى كېرەك. تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىدىغان ھەرقانداق قىلمىش غايەت زور بۇزغۇنچىلىق كۈچىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇ چۇقۇم تېگىشلىك جازاغا تارتىلىشى كېرەك.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى قائىدە ـ تۈزۈمگە رىئايە قىلىدىغان ئىدىيە بىلەن يوغۇرۇلغاچقا، شۇنچە كۆپ سەرخىللارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىغان، شۇنداقلا بۇ ئىدىيە قابىللارنىڭ «ئادەم بولۇش» تىكى ئەقەللىي تەلىپى بولۇپ قالغان. ئۇلار خىزمەت جەريانىدا ئۆزلىرىنى ئوبدان تىزگىنلەپ، قائىدە ـ تۈزۈم يول قويمىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتقان، قانۇن ـ تۈزۈملەردىكى يوچۇقتىن پايدىلانمىغان، ئۆز بېشىمچىلىق قىلمىغان.



## ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

سىزنىڭ قايسى خىلدىكى ئادەملىككىڭىزنى سىناپ باقايلى.

سىز تۆۋەندىكى گۈللەرنىڭ قايسىسىغا ئامراق؟

A. ئۇستىقۇددۇس

B. ئاپتاپپەرەس

C. ئەتىرگۈل

D. باشقىلار

## ◉ جاۋابىنىڭ تەھلىلى

A. ئۇستىقۇددۇس

ئەتراپلىق پىكىر قىلىدىكەنسىز، كۆزىتىشكە ۋە يېڭى شەيئىلەرنى بايقاشقا ماھىركەنسىز. كوللېكتىپنىڭ ئىچىدە ئاقىلكەنسىز، نۇرغۇن خىياللىرىڭىز باركەن، شۇنداقلا ناھايىتى ياخشى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويالايدىكەنسىز، باشقىلار سىزنىڭ ئۆزگىچە قاراشلىرىڭىزغا زوقلىنىدىكەن. يەنە كېلىپ سىزدە ئىجادىي كۈچ مولكەن، ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىڭىزمۇ كۈچلۈككەن، باشقىلار قابىلىيىتىڭىزگە سەل قارىيالمايدىكەن.

B. ئاپتاپپەرەس

خاراكتېرىڭىز ناھايىتى ئۇمىدۋاركەن، ئوچۇق - يورۇق، ئۆزىڭىزگە ئىنتايىن ئىشىنىدىكەنسىز، كوللېكتىپنىڭ باشلامچىسى بولالايدىكەنسىز، پۈتۈن كوللېكتىپنىڭ تەرتىپىنى ساقلىيالايدىكەنسىز، پىكىر بايان قىلىشقا دادىلكەنسىز، بۇ كوللېكتىپتا سىزگە ئوخشاش رەھبەر بولسا كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىكەن.

C. ئەتىرگۈل

تالىشىشنى ياقتۇرمايدىكەنسىز، خاراكتېرىڭىز رايىشكەن، كوللېكتىپتىكى مۇرەسسەچى ئىكەنسىز. كۆپچىلىك بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە بەك ئەھمىيەت بېرىدىكەنسىز، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تايىنىش ۋە ئالاقىنى ئوبدان بىلىدىكەنسىز. شۇڭا، كوللېكتىپ ئىككىگە بۆلۈنگەندە ۋە دەرت - تالاش ياكى ئوخشىمىغان پىكىر ئېقىمى شەكىللەنگەندە ھەمىشە بىتەرەپلىكنى ساقلاپ، مەسىلىگە ئوبيېكتىپ نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىدىكەنسىز، شۇنداقلا ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاپالايدىكەنسىز.

D. باشقىلار

ئاۋارىچىلىكتىن بەك قورقۇپ، يېنىك ئىشلارغا يۈگۈرەيدىكەنسىز. بىراق ئەستايىدىللىقىڭىز تۈتۈپ كەتسە، ئىجرا قىلىش كۈچىڭىزگە سەل قارىغىلى بولمايدىكەن. سىز بىر ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، قابىل رەھبەر بىلەن دانا كىشىلا سىزنىڭ ئىقتىدارىڭىزنى قېزىپ چىقالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# خاتالىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يەتتە ئۆلچەپ، بىر كېسىش كېرەك

**خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:**
**پۇختا ئويلاپ ئىش قىلىدىغان ئادەم خاتا ئىشنى ئاز قىلىدۇ.**



نېمىلا ئىش قىلايلى، قارامىلىق قىلىشقا بولمايدۇ، چوقۇم پۇختا ئويلىنىپ قىلىش كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەممە ئىشنى ئالدى بىلەن قايتا ـ قايتا ئويلىنىش، ئاندىن قول سېلىپ ئىشلەش كېرەك. بىراق، رېئال تۇرمۇشتا مەن نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئەتراپلىق ئويلانمايلا بىردەملىك ھاياجان بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىنى، خاتالىقنى بايقىغان چاغدا تۈزىتىشكە ئامالسىزلىقىنى بايقايمەن.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا، پىروفېسسورلار ئوقۇغۇچىلارغا ھەرۋاقىت «يەتتە ئۆلچەپ، بىر كەس، پۇختا ئويلاپ ئىش قىل» دېيدىغان ئىدىيەنى سىڭدۈرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ھاياجاندىن ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا ئۈندەيدۇ. پۇختا ئىش قىلىشتا ئالدى بىلەن قايسى جەھەتلەردىن ئويلىنىش كېرەك؟ بۇنىڭدا سىز مەسىلىنىڭ كېلىش مەنبەسى، پەيدا بولۇش سەۋەبى قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنى تاپسىڭىز بولىدۇ.

نېمىشقا قايتا ـ قايتا ئويلىنىش كېرەك؟ مېنىڭ خارۋاردلىق بىر دوستۇم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىر مەسىلىنىڭ تۆرلۈك

سەۋەبلىرى، مۇرەككەپ ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇشى، تۈنجى سېزىمغىلا تايانغاندا، ئۇنىڭغا توغرا باھا بەرگىلى بولماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا، ئىچكىرىلەپ پىكىر يۈرگۈزگەندىلا يىپ ئۇچىنى تاپقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارنىڭ قىياسىغا ئەگىشىپ كەتكەندە ئاسانلا تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. شۇڭلاشقا، چوقۇم ئىنچىكە، ئەتراپلىق ئويلىنىشىمىز، قىلچە خاتالىق سادىر قىلماسلىقتا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك». بۇ ھەقتە دوستۇم ماڭا مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى:

ياۋا ئېشەك شىرنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ئۇۋدا شىر بىلەن ھەمكارلىششقا ماقۇل بوپتۇ. ئەمما، ئۇ ئەتراپلىق ئويلانمىغاچقا، ئۆزىنى خەتەر ئىچىگە تاشلاپتۇ. شىر: «مېنىڭ كۈچۈم زور، لېكىن سەن تېز يۈگۈرەيسەن، ئىككىمىز بىرلىشىپ ئوۋ قىلساق چوڭ ئولجىغا ئېرىشەلەيمىز » دەپتۇ. ئېشەك ئويلاپ كۆرۈپ، مۇشۇنداق بولسا كەمچىلىكلىرىمىزنى تولۇقلىغىلى، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزگىلى بولغۇدەك، بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ھەمكارلىق بولماس، دەپ ئويلاپ، شىرنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بوپتۇ.

ھالبۇكى، ئويلىمىغان يەردىن ئوۋ ئاخىرلاشقاندا شىر ئولجىنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئېشەككە : «مەن ھايۋاناتلار شاھى، بىرىنچى ئۈلۈش ماڭا مەنسۇپ» دەپتۇ، ئېشەك بېشىنى لىڭشىتىپتۇ. «ساڭا ياردەملىشىپ ئوۋ قىلىشىپ بەردىم، شۇڭا ئىككىنچى ئۈلۈشنى ئالسام پىكرىڭ يوقتۇ» دەپتۇ شىر يەنە. ئېشەك ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىپتۇ.

«ناۋادا سەن ھازىرمۇ قاچمىساڭ، ماۋۇ ئۈچىنچى ئۈلۈش جېنىڭنى ئالىدۇ» دەپتۇ شىر ئارقىدىنلا. بۇ چاغدا ئېشەك قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ، ئەمما پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەپتۇ.

دوستۇم سۆزلەپ بەرگەن بۇ ھېكايىدە، ياۋا ئېشەك ھەمكارلىشىشتىن ئىلگىرى گەرچە ئويلانغان بولسىمۇ، ئەمما

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەتراپلىق ئويلانمىغان، ياخشى تەرىپىنىلا ئويلاپ، يامان تەرىپىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان، ئۆزىنى چاغلىمىغان، ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلىي كۈچ پەرقىنى، ھەمكارلىق بۇزۇلسا ئاجىز تەرەپنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقىنى ئەسلا يادىغا كەلتۈرمىگەن.

بۇ ھېكايىنى دوستۇم تۇنجى قېتىم خارۋاردنىڭ دەرسىگە قاتناشقاندا پىروفېسسور ئۇلارغا سۆزلەپ بەرگەنىكەن. شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى نېمىلا ئىش قىلسا ئالدى بىلەن ئەتراپلىق، پۇختا پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەكلىكى، ئىشنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچلىرى، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان تۈرلۈك ئەھۋاللار ھەم ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىنچىكە ئويلىنىش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان.





## ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرى

«يەتتە ئۆلچەپ، بىر كېسىش» خارۋارد ئەڭ ئېتىبار بېرىدىغان بىر خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى. ئۇ ئوقۇغۇچىلاردىن مەسىلىگە يولۇققاندا تەمكىن، سالماق بولۇشنى، ئالدىراپ - تېنەپ ھەرىكەت قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. پەلىپەتىش ئادەملەرلا ھاپىلا - شاپىلا ھەرىكەت قىلىپ ئىشنى بۇزىدۇ. ئۇلار دائىم ۋاقىتنىڭ يەتمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىشىپ، بىلىپ - بىلمەي قايتا - قايتا ئويلاش جەريانىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن مىساللار قانچىكى ئالدىرىغانسېرى، شۇنچە ئاسان چاتاق چىقىرىدىغانلىقىنى دەلىللىمەكتە.

ناۋادا ئىشتىن ئاۋۋال سەگەكلىك بىلەن ئويلانماي، توغرا يولىنىشنى تاپالمىغاندا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتقا تەسىر يېتىدۇ. بىز ھەمىشە چوڭلاردىن ئاڭلاپ تۇرىدىغان «پالتا بىلىگەن ۋاقىت ئوتۇن كېسىشكە دەخلى قىلمايدۇ» دېگەن تەمسىل دەل مۇشۇ زاكوندۇر. دېمىسىمۇ، بىزگە كېرىكى پالتىنى ئۆتكۈر قىلىپ بىلەشتىن ئىبارەت. دەسلەپتە ئازراق ۋاقىتنى كەتكۈزۈپ

قويغاندەك قىلغان بىلەن، قول سېلىپ ئىشلىگەندە نۇرغۇن ئىش ئازىيىدۇ، ئۈنۈممۇ تەبىئىيلا ئاشىدۇ.

مەن ئىلگىرى كۆپ قېتىم ساياھەتكە چىققان. مۇبادا مېڭىشتىن ئىلگىرى سەپەرنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغاندا ھەممىسى ئۆز تەرتىپى بويىچە داۋاملىشىدۇ. ئەگرى يولغا مېڭىپ كېتىدىغان ئىشمۇ كۆرۈلمەيدۇ. ئەكسىچە، تەييارلىقسىز، ئالدىراپ - سالدىراپ سەپەرگە چىققاندا نۇرغۇن ۋاقىتنى زايە قىلىۋېتىشىمىز مۇمكىن.

شۇڭا، سەۋەنلىكتىن خالىي بولماقچى بولساق، چوقۇم «يەتتە ئۆلچەپ، بىر كېسىش» ىمىز كېرەك. بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەت تولىمۇ مۇرەككەپ، تۈرلۈك مەسىلىلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، توغرا قارار چىقىرىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللانماقچى بولساق، تەدبىر بەلگىلەشتىن ئاۋۋال يېنىشلاپ پىكىر يۈرگۈزىشىمىز كېرەك.

ياشلاردا يەڭگىلتەكلىك، ھاياجان بىلەن ئىش قىلىدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەمىشە خاتالىقىغا بەدەل تۆلەيدۇ، چوڭ زىيان تارتىدۇ. ناۋادا ئەتراپلىق ئويلانسا ئەگرى يولنى ئازايتىپ، مەنزىلگە يېتىش جەريانىدىكى ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدىن ساقلانغان بولاتتى.

ئادەتتە، بىز دەۋاتقان ئىنچىكە ئويلاپ ئىش قىلىش، دەل ئىشتىن ئاۋۋال پىكىر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئالدى بىلەن نېمە قىلىدىغانلىقىنى، قانداق قىلىدىغانلىقىنى، قىلىپ بولغاندىن كېيىن نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاش كېرەك. بۇ مەسىلىلەر ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن ئاندىن سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالايمىز. قانداقلا ئىش قىلايلى، بىرەر نەتىجىگە ئېرىشىشنى كۆزلەيمىز. قىلىۋاتقانلىرىمىز ئېنىقكى، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈندۇر. بۇنى ئورۇنلاش ئۈچۈن قايتا - قايتا پىكىر يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئارىلىقتا ئۆزگىرىش بولۇپ

قالسمۇ، دەل ۋاقتىدا تەكشۈرگىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلساق ئاخىرقى نەتىجە كۆڭۈلسىزدىكىدەك چىقىشى مۇمكىن.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

سەيياھ سامى دۇنيانى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئايرىلغىلى ئون نەچچە يىل بولغان يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. بىر قېتىم ئۇ يۇرتداشلىرىغا بۇ ئون يىل جەريانىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. يەنە كىشىلەرگە مۇنداق ئىككى غەلىتە سوئال قويدى. بىرىنچىسى: ئافرىقىنىڭ مەلۇم يېرىدە بىر ئادەمنىڭ تېنىدە ئىككى يۈرەك بارلىقىنى كۆردۈم، بۇ ئادەمنىڭ ئىككىلا يۈرىكى نورمال سوقۇۋېتىپتۇ. سىزنىڭچە بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئىككىنچىسى: ئوكيانىيە قىتئەسىدىكى مەلۇم كەنتتە، ھەممە ئادەمنىڭ بىرلا كۆزى يەنى ئوڭ كۆزىلا بار ئىكەن. سىزنىڭچە بۇ مۇمكىنمۇ؟

### ◉ جاۋاب

بىرىنچى سوئالنىڭ جاۋابى: مۇمكىنچىلىكى بار. ھامىلىدار ئاياللارنىڭ تېنىدە ئىككى يۈرەك بولىدۇ.

ئىككىنچى سوئالنىڭ جاۋابى: يەنە بىر كۆز سول كۆز بولغان بولىدۇ. دېگىز قاراقچىلىرىلا ئەمەس، ھەممە ئادەمنىڭ ئوڭ كۆزى بىر بولىدۇ، ئادەمدە ھەرگىزمۇ ئىككى ئوڭ كۆزى بولمايدۇ!



www.uyghurkitap.com

# مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى كەيپىياتنى كونترول قىلالماسلىق

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:***
**ئۆزىنى باشقۇرالمايدىغان ئادەم ھۆر ئادەم ئەمەس.**

پسىخولوگ ۋارت مېچىل بالىلارنىڭ ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى سىنايدىغان بىر تەجرىبە ئىشلىگەن. ئۇ يەسلىدىكى بالىلارغا « بىر ئاكاڭلار سىرتقا ئىش بىجىرگىلى چىقماقچى. ئۇ قايتىپ كەلگۈچە ساقلاپ تۇرالىساڭلار ئىككى تال كەمپۈت بېرىمەن. ساقلاشنى خالىمىساڭلار بىر تاللا بېرىمەن، ھازىرلا بېرىمەن» دېگەن.

بالىلارنىڭ بىر قىسمى ئاكىسىنىڭ كېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن ساقلىغان، يەنە بىر قىسمى سەل ئالدىراقسانلىق قىلىپ، ئاكىسى كەتكەن ھامان بىر كەمپۈتنى ئالغان. ئون نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ بالىلار ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان. يەسلىدىكى چېغىدا قىزىقتۇرۇشقا بەرداشلىق بەرگەن بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن جەمئىيەتكە بىرقەدەر ئاسان ماسلاشقان، شۇنداقلا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىمۇ كۈچلۈك، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ياخشى بولغان، ئوڭۇشسىزلىقلارغىمۇ توغرا قارىغان. ئەكسىچە، ئۆزىنى بېسىۋالالمايدىغان بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى چوڭ بولغاندىن كېيىن جەمئىيەتكە تازا ماسلىشالمىغان، ھە دېسىلا ھاياجانلىنىدىغان، تولا ئاچچىقلىنىدىغان بولۇپ قالغان، خەق بىلەنمۇ تازا چىقىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتەلمىگەن.

ۋارت مىچىلىنىڭ بۇ تەجرىبىسى بىزگە، ئۆزىنى كونترول قىلىشنىڭ كىشىلىك هاياتتا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

«نېفىت ماگىناتى» پاۋلو گېت خارۋاردتىن چىققان رىۋايەت تۈسى ئالغان شەخس. ئۇ بىزگە ئۆزىنى باشقۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدۇ.

پاۋلو گېت ياش چېغىدا دائىم ساياھەتكە بېرىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ماشىنىلىق فىرانسىيەدىكى بىر كەنتكە كەپتۇ. تۇيۇقسىز چېلەك بىلەن قۇيغاندەك يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭغا يامغۇردا ماشىنا ھەيدىسە پەيزى بولىدىغاندەك بىلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يېرىم كېچىگىچە توختىماي ماشىنا ھەيدەپ، ھاردۇق يەتكەندىلا ئاندىن بىر كىچىك مېھمانخانىغا چۈشۈپتۇ. ئاندىن قورسىقىنى ئاز ـ تولا ئەستەرلىگەندىن كېيىن كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلىماقچى بوپتۇ. گەرچە ئۇ شۇ چاغدا ئوبدانلا چارچىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇخلايدىغان چاغدا تۇيۇقسىز تاماكا خۇمارى تۇتۇپ كېتىپ ئۇيقۇسى قېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تاماكىسىنى ئىزدەشتۇرۇپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن تاماكا قۇتىسى قۇرۇق چىقىپتۇ.

تاماكا تۈگەپتۇ! ئەمما ئۇنىڭ خۇمارى بارغانسېرى كۈچىيىپتۇ. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، سومكىسى بىلەن كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاقتۇرۇپ، دىققەتسىزلىكتىن تۈكۈلۈپ كەتكەن بىرەر چېكىم تاماكا تاپماقچى بوپتۇ، ھەتتا پولدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ بىرەر تال تاماكا قالدۇقى بولسىمۇ تېپىشنى ئويلاپتۇ. ئەپسۇس، ھېچنېمە چىقماپتۇ.

ئۇ سىرتقا چىقىپ تاماكا ئەكىرمەكچى بوپتۇ-يۇ، بۇ كەنتتە ھەممە ئادەمنىڭ بالدۇرلا ئۇخلاپ بولغانلىقى، دۇكانلارنىڭمۇ

ئالىبۇرۇن تاقالغانلىقى يادىغا كەپتۇ. نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى پويىز ئىستانسىغا بارسا ئاندىن تاماكا ئالالايدىكەن. ئۇنىڭ بەكلا تاماكا چەككۇسى كېلىپ كەتكەچكە نېرى-بېرىنى ئويلىمايلا دەرھال رېزىنكە ئايىغىنى كىيىپ، يامغۇرلۇق چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ سىرتقا چىقىپتۇ.

شۇ چاغدىلا ئۇ تۇيۇقسىز بۇ قىلمىشىنىڭ بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. ئۇ ئىشىك يېنىدا تۇرۇپ، ئەقلىدىن ئادىشاي دەپ قالغانلىقىنى ئويلاپتۇ. ئۆزىنى كونترول قىلىش ئېغىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن، نەچچە ياشلىق باللاردەك ئىش قىلىۋاتقانلىقىدىن خىجىل بوپتۇ.

گېپ ئاخىر تاماكا ئەكېلىشتىن يالتىيىپ، يەنە ئۇخلاش كىيىمىنى كىيىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن، شۇ كېچىسى ناھايىتى تاتلىق ئۇخلاپتۇ. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندا ناھايىتى يەڭگىللەپ، كەيپىياتىنىڭمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

كېيىنچە رىۋايەت تۇسىنى ئالغان بۇ شەخس ئۆتۈق قازىنىشتىكى تەجرىبىلىرىنى بىز بىلەن ئورتاقلاشقاندا، بۇ ئىشنى سۆزلەپ بەردى ھەم: «مەن بۇنداق دېيىش ئارقىلىق تاماكا چېكىدىغانلارنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن. دېمەكچى بولغىنىم، ئەينى چاغدا مەن ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوقلا بىر خىل يامان ئادەتنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالدىم، خۇددى قۇتقۇزغىلى بولمايدىغاندەكلا» دېدى.

ھالبۇكى، «نېفىت ماگىناتى» ئاخىرىدا يامان ئادەتكە ئەسىر بولمىغان، بەلكى ئۇنىڭدىن غالىب كەلگەن. تېخىمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغىنى، ئۇ ئۆمرىدە ئەزەلدىن ھېچقانداق بىر يامان ئادەتكە قۇل بولمىغان، شۇڭا ئۆمۈر بويى پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرى

بىر ئادەم ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلالمىسا، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانمىقى ئىنتايىن مۇشكۇل. خارۋاردتىكى پىروفېسسورلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە زىيادە كەڭ قورساق بولۇشىغا يول قويمايدۇ. ئومومەن، مېنىڭ ئەتراپىمدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە شۇنچە قاتتىق قول بولىدۇ. ئۆزىنى قىلىش قىيىن بولغان ئىشلارنى قىلىشقا زورلايدۇ.

ئېسىمدە قېلىشىچە، مەكتەپتىكى چېغىمدا ئوقۇتقۇچۇم دائىم ماڭا «چوڭ ئىش قىلىشنى ئويلىغانلارنىڭ ھەممىسى پەۋقۇلئاددە چىدامىلىق كېلىدۇ. چوڭ - كىچىك ئىشلارنى ئايرىيالايدۇ. باشتىن - ئاخىر سوغاققان بولىدۇ. ھەرگىزمۇ كەيپىياتىنىڭ داۋالغۇشىغا بېقىپ ھاماقەتلەرچە ئىش قىلمايدۇ» دەيتتى.

خارۋاردنىڭ سەرخىللىرى ھەرگىزمۇ ئازراق ئۇششاق ئىشلارنى دەپ كۆڭلىنى غەش قىلمايدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلار زېھنىنى كىشىلىك ھاياتتىكى چوڭ ئىشلارغا قارىتالايدۇ. شۇڭا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ.

ھەممىمىزنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر يامان ئادەتلىرىمىز بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يامىنى قالاق ئادەتكە كۆنۈپ كېتىش، بويسۇنۇش، شۇنداقلا بۇنى يېڭىشكە ئۇرۇنماسلىقتۇر. مۇبادا، بىز ئامال قىلىپ بۇ ئادەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتسەك ئىسمى - جىسمىغا لايىق ھۆر ئادەمگە ئايلىنىمىز. ئۆزىمىزنى ھەقىقىي كونترول قىلىپ، تەقدىرىمىزنى ئىلكىمىزدە تۇتۇپ تۇرالايمىز.

ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەڭ زور دۈشمىنى پۇرسەتنىڭ يوقلۇقىمۇ، خىزمەت ئىستازىنىڭ قىسقىلىقىمۇ ئەمەس. بەلكى، ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى كونترول قىلىشنىڭ

يېتەرسىزلىكىدۇر.

كەيپىياتىڭىز ناچار ۋاقىتتا ئاچچىقىڭىزنى بېسىپ بېقىڭ؛ قايغۇ چىرمىۋالغان چاغدا ئۆزىڭىزنى ئىلھاملاندۇرۇڭ. ناۋادا سىز ھەر قانداق يامان كەيپىيات كۆرۈلۈشتىن ئاۋۋال ئۇلارنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز. ئۇلارنىڭ سىزنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىشىغا يول قويمىسىڭىز. مۇۋەپپەقىيەت ھامان سىزگە مەنسۇپ بولىدۇ.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

شىپ ئەپەندىم تۆمۈر يول لايىھەلىگۈچى، بىر كۈنى ئۇ ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى كەلگەنلەرگە «بىزنىڭ بۇ تۆمۈر يول C شەھىرىدىن باشلىنىپ E شەھىرىگە تۇتىشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن ئىككى مىڭ مېتىر يەرگە رېلىس ياتقۇزۇلمىغان» دەپتۇ. ئېكسكۇرسىيەچىلەردىن بىرى بۇنى ئاڭلاپ قورۇققىنىدىن «تەڭرىم، نېمىدېگەن خەتەرلىك!» دەۋېتىپتۇ. شىپ ئەپەندىم چۈشەندۈرۈپ: «تۆمۈر يولدا قاتناش باشلانغىلى ئون يىل بولدى. ئەزەلدىن خەتەرلىك ۋەقە كۆرۈلۈپ باقمىدى» دېگەن. سىز بۇنىڭدىكى سىرنى بىلەمسىز؟

### ◉ جاۋاب تەھلىلى

بۇ يەردىكىسى يۇقىرىقى ئىككى شەھەرنى تۈز سىزىق بويىچە تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈر يول ئەمەس. بۇ ئىككى شەھەرنىڭ تۈز سىزىقلىق ئارىلىقى ئىككى مىڭ مېتىر كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئادەمنىڭ قەدىر- قىممىتى ئۆزىنى بىلىشتە، سەۋەنلىكلىرىگە توغرا قاراش كېرەك

**خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:**
**دۇنيادىكى ھەممە نېمىنى خاتا دەپ قارايدىغانلارنىڭ خاتالىقى ئۆزىدە بولۇش مۇمكىن.**



بۇ دۇنيادا نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابى بولمايدۇ. كۆپىنچە چاغلاردا مەن باشقىلار خاتالىشىۋاتىدۇ دەپ قارايمەن. تاكى ئاخىرىغا بارغاندىلا ئاندىن ئۆزۈمنىڭ خاتالاشقانلىقىنى بايقايمەن. ئىشىنىمەنكى، بۇنداق ئەھۋال سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدىمۇ ئاز - تولا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

شۇڭا، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا پىروفېسسورلار دەسلەپتە ئوقۇغۇچىلارغا «دۇنيادىكى ھەممىنى خاتا دەپ قارايدىغان ئادەمنىڭ خاتالىقى ئۆزىدە بولۇش مۇمكىنچىلىكى زور» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. مېنىڭچە، ئادەم ھەممىنى بىلىدىغان ئەۋلىيا ئەمەس دېيىش ساختا ھۆكۈم، چۈنكى مەن ئەۋلىيانىڭ ئەزەلدىن سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. بۇ دۇنيادا مۇكەممەل ئادەم بولمايدۇ. ھەممە ئادەم ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ دىققەت نەزىرىمىز كىمنىڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى سەۋەنلىككە قانداق توغرا قاراشتا بولۇشى كېرەك.

ئاندىرو مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا دائىم مېتروغا ئولتۇراتتى. ھەر پەيشەنبە كۈنى كەچتە دەرسكە ئۈلگۈرۈپ باراتتى. دەرس

تۆگىگەندىن كېيىن ئالدىرىغىنىچە مېتروغا ئۆلگۈرۈپ بېرىپ ئۆيىگە قايتاتتى. بولمىسا بېكەتتە بىر سائەتتىن ئارتۇق ساقلايتتى. بىر كۈنى ئۇ ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ بېكەتكە كەلگەندە مېترونىڭ بېكەتكە كىرىپ بولغانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ بېلەت سېتىش ماشىنىسىدا بېلەتنى تەكشۈرتىدۇ ھەم «تارس» قىلغان ئاۋازنى ئېنىق ئاڭلايدۇ. ئەمما، مېترو ئاخىرقى بېكەتكە يېتىپ بارغاندا بېلەت تەكشۈرگۈچى يېتىپ كېلىدۇ. ئاندىرو بېلەتنى چىقىرىدۇ ـ يۇ، كۆزى بىردىنلا تورلىشىدۇ: بايا بېلەت ماشىنىسى ئۇنىڭ بېلەتىدە ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىغانىدى. خادىم ئۇنى بېلەت ئالمىغان دەپ قاراپ، جەرىمانە قويماقچى بولىدۇ.

ئاندىرو ھەر قانچە قىلىپمۇ چۈشەندۈرەلمەيدۇ. ئەمما ئۇ ھەقىقەتەن بېلەتنى تەكشۈرتكەنىدى. چوقۇم بېلەت تەكشۈرۈش ماشىنىسىدىن چاتاق چىققان گەپ. بېلەت تەكشۈرگۈچى بېكەتكە تېلېفون قىلىپ ئەھۋال ئىگىلەيدۇ. دېگەندەك بېلەت تەكشۈرۈش ماشىنىسىنىڭ سىياھسى قالمىغانلىقى دەلىللىنىدۇ. ئەمما، بېلەت تەكشۈرگۈچى ئاندىروغا «بېلەت تەكشۈرۈش ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قاپتۇ، بۇ بېكەتنىڭ مەسئۇلىيىتى. بىراق سىزنىڭمۇ ئوخشاشلا مەسئۇلىيىتىڭ بار» دەيدۇ.

ئاندىرو چۈشەنمەي: «مېنىڭ نېمە مەسئۇلىيىتىم بار ؟ مەن ئالدىراپ بېلەتكە قارىماپتىمەن» دەيدۇ. بېلەت تەكشۈرگۈچى بولسا: «بۇ سېنىڭ خاتالىقىڭ، بېكەتتە تۆت بېلەت تەكشۈرۈش ماشىنىسى بار، قالغان ئۈچى نورمال ئىشلەيدۇ. بۇنداق خاتالىقتىن تامامەن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئەمما سەن سەل قاراپسەن، شۇڭا جەرىمانە تۆلىشىڭ كېرەك» دەيدۇ.

بەلكىم، سىزمۇ ئاندىروغا ئۇۋال بولدى. بېكەتتىكى سەۋەنلىك ئۇنىڭغا زىيان سالدى دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما ئىنچىكە ئويلاپ باقساق ھەقىقىي ئەھۋال راست شۇنداقمۇ؟ بۇنى ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىراقسانلىقىدىن، بىردەمچىلىك ساراسىمىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈشكەنلىكىدىن كۆرۈشى كېرەك. شۇڭا، كۆپىنچە چاغلاردا، باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكىدىن ئاغرىنغاندا ئۆزىڭىز ئۈستىدىمۇ ئويلىنىپ بېقىڭ. سىزدە كىچىككىنىمۇ خاتالىق يوقمۇ؟ بەزىلەر بەلكىم چۈشىنەلمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما ئىنچىكە ئويلىنىپ كۆرسەڭ، بۇنداق ئىشنىڭ ئىلگىرى بىزنىڭ بېشىمىزدىنمۇ ئۆتۈلگەنلىكىنى بايقايمىز.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتالىقلىرىغا توغرا مۇئامىلە قىلالماي، يا ئۇرىدۇ، يا تىللايدۇ. ئوقۇغۇچىلار سادىر قىلغان خاتالىقنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ ـ دە. ئەيىبلەش ئۈزۈلمەيدۇ. نەتىجىدە ئوقۇتقۇچى ئاچچىقىنى چىقىرىۋالسىمۇ ئوقۇغۇچىنى قايىل قىلالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۆسۈلنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە قىلچە پايدىسى بولمايلا قالماستىن، ئۇلارنى تېخىمۇ بىشەم قىلىۋېتىدۇ، قىلمىشى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ قالىدۇ.

خارۋاردتا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتالىقىنى قاراقويۇق ئەيىبلىمەيدۇ. بەلكى، ئۇلارنى ئۆز خاتالىقىغا قانداق توغرا قاراشقا، مەسئۇلىيەتنى داددىللىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىشقا، ئۆز خاتالىقىنى باشقا ئامىللارغا دۆڭگىمەسلىككە يېتەكلەيدۇ.

رېئال تۇرمۇشتا، مەن نۇرغۇن كىشىنىڭ خاتالىق سادىر قىلغىنىدا، مەيلى تۇرمۇشتىكى ياكى خىزمەتتىكى خاتالىقلار بولسۇن، ھەممىسىدە دېگۈدەك ئوبيېكتىپ ئامىلنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەۋاتقانلىقىنى، بۇ خاتالىقنى ئەزەلدىن ئۆزىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىزدىمەيدىغانلىقىمىزنى بايقىدىم. بۇنداق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە، كۆپىنچە ھاللاردا خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق سادىر قىلىش. سەۋەنلىك ئۈستىگە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.

شۇڭا، مەسىلىگە يولۇققاندا قارىشىمىزنى ئۆزگەرتىپ، ئالدى بىلەن سەۋەبنى ئۆزىمىزدىن ئىزدەيلى، ھە دېسىلا باشقىلاردىن

ئاغرىنىپ، مەن خاتا قىلمايمەن، دەپ تۇرۇۋالمايلى. بۇ ھەرگىزمۇ ئۆزىگە ئىشەنگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى سورىمىغانلىق.

ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى بايقاش يامان ئىش ئەمەس. ناۋادا بىز سەۋەبنى ئۆزىمىزدىن ئىزدىسەك، ساۋاقنى قوبۇل قىلغان ئاساستا قايتا ئوڭشاپ ئىش باشلىساق بولىدۇ. شۇنداق بولسا خاتالىقىمىزمۇ ئوخشاشلا بايلىققا ئايلىنىدۇ.

نوۋلېسنىڭ «بىر ئادەمنىڭ خاتالىقىنى تەن ئېلىشى ئۇنىڭ يېڭى ئەۋزەللىككە ئېرىشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ» دەيدىغان مەشھۇر سۆزى بار.

ھەممىباب ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى سىلوئانمۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلىك ھايات ئەسلىدىنلا سىناق ۋە خاتالىق بىلەن تولغان جەرياندۇر. ئۆمرىدە خاتالىق سادىر قىلمايدىغان ئادەملەر ھېچقانداق نەتىجە قازىنالمايدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكى مۇقەررەر».

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خاتالىق بىزنى ئالغا باستۇرىدۇ. ئۆزىمىزنى سورىيالىساق، ئۆزىمىزنىڭ خاتالىقلىرىغا شاھىت بولالىساق، سەۋەبنى ئۆزىمىزدىن كۆپرەك ئىزدىسەك، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىمىزنى تەكشۈرسەك، خاتالىقنى بوينىمىزغا ئالىدىغان ۋە تۈزىتىدىغان جاسارىتىمىز بولسا تەرەققىيات ئىستىقبالىمىز بولىدۇ.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

ئۈچلانمىغان ئالتە قىرلىق قەلەمنىڭ جەمئىي نەچچە يۈزى بولىدۇ؟ بىر تال يۇمىلاق قەلەمنىڭ نەچچە يۈزى بولىدۇ؟

### ◉ جاۋاب:

سەككىز؛ ئۈچ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۆزىنى كونترول قىلالىغاندىلا باشقىلارنىمۇ كونترول قىلغىلى بولىدۇ

*خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:*
**سەن باشقىلارنى كونترول قىلالمايسەن، ئەمما ئۆزۈڭنى كونترول قىلالايسەن.**



مەن بىر قىسىم خارۋارد سەرخىللىرىنى ئۇچراتقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، كارخانىچىلار، سەنئەتكارلار، يەنە ئىزدەنگۈچىلەر بار. ئۇلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ھەرخىل بولسىمۇ، بىر تەرىپى ئوخشاش. يەنى، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتلىرى بىزنى كونترول قىلالايدۇ ۋە ئۆزىگە تارتالايدۇ.

ھالبۇكى، بۇ خىل كونترول قىلىش ۋە ئۆزىگە تارتىش ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستۈن ماھارىتىدىن پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى ئىچكى دۇنياسىدىن پەيدا بولغان. خۇددى گۈزەل بىر ئاخشىمى پۈرۈر كىيىنگەن بىر ساھىبجامال كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەتكەندەكلا. ئەكسىچە، باشقا ئادەملەردە، گەرچە ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، بىلىمى مول، مەرتىۋىسى يۇقىرى بولسىمۇ، مۇنداق ئالاھىدىلىك مەۋجۇت ئەمەس.

خارۋاردنىڭ سەرخىللىرىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كىيىنىشى ئاددىي - ساددا، گەپ - سۆزلىرى قىسقا - مېغىزلىق بولسىمۇ، سىز ئۇلارنى بىر توپ ئادەمنىڭ ئىچىدىن ناھايىتى ئاسانلا بايقىيالايسىز. باشقىلارنىڭ سالاپىتى ھەرقانچە ئېسىل بولسىمۇ، ئۇ قۇرۇق سۆلەتلا خالاس.

دوستۇم ماڭا مۇنداق بىر قىزىقارلىق تەجرىبىنى سۆزلەپ بەرگەن:

ئەزەلدىن تونۇشمايدىغان ئون نەچچە ئوقۇغۇچى بىر يۇمىلاق ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئارقىدىن پىروفېسسور ناھايىتى ئاددىي سوئالدىن نەچچىنى چىقىرىپ، ئۇلارنى مۇھاكىمە قىلىپ ئاخىرقى جاۋابنى تېپىشنى ئېيتىپتۇ. بۇ قېتىمقى مۇھاكىمىنىڭ ۋاقىت چەكلىمىسى يوق ئىكەن.

ئۇزاققا قالمايلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا «باشلامچى» ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ. باشقا ساۋاقداشلار تۇشمۇ تۇشتىن بىلىپ ـ بىلمەي ئۇنىڭ قاراشلىرىغا قوشۇلۇپتۇ ۋە تەكلىپىنى قوبۇل قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ «سەركە» ساۋاقداش بىر خىل شەكىلسىز كۈچنىڭ تەسىرىدە يېنىدىكىلەرگە تەسىر قىلىپ، ئۇلارنى ئىختىيارسىز قايىل قىپتۇ.

بۇ بىر خىل ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ كۈچى، يۇرەك چۆشىنىدىغان، تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان كۈچ ـ قۇدرەتتىن ئىبارەت. ئۇ بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ناھايىتى روشەن ۋە ھەقىقىي مەۋجۇت. شۇنداقلا «باشلامچى»نىڭ بايلىقى، مەرتىۋىسى، ھوقۇقى دېگەنلەر بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بىر خىل كۈچلۈك ۋە قايىل قىلارلىق خاراكتېر. ئۇ بىر خىل زېھنىي قۇۋۋەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

يۇقىرىقىدەك ئىش بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. يېنىمىزدا ھەمىشە زېھنىي قۇۋۋەتكە ئىگە بىر قىسىم «باشلامچى»لار بار. ماھىيەتتە، بۇ بىر خىل ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىلىنىش، قورقۇش، ھاياجانلىنىش، بوشاڭلىق، ئوڭاي ئۆزگىرىش... قاتارلىقلار ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئاجىزلىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دۇنيا مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ، بىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزىمىزنى باشقۇرۇپ تۇرمىقىمىز تولىمۇ مۇشكۇل. ئېھتىمال، بىزدە بىلىمىمۇ، قابىلىيىتىمۇ كەم بولماسلىقى، كەم نەرسە دەل ئۆزگە ئىشىنىش بولۇشى مۇمكىن.

مۇبادا، ئۆزىمىزگە ئىشەنمىدىغان، ئۆزىمىزنى تىزگىنلىيەلەيدىغان ئىقتىدار بولساق، سىرتقى دۇنيانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىساق، تەبىئىيلا باشقىلار تايىنىدىغان «داھىي»غا ئايلىنىمىز. دەرۋەقە، ئۆزىڭىزدىن باشقا ھېچكىم سىزدىن غالىب كېلەلمەيدۇ. ناۋادا سىز ئۆزىڭىزنى تىزگىنلەشنى بىلسىڭىز، ئوخشاشلا باشقىلارنىمۇ تىزگىنلىيەلەيسىز.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

ھاياتىڭىزنى نېمە كونترول قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئېھتىمال، بىز ئىلگىرى «تەقدىر ئۆز قولۇڭدا!» دېگەن گەپنى نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. توغرا، بۇ دەل ھاياتىڭىزنى ئۆز ئىلكىڭىزدە تۇتۇش كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئانتونى روبىنىس « ھاياتىڭىز سىز بىر قارارغا كەلگەن پەيتتە بەلگىلىنىپ بولىدۇ» دېگەن.

ھەقىقەتەن شۇنداق. ناۋادا، ھاياتىڭىزنى ئاداققىچە خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزمەكچى بولسىڭىز، چوقۇم ھاياتلىق سىزگە ئاتا قىلغان بارلىق نەرسىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنالايدىغان بولۇشىڭىز كېرەك. ئاندىن كېيىن ئۆزىڭىزنى ئوبدان باشقۇرۇپ، ئويلاشقا تېگىشلىك بولمىغان نەرسىنى كاللىڭىزدىن چىقىرىۋېتىپ، قىلىشقا بولمايدىغان ئىشتىن نېرى تۇرۇڭ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ۋاقىتنى قانداق قەدىرلەشنى، تەنەررىخنى تېجەشنى، بەھۇدە يولنى ئاز مېڭىشنى ئۆگىنىپ، ئۆزىڭىزنى كەلگۈسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغان ئىمكانىيەتكە

ئېرىشتۈرۈڭ.

مەن بىر قىسىم مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ پات ـ پات «مەن يا دوختۇر بولمىسام، يا مال ساتقۇچى بولمىسام، يا ئادۋوكات بولمىسام، يا سەنئەتكار بولمىسام، يا بىناكار بولمىسام، يا ئىنژېنېر بولمىسام...» دەپ ئاغرىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايمەن. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ھەتتا تىغ ئۇچىنى جەمئىيەتكە قارىتىپ، باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە تەسىر يەتكۈزگەنلىكىدىن زارلىنىدۇ.

مېنىڭچە، مەغلۇبىيەتنىڭ باھانىسى يوق. سىز قولىڭىزنى باشقىلارغا شىلتىغاندا، باشقىلاردىن رەنجىگەندە، تېخىمۇ كۆپ ئادەم قولىنى سىزگە شىلتىغان بولىدۇ. بۇ چاغدا، سىز ئۆزىڭىزنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ كونترول قىلالمايسىز. شۇڭا، سىز دەل ئۇچىغا چىققان مەغلۇبىيەتچى ھېسابلىنىسىز!

مەن ئاڭلىغان ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىش شۇكى، بەزىلەر «مەن پالانچىغا ئوخشاش ماڭالىغان، يوگۇرەلىگەن، سەكرىيەلىگەن، ناخشا ئېيتالىغان، تەپەككۇر قىلالىغان، زېھنىمنى يىغالىغان بولسام بەك ياخشى بولاتتى» دېيىشىدۇ. بۇنداق ئادەم باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرىدۇ ـ يۇ، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالىدۇ.

ئەلۋەتتە، ھاياتتا ھەممىمىز بەزى مەسىلىلەرگە يولۇقۇپ تۇرىمىز. بىراق، سىز بۇلارنى كونترول قىلىپ تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ. توسالغۇ تام ھەرقانچە پۇختا بولسىمۇ، ھامان كۈچلۈك ئىرادىمىز ئالدىدا ۋەيران بولىدۇ. روھىمىزنى بوغۇش ئۇنچىلىك ئوڭاي ئەمەس، سىز ئۇتۇق قازىنىشنى ئويلىسىڭىزلا، ھاياتىڭىزنى يارىتىشقا ئىنتىلسىڭىزلا، تەقدىرىڭىزنى ئۆز ئىلكىڭىزدە تۇتۇشقا نىيەت قىلسىڭىزلا يەڭگىلى بولمايدىغان مەسىلە، ئۆتكىلى بولمايدىغان قىيىن ئۆتكەل، بۇزۇپ تاشلىغىلى بولمايدىغان توسالغۇ بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى**

سىزگە مەنسۇپ بىر نەرسە بار، ئەمما باشقىلار ئۇنىڭدىن كۆپ پايدىلىنىدۇ. بۇ زادى قانداق نەرسە؟

**◉ جاۋاب:**

مۇرە.

# توققۇزىنچى باب

## ئارزۇنى قاناتلاندۇرۇش: تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ

- مۇراد ـ مەقسەت گۈللىرى كىتابلار ئارىسىدا يىلتىز تارتىدۇ
- مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئارزۇسى ئىلھامغا موھتاج
- ھەرقانداق چاغدا غايە ۋە ئېتىقادتىن كېچىشكە بولمايدۇ
- غايە بىلەن خام خىيالنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك
- ھەممە ئىشقا قارىغۇلارچە ئېسىلىۋالماي، مۇۋاپىق بولغان بىرسىنىلا قىلىڭ
- نىشانى ئېنىقسىز ئادەم كومپاسسىز كېمىدۇر
- ئەمەلىيەتچانلىق بىرىنچى، قۇربىڭىز يەتكۈدەك ئىشنى قىلىڭ.
- نېمە لازىملىقىنى ئېنىق بىلىڭ، ئاندىن تىرىشىپ ئىزدىنىڭ

# مۇراد ـ مەقسەت گۈللىرى كىتابلار ئارىسىدا يىلتىز تارتىدۇ

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلهامبەخش ھېكمىتى:*** **رەقىبىڭىز دەل مۇشۇ دەمدە توختىماي كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ.**

دۆلىتىمىزدە «كىتابتۇر ئالتۇن ساراي، كىتابتۇر ساھىبجامال، كىتابدۇر مىڭ خىل نازۇ نېمەت» دەيدىغان قەدىمي گەپ كەڭ تارقالغان. بۈگۈنكى كۈندە بۇ گەپنىڭ سەل دەۋرى ئۆتكەندەك قىلىسمۇ، ئەمما بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ شەكسىز ھەقىقىتىدۇر. چۈنكى، شۇ دەۋرلەردە كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسى بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭغا كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق يەتكىلى بولاتتى.

ئەلۋەتتە، ھازىر بىزنىڭ قوغلىشىدىغىنىمىز ئالتۇن ساراي، ساھىبجامال ياكى نازۇنېمەت ئەمەس، بەلكى ھەر بىرىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە يارىشا ئارزۇلىرىمىز بار. بىراق، بىزمۇ قەدىمكىلەرگە ئوخشاش، كىتابنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە تايىنىپ مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يېتىمىز.

ھەرقانداق قېلىن ياكى نېپىز، چوڭ ياكى كىچىك كىتاب بولسۇن، ئارمانلىرىمىزنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ، ئارزۇلىرىمىزنى قاناتلاندۇرۇپ پەرۋاز قىلدۇرىدۇ.

خارۋاردتىكى «تۇغما ئەقىللىك بالا» ئوپپېنگېيمېر نيۇيوركتا تۇغۇلغان، ئۇنىڭ دادىسى جۇلىئوس ناھايىتى بىلىملىك ئوقەتچى، ئانىسى ئەيلا فرېدمان داڭلىق رەسسام ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوپپېنگېيمېر بەش ياش چېغىدا بوۋىسى ئۇنىڭغا بىر پارچە مىنېرال ئەۋرىشكىسىنى بېرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ بىر قىزىقىشى كۆپىيىدۇ ــــ ئۇ مىنېرالوگىيەنى تەتقىق قىلىدۇ، شۇ بىر باشلىنىشتا نەچچە يىل ئىزدىنىدۇ. 11 ياشقا كىرگەندە ئوپپېنگېيمېر نيۇيورك مىنېرالوگىيە كۇلۇبىنىڭ ئەزالىقىغا تاللىنىدۇ.

ئوپپېنگېيمېر بالىلىق چېغىدىن باشلاپلا ناھايىتى ئەقىللىك، كىتاب ئوقۇشقا قەۋەتلا ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ بىلىم ئېلىش ئىستىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا، ھەمىشە پۈتۈن زېھنى بىلەن باش چۆكۈرۈپ ئۆگىنەتتى. ئۇ 1922 ـ يىلى خارۋاردنىڭ خىمىيە كەسپىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ.

ئىلگىرى ئۇ بىناكار ياكى كىلاسسىك مۇزىكانت بولۇشنى ئويلىغان، ھەتتا شائىر ياكى يازغۇچى بولۇش ئارزۇسىدىمۇ بولغان. ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ يەنىلا ئۆزىنى ئىلىم ـ پەنگە بېغىشلايدۇ. ئوپپېنگېيمېر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا بۆرۈنقىدىنمۇ ئىشتىياق باغلايدۇ. ئۇ دائىم ھېرىپ ـ چارچاش، ئاچلىقىنى ئۇنتۇپ، ۋاقتى بولسىلا كۈتۈپخانىغا چىقىدۇ، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدىلا ئازراق ئارام ئالىدۇ، يەر ياڭىقى ۋە شاكىلات قىيامى سۈركەلگەن بولكا يەيدۇ. يەپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا كىتابلار ئارىسىغا چۆكىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئوپپېنگېيمېر ئۈچ يىلدىن كېيىن ئەلا نەتىجە بىلەن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە كەسپىنى پۈتكۈزىدۇ، ئۇنىڭ «خارۋاردتىكى تۇغما ئەقىللىك بالا» دېگەن نامى تېخىمۇ چاقنايدۇ.

خارۋاردتا ھەر بىر ئادەم ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھېرىپ ـ چارچاشنى ئۇنتۇپ توختىماي تىرىشىدۇ. كىتاب ئوقۇيدۇ، كىتابتىكى ئۇزۇقلارنى توختاۋسىز سۈمۈرىدۇ. خارۋاردنىڭ كۈتۈپخانىسىدا ئوقۇغۇچىلارغا ئىلھام بېرىدىغان

«رەقىبىڭىز دەل مۇشۇ دەمدە توختىماي كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ» دەيدىغان بىر جۇملە ئەقلىيە سۆزى بار.

بۇ ئەقلىيە سۆز ئوقۇغۇچىلارنى «ئارزۇيۇڭلارنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولساڭلار، باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىشنى ئويلىساڭلار، كىتابتىن توختىماي ئۇزۇق ئېلىڭلار، توختاپ قالساڭلار رەقىبىڭلار سىلەردىن ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا نېمەڭلەر بىلەن رىقابەتلىشىسىلەر؟ دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

مەشھۇر فىزىك ئارخىمېد كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان مۇنداق سۆزنى قىلغان: «ماڭا بىر تايىنىش نۇقتىسى بېرىلسىلا، پۈتۈن يەر شارىنى كۆتۈرەلەيمەن». ئەمسە دوستلار، سىلەرمۇ كىشىلىك ھاياتىڭلاردىكى پىشاڭنى كىتابتىن ئىبارەت تايىنىش نۇقتىسىغا قويۇڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ بۈيۈك ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭلارغا پۇختا تىرەك بولىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىسى كۆپ. ئۇنداق بولمىسا خارۋاردتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ھەرگىزمۇ ھېرىپ ـ چارچاشنى ئۇنتۇپ كۇنبويى كۇتۇپخانىدا يۈرمىگەن بولاتتى. مەنمۇ ئادەتتە كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى كىتاب ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يېقىنلاشتۇرىدۇ، زامان بىلەن ماكاننىڭ ئايرىلىقىنى قىسقارتىدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كىتاب بىزنى قاتمۇ قات تاغۇ دەريالارنى سەيلە قىلدۇرىدۇ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزغا قەدەم قويغان ئۇزۇن سەپەردە ھەمراھ بولىدۇ. كىتاب ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرىلىشىدىكى شوتا. قەدىمدىن تا ھازىرغىچە كىتاب باشتىن ـ ئاخىر ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ۋاسىتىسى بولۇپ كەلگەن.

ھالبۇكى، يەنە مۇنداق بىر جۇملە گەپ بار: «ھەممە كىتابنى ئوقۇش كىتاب ئوقۇمىغانغا باراۋەر». بۇ گەپنىڭمۇ ئوخشاشلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەلگىلىك ئاساسى بار. چۈنكى كىتابمۇ ياخشى ـ يامان دەپ ئايرىلىدۇ. بازار رىقابىتى ئىنتايىن كەسكىن بولۇۋاتقان جەمئىيىتىمىزدە، بىر قىسىم ئادەملەر ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئەخلاق ـ پەزىلەتنى قايرىپ قويۇپ، قىلچە ئوزۇقلۇقى يوق كىتابلارنى نەشر قىلدۇرماقتا. بۇ قىلمىش ئەمدىلا جەمئىيەتكە قەدەم قويغان، ئاق ـ قارىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ئاجىز ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرگە نىسبەتەن شۈبھىسىزكى بىر خىل زىيانكەشلىك ھېسابلىنىدۇ.

كىتاب ئوقۇش ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم، بىر ئېسىل كىتاب ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئارزۇسىنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ئىلھام بېرىدۇ، ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئويغىتىدۇ، ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، مەنىۋىيىتىنى بېيىتىدۇ. شۇڭا، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر «كىتابنى تاللاپ ئوقۇش» نى بىلىشى، قىلچە قىممىتى يوق «ئەخلەت» كىتابلارنى ئوقۇماسلىقى كېرەك.

مېنىڭچە، ئەڭ مۇھىم نەرسە ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش. ئۇلارنىڭ ئوقۇش سۈپىتىنى قانداق ئۆستۈرگىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدا قىزىقىش، ھەۋەس يېتىلدۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم، بولمىسا زورىغا قىلغان ئىشتىن كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە چىقمايدۇ. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنى كىتاب ئوقۇشقا يېتەكلىگەندە، كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ، ئۇلار قىزىقىدىغان كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇتۇش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقى ۋە ئۇنىڭدىن زوق ئېلىش ئەھۋالىغا دىققەت قىلىش، ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ پايدىلىق تەرەپكە يېتەكلەش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كىتاب ئوقۇش ئۆز نۆۋىتىدە بىر خىل قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەيدىغان جەريان. بىر كۈن ئوقۇپ، ئىككى كۈن ئوقۇمىسا، قىزغىنلىقى تۆتۈپ كەتكەندە ئوقۇپ، سوۋۇغاندا چۆرۈۋەتسە قاملاشمايدۇ.

◉ **خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى**

ئارزۇيىڭىزنى تېپىپ باقايلى.

1. كوللېكتىپ خىزمەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىسىز:

A. قىزغىن قاتنىشىمەن

B. ئانچە كارىم يوق

C. ئىنتايىن بىزار

2. بارا ــ بارا چوڭ بولۇۋاتىسىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىز نېمە قىلىسىز:

A. بىلىم ئىگىلەيسىز ياكى قابىلىيەت يېتىلدۈرىسىز

B. تەشۋىشلىنىسىز ۋە خاتىرجەمسىزلىنىسىز

C. سىزدە ھېچقانداق تۇيغۇ يوق، پەرۋايىڭىز پەلەك

3. دوست تۇتۇشقا قانداق قارايسىز:

A. ناھايىتى مۇھىم دەپ قارايمەن، شۇڭا ئادەتتە ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئامراق، ئەدەپ ــ ئەخلاققا دىققەت قىلىپ، دوستلۇقنى قولغا كەلتۈرىمەن

B. دوست تۇتۇش ئادەتتىكى ئىش، تولا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قارايمەن

C. دوستلۇق ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ، تەنھا ئۆتكەن ياخشى

4. يالغۇزلۇقتىن غېرىبسىنغاندا:

A. دوستلىرىڭىزنىڭ يېنىغا بارىسىز، ياكى ئاز ــ تولا ئىش تېپىپ قىلىسىز

B. يالغۇز سەيلە قىلىسىز، ياكى ئويۇن كۆرىسىز

C. ئۆيگە بېكىنىپ، قالايمىقان خىياللار بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزىسىز

5. قىيىنچىلىققا يولۇققاندا:

A. قىيىنچىلىقنىڭ سەۋەبىنى تاپىسىز ھەم ئوڭۇشسىزلىقنى بىر قېتىملىق تەجرىبە ــ ساۋاق دەپ قوبۇل قىلىسىز

B. ئىچ ــ ئىچىڭىزدىن ئارامسىزلىنىپ، بىرەرسىنى ياردەمگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چاقىرىشقا ئامال ئىزدەيسىز

C. يالغۇز ھەسرەت چېكىسىز، قاتتىق چۆشكۈنلىشىسىز، كەلگۈسىدىن ئۈمىدسىزلىنىسىز

6. باشقىلار سىزنى تەنقىد قىلغاندا:

A. باشقىلارنىڭ پىكرىنى سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىسىز، توغرا بولسا قوبۇل قىلىسىز، مۇۋاپىق بولمىسىمۇ ئاسان ئاچچىقلانماي پۇرسەت تېپىپ ئۆزىڭىزنى ئاقلايسىز

B. پەرۋا قىلمايسىز، ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەيسىز

C. باشقىلارنىڭ تەنقىدىدىن نارازى بولىسىز ھەم ئۇلار بىلەن تاكاللىشىسىز

نومۇر قويۇش ئۆلچىمى

ھەر بىر سوئالدىكى A بەش نومۇرغا، B ئىككى نومۇرغا، C نۆل نومۇرغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھەرقايسى سوئاللاردىن ئېرىشكەن نومۇرنى قوشۇپ ئومۇمىي نومۇر ھېسابلىنىدۇ.

### ◉ نەتىجە تەھلىلى

25 تىن يۇقىرى نومۇر ئالسىڭىز ئەلا بولىسىز. تۇرمۇش ۋە باشقا ئىشلارغا يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدىكەنسىز، رېئاللىققا يۈزلىنەلەيدىكەنسىز، قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئامال قىلىپ يېڭەلەيدىكەنسىز، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشالايدىكەنسىز، ئىشلىرىڭىزنى روناق تاپقۇزالايدىكەنسىز.

11 ـ 24 كىچە نومۇر ئالسىڭىز ئوتتۇراھال. تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە بەلگىلىك ئويلىغىنىڭىز بار ئىكەن. رېئاللىققا ئاساسەن توغرا قارايدىكەنسىز، خېلى كۆپ قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئامال قىلىپ يېڭىدىكەنسىز، ئەمما بەزىدە چۆشكۈنلىشىدىغان، ئۈمىدسىزلىنىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدىكەن.

ئالغان نومۇر 10 دىن تۆۋەن بولسا سىزنىڭ تۇرلۇك مەسىلىگە بولغان تونۇشىڭىزنىڭ تېخى ئايدىڭ ئەمەسلىكىنى ياكى خاتا

قاراشتا ئىككەنلىكىڭىزنى، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشقا ئىشەنچىڭىزنىڭ كەملىكىنى بىلدۈردۇ. شۇڭا ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئۆزىڭىزنى چېنىقتۇرۇپ، كۆپرەك دوست تۇتۇڭ، شۇنداق قىلسىڭىزلا گۈزەل كېلەچەك يارىتالايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئارزۇسى ئىلھامغا موھتاج

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:*** **مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولسىڭىز ئالدى بىلەن ئارزۇيىڭىز بولسۇن، شۇنداقلا ئۆزىڭىزنى دائىم مۇئەييەنلەشتۈرۈڭ، ئىجابىي تەرەپتىن ئۆزىڭىزگە خىتاب قىلىڭ، ئۆزىڭىزنى داۋاملىق تەربىيەلەڭ، ئۆزىڭىزنى يارىتىڭ، ئۆزىڭىزنى ئىلھاملاندۇرۇڭ.**

ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە توشلۇق ئارزۇسى بولىدۇ. ئەمما ھەممىلا ئادەم ئارزۇسىغا يېتەلمەيدۇ. قانداق قىلغاندا ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ بەلكىم، خارۋارد بىزگە «ئۆزىڭىزگە ئىلھام بېرىڭ» دەپ قىزىقارلىق جاۋاب بېرىشى مۇمكىن.

ئۆز - ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇش بىر ئادەمنىڭ ئۇتۇق قازىنىشىدا ئىنتايىن مۇھىم. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئادەمنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. توختىماي ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئۇرغۇتقىلى، شۇ ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ چوققىسىغا چىققىلى بولىدۇ.

مېنىڭچە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلىغان ئادەمنىڭ ئالدى بىلەن ئارزۇسى بولۇشى، شۇنداقلا ئۆزىنى دائىم مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تۇرۇشى، ئىجابىي تەرەپتىن ئۆزىگە خىتاب قىلىشى، ئۆزىنى داۋاملىق تەربىيەلىشى، ئۆزىنى يارىتىشى، ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك.

ئىشىنىمەنكى، كۆڭلىگە ئارزۇ ـ ئارمانلارنى پۈككەن، شۇنداقلا مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئادەملەرگە مۇۋەپپەقىيەت مەڭگۈ يار بولىدۇ. ناۋادا ئۆزىڭىزگە خاس ئارزۇيىڭىز بولسا، نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ بىر خۇشاللىنارلىق ئىش. بۇ، نىشانىڭىز بارلىقىنى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئىنتىلىدىغانلىقىڭىزنى دەلىللەيدۇ، بۇ تەبرىكلەشكە ئەرزىگۈدەك ئىش. ئەمدى بىز ھەرىكىتىڭىزگە قارايمىز، ھەرقانداق ئەھۋالدا ھەرىكەتكە كېلىش ھەممىدىن مۇھىم.

مەن ئىلگىرى ئامېرىكا ئورلاندو لانتوس كەسپىنى كېڭەيتىش ئېلان شىركىتىنىڭ باش لىدىرى پان لانتوسنىڭ نۇتۇقىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولغانىدىم. شۇ قېتىم بۇ ئايال ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

ئىلگىرىكى لانتوس بەكلا سېمىز بولۇپ، كۈنبويى ناھايىتى غەمكىن يۈرۈيدىكەن. ھەر كۈنى 18 سائەت ئۇخلايدىكەن. ئاخىر بىر كۈنى ئۇ بۇنداق ياشاۋېرىشتىن زېرىكىپ، قەتئىي ئۆزگەرتىش نىيىتىگە كەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنى ئەجابىي مەزمۇندىكى ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى ئاڭلاپ بېرىپتۇ. بىر قېتىم ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىن «ھەر كۈنى ئۆزۈڭنى ئۈچ قېتىم مۇئەييەنلەشتۈر» دەيدىغان گەپنى ئاڭلاپتۇ. لانتوس ھەر كۈنى ئۆزىگە 50 قېتىم دېسە ئاندىن كارغا كېلىدىغاندەك ھېس قىپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھەقىقەتەن شۇنداق قىپتۇ. لېنتىدا يەنە «ئىچىڭىزدە ئۇتۇق قازانغان قىياپىتىڭىزنى دائىم ئويلاڭ» دەيدىغان گەپ بار ئىكەن. لانتوس شۇ بويىچە قىپتۇ. ئۇ سالاپەتلىك، قاملاشقان بىر چولپاننىڭ رەسىمىنى تامغا چاپلاپ، بېشىنى ئۆزىنىڭ رەسىمىگە ئالماشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئىچىدە ھەردائىم ئۆزىنىڭ گۈزەل قىياپىتىنى تەسەۋۋۇر قىپتۇ. ئاستا ـ ئاستا ئۇ تۇرقىنىڭ ئازراق ئۆزگەرگەنلىكىنى تۇيۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شۇنىڭ بىلەن ھەرىكەت قىلىشنى باشلاپتۇ، شۇنداق قىلىپ 20 كىلوگىرام ئورۇقلاپلا قالماي، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىمۇ ئېشىپتۇ.

كېيىنچە ئۇ خىزمەت تېپىپ مال ساتقۇچى بوپتۇ. ئوخشاشلا ئۇ ئۆزىنى ۋايىغا يەتكەن مال ساتقۇچى دەپ تەسەۋۋۇر قىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ھەقىقەتەن بۇ خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپتۇ.

كېيىنچە ئۇ مىلىنى رادىيو ئىستانسىسىغا ئاپىرىپ ساتماقچى بوپتۇ. ئۇ شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى يەنە يېڭى خىياللارغا، مەلۇم بىر رادىيو ئىستانسىسىدا راستىنلا مال ساتقۇچى بولغاندەك ئويلارغا بەنت قىپتۇ. ھالبۇكى، رېئاللىقتا ئۇ مىخقا ئۇسۇۋاپتۇ. بىراق، بۇ چاغدا ئۇ ھەرقانداق «ياق» نى قوبۇل قىلمايدىغان ھالەتكە كەلگەنىكەن. شۇڭا رادىيو ئىستانسىسى دىرېكتورى ئىشخانىسىنىڭ ئۇدۇلىغا لاپاس تىكىپ تاكى دىرېكتور ئۇنى كۆرگەنگە قەدەر شۇ يەردە قونۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىر مەۋجۇت بولمىغان بىر خىزمەتكە ئېرىشىپتۇ.

ئۆزىنى توختىماي ئىلھاملاندۇرۇش ۋە جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق لانتوسنىڭ ۋەزىپىسى يۇقىرى ئۆرلەۋېرىپتۇ. كېيىن رادىئو ئىستانسىسىنىڭ كەسىپكە مەسئۇل دىرېكتورى بوپتۇ. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىدا رادىيو ئىستانسىسىنىڭ تايىنى يوق ئېلان كەسپى قىسقىغىنە ۋاقىتتا توپتوغرا يەتتە ھەسسە ئېشىپتۇ.

ئىككى يىلدىن كېيىن لانتوس دېسنىيگىنىڭ تارمىقىدىكى شىېرلىك ئېلان شىركىتىگە مۇئاۋىن لىدىر بوپتۇ. كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ شىركىتىنى قۇرۇپتۇ.

لانتوسنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن بىز ئۆزىگە ئىلھام بېرىشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى كۆرۈپ يەتتۇق. مېنىڭ بىر كارخانىچى دوستۇممۇ بۇ ھەقتە ئىپادە بىلدۈرۈپ، ناۋادا كاللىڭىزدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىڭىزنى تەسۋىرلىسىڭىز، مۇشۇ نىشانغا قاراپ ماڭىسىز دېگەنىدى.

رېئال تۇرمۇشتا مەن كىشىلەرنىڭ ھەمىشە ئۆز قارىشى بويىچە نىشان - غايىلىرىنى بېكىتىۋاتقانلىقىنى بايقايمەن. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ئۆز قىياپىتىگە ياخشى باھا بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ تاللىغان نىشانىمۇ چوڭ بولىدۇ. ئەكسىچە، ئۆز ئوبرازىدىن نارازى كىشىلەر ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ئەنسىرەش پوزىتسىيەسىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. دەل شۇنداق بولغاچقا بىزمۇ لانتوسقا ئوخشاش كاللىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ ياخشى ئوبرازىنى داۋاملىق تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك، شۇندىلا تەقدىرىمىزدە ئۆزگىرىش بولىدۇ.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

مەن خارۋاردلىق بىر پىروفېسسورنىڭ «ناۋادا ئاكتىپ روھىي ھالەت بىلەن ئۆزىڭىزگە ئىلھام بېرىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرسىڭىز، تەقدىرىڭىزنى ئىلكىڭىزدە تۇتۇپ تۇرالايسىز» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

ھەقىقەتەن شۇنداق. مەن ئۇچراتقان تالاي مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ئارزۇسىغا يېتىشتىن ئىلگىرى، كاللىسىدا ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلغان ھالىتىنى سىزىپ چىقىشتەك ئورتاق بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە.

شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى قانچىلىك نامرات بولۇشىدىن، تۈزۈك تەربىيە ئالالمىغانلىقىدىن، تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ بەكلا ئاز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى ئالدى بىلەن كاللىسىدا ئۆزىنىڭ ئۇتۇق قازانغان ھالىتىنى تەسۋىرلىگەن، ھەم ھامان بىر كۈنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. شۇڭا، تەقدىر ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويماي ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىگە جاۋاب قايتۇرغان.

نۇرغۇن ئادەم مەندىن، قانداق قىلغاندا ئۆزىگە ئىلھام بەرگىلى بولىدۇ؟ دەپ سورىغان. مەن بىر قىسىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەربابلارنى كۆزىتىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى نەچچە خىل ئۇسۇلنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەكۈنلەپ چىقتىم:

1. ئۇلۇغۋار ھەم كونكرېت چوڭ نىشان بېكىتىش. نۇرغۇن كىشى ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىدىن شۇنى بايقايدۇ، ئۇلارنىڭ نىشانى بەك كىچىك ۋە نائېنىق، شۇڭا تەشەببۇسكارلىقتىن مەھرۇم قالغان.

2. ئۇزۇن مۇددەتلىك قىلىدىغان پۇرسەت ئىزدەش. مۇنداق قىلغاندا روھىي دۇنيايىڭىزدا غەلىتە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، سىزگە يېڭى ئىلھام ۋە كۈچ قوشۇلىدۇ.

3. سىز ئارىلىشىدىغان كىشىلەر تۇرمۇشىڭىزنى ئۆزگەرتىدۇ. شۇڭا سىزنىڭ خۇشال بولۇشىڭىزنى، ئۇتۇق قازىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىڭ.

4. ئۆزىڭىزنى سىپتا، پۇختا يارىتىڭ. قىسقىسى، سىزدە مەيلى چوڭ ئۆزگىرىش بولسۇن ياكى كىچىك ئۆزگىرىش بولسۇن، ئىشقىلىپ ئۆگىرىشنىڭ بولغىنى ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

5. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ چىن مەنىسى شۇكى، ئۆزىڭىزگە قانچىكى شەپقەتسىز بولسىڭىز، تۇرمۇش سىزگە شۇنچە كەڭچىلىك قىلىدۇ. ئۆزىڭىزگە قانچىكى كەڭچىلىك قىلسىڭىز، تۇرمۇش سىزگە شۇنچە بېخىللىق قىلىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق چاغدا ئۆزىڭىزگە كەڭ قورساق بولماڭ.

6. ۋەھىمىنى يېڭىڭ. غالىب كەلگىنىڭىز كىچىككىنە قورقۇنچ بولسىمۇ، ئۇ تۇرمۇشىڭىزنى يارىتىشقا بولغان ئىشەنچىڭىزنى كۈچەيتىدۇ.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

خىمىيەلىك تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان ئالتە دانە ئەينەك ئىستاكان تۈز سىزىق شەكلىدە تىزىلغان. باشتىكى ئۈچىگە لىق سۇ قاچىلانغان، كېيىنكى ئۈچى قۇرۇق. سىز بىرلا ئىستاكاننى يۆتكەپ، سۇ قاچىلانغان ئىستاكان بىلەن قۇرۇق ئىستاكاننى تەكشى ئايرىيالامسىز؟

**◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى**

سۇ قاچىلانغان ئىستاكانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىستاكاننى ئالىسىز، ئاندىن سۇنى ئوتتۇرىدىكى قۇرۇق ئىستاكانغا قۇيۇپ، ئاندىن ئۇ ئىستاكاننى ئەسلىدىكى جايىغا قويسىڭىز، قۇرۇق ئىستاكان بىلەن سۇ قاچىلانغان ئىستاكان تەكشى ئايرىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھەر قانداق چاغدا غايە ۋە ئەقىدىدىن كېچىشكە بولمايدۇ

> **خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى: ئەقىدەڭگە يارىشا نەتىجەڭ بولىدۇ.**

ھەربىر ئىش ـ پائالىيىتىمىز ھەمىشە ئەقىدىمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا بولىدۇ. بىز كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەت ئىش ـ ھەرىكىتىمىزنىڭ ھاسىلاتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئەقىدەڭگە يارىشا نەتىجەڭ بولىدۇ» دېگەن ھېكمەت كەڭ تارالغان. ئەقىدە دېگەن سۆزنى ئىنچىكە تەھلىل قىلساق «قەلبىنىڭ ئۆزۈمگە قىلغان خىتابى» دېگەندەك مەنە چىقىدۇ.

مەن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغان. بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى سەھرايى كەبىر چۆللۈكىگە كىرىپتۇ. ئەترەت ئەزالىرى چۆللۈكتە ئېغىر يۈك ـ تاقلارنى يۈدۈپ مۈشەققەتلىك سەپىرىنى باشلاپتۇ. ئۇلار چىدىغۇسىز ئۇسسۇزلۇقتا بەرداشلىق بېرىپتۇ، شۇنداقلا ئىچىگە ئوت كەتكەندەك قىينىلىپتۇ. بۇ چاغدا ئەترەت باشلىقى بىر قاپاق سۇنى چىقىرىپ: «يەنە بىر قاپاق سۇ بار، بىراق چۆلدىن كېسىپ ئۆتۈشتىن بۇرۇن ھېچكىمنىڭ ئىچىشىگە بولمايدۇ» دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ بىر قاپاق سۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئىشەنچىسى، ھايات قېلىشتىكى ئۈمىدىگە ئايلىنىپتۇ. ئەترەت ئەزالىرى سۇ قاپىقىنى توختىماستىن قولدىن ـ قولغا ئېلىپ

كۆتۈرۈپتۇ، قاپاقنىڭ ئېغىرلىقى ئۇلارغا ھاياتلىق پۇرسىتىدىن بېشارەت بېرىپتۇ، ئۇلار ئاخىر قەيسەرلىك بىلەن چۆللۈكنى كېسىپ ئۆتۈپ، شادلانغىنىدىن كۆز يېشى قىلىشقىنىچە قاپاقنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپتۇ، قاپاقتىن ئېقىپ چىققىنى سۇ ئەمەس، بەلكى لىپمۇلىق قۇم بولۇپ چىقىپتۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولايلى، ئەقىدىمىزدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەسلىكىمىز كېرەك.

بىر ياش كىچىككىدىن تارتىپ يارامىلىق مۇسابىقە ماشىنا ماھىرى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. كېيىنچە ئۇ بۇنىڭ بەكمۇ قىيىنلىقىنى، چوقۇم مەلۇم ئەمەلىي كۈچ ۋە ئىقتىسادىي ئاساس بولۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىپتۇ. ھالبۇكى، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن رېئاللىققا باش ئېگىپ ئارزۇسىدىن ۋاز كەچمەي، بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا ماشىنا ھەيدەيدىغان خىزمەتنى تالالاپتۇ.

ئۇ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا دائىم ماشىنا مۇسابىقە ئەترىتىنىڭ ماھارەت مەشىقلىرىگە قاتنىشىپتۇ، ماشىنا مۇسابىقىلىرى بولۇپ قالسا ئامال قىلىپ مۇسابىقىگە قاتنىشىپتۇ، بىراق تېخنىكىسى ناچار بولغاچقا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەپتۇ، كىرىم قىلالمايلا قالماي، ئەكسىچە مۇسابىقىگە قاتنىشىش ھەققىگە خېلى كۆپ قەرز بوپتۇ. ئۇ گەرچە موھتاجلىقتىن شۇنچە قىينالسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ غايىسى ۋە ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچمەي ئاۋۋالقىدەكلا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ مەشىقنى بوشاشتۇرماپتۇ.

بىر قېتىم ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بىر مەيدان مۇسابىقىگە قاتنىشىپتۇ. مۇساپىنىڭ يېرىمى تۈگىگەندە ئۇ ئۈچىنچى ئورۇنغا چىقىپتۇ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشسىلا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالىدىكەن.

ئۇشتۇمتۇت ئالدىدا كېتىۋاتقان ئىككى ماشىنا ئۆزئارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سوقۇلۇپ كېتىپتۇ. ياش يىگىت رولنى جىددىي بۇرىغان بولسىمۇ، سۈرئەت بەكلا تېز بولغاچقا، ماشىنا يول بويىدىكى توساق تامغا سوقۇلۇپتۇ.

ئۇ قۇتقۇزۇۋېلىنغاندا بەدىنىنىڭ 40% ى كۆيگەن بولۇپ، قولى بىلەن بۇرنىنىڭ يارىسى ئەڭ ئېغىر ئىكەن. دوختۇرنىڭ يەتتە سائەت ئوپېراتسىيە قىلىشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ھاياتى ساقلاپ قېلىنىپتۇ. ۋەقەدە ئۇ ھايات قالغان بولسىمۇ، بىراق قولى تارتىشىپ قورۇلۇپ قالغانىكەن. دوختۇر ئۇنىڭغا ئەمدى ماشىنا ھەيدىيەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

بۇ خەۋەر ئادەتتىكى ئادەمگە نىسبەتەن ئوچۇق ھاۋادىكى چېقىندەكلا ئىش. بىراق، بۇ ياش بۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلەنمەي بۇرۇنقىدەكلا نىيىتىدىن يانماپتۇ. ئۇ تېرە يېپىشتۇرۇش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇپتۇ، بارماقلىرىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن چولاق قوللىرى بىلەن ياغاچ تاياقچىنى تۇتۇپ مەشىق قىپتۇ. گەرچە ئاغرىقتىن پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلسىمۇ، يەنىلا بەل قويۇۋەتمەپتۇ.

ئوپېراتسىيەدىن كېيىن بۇ ياش يەنىلا دېھقانچىلىق مەيدانىغا قايتىپ، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ھەيدەپتۇ. ھەيدەۋېرىپ قوللىرى قاپىرىپ - قاداقلىشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە داۋاملىق ماشىنا مەشىق قىپتۇ. توققۇز ئايدىن كېيىن ئۇ يەنە بىر قېتىم ماشىنا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپتۇ. شۇغىنىسى يېرىم يولدا ماشىنىنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قېلىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە بىر مەيدان مۇسابىقىگە قاتنىشىپتۇ ۋە ئىككىنچىلىككە ئېرىشىپتۇ.

ئىككى ئاي ئۆتۈپ ياش يىگىت يەنە ئالدىنقى قېتىم ۋەقە يۈز بەرگەن مۇسابىقە مەيدانىغا قايتىپ كەپتۇ ۋە بىر پەس كەسكىن ئېلىشىش ئارقىلىق ئاخىر 250 ئىنگلىز مىللىق مۇسابىقىنىڭ

چېمپىيونلۇقىغا ئېرىشىپتۇ. شۇ دەقىقىدە ئۇ ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلاپتۇ.

بۇ ياش دەل ئامېرىكىدا رىۋايەت تۈسىنى ئالغان مۇسابىقە ماشىنا ماھىرى جىم خاربوس ئىدى.

جىم خاربوسنىڭ ئىش ئىزلىرى بىزگە ئەقىدە ۋە غايىمىزدىن ۋاز كەچمەي، ئۈزۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسەتسەكلا ھامان ئۇتۇق قازانغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

### ◉ *خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى*

ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەتلىك بىر جەريان. غايىگە ئۇتاشقان يول تولىمۇ جاپالىق ۋە ئەگرى ـ توقاي، ھەر خىل توسالغۇ ۋە جىددىي ئېقىنلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىراق، ئەتراپىمىزدىكى ئەقىدىسى كۈچلۈك، ئىرادىسى مۇستەھكەم، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقمايدىغان ئادەملەر ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى چىن ئەقىدىگە تايىنىش، جاپا ـ مۇشەققەتنى يېڭىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن ئىبارەت.

بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە كىشىلەر بارغانسېرى ماددىي تۇرمۇشنى قوغلىشىپ، ئۆز غايىسىنى تىلغا ئالماس بولۇپ كەتتى. مەن بەزىلەرنىڭ «غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دېسە بەك چارچاپ كېتىدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرە ھازىرقى تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگەن ياخشى ئەمەسمۇ» دەپ ۋايسىغىنىنى پات ـ پات ئاڭلاپ تۇرىمەن.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تۇرمۇشقا بويسۇنۇپ، ئۆز غايىسىنى پەقەت قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كۆمۈپ ئېغىزدىن چىقىرالمايدۇ، ھەتتا باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۆز غايىسى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشنىمۇ خالىمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ھامان غايىنىڭ چوققىسىدا تۇرىدۇ. ئۇلاردا غايىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىستىكىمۇ كەم ئەمەس. ئۇلار پەقەت قەتئىي ئىرادە بىلەن داۋاملاشتۇرالىسىلا ئاسانلىقچە غايىسىنى يىتتۈرۈپ قويمايدۇ. شۇنداق قىلالىسا ئاخىرىدا گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيدۇ.

## ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

ئۈچ ئەر تەڭلا بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇڭا، زادى كىمنىڭ بۇ قىزنىڭ ۋىسالىغا يېتەلەيدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇلار دۇئېلغا چۈشمەكچى بوپتۇ. شىياۋلىيۇنىڭ نىشانغا تەگكۈزۈش نىسبىتى 30% ئىكەن، ئۇنىڭدىن سەل ياخشىراق شىياۋخۇاڭنىڭ 50% ئىكەن. ئوقنى زايە قىلمايدىغان ئۇستا مەرگەن شياۋجاڭنىڭ نىشانغا تەگكۈزۈش نىسبىتى 100% ئىكەن. دۇئېلنىڭ ئادىل بولۇشى ئۈچۈن شىياۋلىيۇ بىرىنچى، شىياۋخۇاڭ ئىككىنچى، شىياۋجاڭ ئۈچىنچى بولۇپ ئوق چىقىرىشقا كېلىشىپتۇ ۋە شۇ تەرتىپ بويىچە بىرلا ئادەم ھايات قالغۇچە ئېلىشىپتۇ. ئۇنداقتا، بۇ ئۈچ ئادەمدىن زادى كىمنىڭ ھايات قېلىش ئېھتىماللىقى چوڭ؟ شىياۋلىيۇ زادى قانداق تەدبىر قوللىنىشى كېرەك؟

## ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

شىياۋلىيۇنىڭ تۇنجى بولۇپ ئوق چىقىرىش ھوقوقى بار. ئۇنداقتا ئۇ بىرىنچى بولۇپ كىمگە ئوق چىقىرىشى كېرەك؟ شىياۋخۇاڭغا تەگكۈزۈپ قالسا، ئۆزىنى شىياۋجاڭ جايلىۋېتىدۇ. ئۆلۈش نىسبىتى 30% بولىدۇ، تەگكۈزەلمىسە شىياۋخۇاڭنىڭ تاكتىكىسى بويىچە، شىياۋخۇاڭ ئالدى بىلەن شىياۋجاڭغا ئوق چىقىرىپ ئۆزى كېيىنكى نۆۋەتكە قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا شىياۋلىيۇنىڭ كېيىنكى نۆۋەتكىچە ياشاش نىسبىتى

70% بولىدۇ. كېيىنكى نۆۋەتكىچە ياشىغان ئەھۋالدا، ئۇنىڭ رەقىبى شىياۋخۇاڭ ياكى شىياۋجاڭ بولۇشى مۇمكىن (مۇمكىنچىلىكى50%تىن). ئەگەر شىياۋخۇاڭ ھايات قالسا شىياۋلىيۇنىڭ غەلىبە قازىنىش نىسبىتى 0.4615، شىياۋجاڭ بولسا غەلىبە قازىنىش نىسبىتى 0.3 شۇڭا، شىياۋلىيۇ بىر پايدا نىشانغا تەگكۈزەلمىسە يېڭىلىشى مۇقەررەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## غايە بىلەن خام خىيالنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك

**خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:**
**رېئاللىق بىر قىرغاق بولسا، غايە قارشى قىرغاق، ئىككى قىرغاقنى جىددىي ئېقىن ئايرىپ تۇرىدۇ، ھەرىكەتلىنىش بولسا دەرياغا سېلىنغان كۆۋرۈكتىن ئىبارەت.**

پىروفېسسورلار خارۋاردنىڭ سىنىپلىرىدا ئوقۇغۇچىلارغا دائىم يۇمۇر ئېيتىپ كەيپىياتنى تەڭشەيدۇ. خارۋاردنىڭ بىر پىروفېسسورى مۇنداق بىر يۇمۇرنى ئېيتقان:

مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىككى كونا ساۋاقداش تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئاردىن بىرى يەنە بىرىدىن يېقىنقى ئەھۋالىنى سوراپتۇ. يەنە بىرى جاۋابەن: «ناھايىتى ياخشى، ئايلىقىم ئۈچ مىليون ئەتراپىدا» دەپتۇ.

«راستىما؟ سەن نېمىدېگەن قالتىس، قانداق خىزمەت قىلىۋاتىسەن؟»

«خام خىيال سۈرۈۋاتىمەن!»

پىروفېسسور بۇ يۇمۇرنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار قورساقلىرىنى تۇتۇپ قاتتىق كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. پىروفېسسور بۇ يۇمۇر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا، غايە بىلەن خام خىيالنى ھەرگىز ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. بىز كۆڭلىمىزنى توختىتىپ ياخشىراق ئويلانساق، «خام خىيال» نىڭ نېمىلىكىنى بىلەلەيمىز. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان غايە، ئاساسى يوق

ئارزۇ دېگەن گەپ.

ھەر بىر خارۋاردلىقنىڭ دىلىدا ئارزۇسى بار. ئۇلار شۇ ئارزۇ ـ مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن خارۋاردقا ئىلىم تەھسىل قىلغىلى كېلىدۇ. شۇڭا خارۋاردنىڭ ھەممە پىروفېسسورى ئوقۇغۇچىلارنى خام خىيالغا بېرىلمەسلىككە، كۆنبويى ئەمەلگە ئاشمايدىغان شېرىن ئارزۇلارنى قىلماسلىققا، ئەمەلىيەتچان بولۇشقا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشقا، كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

تۇرمۇش تۇرلۇك نامەلۇم سان ۋە تاسادىپىيلىقلار بىلەن تولغان. ئەمما، تۇرمۇش بۇلارنىڭ چەكلىمىسىگە بويسۇنۇپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق قانۇنىيەتلىرى بار. شۇڭا، بىز ھېلىقىدەك تۇتامى يوق ئارزۇلىرىمىزنى دەپ ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى، ئارزۇ ھەرىكەتكە كېلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر. مۇبادا بىر ئادەمنىڭ ئارزۇسى بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىنى ئالسا، قالايمىقان بولسا، ئۇنداقتا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئارزۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى، ھەتتا تەلەينىڭ قانداقلىقى پۈتۈنلەي ئارزۇنىڭ ئىلكىدە دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ناھايىتى ئاق كۆڭۈل بىر قىزچاق بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئائىلىسى بەكلا نامرات بولغاچقا، كىچىك تۇرۇپلا ئوقۇشنى تاشلاپ ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بوپتۇ. قىز بىر قېتىم بازاردىن بىر سېۋەت ئالما ئېلىپ بېشىدا كۆتۈرۈۋاپتۇ. بازار ناھايىتى ئاۋات بولغاچقا قىزچاقنىڭ كۆزلىرى ئالچەكمەن بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ «ئائىلىمىز پۇلدار بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، كۆندە چىرايلىق ياسىناتتىم، ئازادە ئۆيلەردە تۇراتتىم، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيەتتىم» دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ چوڭ بولغاندا چىرايلىق، پۈزۈر كىيىنسەم، يېنىمدا سالاپەتلىك يىگىتتىن بىرسى بولسا ئىمىدىگەن ياخشى بولاتتى دېگەننى خىيال قىپتۇ. ئويلاۋېرىپ ئۆزىنى ھەيۋەتلىك بىر ئوردىغا كىرىپ قالغاندەك، ھېلىقى سالاپەتلىك يىگىت ئالدىغا كېلىپ تانسىغا تەكلىپ قىلىۋاتقاندەك، ئۆزى قەستەن بېشىنى چايقىغاندەك ھېس قىپتۇ. ئۆزىچە كۆرەڭلەپ كېتىپ بېشىدىكى سېۋەتنى ئۇنتۇغان قىزچاق بېشىنى شۇنداق بىر سىلكىپتىكەن، مېۋىلەر چېچىلىپ كېتىپتۇ. قىزچاق شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ خام خىيالغا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ.

خارۋاردنىڭ پىروفېسسورلىرى ئېيتقاندەك، ھەممىمىزنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، كەلگۈسى پىلانلىرىمىز بولىدۇ. كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللار ھەمىشە كۆڭلىمىزدە پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ نورمال ئىش. ئەمما، مۇبادا ئورۇنسىز ئارزۇ ـ ئارماننىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالساق، ئۇنداقتا ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپ، كەيپىمىزنى ئۇچۇرىمىز.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن ئىشلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، غايە بىلەن خام خىيالنىڭ ئەڭ چوڭ پەرقى ھەرىكەتلىنىشتە. «ئۇخلىماي چۈش كۆرۈش» دېگىنىمىز ھەرقانچە ئۇرۇنسىزمۇ، ھەرىكەت قىلىسىڭىزمۇ رېئاللىققا ئايلانمايدىغان خىيالنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، ئەمەلىي ھەرىكەتكە كەلمىسەك، ئارزۇ ـ ئارمانلار ھەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، ئاخىركۈلكىلىك خام خىيالغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

شۇڭا، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بىر تەرەپتىن غايە تۇغرىسىدا گەپ ساتماسلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن «غايەم ناھايىتى كۆپ، رېئاللىق ناھايىتى شەپقەتسىز» دەپ ئاغرىنماسلىقى كېرەك. ئەتراپىڭىزدا

بۇنداق ئادەملەر ئۇچراپ تۇرۇشى مۇمكىن. بۇ، قورقۇنچاقلىق، ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇنداقلار ئارزۇسى بولغىنى بىلەن نېمە قىلالايدۇ؟

خارۋارد سەرخىللىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ھەرگىز ئېغىزدىكى دەبدەبىلىك گەپ ئەمەس. ئۇلار پو ئاتمايدۇ ياكى ئۆزىنى ئالدىمايدۇ. مەن رېئال تۇرمۇشتا كېسەللىك ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان تالاي خىيالپەرەسلەرنى ئۇچراتقان، ئۇلار تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن خام خىيالنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ خۇددى ئۇسسۇلدىن قىلچە خەۋىرى يوق بىر ناخشىچىنىڭ ئۇسسۇل ئارقىلىق جاھاندىن جاق تويغانلىقىنى ئىپادىلىگەندەك، چۈشكۈنلۈك، زوراۋانلىق، ھەتتا ئەسەبىيلىشىپ ئۆزىنى مېيىپ قىلىش شەكلى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە قاراتقاندەكلا بىر ئىش.

ئۇخلىماي چۈش كۆرۈش خام خىيالدىن ئىبارەت. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئۆز غايىسىگە يەتمەكچى بولسا ئالدى بىلەن خام خىياللارنى كاللىسىدىن چىقىرىپ تاشلىشى كېرەك. مېنىڭچە، خام خىيالنى قوغلىۋەتكەنلىك ئارزۇنى چۈشەنگەنلىكنىڭ ۋە پەرقلەندۈرگەنلىكنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھالبۇكى، ئاددىي بىلىم ـ ساۋاتلار خام خىيالنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرىدۇ. خام خىيال يوقىتىلسا، ئۇخلىماي چۈش كۆرمەيتتۇق، ئاندىن بىلىم ـ ئاۋاتقا ئىگە بولاتتۇق. خارۋاردنىڭ سەرخىللىرى ھەر ۋاقىت بىزگە، ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولساق ئەستايىدىل بولۇشىمىزنى، ئوي ـ خىيال بىلەن ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەكلىكىنى سەممىمىزگە سېلىپ تۇرىدۇ.

ئارزۇغا يېتىشنىڭ تۈز ـ يېقىن يولى يوق، ناۋادا بار دېيىلسە، ئۇ بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە بولغان تەشنالىقىمىزدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىبارەت. شۇڭا، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئارزۇسىغا يەتمەكچى بولسا سالماق ـ سەۋرچان بولۇشى، مەنپەئەتكە بېرىلىپ كەتمەسلىكى، ئۆزىنى ھەقىقىي تونۇشنىڭ كويىدا يۈرۈشى كېرەك.

## ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

خام خىيال كۆرسەتكۈچىڭىزنى سىناپ باقايلى.

تۆۋەندىكى تۆت خىل كۆرۈنۈشتىن قايسىسىنى بەك ياقتۇرىسىز؟

A. ئەگرى-بۈگرى تاغ يولىغا قويۇلغان بىر بوتولكا سۇ.

B. قىيادىن ئۆتۈپ ئۇزۇق تۇتماقچى بولۇۋاتقان بۆرە.

C. بېلىق قاچىسىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ سەكرەۋاتقان بېلىق.

D. تىك يارنىڭ يېرىقىدا ئۆسكەن بىر تۈپ قارىغاي.

## ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

A. خام خىيال كۆرسەتكۈچىڭىز 40% ئىكەن. سىز خىيالپەرەس ئەمەس، ئەمما بەزىلەر سىزنى ساماۋى دۇلدۇلدەك پەرۋاز قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلايدۇ، ئەمما ئىجرا قىلىشىڭىز يېتەرسىز. ئەمەلىيەتتە، خاراكتېرىڭىز ئىنتايىن پىرىنسىپچانلىقتا ئىگە.

B. خام خىيال كۆرسەتكۈچىڭىز 80% ئىكەن. نۇرغۇن ئىشلارغا قىزىقىسىز. قىزىقارلىق بىرەر ئىشقا يولۇقسىڭىز شۇئان كاللىڭىزدا يېڭى نىشان پەيدا بولىدىكەن. بولۇپمۇ دوستلىرىڭىز بىلەن تالىشىپ قالغاندا ئىككىلىنەمەيلا پو ئاتىدىكەنسىز.

C. خام خىيال كۆرسەتكۈچىڭىز 60% ئىكەن. ھەممىلا ئىشنى ياخشى تەرەپكە تارتىپ ئويلايدىكەنسىز، بۇ سىزنىڭ ھەم ئارتۇقچىلىقىڭىز، ھەم كەمچىلىكىڭىز. شۇڭا نەزەرىڭىزدە بۇنى قىلسىڭىزمۇ، ئۇنى قىلسىڭىزمۇ بولىۋېرىدىكەن. شۇغىنىسى، پۇرسەت كەلگەندە ئەمەلىي ھەرىكەت قوللانسىڭىزلا ئاندىن

نەتىجىگە ئېرىشىدىغان گەپ.

D. خام خىيال كۆرسەتكۈچىڭىز 20% ئىكەن. تەشكىللىك ـ پىلانلىق ئىش قىلىدىكەنسىز، كۆپچىلىكنىڭ نەزىرىدە ئەزەلدىن تەرتىپلىك ۋە رەتلىك ئىش قىلىدىكەنسىز. ئەلۋەتتە، ئارزۇيىڭىزغا يېتىش ئۈچۈن، سىزدە ئاستا ـ ئاستا مەنزىلگە قاراپ ئىلگىرىلەيدىغان بىر ۋاقىت جەدۋىلى بولۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھەممە ئىشقا قارىغۇلارچە ئېسىلىۋالماي، راۋرۇس بىرنىلا قىلىش

**خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى: ئۆزىنى سوراشنى بىلمەيدىغان ئادەمنى ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئورۇندا سان ـ ساناقسىز ئوڭۇشسىزلىق ۋە توسالغۇلار ساقلاپ تۇرىدۇ.**



كۆڭلىمىزگە نۇرغۇن ئارزۇلارنى پۈككەن بولساقمۇ، يېرىم يولدا تاشلىنىپ قالىدۇ. بۇ تۇرمۇشتا دائىم ئۇچرايدىغان ئىش. شۇڭا، خارۋاردنىڭ پىروفېسسورلىرى غەرب پەلسەپىسىدىكى «نۇرغۇن ۋاقىت ۋە زېھنىنى ئىسراپ قىلىپ تېيىز قۇدۇقتىن نەچچىنى قازغاندىن كۆرە، تىرەن قۇدۇقتىن بىرنىلا قازغان ئەلا» دەيدىغان بىر جۈملە سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

بۇ گەپ ئارزۇنىڭ بەك قالايمىقان بولماسلىقىنى، تولا ئۆزگەرتمەسلىك كېرەكلىكىنى، باشتىن ـ ئاخىر بىرلا مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەجىر قىلىش لازىملىقىنى، شۇنداق بولغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

مەن ھە دېگەندە باشقىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ غايىسىنى ئۆزگەرتىدىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ قانداقلىقىغا قاراپلا ئارزۇسىنى بېكىتىدىغان ئادەملەرنى تولا كۆردۈم. بىر ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش زادىلا مۇمكىن بولمىغاندا، باشقا ئارزۇغا تەلمۈرۈشتىن بىرەر نەتىجە چىقمايدۇ.

داڭلىق ئەدىب ئېمېرسون خارۋاردنىڭ كۇتۇپخانىسىدا مۇنداق

ھېكايىنى ئوقۇغان:

بىر ئاق باش دېڭىز بۈركۈتى ئاسماندا كۈنبويى بىكاردىن ـ بىكار پەرۋاز قىلىدىكەن. بېلىقنىڭ سۇدا ئەركىن يايراپ يۈرگەنلىكىنى كۆرسە، كۆڭلەرنىڭ بىر دە سۇدا ئۈزۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئاتنىڭ يايلاقتا چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، كۆڭلەرنىڭ بىر دە ئاتتەك چېپىپ ئويناشنى خىيال قىلىدىكەن...

بىر قېتىم بۈركۈت خان ئوردىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، پادىشاھنىڭ بىر سېرىق سوپىسوپىياڭغا ئامراقلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سوپىسوپىياڭنىڭ يېنىغا قونۇپ، «سوپىسوپىياڭ، پادىشاھ نېمىشكە ساڭا شۇنچە ئامراق؟» دەپ سوراپتۇ.

سوپىسوپىياڭ: «چۈنكى مەن يېقىملىق سايرايمەن، شۇڭا پادىشاھ ماڭا ئامراق. ماڭا دائىم ئېسىل يەملەرنى بېرىدۇ، يەنە تېخى پات ـ پات مەرۋايىت بىلەن ياساندۇرىدۇ!» دەپتۇ.

ئاق باش دېڭىز بۈركۈتىنىڭ سوپىسوپىياڭغا تازا ھەۋىسى كەپتۇ ۋە ئىچىدە «مەنمۇ پادىشاھنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىمەن» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پادىشاھنىڭ ھەرەمخانىسىغا كىرىپ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ سايراشقا باشلاپتۇ.

شۇ مەھەلدە ئۇخلاۋاتقان پادىشاھ بۈركۈتنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ ۋە قول ئاستىدىكىلەرنى ئالىتاغىل چىرقىراۋاتقان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ ئاق باش دېڭىز بۈركۈتى ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن ناھايىتى خاپا بولۇپتۇ ۋە ئادەملىرىگە بۈركۈتنى تۇتۇپ پېيىنى پاك ـ پاكىز يۇلدۇۋېتىشقا بۇيرۇپتۇ.

ئاق باش دېڭىز بۈركۈتى ئاغرىقتا چىدىيالماي ۋايساپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە پادىشاھنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشمەكچى بولغان ئارزۇسى بەربات بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە ھەممە يېرىنى

ياربلاندۇرۇۋاپتۇ.

بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ ئاق باش دېڭىز بۈركۈتىنىڭ ئۆزىنى بىلمىگەنلىكىدىن كۆلۈپ كەتكەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. قاملاشمىغىنى، بىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىمىزدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆپلىگەن «ئاق باش دېڭىز بۈركۈت»لىرى بار. ئۇلار ھەمىشە بىر ئىشقا ئاسانلا نىيەت قىلىدۇ ــ يۇ، قىلىشقا مادارى يەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنى قاملاشتۇرۇپ دورىيالماي ئۆستىلىق قىلىمەن، دەپ چاندۇرۇپ قويىدۇ.

تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولغىنى شۇكى، مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن دەرھاللا باشقا ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ.





### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

خارۋاردتا ھەممىلا ئادەم ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان قۇدۇقنى ئىزدەيدۇ، ھەممىلا يەرگە قاتراپ قۇدۇق قازمايدۇ.

بىز باشقىلارنىڭ «ئۇنى قىل، بۇنى قىل» دەپ يول كۆرسەتكىنىگە قاراپ، قابىلىيىتىمىزنى نامايان قىلىدىغان ياكى ئىشلىرىمىزنى كېڭەيتىدىغان پۇرسەت كەپتۇ، دەپ قارىساق بولمايدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە، باشقىلارنىڭ بىزنى تېيىز قۇدۇق قېزىشقا سۆرىگىنى بولۇشى مۇمكىن.

بۈگۈن بۇنى، ئەتە ئۇنى قىلىدىغانلارنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا بىرەرمۇ قۇدۇقىدىن سۇ چىقمايدۇ، بۇ پۈتۈنلەي ھاياتنى ئىسراپ قىلغانلىقتۇر. شۇڭا، بىزمۇ خارۋاردنىڭ سەرخىللىرىغا ئوخشاش ماۋۇ قائىدىنى بىلىشىمىز كېرەك: كۈچ ــ قۇۋۋىتىمىز چەكلىك، ۋاقتىمىزمۇ چەكلىك، شۇڭا ياش چېغىمىزدا قىزىقىش ــ ئارزۇلىرىمىز بىلەن قابىلىيىتىمىزنى توغرا مۆلچەرلەپ، پۈتۈن نىيىتىمىز بىلەن بېرىلىپ بەرداشلىق بەرسەكلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز.

«ئۆي ــ پىكىرنى بىر ئىشقا مەركەزلەشتۈرۈش» ـــــ

خارۋاردتىكى بىر خىل روھ. بۇ روھنى يېتىلدۈرسەك ئارزۇيىمىزغا يېتىش يولىدا توسالغۇسىز ئالغا باسالايمىز، ھۇرۇنلۇق قىلمايمىز. چۈنكى ئۇ بوشاشمايدىغان، رازىمەنلىك بىلەن ئىزدىنىدىغان روھتۇر.

ياش بولغانلىقىمىز ئۈچۈن غەيرەت ـ شىجائەتلىك، ئۆزىمىزنى كونترول قىلالايدىغان بولۇشىمىز كېرەك. بىز ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىغا قاراپ باقايلى، ئۇلار كىچىكىدىنلا ۋۇجۇدىدا چىدامچانلىق، سالماقلىق يېتىلدۈرگەن. شۇنداق بولغاندا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئارتۇقچە ئىشلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ قالمايدىغان، ئىزنىقتۇرۇشىدىن ساقلانغان، نام ـ مەنپەئەت ياكى ھوقۇق ـ مەرتىۋىنى دەپ يېرىم يولدا ئۆزگىرەپ كەتمەيمىز. بۇنداق ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئادەمنى قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقىرالايدىغان شەرت ـ ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ئېھتىمال، بىر ئادەمنىڭ ئۆز قابىلىيىتىنى ئېنىق بىلىشى تەس ئەمەس. ئەمما، يۆنىلىشىنى توغرا تاللىشى، ئېزىقتۇرۇشلارغا بەرداشلىق بېرەلىشى ئوڭاي ئەمەس. گەرچە بەزىلەر ئېقىمنىڭ زەربىسىگە ھەقىقەتەن بەرداشلىق بېرەلىسىمۇ، ئەمما مەن ھازىرقى رېئال تۇرمۇشىمىزدا، مەلۇم مودا ياكى ئېقىمنى قوغلىشىدىغان، خەققە ئەگىشىپ جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇچراتتىم. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پىسخىكىسى تېخى تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەچكە، ئاسانلا مۇشۇنداق سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزىدۇ.

بىردەملىك بىخەستىلىك قابىلىيىتىمىز ۋە قىزىقىشىمىزنى، باھا بېرىدىغان ئىقتىدارىمىزنى نابۇت قىلىۋېتىشى مۇمكىن، ھەتتا ئىلگىرى تۆلىگەن بىرمۇنچە بەدەللىرىمىزدىن ۋاز كەچتۈرۈۋېتىشى، ئاسان ـ ئۇدۇل يولنى تاللايدىغان قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئاخىرىدا ئېرىشكىنىمىز بىردەمچىلىك خۇشاللىق، ۋاھالەنكى، ھەقىقىي يوقاتقىنىمىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان پۇرسەتتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى**

بىر كۆلچەكتە لىق سۇ بار. قولىڭىزدا سىغىمى بەش لىتىر ۋە ئالتە لىتىرلىق ئىككى چۆگۈن بار. قانداق قىلغاندا ئىككى چۆگۈندىن پايدىلىنىپ ئۈچ لىتىر سۇ ئالغىلى بولىدۇ؟

**◉ جاۋاب**

چوڭ چۆگۈنگە لىق سۇ ئېلىپ كىچىك چۆگۈنگە قۇيىمىز، شۇنداق قىلساق چوڭ چۆگۈندە بىر لىتىر سۇ قالىدۇ. كىچىك چۆگۈندىكى سۇنى تۆكۈۋېتىپ چوڭ چۆگۈندىكى بىر لىتىر سۇنى كىچىك چۆگۈنگە قۇيىمىز؛ چوڭ چۆگۈنگە لىق سۇ ئېلىپ كىچىك چۆگۈننى توشقۇزىمىز. بۇ چاغدا چوڭ چۆگۈن ئىچىدە ئىككى لىتىر سۇ قالىدۇ؛ كىچىك چۆگۈندىكى سۇنى تۆكۈۋېتىپ، چوڭ چۆگۈندىكى سۇنى كىچىك چۆگۈنگە قۇيىمىز؛ چوڭ چۆگۈنگە يەنە لىق سۇ ئېلىپ يەنە كىچىك چۆگۈنگە لىقلايمىز. بۇ چاغدا چوڭ چۆگۈندە ئۈچ لىتىر سۇ قالىدۇ.

# نىشانى ئېنىقسىز ئادەم كومپاسسىز كېمىدۇر

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:***
**مۇۋەپپەقىيەت قىممىتى بار نىشاندا ئۇزۇكسىز نامايان بولىدۇ. بىر يۈنىلىشنى بويلاپ ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئاداققىچە ئىشلىگەندە، مۇۋەپپەقىيەت كەينى - كەينىدىن بارلىققا كېلىدۇ.**

خارۋارد دۇنيا بويىچە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئىنتىلىدىغان مەرىپەت ماكانى. بۇ يەردە ئوقۇيالايدىغان ئادەم ساناقلىق. ئەمما ھەممە ئىش مۇتلەق ئەمەس. خارۋاردتىمۇ ئېنىق نىشانى يوق بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھايات يولى ئەگرى - توقاي بولىدۇ.

مەن تۇرمۇشى ۋە دۇنيادىن نارازى بولۇپ ۋايسايدىغان كىشىلەرنى كۆپ ئۇچراتتىم، بۇلارنىڭ ئوندىن توققۇزى مەلۇم نىشانغا قاراپ تىرىشمىغانلار. ئۇلارنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە ئاغرىنىپ يۇرۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار كۈنبويى بىكار لاغايلاپ يۈرىدۇ، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى، نېمىگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

خارۋاردنىڭ پىسخولوگىيە فاكۇلتېتىدا ھەممەيلەن ئاڭلىغان مۇنداق بىر ھېكايە بار:

ھەممە ئىشقا چات كېرىۋالىدىغان جۇدكىنىس ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىكەن. بىرسى بىر پارچە تاختاينى دەرەخكە مىخلاپ تەكچە ياسىماقچى بوپتۇ. جۇدكىنىس بېرىپ ياردەملەشمەكچى بوپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا «ئاۋۋال تاختاينىڭ ئۇچىنى ھەرىدەۋېتىپ ئاندىن مىخلا» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇدكىنىس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەممىلا يەرگە قاتراپ ھەرە ئىزدەپتۇ ۋە بىردەملا ھەرىدەپ بىقىپ يالتىيىپتۇ. ھەرە گال بولۇپ، بىلىمىسە بولمايدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە چېپىپ يۈرۈپ ئېكەك ئىزدەپتۇ، ئارقىدىن يەنە ئەپلەشمەپتۇ، ئېكەككە ساپ بېكىتمىسە بولمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چاتقاللار ئارىسىدىن ساپ ئىزدەپتۇ. شۇغىنىسى ياغاچنى كېسىشكە پالتا بولمىسا بولمايدىكەن، پالتىنى بىلىمىسە تېخىمۇ بولمايدىكەن، پالتىنى بىلەش ئۈچۈن بىلەينى مۇقىم بېكىتمىسە بولمايدىكەن، ھالبۇكى، بىلەينى مۇقىملاشتۇرۇپ بېكىتمىدىغانغا ياغاچ شال بولمىسا بولمايدىكەن، شال تەييارلاشقا ياغاچچىنىڭ ئۆزۈن ئورۇندۇقى بولمىسا بولمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن جۇدكىنىس بەزى سايمانلارنى تاپقىلى كېتىپتۇ. شۇ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمەپتۇ.

جۇدكىنىس نېمىلا ئىش قىلسا يېرىم يولدا تاشلاپ قويىدىكەن. ئىلگىرى تامىقىنىمۇ ئۇنتىغان ھالدا فىرانسۇز تىلىنى ئۆگىنىپتۇ. كېيىن ئۇ فىرانسۇز تىلىنى ياخشى ئىگىلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قەدىمكى فىرانسۇز تىلىنى بىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىپتۇ. ھالبۇكى، قەدىمكى فىرانسۇز تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن لاتىن تىلىنى تولۇق بىلمىسە بولمايدىكەن. نەتىجىدە ھەممىسىنى بىراقلا تاشلىۋېتىپتۇ.

جۇدكىنىس ھاياتىدا ھېچقانداق ئۇنۋانغا ئېرىشىپ باقماپتۇ، ئۇ ئالغان تەربىيەنىڭ بىرىمۇ كارغا كەلمەيدىكەن. ئەمما، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا ئازراق پۇل قالدۇرۇپ قويغانىكەن. شۇڭا ئۇ يۈز مىڭ دوللار چىقىرىپ بىر كۆمۈر گازى زاۋۇتى قۇرۇپتۇ. ئەمما، ئۇ كۆمۈر گازى ئىشلەشكە كېرەكلىك كۆمۈرنىڭ ناھايىتى قىممەتلىكىنى، پايدا ئالماقنىڭ تەسلىكىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زاۋۇتنى توقسان مىڭ دوللارغا سېتىۋېتىپ، كۆمۈر كان ئېچىپتۇ. شۇغىنىسى بۇ قېتىم يەنە تەلىيى كەلمەپتۇ، ئارقىدىنلا ئۇ يەنە كۆمۈر كان ئۈسكۈنىلىرىنى ياسايدىغان كەسىپكە تۇتۇش

قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ كەسپىي «مۇز تېپىلىغۇچى» غا ئايلىنىپ، ئالاقىدار ھەر خىل سانائەت تارماقلىرى ئارىسىدا «تېپىلىپ يۈرۈپتۇ.» ھالبۇكى، ھەر قېتىم زىيان تارتىپتۇ.

جۇدكىنىس نەچچە قېتىم مۇھەببەتلىشىپ بىرەر قېتىممۇ باشقا چىقىرالماپتۇ. ئۇ بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە كۆڭلىنى ئىزھار قىپتۇ. قىزغا لايىق كېلىش ئۈچۈن روھىي پەزىلىتىنى مۇكەممەللەشتۈرمەكچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر يەكشەنبىلىك مەكتەپكە بېرىپ بىر يېرىم ئاي دەرس ئاڭلاپتۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئەمدى توي تەلىپى قويسام بولىدۇ، دېگەن ئويغا كەپتۇ. ئەپسۇس، بۇ چاغدا قىز ئاللىقاچان باشقىلارنىڭ كېلىنى بولۇپ بولغانىكەن.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەنە بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەمما قىزنىڭ ئۆيگە بارغان چاغدا، ئويلىمىغان يەردىن قىزنىڭ ئىككىنچى سىڭلىسىغا كۆيۈپ قاپتۇ. ئۇزۇنغا قالمايلا ئۇ ھېلىقى قىزنىڭ ئەڭ كىچىك سىڭلىسىغا شەيدا بولۇپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىر ھەممىدىن قۇرۇق قاپتۇ.

بۇ ھېكايىنى خارۋاردنىڭ پىسخولوگىيە پىروفېسسورى ئوقۇغۇچىلارغا ئېيتىپ بەرگەن. پىروفېسسورنىڭ قارىشىچە، ئېنىق نىشان بولماسلىق سەۋەبىدىن ئادەم ھەممە ياققا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ كۆلپەتلىك قىسمەتلەرگە دۇچار بولىدىكەن. بىزمۇ ئۆز - ئۆزىمىزدىن «بەزىدە مەنمۇ جۇدكىنىسقا ئوخشامدىمەن؟» دەپ سوراپ باقايلى.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

نىشانى ئېنىقسىز ئادەم كومپاسسىز كېمىدۇر. بۇ كېمە بىپايان دېڭىزدا دولقۇن قاياققا كۆتۈرۈلسا، شۇ ياققا نىشانسىز كېتىۋېرىدۇ. شۇڭا نىشان ئىنتايىن مۇھىم.

نىشانىمىزنىڭ ئېنىق، ئىرادىمىزنىڭ چىڭ بولغىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن

كۆچلۈك بۇرچ تۇيغۇسى ۋە قايناق ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، نىشانىمىزغا يېتىشكە توسالغۇ بولۇۋاتقان ھەر قانداق پۇتلىكاشاڭلار يول بېرىدۇ. بۇ بىر ئوقۇتقۇچۇمنىڭ «نىشان ئېنىق بولسىلا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەڭ ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ» دەپ ئېيتقىنىغا ئوخشاش گەپ.

خارۋاردنىڭ بىر پىروفېسسورى قول سائەت تېئورىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ تېئورىيىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ساڭا بىر سائەت بەرسە ھازىرقى ۋاقىتنى ئېنىق بىلەلەيسەن؛ بىراق، كۆرسەتكەن ۋاقتى ئوخشىمايدىغان ئىككى سائەت بەرسە، سەن قايسىسىنىڭ توغرا ۋاقىت ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيسەن. شۇنىڭ بىلەن سائەتنىڭ ۋاقتى ھېسابلىشىغا بولغان ئىشەنچەڭ يوقىلىدۇ».

سائەت تېئورىيىسى بىزگە، نىشان چوقۇم ئېنىق، شۇنداقلا بىردىنبىر بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. نىشان كۆپىيىپ كەتسە بېشىڭىز قېيىپ، توغرا تەدبىر بەلگىلىيەلمەيسىز. شۇڭا، ياشلار-ئۆسمۈرلەر چوقۇم ئۆزىگە ئېنىق نىشان بېكىتىشى، تۆگمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالىدىغان ئىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

قاراپ باقايلى، كەسپىي نىشانىڭىز ئېنىقمىكىن:

1. ئىشخانىغا يېڭى كومپيۇتېر سەپلەندى. سىز:

A. ئۇنى ئىمكان بار ئىشلەتمەيسىز.

B. ئىشلىتىشنى خالايسىز.

C. باشقىلاردىن ئىشلىتىشنى ئۆگىنىسىز.

2. بىر كىيىم-كېچەك دۇكىنىغا كىردىڭىز. بۇ يەردە باھا يېزىلمىغان نەچچە قۇرلا كىيىم بار. بۇ چاغدا سىز:

A. ئۆرۈلۈپلا چىقىپ كېتىسىز.

B. چاندۇرماستىن ئۆزىڭىزگە ماس كەلگۈدەك كىيىم بار -

يوقلۇقىنى سورايسىز.

C. چاندۇرماسلىق ئۇچۇن، تېزلىق كېيىملەرنى بىرەر قۇر كۆرۈپ چىقىپ كېتىسىز.

3. جەمئىيەتتە بىر خىل كىيىم پاسونى مودا بولدى. سىز:

A. يېڭىسى ياراشمايدىغاندەك بىلىنىپ، كونىسىنى كېيىۋېرىسىز.

B. دەرھال بىرنى سېتىۋالىسىز.

C. بىر مەزگىل كۆزىتىپ، خىزمەتداشلىرىڭىز ئالغان بولسا سىزمۇ ئالىسىز.

4. شىركەتتە ئۆتكۈزۈلگەن تانسا كېچىلىكىدە، باشقىلار سىز بىلمەيدىغان تانسىنى ئويىنىسا، سىز:

A. ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئۆگەنگەچ ئوينايسىز.

B. باشقىلارنىڭ ئويىنىشىغا قاراپ، سىز ئويناليالايدىغان مۇزىكا چىققۇچە ساقلايسىز.

C. دوستىڭىزنى چاقىرىپ، خۇپىيانە ئۆگىنىسىز.

5. بىر قېتىم ئانچە چۈشەنمەيدىغان مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتىڭىز. سىز:

A. نۇرغۇن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىسىز.

B. باشقىلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋالىسىز.

C. يىغىندىن كېيىن چۈشەنمىگەن يەرلىرىڭىزنى تەكشۈرۈپ كۆرىسىز.

6. قىلىۋاتقان خىزمىتىڭىزدىكى مەلۇم بىر مەسىلىنى مەلۇم بىر فورمۇلا بىلەن تەكرار 20 قېتىم ھېسابلاشقا توغرا كەلسە، شۇنداقلا ئىشلىتىشكە بولىدىغان بىر ھېسابلىغۇچ بولسا، ئەمما سىز بۇ ھېسابلىغۇچنى زادىلا ئىشلىتىپ باقمىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا:

A. بىرەرسىدىن سوراپ ياكى ھېسابلىغۇچنىڭ قوللانمىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ ھېسابلىغۇچتا ھېسابلايسىز.

B. كۆپرەك ۋاقىت كەتسىمۇ قولدا ھېسابلايسىز.

C. باشقىلارنى تەكلىپ قىلىپ ھېسابلىغۇچتا ھېساپلاتقۇزىسىز.

### ◉ نومۇر قويۇش ئۇسۇلى

1 ـ 3 سوئالغىچە A غا 0 نومۇر، B غا 10 نومۇر، C غا 5 نومۇر بېرىلىدۇ. 4 ـ 6 سوئالغىچەA غا 10 نومۇر، B غا 0 نومۇر، C غا 5 نومۇر بېرىلىدۇ.

### ◉ ئانالىز

جەمئىي نومۇر 20 دىن تۆۋەن بولسا، كەسپىتىكى تەرەققىيات نىشانىڭىز نائېنىق بولىدۇ. بىر تەرەپتىن ئۆزىڭىزدىن بەك زور ئۈمىد كۈتىدىكەنسىز، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى شەيئىلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى خالىمايدىكەنسىز.

جەمئىي نومۇر 21 ـ 40 قىچە بولسا: كەسپىتىكى نىشانىڭىزغا يېتىشتە سەل ئېھتىياتچان ئىكەنسىز. گەرچە ئاخىرىدا مەسىلىنى ھەل قىلالىسىڭىزمۇ، بۇنىڭغا بىر مەزگىل كېتىدىكەن.

جەمئىي نومۇر 41 ـ 60 قىچە بولسا: كەسپىتىكى ئىستىقبالىڭىزغا بولغان تەلپۈنىشىڭىز ۋە ئىشەنچىڭىز تولۇپ تاشقان ئىكەن، ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن پائال ئىزدىنىدىكەنسىز.

# ئەمەلىيەتچانلىق بىرىنچى، قورىقىز يېتىدىغان ئىشنى قىلىڭ

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:***
**ھەممىمىزنىڭ بۇرچىمىز، خاراكتېرىمىز ۋە ياشاش ئۇسۇلىمىز بار. ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ گۈللىرىنى ئېچىلدۇرىمىز، بۇرچىمىزنى ئورۇنلايمىز. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا گۈزەل، ئىناق ـ ئىتتىپاق تۈسكە كىرىدۇ.**

نۆرغۇن يىل ئىلگىرى مەكتەپتىن جەمئىيەتكە قەدەم قويىدۇم. ھېلىمۇ ئېسىمدە، شۇ چاغدا ھەر قېتىم ئۆيگە تېلېفون قىلغاندا دادام مېنى «جەمئىيەت ناھايىتى مۇرەككەپ، ئۆز كۈچۈڭگە تايىنىپ قىلالايدىغان ئىشىڭنى قىل، قورىقىڭ يەتمەيدىغان ئىشلارغا ئاۋارە بولما» دەپ ئاگاھلاندۇراتتى.

دادامنىڭ سۆزىنى ئېسىمدە مەھكەم تۇتتۇم. دەرۋەقە جەمئىيەتتە تۈرلۈك ئېزىقتۇرۇشلار راستتىنلا كۆپ ئىكەن، بەرداشلىق بېرەلمىگەندە ناھايىتى ئاسانلا «تەگسىز ھاڭ» غا دومىلايدىكەنمىز.

خارۋاردتىكى بىر پىروفېسسور مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى:

نيۇيوركتىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپ نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئىئانە توپلىغاندىن كېيىن، بىر دراما رېپېتىتسىيە قىلماقچى بوپتۇ. ئامتى ئوڭدىن كەلگەن كاترىن ئىسىملىك بىر كىچىك دوست درامىنىڭ باش رولچىلىقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاللىنىپتۇ. كاترىننىڭ ئاپىسى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ نەچچە ھەپتە سەھنە سۆزى ئوقۇپتۇ. كاترىننىڭ ئۆيدىكى ئىپادىسى ناھايىتى جانلىق بولسىمۇ، ئەمما سەھنىگە چىققان ھامان كالۋالىشىپ قالىدىكەن. ئوقۇتقۇچى ئامالسىز ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ئادەمنى ئالماشتۇرۇپتۇ. مۇئەللىم ئۇنىڭغا، بۇ دىرامىغا چۈشەندۈرگۈچىدىن بىرى قوشۇلغانلىقىنى، كاترىننىڭ شۇ رولغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. گەرچە مۇئەللىم بۇلارنى ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىملىق قىلىپ دېگەن بولسىمۇ، كاترىننىڭ گۆدەك قەلبى ئازار يەپتۇ. بولۇپمۇ ئۆزى چىقماقچى بولغان رولغا باشقىلارنىڭ چىققانلىقىنى ئويلىسا تېخىمۇ ئازابلىنىپ كېتىدىكەن.

ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن كاترىن بۇ كۆڭۈلسىز ئىشنى ئاپىسىغا ئېيتماپتۇ. بىراق، سەزگۈر ئاپىسىنىڭ كۆڭلى تۇيۇپتۇ. ئۇ قىزىنى سەھنە تېكىستىنى ئۆگىنىشكە زورلىماي، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ قورۇ ئىچىدە ئايلىنىپتۇ.

شۇ چاغدىكى باھار مەنزىرىسى ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، قورۇدىكى ئازغان پىلەكلىرى باراقسان ئۆسكەنىكەن. كاترىن ئاپىسىنىڭ ماماكاپنى يۇلۇۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

«بۇگۈندىن باشلاپ بىزنىڭ بۇ يەردە ئازغاندىن باشقا ئوت ـ چۆپنىڭ ئۆسۈشىگە يول قويمايمەن» دەپتۇ ئاپىسى.

«بىراق، مەن ماماكاپىقا ھەممىدىن ئامراق تۇرسام» دەپتۇ كاترىن جىددىيلىشىپ: «ماماكاپتا ماماكاپنىڭ گۈزەللىكى بار ـ دە!»

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاپىسىنىڭ كاترىنغا بەكلا زوقى كەپتۇ.

«شۇنداق، ھەر بىر گۈلنىڭ باشقا گۈلگە ئوخشىمايدىغان گۈزەللىكى بولىدۇ، شۇنداققۇ؟» دەپتۇ ئاپىسىمۇ قوشۇلۇپ.

كاترىن بېشىنى لىڭشىتىپ ئاپىسىنى قايىل قىلالىغىنىدىن خۇشال بوپتۇ. ئاپىسى يەنە ئۇنىڭغا:

«ئەمەلىيەتتە، بىز ئىنسانلارمۇ ئوخشاش، ھەممە ئادەمنىڭ خانىش بولالىشى ناتايىن، ئەمما ھەر بىر ئادەم ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشى كېرەك» دەپتۇ.

ئاپىسىنىڭ بۇ گېپى ھېلىقى كۆڭۈلسىزلىكنى كاترىنىنىڭ يادىغا سالپتۇ. ئۇ يىغلاۋېتىپ ئاپىسىغا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

«بىراق، بالام» دەپتۇ ئاپىسى: «سەن مۇنەۋۋەر چۈشەندۈرگۈچى بولالايسەن، بۇنىڭ نەرى يامان»، ئاپىسى شۇنداق دېگەچ كاترىنىنىڭ ھېكايىنى ناھايىتى جانلىق ئوقۇيدىغانلىقىنى ماختاپ كېتىپتۇ «ئەمەلىيەتتە، چۈشەندۈرگۈچىنىڭ رولىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىدى.»

بىزمۇ رەڭگا رەڭ گۈللەرگە ئوخشاش. ئوخشىمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئوخشىمايدىغان بۇرچى، خاراكتېرى ۋە ياشاش ئۇسۇلى بولىدۇ، ھەممىنى بىر خىل بولۇشقا زورلىساق بولمايدۇ، ھەممىسى قۇربى يەتكەن دائىرىدە ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىسىلا بولىدۇ.

## ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

مېنىڭچە، ئادەمدە بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەردە ئارزۇ بولۇشى كېرەك. ئارزۇ سىزنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرىدۇ، سىزگە كۈچ ـ قۇدرەت بېغىشلاپ، ئالغا بېسىشقا يېتەكلەيدۇ، ئاددىيلىقتىن قۇتقۇزىدۇ، تۇرمۇش لەززىتىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئارزۇ توغرىسىدا بىزنى ئەسكەرتىپ : «ئارزۇ ئەمەلىيەتچىل بولۇشى كېرەك» دەيدۇ. ئۇنداقتا، ئارزۇ بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىرتەرەپ قىلىش كېرەك؟ جاۋاب شۇكى، ئالدى بىلەن ئارزۇ رېئاللىق ئاساسىدا بولۇشى كېرەك، شۇنداقلا دائىم شېرىن خىيالغا چىلىنىپ يۈرۈشكە بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىلدا ئارمان، ئاياغ ئاستىدا يول بار بولغاچقىلا، ھاياتلىق شۇنچە گۈزەل. بىزگە نىسبەتەن ئارزۇ-ئارمانلار ناھايىتى شېرىن. ئەمما، شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەككى، شېرىن ئارزۇ كەچلىك مۇراسىمدىكى نەپىس كېيىمگە ئوخشايدۇ، ئۇنى كېيىسىڭىز تولىمۇ يارىشىدۇ. ھالبۇكى، بىز ئەتىدىن كەچكىچە مۇراسىم كىيىمى كىيىپ يۈرەلمەيمىز-دە.

ئارزۇنى رېئاللىقتا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كاللىمىزنى سەگەك تۇتمىساق بولمايدۇ. غايە يىراقتا، بىز ئۇنىڭغا ئەمەلىيەتكە تايىنىپ ئاستا - ئاستا يېتىپ بارىمىز.

خارۋاردنىڭ پىروفېسسورى : «غايىنىڭ قەسرى رېئاللىقنىڭ ئۇل تېشىدىن بىر باسقۇچ، بىر باسقۇچتىن قۇرۇپ چىقىلىدۇ. ئەمەلىيەتكە سادىق بولۇپ، رېئاللىقتا يۈزلىنەلىگەن ئادەملا رېئاللىقتىن ھالقىيالايدۇ» دەيدۇ.

مەن نۇرغۇن كىشىنىڭ مەخسۇس مەنىسىز ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى بايقىدىم. چۈنكى ئەمەلىي ئىش قىلىش ئەھمىيەتسىز ئىشلارنى قىلىشتىن تەس. ھالبۇكى، بۇنداق ئىشلارنىڭ ھاياتقا نىسبەتەن قىلچە ئەھمىيىتى يوق.

رېئال تۇرمۇشتا، بىز غايە بىلەن بولۇپ كېتىپ، رېئاللىقنى نەزەردىن ساقىت قىلساق ياكى خىيالىي نەرسىلەرگە بېرىلىپ كېتىپ، يېنىمىزدىكى شەيئىلەرنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ. ئۇنداقتا، قانداق قىلىپ ئەمەلىيەتچان بولىمىز؟

1. ئەڭ ئەمەلىي ئېھتىياجدىن باشلاش كېرەك. نۇرغۇن ۋاقىتتا مىڭ نىجاتكارمۇ كۆز ئالدىمىزدىكى بىر پارچە بولكىغا يەتمەيدۇ.

2. ئوخشىمايدىغان ئوبيېكتقا قاراپ ئەمەلىيەتچان بولۇش كېرەك. مايمۇنغا نىسبەتەن ھەر قانچە كۆپ ئالتۇننىڭمۇ قۇرۇپ قاق بولغان ياۋا مېۋىچىلىك جەلپ قىلىش كۈچى بولمايدۇ.

3. ئەمەلىيەتچانلىقنى ھەرىكەتتە كۆرسىتىش كېرەك.

ھەرىكەت قىلمىغاندا ھەرقانچە شېرىن ئارزۇمۇ كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. بەزى كىشىلەر ھەمىشە پايدا ـ زىياننىڭلا كويىدا يۈرۈيدۇ، ئارىسالدى بولۇپ ھەرىكەت قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەرقانچە ئۇزۇن يولنى بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ماڭغاندا مەنزىلگە يەتكىلى بولىدۇ. ھەرقانچە قىسقا يولنىمۇ ماڭمىسىڭىز يېسىپ بولالمايسىز.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

قاراپ باقايلى، سىز ئەمەلىيەتچانمۇ ياكى غايىپەرەسمۇ؟

1. كۆپچىلىكنى تەشكىللەشنى ياخشى كۆرەمسىز؟

A. ھەئە B. ياق

2. پىلاننى ھەرىكەت ئارقىلىق ئورۇنلامسىز؟

A. ھەئە B. ياق

3. نۇرغۇن ۋاقتىڭىزنى ئاجرىتىپ قاتتىق ئويلىنامسىز؟

A. ھەئە B. ياق

4. ئىلگىرى «ئادەم زادى نەدىن كەلگەن»، «نېمە ئۈچۈن» دېگەندەك سوئاللارنى ئويلاپ باققانمۇ؟

A. ھەئە B. ياق

5. خەت تولدۇرۇش ئوينى ئويناشنى ياخشى كۆرەمسىز؟

A. ھەئە B. ياق

6. مۇزېيخانا ياكى رەسىم سالونىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئامراقمۇ؟

A. ھەئە B. ياق

7.ئاساسىي بار گەپ قىلىشقا ئامراقمۇ؟

A. ھەئە B. ياق

8. بىر قېتىمدا ئىككى پەلەمپەي ئاتلاپ ماڭامسىز؟

A. ھەئە B. ياق

9. ئوخشاش ۋاقىتتا باشقىلاردىن كۆپرەك ئىش قىلامسىز؟

A. ھەئە B. ياق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

10. دەم ئېلىشتا قاينام ـ تاشقىنلىق جىمجىتلىقتىن ياخشى دەپ قارامسىز؟

A. ھەئە B. ياق

11. ئىشىڭىز بولمىسا ئىچىڭىز پۇشامدۇ؟

A. ھەئە B. ياق

12. نېمىلا ئىش بولسا بىر چەتتە قاراپ تۇرۇشتىن قاتنىشىشنى ئەۋزەل بىلەمسىز؟

A. ھەئە B. ياق

13. ناۋادا لىفتتا ئادەم كۆپ بولسا، پەلەمپەيدىن مېڭىشنى خالامسىز؟

A. ھەئە B. ياق

14. ئىلگىرى باشقىلار سىزنى ئەزمىلىك قىلىدىك دەپ ئاغرىنىپ باققانمۇ؟

A. ھەئە B. ياق

15. ئىشىڭىز يوق بىكار ۋاقتىڭىزمۇ بولغانمۇ؟

A. ھەئە B. ياق

### ◉ ئانالىز

A نى تاللىسىڭىز بىر نومۇرغا، B نى تاللىسىڭىز نۆل نومۇرغا ئېرىشىسىز.

0 ـ 4 نومۇر: سىز تىپىك خىيالپەرەس ئىكەنسىز. سىز بىر كىتابنى كۆرىدىكەنسىز ياكى قالايمىقان خىياللار ئىچىدە بىمالال يۈرۈيدىكەنسىز. گەرچە سىزنىڭ ھەمراھىڭىز، مۇڭدىشىدىغان ئادىمىڭىز بولسىمۇ، ئۆزىڭىزنى خۇش قىلىشنى، خۇشاللىقتىن يالغۇز بەھرىمەن بولۇشنى ئوبدان بىلىدىكەنسىز.

5 ـ 10 نومۇر: ئەمەلىيەتچى بىلەن خىيالپەرەس ئارىلىقىدا ئىكەنسىز. ئالدىراش ئۆتۈشكە ئامراقكەنسىز، ئەمما جىم ئولتۇرۇپ بىر پەس ئويلىنىشنىمۇ ياقتۇرىدىكەنسىز. شۇڭا، سىزگە ئوخشاش ئادەم تۇرلۇك مۇھىتلارغا تېخىمۇ ئاسان

ماسلىشالايدۇ.

11 ـ 15 نومۇر: لاياقەتلىك ئەمەلىيەتچى ئىكەنسىز. ھەممە ئىشتا گەپتىن ئەمەلىيەتكە ئېتىبار بېرىدىكەنسىز. بولۇپمۇ ئالدىراش يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز. تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىششنى، كۆپ پىلان تۈزۈۋېلىشنى، ئالدىراش بولغانسېرى جاسارىتىڭىزنى ئۇرغۇتۇشنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۆزىڭىزگە نېمە لازىملىقىنى ئېنىق بىلىپ، ئاندىن تىرىشىپ ئىزدىنىڭ

*خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلوامىبەخش ھېكمىتى:*
**سائەتنىڭ ئويمۇئوخشاش ماڭىدىغىنى بولمايدۇ. ھەر كىم ئۆزىنىڭكىگە ئىشىنىدۇ. بىزنىڭ ھۆكۈمىمىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.**



كىشىلەرنىڭ بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماسلىقى ياكى ئۆزىنى تۆۋەن چاغلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب — ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئېنىق تونۇمىغانلىقىدا، ئۆزىگە نېمە كېرەكلىكىنى بىلمىگەنلىكىدە. شۇڭا قالتىس نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنى سەگەكلىك بىلەن تونۇڭ.

نېمىلا ئىش قىلماڭ، ئۆزىڭىزنى ئېنىق بىلىشىڭىز، مۇستەقىل پىكىرلىك بولۇشىڭىز، باشقىلارنىڭ تەنقىد ۋە سۆز ــ چۆچەكلىرى ئارىسىدا ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماسلىقىڭىز كېرەك.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخولوگىيە پىروفېسسورى ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن:

باغچىدا ئالما، چىنار، دۇب، ئەتىرگۇل، كۈركۈم ۋە گاردېنىيە قاتارلىق ھەر خىل دەل ــ دەرەخ ۋە گۈل ــ گىياھلار بار ئىكەن. ھەر بىر تۈپ دەرەخ بوي تارتىپ ئۆسكەن، گۈللەر بەسلىشىپ چىرايلىق ئېچىلغانىكەن. ئۇلار بۇ باغچىنى چىرايلىق بېزەپتۇ، باغچىغا ئېيتقۇسىز ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپتۇ.

ھالبۇكى، ئۇزاققا بارمايلا باغچە خارابلىشىشقا باشلاپتۇ. بۇ يەردىكى بىر دۇب كۆچىتى ھەر دائىم مەيۇس كۆرۈنىدىكەن. ئەسلىدە بىر مەسىلە ئۇنى ئازابلىغانىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، نېمىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلمەكچىكەن. ئەپقاچتى گەپ ـ سۆزلەر بۇ دۇب دەرىخىنى تېخىمۇ گاڭگىرىتىپ قويۇپتۇ.

«ناۋادا ئۇبدان ئۆسسەڭ سەندە چوقۇم ئالما بولىدۇ. ماڭا قارا، نېمىدېگەن ئاسان، قارىغاندا تېخىمۇ تىرىشمىساڭ بولمىغۇدەك» دەپتۇ ئالما دەرىخى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ دۇب دەرىخى تېخىمۇ پەرىشان بوپتۇ. ئۇ ئىچىدە، ھېلىمۇ يېتەرلىك تىرىشتىم، شۇنداقتىمۇ نېمىشقا ئالما بولمايدىغاندۇ، دەپ ئويلاپتۇ. «ئالمىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالما، ئەتىرگۈل ئېچىلدۇرۇش تېخىمۇ ئاسان. قارا، مەن نېمىدېگەن چىرايلىق!» دەپتۇ ئەتىرگۈل.

دۇب دەرىخى قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپتۇ. ئۆزىنىڭمۇ ئەتىرگۈلگە ئوخشاش بولۇشىنى ئارزۇلاپتۇ. بىراق، ئۇ شۇنداق ئويلىغانسېرى مەغلۇپ بولۇۋاتقاندەك ھېس قىپتۇ. بىر كۈنى باغچىغا بىر قۇش كەپتۇ. ئۇ دۇب دەرىخىنىڭ مەيۇس روھىي ھالىتىنى كۆرۈپ سەۋەبىنى سوراپتۇ ۋە دۇب دەرىخىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاسان. ئالىي دەرىجىلىك ھايۋان ئىنسانلارمۇ مۇشۇنداق ئويلايدۇ. ھاياتىڭنى باشقىلارنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن نابۇت قىلىشىڭنىڭ ئورنى يوق. سەن ئۆزۈڭگە زادى نېمە كېرەكلىكىنى ئېنىق بىل، باشقىلارنى دوراشنىڭ نېمە ھاجىتى، باشقىلارنى ئۆزگەرتىمەن دېيىشمۇ ئۈچىغا چىققان ئەخمەقلىق» دەپتۇ.

قۇشقاچنىڭ گېپى دۇب دەرىخىنىڭ كۆڭلىنى پاللىدە يورۇتۇۋېتىپتۇ. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ، قەلب دەرۋازىسىنى ئۇلۇغ ئېچىپتۇ. جىسمىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بىر ئاۋاز «سەندە ئالما بولمايدۇ، چۈنكى سەن ئالما دەرىخى ئەمەس، گۈلمۇ ئېچىلمايدۇ. چۈنكى سەن ئەتىرگۈل ئەمەس، سەن دۇب دەرىخى، ئۇلارنىڭ

uyghurkitap.com

هېچقايسىغا ئوخشىمايسەن. سەن ئېگىز، باراقسان ئۆسۈشىڭ كېرەك. قۇشلار كېلىپ ساڭا ماكانلىشىدۇ. ساياھەتچىلەر سايەڭدە ئولتۇرىدۇ. بۇلار سېنىڭ بۇرچۇڭ، پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن تىرىشقىن!» دەۋېتىپتۇ.

دۈب كۆچىتىنىڭ جىسمى بىردىنلا كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئىشەنچكە تولۇپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىپتۇ. نەتىجىدە ناھايىتى تېزلا بوي تارتىپ ئۆسكەن باراقسان دەرەخكە ئايلىنىپ، كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتى ۋە ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بوپتۇ.

خارۋاردنىڭ پسىخولوگىيە پروفېسسورى بۇ ھېكايە ئارقىلىق بىزگە، كۈرەش قىلىشتىن ئاۋۋال زادى نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئېنىق بىلىش كېرەكلىكىنى، شۇنداق قىلغاندا باشقىلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى ئارىسىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرى

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن بىر ئوقۇغۇچى مۇنداق ئېسىل بىر گەپنى قىلغان: «ناۋادا ماڭا نېمە كېرەكلىكىنى ئېنىق بىلمىسەم، نېمىگە ئېنتىلىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. نېمىگە ئېنتىلىدىغانلىقىمنى بىلمىسەم، كۈنلىرىمنى قارىغۇلارچە ساقلاش، كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزىمەن. ئاندىن تۇرمۇش ماڭا تاشلاپ بەرگەن ئاشقان ـ تاشقان تاماقنى تېرىۋالىمەن».

دېمىسىمۇ، قارىغۇلۇق ھاياتىمىزدىكى چوڭ پەرھىز. ھەرقانداق چاغدا بىزگە ئەڭ كېرەكلىك نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى ئېسىمىزدە ئېنىق تۇتۇشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ ئالغا بېسىشىمىز ئۈچۈن يولىنىش كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تۇرمۇشتا چوڭ قارارلارنى چىقىرىشتىن ئىلگىرى پىششىق ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. سىزگە زادى نېمە لازىملىقىنى بىلگەندىن كېيىن قىلچە ئىككىلەنمەي تىرىشىڭ. شۇنداق

قىلسىڭىز ئۆزىڭىزگە خاس تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيسىز.

ئارزۇ ـ ئۇمىدلەر شۇنچىكى شېرىن، ئۇنىڭغا تەلپۈنمەيدىغان ئادەم يوق. بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر يۈكسەك ئىرادىلىك، جۇشقۇن ھېسسىياتلىق كېلىدۇ، كەلگۈسى تۇرمۇشى ئارزۇ ـ ئىستەكلەر بىلەن تويۇنغان. ئۇنداقتا، ئۇلار قانداق قىلغاندا ئاندىن ئۆزىنىڭ نىمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ؟

1. ئالدى بىلەن ئۆز ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ غايىسىنى بېكىتىشى، غايە بىلەن قىزىقىشىنىڭ تۇتاشقان نۇقتىسىنى تېپىپ، ئارتۇقچىلىقىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىلىكتىن ساقلانغان ئاساستا ھەرىكەتكە كېلىشى كېرەك.

2. غايە ئېنىق بولغاندىن كېيىن، يېتەرلىك ئىرادە ۋە جاسارەت بىلەن تىرىشىش، ئېلىشىش كېرەك. بولمىسا غايە خام خىيالغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

3. ئوڭۇشسىزلىقلارغا توغرا قاراش كېرەك. غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيادا بىراقلا ۋۇجۇتقا چىقىدىغان ئاسان ئىش يوق. ئەمما، شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، ئوڭۇشسىزلىقلار ئىرادىلىك ئەزىمەتكە نىسبەتەن پەقەت تەڭشىگۈچ، خالاس. ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ كۆپىيىشى ھەمىشە ئۇتۇق قازىنىشقا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق چاغدا ئوڭۇشسىزلىق تۈپەيلى غايىمىزدىن كەچمەسلىكىمىز كېرەك.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

شياۋمىڭ، شياۋجۈن، شياۋپېڭ ئۈچى بىللە تاپشۇرۇق ئىشلەۋېتىپ، سەل تەس بىر ماتېماتىكىلىق سوئالغا يولۇقتى. ئۇلار ئۆزلىرى ئويلىغان يېشىش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شياۋمىڭ «مەن خاتا ئىشلەپ قويدۇم» دېدى. شياۋجۈن «شياۋمىڭ توغرا ئىشلەپتۇ» دېدى. شياۋپېڭ «مەن خاتا ئىشلىدىم» دېدى.

بىر چەتتە قاراپ تۇرغان شياۋ يۇن ئۇلارنىڭ جاۋابىنى كۆرگەندىن كېيىن «ئاراڭلاردا بىرىڭلار توغرا ئىشلەپسىلەر، بىرىڭلار توغرا دەپسىلەر» دېدى. سىزنىڭچە ئۇچىدىن كىم توغرا ئىشلىدى؟

◉ **جاۋاب**

شياۋپېڭنى توغرا ئىشلىدى دەپ قىياس قىلساق، ئۇنداقتا شياۋمىڭ بىلەن شياۋجۇن خاتا ئىشلىگەن بولىدۇ. شۇنداق بولسا شياۋمىڭنىڭ دېگىنى توغرا، شياۋجۇن بىلەن شياۋپېڭنىڭ دېگىنى خاتا بولىدۇ، بۇ شەرتكە ئۇيغۇن. شۇڭا، شياۋپېڭ توغرا ئىشلىگەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئونىنچى باب

## پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش: ئەڭ ياخشى پۇرسەت پەقەت بىر قېتىملا كېلىدۇ

- ھەر قېتىملىق پۇرسەتنى قانداق چىڭ تۇتۇش كېرەك
- يىگىت، پۇرسەتنى تۇتۇشتا ماھىر بولۇڭ
- پۇرسەتكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېرىشىش
- پۇرسەت كەلدى، يەنە قاراپ تۇرامسىز
- نۇرغۇن پۇرسەت ئارىسالدى بولۇش جەريانىدا قولدىن كېتىدۇ
- ئەزمىلىك قىلىش سىزنى پۇرسەتتىن مەھرۇم قويىدۇ
- پۇرسەت سىز تىكلەپ تۇرغان نىشاندا
- پۇرسەتنى تۇتۇشتا تاللاشنى بىلىش لازىم

# هەر قېتىملىق پۇرسەتنى قانداق چىڭ تۇتۇش كېرەك

**خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھام بەخش ھېكمىتى:**
**بىر ئادەم نېمىلا قىلسۇن، مۇۋاپىق پۇرسەتتىن مەھرۇم قالسا ئەجرى يوققا چىقىدۇ.**

بىكۇن بىزگە «ئەقىللىق كىشىلەر ياراتقان پۇرسەت مەڭگۈ ئېرىشكىنىدىن كۆپ بولىدۇ» دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرغانىدى. بۇ ھېكمەت كىشىلەرگە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا ئۆزگە تايىنىش كېرەكلىكىنى، ھەر قېتىملىق پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنى ئۈزۈكسىز كۈچەيتكەندە، مۇكەممەللەشتۈرگەندە نەتىجە ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ!

ھازىر جەمئىيەتىمىزدە «پۇرسەت» دېگەن سۆز بارغانسېرى كۆپ تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ مېنىڭچە، بۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان پۇرسەتنىڭ ئادەمگە ناھايىتى مۇھىملىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەملەرنىڭ پۇرسەتكە قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

پۇرسەت نېمىشقا بۇنچە كەڭ دىققەت ـ ئېتىبارغا ئېرىشىدۇ، ھەتتا كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشنى ئويلايدۇ؟ چۈنكى كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى مۇۋەپپەقىيەتكە تەشنا. پۇرسەت دېگەن نېمە؟ بىر پروفېسسور «پۇرسەت شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق پەيت، شارائىت ھەم ۋەزىيەتنى كۆرسىتىدۇ » دېگەنىدى.

دېمەك، پۇرسەتنى ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئەستايىدىللىققا تايىنىپ ئېرىشىمىز دېگەن گەپ، پۇرسەت سېھرىي كۈچكە

تولغان، ئۇنى ئاسان بايقىغىلى بولمايدۇ، ئۇنى قانداق تۇتۇش تېخىمۇ تەس.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى روگېر پورتېر سىنىپتا «كۆپچىلىك ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى بىلەمسىلەر؟ هازىر بۇ مەكتەپ دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى مەرىپەت بۆشۈكىگە ئايلاندى، بىزنىڭ خارۋارد بىلەن تەڭلىشىپ قالاي دېدى. ئۇنىڭ قانداق دۇنياغا كەلگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېگەن ۋە كەينىدىنلا مۇنداق بىر هېكايىنى سۆزلىگەن:

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى خاتالىشىپ، پۇرسەتنى تۇتالماي زور بەدەل تۆلىگەنىكەن. ئەينى چاغدا ياشانغان بىر ئەر - ئايال دېيىشىپ قويمايلا خارۋارد مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇسۇپ كىرىپتۇ. ئايال رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن پاختا رەخت كىيىم، يولدىشى ناهايىتى ئەرزان كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىۋالغانىكەن.

كاتىپ ئىككىسىنىڭ ئۇچىسىغا قاراپلا بۇ سەھرالىقلارنىڭ خارۋارد بىلەن قىلچە كەسپىي ئالاقىسى يوقلۇقىنى جەزملەشتۇرۇپتۇ. ياشانغان ئەر باشتا مەكتەپ مۇدىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. «مۇدىر بەك ئالدىراش» دەپتۇ كاتىپ. «هېچقىسى يوق، ساقلايمىز» دەپتۇ ياشانغان ئايال.

نەچچە سائەت ئۆتسىمۇ كاتىپنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولماپتۇ، ئەكسىچە ئۇلارنى قايتىپ كەتسىكەن دەپ ئويلاپتۇ. بىراق ئۇلار ساقلاۋېرىپتۇ.

كاتىپ بۇ ئىشنى مۇدىرغا ئېيتىپتۇ ۋە : «بەلكىم ئۇلار سىزگە نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپلا كېتىشى مۇمكىن» دەپتۇ. مۇدىر ئىلاجسىز ماقۇل بولۇپ، ناهايىتى تەكەببۇرانە، خالىمىغان هالدا هېلىقى ئەر - ئايالنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

ياشانغان ئايال مۇدىرغا: «ئوغلىمىز ئىلگىرى خارۋاردتا بىر يىل ئوقۇغان، ئۇ خارۋاردنى قىزغىن سۆيەتتى. بۇ يەردە ناهايىتى

خۇشال ئۆتكەن. ئەپسۇس، بۇلتۇر بەختسىزلىككە ئۇچراپ بىزدىن ئايرىلدى. ئېرىم ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەكتەپ قوروسىغا ئوغلىمىزغا ئاتاپ خاتىرە قالدۇرماقچى بولدۇق» دەپتۇ.

مۇدىر ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىدىن تەسىرلەنمەپتۇ، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ تەلپىنى ناھايىتى كۈلكىلىك ھېس قىپتۇ ۋە قوپاللىق بىلەن «خانىم، بۇنى ئورۇندىيالمايمىز، ناۋادا بىز بۇ يەردە ئوقۇغان، كېيىن تۈگەپ كەتكەن ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا ھەيكەل تىكلىگىلى تۇرساق، ئۇ چاغدا مەكتەپ قەبرىستانلىققا ئايلىنىپ قالامدۇ» دەپتۇ. خانىم يەنە: « گېپىمنى خاتا چۈشەندىڭىز، بىز ئوغلىمىزغا ھەيكەل تۇرغۇزمايمىز، خارۋاردقا بىر بىنا ئىئانە قىلىمىز» دەپتۇ.

مۇدىر ئالدىدىكى ياشانغان ئەر - ئايالنىڭ ئۇچىسىغا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن تەكەببۇرلۇق بىلەن: «بىر بىنا سېلىشقا نەچچە پۇل كېتىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ مەكتىپىمىزدىكى ھەر بىر بىناغا 750 تۈمەن دوللاردىن ئوشۇق پۇل كەتكەن» دەپتۇ. ياشانغان ئايال جىمىپ قاپتۇ. مۇدىر ئىچىدە، ئاخىر ئۇلارنى يولغا سالىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپتۇ. بۇ چاغدا ئايال ئېرىگە قاراپ « 750 تۈمەن دوللار بىلەن بىر بىنا پۈتسە، بىز ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇپ ئوغلىمىزنى خاتىرىلىسەك بولغۇدەك!» دەپتۇ.

ئۇلار خارۋاردتىن چىقىپ كالىفورنىيەگە كەپتۇ ۋە ئوغلىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن داڭلىق ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى بىنا قىپتۇ.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

ھەممىمىز پۇرسەتنى تۇتالىغان ئادەمنى ناھايىتى تەلەيلىك دەپ قارايمىز. ھالبۇكى، تەلەي ئىلاھىسىنىڭ نەزىرى نېمىشقا بىزگە چۈشمەيدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، كۆپىنچە چاغلاردا پۇرسەت كۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدىمىزدىلا تۇرغان بولۇشى مۇمكىن، شۇغىنىسى، ئۇنى خارۋارد مۇدىرىغا ئوخشاش ئۆزىمىز تۇتالمايمىز، ئەمەلىيەتتە، ھەممىمىز ئۆمرىمىزدە تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتكۈدەك پۇرسەتتىن نەچچىسىگە ئۇچرىشىمىز مۇمكىن. شۇغىنىسى، ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بۇ پۇرسەتلەرنى تۇتۇپ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. بۇ قائىدە ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس. تەقدىرنى ئۆزگەرتكىلى بولامدۇ ـ يوق دېگەندە، ئاساسلىقى يەنىلا ئۆزىمىزگە تايىنىمىز. سىزنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيەڭىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ـ قازىنالماسلىقىڭىزنى بەلگىلەيدۇ.

ياشاۋاتقان مۇھىتىمىز ئوخشىمايدۇ، ھەممىمىزنىڭ ئوخشاش مۇھىتتا ياشىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، مەيلى قولايسىز ياكى قولايلىق شارائىتتا ياشايلى، مۇھىمى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئامالىنىڭ بارىچە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى، مۇكەممەللىششى كېرەك.

مەن بىر پىروفېسسورنىڭ «ئۆز ساپا قۇرۇلۇشىمىزنى كۈچەيتكەندىلا، بەلگىلىك ئېگىزلىكتە تۇرالايمىز، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ئىگىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايمىز» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

دېمىسىمۇ شۇنداق. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان خارۋارد مۇدىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولغاچقا، خەقنىڭ چاپىنىغا قاراپ باھا بەرگەن، ئوبدان پۇرسەتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن، ئەينى چاغدا ئۇ كىچىك پېئىل بولۇپ، ياشانغان ئەر ـ ئايالغا ئوبدان مۇئامىلە قىلغان بولسا، مەكتەپكە ئەۋزەل تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كەلگەن بولاتتى.

دېمىسىمۇ تۇرمۇشتا بىزمۇ شۇنداققۇ؟ كۆپىنچە ھاللاردا بىر قېتىملىق بىپەرۋالىقىمىزدىن پۇرسىتىمىزنى قاراپ تۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋېتىمىز.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

شىياۋمىڭ كەچتە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتمەكچى بولدى، بۇنىڭغا قولچىراغ كېرەككەن. شىياۋمىڭنىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشىگە بىر سېكۇنت، ئىنىسىغا ئۈچ سېكۇنت، دادىسىغا ئالتە سېكۇنت، ئاپىسىغا سەككىز سېكۇنت، بوۋىسىغا 12 سېكۇنت كېتىدىكەن. كۆۋرۈكتىن بىر قېتىمدا ئەڭ كۆپ بولغاندا ئىككى ئادەم ماڭالايدىكەن. كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش سۈرئىتى ئەڭ ئاستا ئۆتىدىغان ئادەمگە باغلىق ئىكەن. قولچىراغ 30 سېكۇنتتىن كېيىن ئۆچۈپ قالىدىكەن. ئۇنداقتا، بۇلار قانداق ئۆتۈشى كېرەك؟

### ◉ جاۋاب

دەسلەپتە شىياۋمىڭ بىلەن ئىنىسى ئۆتىدۇ، بۇنىڭغا تۆت سېكۇنت كېتىدۇ. ئاندىن شىياۋمىڭ بىلەن دادىسى ئۆتۈپ، ئىنىسى قايتىپ كېلىدۇ، بۇنىڭغا توققۇز سېكۇنت كېتىدۇ. ئاندىن ئاپىسى بىلەن بوۋىسى ئۆتۈپ، شىياۋمىڭ قايتىپ كېلىدۇ. بۇنىڭغا 13 سېكۇنت كېتىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا شىياۋمىڭ بىلەن ئىنىسى ئۆتىدۇ، بۇنىڭغا تۆت سېكۇنت كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىي 30 سېكۇنت ۋاقىت كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## يىگىت، پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇڭ

**خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:**
**ھايات ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، پۇرسەت ئىككىنچى كەلمەيدۇ، دەل ۋاقتىدا كەسكىن تەدبىر قوللانمىساق، پۇرسەت بىلەن مەڭگۈگە خوشلىشىمىز.**

پۇرسەت كۆپ چاغلاردا كۆز ئالدىمىزدىن يالت - يۇلت قىلىپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، مەلۇم ۋاقىتتا ئۇنى ھەمكەم تۇتۇشىمىز كېرەك. خارۋاردتا پىروفېسسور روبېرتنى تونۇمايدىغانلار يوق. ئۇنىڭ دەرسخانىسى دائىم لىق توشىدۇ. ئۇ كەسپىي بىلىملەرنى يەتكۈزۈشتىن باشقا ئوقۇغۇچىلارغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە ئامراق. تۆۋەندىكى ھېكايە بىزگە بىر قائىدىنى، يەنى ياشلارنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشقا ماھىر بولۇشى لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ:

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بېتلېخېمدا داۋىي ئىسىملىك بالا ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ قاۋۇل - بەستلىك سەككىز ئاكىسى بار ئىكەن. ئۇ تېخى كىچىك بولسىمۇ، زېرەك ۋە تىمەن ئىكەن. ئاكىلىرى تاغقا قوي باقىقىلى چىقسا ئۇمۇ چىقىدىكەن. داۋىي كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇپتۇ، كېيىن ئۆز ئالدىغا ئازراق قوي پادىسى بېقىپتۇ.

داۋىي بىر قېتىم تاغ باغرىدا پادىغا قاراۋاتقاندا، بىر شىر ئورمانلىقتىن ئۇشتۇمتۇت ئېتىلىپ چىقىپتۇ ۋە بىر قوينى ئېلىپ مېڭىپتۇ. داۋىي نېرى - بېرىسىنى ئويلىمايلا شىرنى قوغلاپتۇ ۋە بىرلا سەكرەپ شىرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يالنى

تۇتىۋاپتۇ، ئاندىن شىرنى مۇشتى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇرۇش پارتلاپتۇ. پادىشاھ سائۇل قوشۇنلىرىنى توپلاپ ئۇرۇشقا ئاتلىنىپتۇ. داۋۇتنىڭ ئۈچ ئاكىسى پادىشاھ سائۇلغا ئەگىشىپ كېتىپتۇ. داۋۇت تېخى كىچىك بولغاچقا ئۆيدە قاپتۇ.

بىر يېرىم ئايدىن كېيىن داۋۇت ئاشلىق ئاپىرىپ بېرىش باھانىسى بىلەن ھەربىي گازارمىغا مېڭىپتۇ. ئۇ گازارمىغا يېتىپ كەلگەندە داقا ـ دۇمباق ئاۋازلىرى ئاسمان ـ پەلەك ياڭراپ، قوشۇن سەپ تارتىپ تەق بولغانىكەن. بىر گىگانت ئادەم ئۇدۇل تەرەپتىكى تاغنىڭ يانباغرىدا زەپەردەست قەدەملەر بىلەن ئالدى ـ كەينىگە مېڭىپ، ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلىۋاتقانىكەن.

گىگانت ئادەمدىن قورققان ئىسرائىلىيەلىكلەردىن ھېچقايسى جەڭگە چىقىشقا پېتىنالماپتۇ، داۋۇت ئالدىغا چىقىپ گىگانت ئادەمگە جەڭ ئېلان قىلماقچى بوپتۇ ۋە «مەن گىگانت ئادەم بىلەن ئېلىشىمەن. ئىسرائىلىيەنىڭ ئىلاھى مەن بىلەن بىللە، مەن قورقمايمەن...» دەپتۇ. ئاكىلىرى ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالماقچى بولسىمۇ ئۇلگۈرەلمەپتۇ. بىر چەتتە تۇرغان بىرسى بۇ ئىشنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىۋېتىپتۇ.

پادىشاھ داۋۇتنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇ پادىشاھ سائۇلنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ بالا ئىكەنلىكىنى كۆرگەن پادىشاھ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىپتۇ. بىراق، داۋۇت پادىشاھقا مۇشتۇمى بىلەن شىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە قەسەم بېرىپ: «تەڭرى بىزنى ئۇنىڭدىن غالىب كېلىشكە ئېيتقانىكەن، گىگانت ئادەمدىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپتۇ. «بارغىن بالام، تەڭرى سەن بىلەن بىللە!» دەپتۇ پادىشاھ رۇخسەت بېرىپ، پادىشاھ ئاندىن ئەڭ ياخشى قۇراللىرىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ، ئەمما داۋۇت رەت قىپتۇ. ئۇ بوغچىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساڭگىلىتىپ، سالغىنى مۇرىسىگە ئارتىپ گازارمىدىن چىقىپتۇ. ئارقىدىن ئېرىق بويىدىن بەش تال تاش تېرىۋاپتۇ ۋە گىگانت ئادەمگە قاراپ مېڭىپتۇ.

رەقىبىنىڭ كىچىك بالا ئىكەنلىكىنى كۆرگەن گىگانت ئادەم رەقىبىنى پەقەت كۆزگە ئىلماپتۇ. داۋىي دۈشمىنىنىڭ غايەت زور گەۋدىسىنى كۆرۈپمۇ قىلچە قورقماپتۇ. ئۇ باتۇرلۇق بىلەن: «باشلايلى، نەيزەڭ بىلەن قالقىنىڭنى پۇختا قىل. بۈگۈن تەڭرى سېنى ماڭا تاپشۇرغانىكەن، سېنى چوقۇم مەغلۇپ قىلىمەن» دەپ ۋارقىراپتۇ.

گىگانت ئادەم داۋىيغا ئېتىلىپتۇ. داۋىي ئۆزىنى چاققان چەتكە ئېلىپ، گىگانت ئادەمنىڭ زور گەۋدىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ. ئارقىدىن قولىنى بوغچىسىغا تىقىپ بىر تال تاش ئېلىپ سالغىغا سېلىپتۇ. گىگانت ئادەمنىڭ پېشانىسىگە مىختەك تىكىلىپ، زەبەردەس بىلەكلىرى بىلەن سالغىنى تارتىپ قويۇۋېتىپتۇ.

«تاراس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تاش گىگانت ئادەمنىڭ پېشانىسىگە زەرب بىلەن تېگىپتۇ. گىگانت ئادەم گۈپپىدە يىقىلىپتۇ. داۋىي ئۇچقاندەك بېرىپ شەمشەر بىلەن گىگانت ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ.

گىگانت ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئىسرائىلىيە قوشۇنلىرىنىڭ جاسارىتى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ. بەس ـ بەستە تاغدىن چۈشۈپ، تىرىپىرەن بولۇپ قېچىۋاتقان ياۋ لەشكەرلىرىنى قىرچاپ قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پادىشاھ داۋىينى چاقىرتىپ كەپتۇ ۋە: «قايتىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ، سەن ماڭا ئوغۇل بولىسەن» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ داۋىي پادىشاھ سائۇلنىڭ گازارمىسىدا قاپتۇ. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن پادىشاھ بوپتۇ.

◉ **خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرى**

پىروفېسسور روبېرتنىڭ ھېكايىسىدىن پۈرسەتنى ئۆزىمىزنىڭ يارىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئىشىكى تاقالماستىن يېپىپلا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، جاسارەتلىك، باتۇر ـ دادىل كىشىلەرلا ئۇنى ئاچالايدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، قاپ يۈرەكلىك جاسارەتتىن دېرەك بەرمەيدۇ. جاسارەت دېگىنىمىز، قورقىشقىنىمىزمۇ، ئازابلانىشقىنىمىزمۇ دادىل قەدەم بىلەن ئالدىغا ماڭالايدىغان روھتىن ئىبارەت. ئويلاپ باقايلى، داۋىي بىر بالا تۇرۇپ گىگانت ئادەمنى قانداق مەغلۇپ قىلالىدى؟ ئادەتتىن تاشقىرى جاسارىتىگە، قەتئىي ئىشەنچ ۋە پەۋقۇلئاددە ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايانمىدىمۇ؟

بىر پادىچى بالا ئاخىر پادىشاھ بولدى. بۇ ئادەمنى نەقەدەر ئىلھاملاندۇرىدىغان ھېكايە ـ ھە؟ بۇ ھېكايىدىن بىز شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، پۈرسەت پەقەت بىر قېتىملا كېلىدۇ. ناۋادا ئۇنى چىڭ تۇتمىغاندا مەڭگۈ كەلمەسلىكى مۇمكىن.

ھازىر رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولماقتا. بىز دائىم جۈرئىتى كەم، ئىش قىلسا ئارىسالدى بولىدىغان، زادى بىر قارارغا كېلەلمەيدىغان ياشلارنى ھەممىلا يەردە ئۇچرىتىمىز. شۇڭا، مۇۋەپپەقىيەتكە تەلپۈنىدىغان ياش چوقۇم ئۆزىدە مۇستەھكەم ئىرادە يېتىلدۈرۈشى، پۈرسەتنى تېزلىكتە تۇتالايدىغان بولۇشى، مەسىلىگە يولۇققاندا كەسكىن تەدبىر قوللىنالايدىغان بولۇشى كېرەك. ناۋادا ئۆزىڭىزگە ئىشەنمىسىڭىز، قولدىن كېتىۋاتقان پۈرسەتنى تۇتۇشقا پېتىنالمىسىڭىز، مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيسىز.

ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقاندا پىروفېسسورنىڭ دائىم «بىر ياش قورقۇنچاق، ئىشەنچىسى كەمچىل، بىرەر ئىشتا بىر قارارغا كېلەلمەيدىغان، ئىزىغا دەسسەيدىغان، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى يوق، تەۋەككۈلچىلىك روھى كەمچىل بولسا، ئۇنىڭ ئۆمرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلايتتىم.

يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بۇ گەپنىڭ تېخىمۇ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر غەيرەت ـ شىجائەت ۋە يۈرەكلىك ھالدا داۋېيىدەك خەۋپ ـ خەتەرگە يۈزلىنىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا پۈرسەتنى ئوبدان تۇتۇشى كېرەك.

**◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى**

بىر كىيىمگە ئىككى تۈگمە تۇتۇش كېرەك. ھازىر تۆت كىيىم بىلەن 12 تۈگمە بار. كىيىملەرگە تۈگمە تۇتۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە نەچچىسى ئېشىپ قالىدۇ؟

**◉ جاۋابىنىڭ تەھلىلى**

ئالدى بىلەن ھەممە كىيىمگە قانچە تۈگمە تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئويلاش كېرەك. بىر كىيىمگە ئىككى تۈگمە تۇتۇلسا، تۆت كىيىمگە $2+2+2+2=8$ تۈگمە كېتىدۇ. شۇڭا، ئېشىپ قالغىنى $12-4=8$ تۈگمە بولىدۇ.

# پۇرسەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:***
**ئىشلىرىمىزنى، ھاياتىمىزنى تەگرى ئورۇنلاشتۇرمايدۇ، بەلكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىمىز يارىتىمىز.**

مەن تۇرمۇشتا ئۆزىنى نامرات دەپ ئاغرىنىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇچراتتىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ نامراتلىقىنى ئۆزگەرتىدىغان نۇرغۇن پۇرسەتلىرى بولغان. شۇغىنىسى، بۇ پۇرسەتلەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئوچۇق - ئاشكارا كۆرۈنمەيدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىستاتىستىكا نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكىنىڭ شەرقىدىكى چوڭ شەھەرلەردە، ئاز دېگەندىمۇ 94% ئادەم تۇنجى كىرىمگە ئائىلىسىدە ياكى ئائىلىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئېرىشكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كىرىم كۈندىلىك ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن بولغان.

بۇ ئىستاتىستىكا نەتىجىسى ئۆز ئەتراپىدىكى پۇرسەتنى كۆرەلمەيدىغان، يىراقلارنى ئىزلەپ مۆجىزە يارىتىشنى ئويلايدىغان ئادەمگە نىسبەتەن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

مورگان ئىسىملىك بىر ياش بار ئىكەن. شىركەت ئۇنى دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن كۇباغا ئەۋەتىپتۇ. قايتىشىدا پاراخوت يېڭى ئورلېئان پورتىدا قىسقا توختاپتۇ. مورگان ئىچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۇچۇن پورتنى ئايلىنىپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن بىر ناتونۇش ئادەم ئۇنىڭ كەينىدىن «ئەپەندىم، بىر پاراخوت قەھۋە بار، قىزىقامسىز؟» دەپ توۋلاپتۇ. مورگان ئەزەلدىن ھەرقانداق نەرسىگە ئوتتەك قىزىقىدىكەن. شۇڭا ئۇ ناتونۇش كىشى بىلەن سودىلىشىشقا باشلاپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئادەم بىرازىلىيەلىك بولۇپ، يۈك پاراخوتىنىڭ كاپىتانى ئىكەن، شۇ تاپتا بىر ئامېرىكىلىق سودىگەرنىڭ قەھۋەسىنى توشۇۋاتقان ئىكەن. ھالبۇكى مال كەلگەندە سودىگەر ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلاپ قەھۋەنى ئالماپتۇ. زىياننى ئازايتىش ئۈچۈن كاپىتان قەھۋەنى ئامالسىز ئېلىشقا ساتماقچى بوپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مورگان قەھۋە ئەۋرىشكىسىنى كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ. ئۇ قەھۋەنىڭ رەڭگى بىلەن سۈپىتىنىڭ ناھايىتى ياخشىلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، پۈتۈن پاراخوتتىكى قەھۋەنى سېتىۋالماقچى بوپتۇ.

ئەينى چاغدا مورگان ئادەتتىكى خادىم بولغاچقا، بۇنداق قارارغا كېلىش ئۈچۈن چوڭ تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ چوڭ خەتىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرى، ئۇ ئەمدىلا خىزمەتكە قاتناشقان بولۇپ، تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا، خاتا ھۆكۈم قىلىش مۇمكىنچىلىكى ئىنتايىن چوڭ ئىدى. ئىككىنچىسى، مورگاننىڭ خېرىدارى يوقتى، شۇڭا بۇ ماللارنى بىر تەرەپ قىلىشمۇ بىر مەسىلە ئىدى. ئۈچىنچىسى، بۇ سودىنى شىركەتنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ قىلسا خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قىلىش خەۋپى بار ئىدى.

ھالبۇكى، مورگان بۇنى تېپىلغۇسىز پۇرسەت دەپ بىلىپ، قەھۋەنى سېتىۋالماقچى بولىدۇ. بىراق، ئۇ شىركەتكە تېلېگراممۇ يوللايدۇ، شىركەتتىن دەرھال «مالنى قايتۇرۇۋەت» دېگەن مەزمۇندىكى تېلېگرامما كېلىدۇ.

مورگان بىردىنلا تەڭقىسلىقتا قالىدۇ، ئۇ ھۆكۈمىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنەتتى، شۇنداقلا قىلچە قورقمايدۇ. ئۇ

دادىسىدىن ياردەم سورايدۇ. دادىسى تەپسىلىي ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئوغلىنى قوللاپ، ئۇنىڭغا مەبلەغ سالىدۇ. دادىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن مورگاننىڭ غەيرىتى ئۇرغۇپ، پورتتىكى باشقا قەھۋەنىمۇ ئەرزان باھادا سېتىۋالىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي برازىلىيە سوغۇق ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، قەھۋەلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى زور دەرىجىدە كېمىيىپ كېتىدۇ. قەھۋە بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي، باھاسى نەچچە ھەسسە ئۆرلەپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مورگان بېيىپ كېتىدۇ ۋە تۇنجى كىرىمگە ئېرىشىدۇ.

مورگان كېيىن ئۆز ئالدىغا شىركەت قۇرۇپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتىدۇ، كەينى ـ كەينىدىن خېيىم ـ خەتىرى بار ئىشلارغا مەبلەغ سالىدۇ، ھەر قېتىم چوڭ نەتىجە قازىنىدۇ. كېيىن ئامېرىكا ئىقتىسادىغا ئەللىك يىلغىچە تەسىر كۆرسەتكەن چوڭ پۇل مۇئامىلە ماگناتىغا ئايلىنىدۇ.

مورگاننىڭ پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بۇ خىل ئىستىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مىساللىق ئوقۇتۇشىدا سەرخىل مەزمۇن قاتارىدا سۆزلىنىدۇ. خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ مىسالدىن: «پۇرسەت يېقىنلاشقاندا ئىككىلەنمەي، كەسكىن بول، چوقۇم تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، جېنىڭنى تىكىپ ئېلىش» دېگەن ھېكمەتنى چۈشىنىۋالىدۇ.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

خارۋاردنىڭ ئىقتىساد پىروفېسسورى «تەۋەككۇل قىلىشنى خالىماسلىق ئەڭ چوڭ خېيىم ـ خەتەر» دەيدۇ. دېمىسىمۇ شۇ، ناۋادا سىز خەتەر ئالدىدا قەدىمىڭىزنى توختاتسىڭىز، چوڭ پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويىسىز. شۇ چاغدا باشقا يارىماسلارغا ئوخشاش سەپتىن چۈشۈپ قالىسىز. شۇڭا، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقۇشتىن كەلگەن مەغلۇبىيەت جاسارەت بىلەن ئېلىشىشتىن كەلگەن خەۋپتىن يامان.

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر كەلگۈسىدە ئالەمشۇمۇل ئىشلارنى قىلىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولسا، خام خىياللار قايىنىمىدا يۈرۈۋەرمەي، ياكى پۇرسەت كۈتۈپ كۈنبويى بىكار لاغايلاپ يۈرمەي كۈرەش قىلىشى، ئىلىنىشى، تەۋەككۈل قىلىشى كېرەك.

بۇ دۇنيادا تەۋەككۈل قىلماي تۇرۇپ ئاسانلا ئورۇندىغىلى بولىدىغان ھېچقانداق ۋەزىپە يوق. شۇڭا، بىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېنىمىزدىكى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. بۇ پۇرسەتلەرنى يەم ـ پاراسەت بىلەن ئويلاش ۋە ئەتراپلىق پىلانلاش، شۇنداقلا قەتئىي ئېتىقاد بىلەن ھۆكۈم قىلىشىمىز كېرەك. ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ، مەلۇم بىر پۇرسەت سىزگە تېخىمۇ ياخشى ياشاش ئىمكانىيىتى بەرسە قىلچە ئىككىلەنمەي يۈرەكلىك سىناپ بېقىڭ.

ئىككى يىل ئاۋۋال، بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىنىڭ تەجرىبىسىنى سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ ئەينى چاغدا ئېسىمدىن چىقمىغۇدەك مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى قىلغان: «ئاددىي ئادەمنىڭ كۆز قارىشى، ئەنئەنىۋى تەپەككۇر، ئادەتلىنىپ قالغان ھەرىكەت بىلەن ئاران ئادەتتىكى كىشىلەر ئېرىشىدىغان بايلىققىلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. مۇستەقىل قاراش، ئەنئەنىدىن ھالقىغان تەپەككۇر ۋە باشقىلاردىن پەرقلىق ھەرىكەت غايەت زور بايلىققا ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى».

شۇڭا شىجائەتلىك كىشىلەردىن بولۇپ، تەۋەككۈل بىلەن كۈرەشنى ھەمراھ قىلايلى، چۈنكى ئۇلار ھەرقانداق پۇرسەتنىڭ يېنىڭىزدىن غىپپىدە ئۆتۈپ كېتىشىگە يول قويمايدۇ. توختام سۇ ئادەمنى بىزار قىلىدۇ، يەنە كېلىپ ۋاقىت ئۇزارسا سېسىيدۇ. دېڭىزنىڭ ھاياتىي كۈچى شۇڭا ئۇرغۇپ تۇرىدىكى، ئۇ جۇش ئۇرۇپ ئۆركەشلەيدۇ، غەزەپلىك ھۆركىرەيدۇ؛ تاغ سۈيى شۇڭا راۋانكى، ئۇ تۇرلۇك ـ تۈمەن ئۆزگىرەلەيدۇ، بۇلاقلار شىلدىرلاپ ئاقىدۇ، بىردە پەسىيدۇ، بىردە جىددىي ئېقىنغا ئۆزگىرىدۇ. بۇلاق

سۇيىنىڭ مۇنداق خىلمۇخىل ھالىتى دەل ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىيتقۇسىز جەلپ قىلىشىدىكى سىرىدۇر.

دىمەك، ھاياتىمىز ئۆزۈلمەس تەۋەككۈلچىلىكلەر بىلەن تېخىمۇ جىلۋىلىنىدۇ.

## ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

بىر دېھقانىنىڭ ئۈچ بالىسى بار ئىكەن. ئۈچ بالىنىڭ يېشىنى قوشقاندا 13 كە، كۆپەيتكەندە دېھقانىنىڭ يېشىغا تەڭ كېلىدىكەن. بىر قوشنىسى دېھقانىنىڭ يېشىنى بىلگەندىن كېيىنمۇ بالىلارنىڭ يېشىغا ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمەپتۇ. بۇ چاغدا دېھقان بىرلا بالىنىڭ قارا چاچ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى ئادەم ئۈچ بالىنىڭ يېشىنى بىلىپتۇ. ئۇنداقتا، بالىلار قانچە ياشقا كىرگەن؟ نېمە ئۈچۈن؟

## ◉ جاۋاب

ئۈچ بالىنىڭ يېشى ئايرىم - ئايرىم 2، 2، 9 ياش بولۇشى كېرەك. چۈنكى بىرلا بالىنىڭ چېچى قارا بولسا، دىمەك ئۇ چوڭ بولغان بولىدۇ. قالغان ئىككى بالا ئۈچ ياشتىن كىچىك بولسا، چېچى سۇس رەڭدە بولىدۇ. ئارقىدىن بۇنى دېھقانىنىڭ يېشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 25 ياشتىن چوڭ بولۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پۇرسەت كەلدى، يەنە قاراپ تۇرامسىز؟

> ***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:***
> **ھەممە ئادەمنىڭ پۇرستى بار. ئەمما، نۇرغۇن ئادەم پۇرسەت كەلگەننى بىلمەيدۇ.**



نۇرغۇن چاغلاردا بىزگە كەم بولغىنى پۇرسەت ئەمەس، بەلكى پۇرسەتنى تۇتۇشتۇر.

مەندىن كىشىلەر دائىم «قانداق قىلغاندا پۇرسەتنى تۇتقىلى، پۇرسەت كەلگەندە چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ. مەن ئۇلارغا «تۇرمۇشتىكى پۇرسەتكە يۈزلىنەيلى، ئۇ يوشۇرۇن پۇرسەت بولسىمۇ مەيلى، ئۇنىڭدىن ئەھۋالغا قاراپ پايدىلىنىشىمىز كېرەك. بېلى بوشلۇق قىلسىڭىز، پۇرسەتنى ئىسراپ قىلىۋېتىسىز» دەپ جاۋاب بەردىم.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئوقۇغۇچىلىرىنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ: ھەممىمىزگە پۇرسەت كېلىدۇ، ناۋادا ئۇنى چىڭ تۇتمىساق ئۆمۈر بويى ئەپسۇسلىنىشىمىز مۇمكىن.

گېتى ئامېرىكا نېفىت ئىمپېرىيەسىنى بەرپا قىلغۇچى. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا كۆپ جاپا چەككەن، دائىم ئۆي ـ ماكانسىز قالغان، بارا ـ بارا سەرگەردانلارنىڭ مىجەزىنى يېقتۇرۇۋالغان، ساياھەت قىلىشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن بولۇپ قالغان. شۇڭا، ھەممىلا يەردە ئويناپ ـ كۈلۈپ كەيپ ـ ساپا سۈرگەن، ئوقۇشىنىمۇ تاشلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئائىلىسىدىن ناھايىتى جىق پۇل ئالغان.

گىتىنىڭ بۇ خىل بىكار تەلەپ قىلمىشىدىن دادىسىنىڭ غەزىپى كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا تۇرمۇش پۇلى بېرىشنى توختاتقان.

گىتىنىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا يازغۇچى ياكى دىپلومات بولىدىغان ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلانغاندىن كېيىن، يېنىدا بىر تىيىنمۇ يوق هالدا يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ئوكلاخوما ئىشتاتىنىڭ تۇلسا شەهىرىگە بېرىپ نېفىت قېزىش رىقابىتىگە قاتنىشىدۇ.

بۇ يەردىكى نېفىت قازغۇچىلار جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ بايلىق ئىزدىگىلى كەلگەن سەرگەردان، قىمارۋاز ياكى پاھىشىلەر ئىدى. بۇ يەردە بەزىلەر بىر كېچىدىلا بېيىپ كەتسە، بەزىلەر تاپقان ـ تەرگىنىدىن ئايرىلىپ ئۇن ـ تىنسىز يوقاپ كېتەتتى. بۇ ناهايىتى شەپقەتسىز يەر بولۇپ، گىتى بۇ يەردىكى بىردىنبىر قول سائىتى بار ئادەم هېسابلىناتتى. قالغانلارنىڭ ئېلىۋالغىنى مىلتىق ئىدى. يوللار پاتقاق، ئۆيلەر ئاددىي بولۇپ، كىشىلەر قاتتىق ـ قۇرۇق نەرسىلەرنى يەيتتى. قىسقىسى، بۇ يەرنىڭ شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق ئىدى.

ئۇزاققا قالماي گىتى سالتوننىڭ يېنىدىكى نانسىي تايلور دېھقانچىلىق مەيدانىدىن يەر ئىجارىگە ئالماقچى بولىدۇ، ئەمما، ئاز ـ تولا قول ئىلكىدە بار، ئۆز ئالدىغا سودا قىلىدىغان نېفىت سودىگەرلىرىمۇ بۇ يەرگە مىختەك تىكىلىپ تۇرۇۋاتقانىدى. گىتىنىڭ خەق بىلەن بەسلەشكۇدەك هېچقانداق ئەۋزەللىكى يوق ئىدى.

گىتى ئىچىسى «نانسىي تايلور دېھقانچىلىق مەيدانى بىر پۇرسەت، هەرگىز ۋاز كەچسەم بولمايدۇ» دەپ ئويلايدۇ. نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ ئاخىرئەپلىك بىر ئامالنى ئويلاپ چىقىدۇ. ئۇ ماشىنىسىنى هەيدەپ ماسك دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك بىر ناهىيە بازىرىغا كېلىدۇ ۋە بۇ يەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بانكا خادىمىنى ئۆزىگە خېرىدار بولۇشقا قايىل قىلىدۇ.

گىتى نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇشۇنداق قىلغاندا بۇ بانكىدىن قەرز ئالغان بىر قىسىم مۇستەقىل نېفىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سودىگەرلىرى بانكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خادىمى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرمايتتى، باشقىلار بولسا بۇ بانكا ئەمەلىي كۈچى زور بىر نېفىت شىركىتىنىڭ خېرىدارى، دەپ قارايتتى. دەرۋەقە گېتىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولىدۇ. ئۇنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئېشىپ، ھېلىقى يەرنى ناھايىتى ئەرزان باھادا سېتىۋالىدۇ.

گېتى «پۇرسەتنى تۇتۇشتا تەۋەككۈلچىلىك قىلىش كېرەك، بۇنىڭ ياخشىلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ» دەيدۇ. ئەينى چاغدا نۇرغۇنلار، ئۇنداق قىزىل توپىلىقتا نېفىت دىدارى يوق، دەپ قاراشقان. گېئولوگلار، چوڭ نېفىت شىركەتلىرىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ھەممىلا يەردە نېفىت قۇدۇقى بارلارمۇ بەس ـ بەستە بۇ يەردە نېفىت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارىغان.

ھالبۇكى، گېتى ئۇنداق قارىمىغان. ئۇ، نوپۇزلۇق ئەربابلارنىڭ ئوخشاش كۆز قارىشىغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ، دەپ قەتئىي چىڭ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن تەۋەككۈل قىلىشقا بەل باغلاپ، ئۇ يەردىن يەر ئىجارە ئېلىپ قۇدۇق قېزىشقا باشلىغان. دېگەندەك گېتى يېڭى بىر نېفىت رايونى ئاچقان.

گېتى جاسارىتى ۋە كۆز قارىشىغا تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئويلاپ كۆرەيلى، ناۋادا ئۇ يېنىدىكى يوشۇرۇن پۇرسەتنى كۆرمەسكە سالغان بولسا، مەڭگۈ ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان يالاڭتۆش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

## ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

خارۋاردتىكى ھەممەيلەن دېگۈدەك دىككىنسوننىڭ «پۇرسەت ئالدىڭغا كەلمەيدۇ، بېرىپ ئىزدەيسەن» دېگەن ھېكمىتىنى بىلىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئوبدان پۇرسەتكە ئۆزىمىز يارىتىش ۋە ئىگىلەش ئارقىلىق ئېرىشىمىز. پەرقلەندۇرۇشكە، تۇتۇشقا ۋە يارىتىشقا ماھىر بولساقلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز.

بىزنىڭ نەزىرىمىزدە، پۇرسەت ئىنتايىن ئاجايىپ ـ غارايىپ

نەرسە، ئۇ تۇيدۇرماي كېلىدۇ ۋە ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىزىنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ. شۇنداقلا، پۇرسەت ھەرۋاقىت قىسقا بولىدۇ، كۆپ ئېرىشكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بىز چوقۇم ھەر ۋاقىت پۇرسەتنىڭ كېلىشىگە تولۇق تەييارلىق كۆرۈشىمىز كېرەك.

«پۇرسەت تەييارلىقى بار ئادەمگە مەنسۇپ» دەيدىغان گەپ بار. كىچىكىمىزدىن باشلاپ نيۇتوننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ چوڭ بولدۇق. بىر قېتىم ئۇ ئالما دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئارام ئېلىۋاتقاندا، بىر تال ئالما بېشىغا چۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن تارتىش كۈچ قانۇنىيىتى بارلىققا كەلگەن.

شۈبھىسىزكى، بۇ پۇرسەتنى ناھايىتى چىڭ تۇتقان، بۇ پۇرسەتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بۇ مەشھۇر ئالىمنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بىز ئويدان ئويلىنىپ باقايلى، ئەينى چاغدا ئالىمنىڭ ئاستىدا ئارام ئېلىۋاتقىنى نيۇتون بولماي ئادەتتىكى ئادەم بولغان بولسا، بۇ ئىشقا قىلچە پەرۋا قىلمىغان بولۇشى، شۇنداقلا مېنى تازا نەس باستىغۇ، دەپ ئويلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، تۇرمۇشىمىزدا پۇرسەت ھەممىلا يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەڭ مۇھىمى كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ ئۇنى بايقىشىمىز ھەم مەھكەم تۇتۇشىمىزدا.

بىكوننىڭ «ئەقىللىك ئادەم ياراتقان پۇرسەت ھامان ئۇ ئىزدىگەن پۇرسەتتىن كۆپ بولىدۇ. پاسسىپ ھالدا پۇرسەت كۈتۈش تەلەي سىناش پسىخىكىسى ھېسابلىنىدۇ. گىلاس دەرىخى جىمجىت باھارنىڭ كېلىشىنى ساقلىسىمۇ، لېكىن ھەمىشە دەرمان توپلايدۇ» دېگەنلىكى ئېسىمدە.

بىر سودىگەر تىجارەت قىلىپ تېزلا ۋەيران بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئازغىنە ئامانىتىنى چىقىرىپ دوستىدىن بىر تۇركۇم كاستۇم ـ بۇرۇلكا ئېلىپ، ئافرىقىغا ئاپىرىپ سېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. بىراق، ئافرىقىغا بارغاندىن كېيىن يەرلىكلەرنىڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيمەيدىغانلىقىنى بايقاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هالبۇكى، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي، ھەر كۈنى كىشىلەرنى زىيارەت قىلىپ، ھەر قېتىملىق پۇرسەتنى تۇتۇپ قولىدىكى كىيىم - كېچەكلەرنى سېتىپتۇ. ئاخىر ھەممە كاستۇم - بۇرۇلكا سېتىلىپ تۈگەپتۇ، تېخى ئېھتىياجنى قاندۇرالماپتۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، بىز پۇرسەتنى كۆرمەسكە سالمايلا قالماي، يەنە تېخى ئاكتىپلىق بىلەن پۇرسەت يارىتىشىمىز كېرەك.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

شياۋيۈن چىرايلىق بىر قۇر كىيىم ئاپتۇ، بۇ كىيىمنى دوستلىرىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك قىياس قىلىشىپ، شياۋلى «سەن ئالغان كىيىم قىزىل رەڭدە ئەمەس» دەپتۇ. شياۋنىڭ «بۇ كىيىم سېرىق بولمىسا، قارا رەڭدە» دەپتۇ. شياۋبەي بولسا «چوقۇم قارا رەڭدە» دەپتۇ. بۇ ئۈچ بالىنىڭ ئىچىدە ھېچبولمىغاندا بىرىنىڭ دېگىنى توغرا، بىرىنىڭ خاتا. ئەمىسە بۇ كىيىم زادى قانداق رەڭدە؟

### ◉ جاۋاب:

سېرىق رەڭدە.

# نۇرغۇن پۇرسەت ئارىسالدى بولۇش جەريانىدا قولدىن كېتىدۇ

> ***خارۋاردنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:*** **پۇرسەت چاقماقتەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇ زامان تۇتۇش — تۇتالماسلىقىڭىز ئۆزىڭىزگە باغلىق.**

ھەر قېتىم پۇرسەت يېقىنلاشقاندا، يەھۇدىيلارنىڭ «ھاياتتا ئۈچ نەرسە، يەنى بولكا خېمىرتۇرۇچى، تۇز ۋە ئىككىلىنىش زىيادە كۆپ بولماسلىقى كېرەك. خېمىرتۇرۇچى كۆپ بولسا بولكا ئاچچىق بوپ قالىدۇ، تۇز كۆپ بولسا قورۇما تۇزلۇق بوپ قالىدۇ، ئىككىلىنىش كۆپ بولسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئەسلەيمەن.

ناۋادا سىز چوڭ ئىشلارنى روياپقا چىقارماقچى بولسىڭىز، پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇشىڭىز، ئارىسالدى بولۇپ يۈرمەسلىكىڭىز كېرەك.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق بىر مەسىلىنى سۆزلەپ بەرگەن:

بىر ئېشەك ئىككى دۆۋە ئوت — چۆپنىڭ ئارىسىدا ئالدى — كەينىگە مېڭىپ يۈرۈپتۇ، بىر دۆۋە ئوتنى يەي دېسە، يەنە بىرسى تېخىمۇ يۇمران، تەملىك بىلىنىپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئالدى — كەينىگە مېڭىۋېرىپتۇ، ئاخىر بىر تالمۇ ئوت يېيەلمەي ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ.

ئېشەك يەيدىغانغا ئوت يوق ئاچلىقتىن ئۆلدىمۇ؟ ياق، ئىككى دۆۋە ئوت ئۇنىڭ نەچچە كۈن يېيىشىگە يېتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بىچارە ئىشەك ھەقىقەتەن ئۆلگەن. چۈنكى ئىككىلىنىش ئۇنىڭ نۇرغۇن كۈچىنى خورىتىۋەتكەن، ئەمەلىي ھەرىكەت قىلمىغان.

بەلكىم، سىز ئادەم ئىشەكتىن كۆپ ئەقىللىك، قانداقمۇ ئىشەكنىڭ قىلىقىنى قىلمىسىز، دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. يەنە مۇنۇ ھېكايىنى ئوقۇپ باقايلى:

بىر بىچارە ئادەمنىڭ ئىككىلا ئوغلى دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. بوۋاي پۇل تۆلەپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋالماقچى بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە بارلىق پۇلىنى چىقىرىپ ئوغلىنى قۇتقۇزۇشقا رازى ئىكەن. بىراق، بىرسىنىلا قۇتقۇزالايدىكەن.

قىيىن ئەھۋالدا قالغان بۇ كۆيۈمچان دادا ئىككىلا ئوغلىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئويلايدىكەن، ھەتتا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ يانمايدىكەن. ئەمما، بىرسىنىلا قۇتقۇزالايدىكەن. لېكىن ھەر بىر بالىنىڭ ئوتى ـ كۆيىكى ئوخشمايدۇ ـ دە، بوۋاي مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە قايسى بالىسىنى قۇتقۇزۇشنى بىلەلمەي باشتىن ـ ئاخىر تەڭقىسلىقتا قاپتۇ، ئاقىۋەتتە ئىككىلا ئوغلى دۈشمەنلەرنىڭ قولىدا قەتلى قىلىنىپتۇ.

بۇ ھېكايىدىكى دادا ئەسلىدە بىر ئوغلىنى قۇتقۇزۇپ قالالاتتى. ئەمما، ئۇ ئىشەككە ئوخشاش سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدى.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدىكى پىروفېسسور ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن:

سان پېئېر ئارىلىدىكى يانار تاغ پارتلاشتىن بىر كۈن ئاۋۋال، ئىتالىيەنىڭ بىر يۈك پاراخوتى پورتتا فىرانسىيەگە توشۇلىدىغان ماللارنى قاچىلاۋاتقانىكەن. ئەينى چاغدا، سەزگۈر كاپىتان مارىئو يانار تاغنىڭ قاتتىق پارتلايدىغانلىقىنى سېزىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مال قاچىلاشنى توختىتىپ، بۇ خەتەرلىك جايدىن دەرھال كەتمەكچى بوپتۇ. بىراق، مال ئەۋەتكۈچى كاپىتاننىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ ۋە تەھدىت سېلىپ، پورتتىن ئايرىلىدىغان بولسا

ئەرز قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

كاپىتان مارىئو قىلچە ئىككىلەنمەي كېتىپ قاپتۇ. بىر كۈندىن كېيىن مال ئەۋەتكۈچى بىلەن تاموژنا خادىملىرى كاپىتاننى قولغا ئالماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا سان پېئېر يانار تېغى دەھشەتلىك پارتلاپ، مال ئەۋەتكۈچى بىلەن تاموژنا خادىملىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپتۇ. بۇ چاغدا كاپىتان ئۈچۈق دېڭىزدا بىخەتەر كېتىۋاتقان بولۇپ، ئۇدۇل فىرانسىيەگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ئويلاپ باقايلى، مۇبادا كاپىتان ئەينى چاغدا ئىككىلەنگەن بولسا، ھەتتا جېنىنىمۇ سېلىپ بەرگەن بولاتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، بەزى جىددىي پەيتلەردە، پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىدىن ئەنسىرىسىڭىز بولمايدۇ. بۇنداق چاغدا چوقۇم پۈتۈن كۈچىڭىزنى ئىشقا سېلىپ، كەسكىن ھالدا بىر قارارغا كەلسىڭىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز.

## ◉ *خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى*

كاپىتاننىڭ ھېكايىسىدىن، ئارىسالدىلىقنىڭ تىراگېدىيەلىرىنىڭ تۈتۈرۈقى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق. شۇڭا، مېنىڭچە ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئىش قىلغاندا ئۆز پەيتىدە كەسكىن قارارغا كېلىدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئەلۋەتتە، بىز بەزىدە خاتالىقتىن ساقلىنالمايمىز. خاتالىق ئۆتكۈزدۇق دېگەندىمۇ، ئۇ، ھەمىشە ئىككىلىنىدىغان، بىر قارارغا كېلەلمەي ئەزمىلىك قىلىدىغان يامان ئادەتتىن ياخشى ـ دە.

مەن قابىلىيەتلىك، ئەمما ئىككىلىنىشتەك يامان ئادەتنىڭ كاساپىتىگە كېتىپ بىر ئۆمۈر قەددىنى رۇسلىيالمىغان ئادەملەرنى كۆپ كۆردۈم. تۇرمۇشتا ھەممىلا يەردە ئۇچرايدىغان بۇ ئادەملەرنى سەلبىي دەرسلىك قىلىشقا بولىدۇ. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر چوقۇم بۇلاردىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك.

گىيوتى «ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەيدىغان ئادەم مەڭگۈ ئەڭ ياخشى جاۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ، چۈنكى پۇرسەت سىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككىلىنىۋاتقان چاغدا غايىب بولىدۇ» دېگەندى. كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تالاي پۇرسەت مۇشۇنداق ئالدى ـ كەينىگە مېڭىش جەريانىدا يوق بولىدۇ.

شۇڭا، بىز چوقۇم ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەيدىغان يامان ئادىتىمىزنى تۈزىتىشىمىز، ھەر قانچە قالايمىقانچىلىقتا تۇرساقمۇ كەسكىنلىك بىلەن بىر قارارغا كېلىشىمىز كېرەك.

ئادەتتە، تەگرى بىزگە ئۆلۈك كۆزدە قارىمىدى دەپ ئاغرىنساق بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە پۇرسەتنىڭ دەرۋازىسى ھەر بىر ئادەمگە ئوچۇق ئىچىلغان. ئەمما ئۇ جەسۇر ۋە كەسكىن كىشىلەرنىلا چىللايدۇ. پۇرسەت كۆنبويى يوقىلاڭ خىياللارنى قىلىدىغان، ئىككىلىنىپ بىر نىيەتكە كېلەلمەيدىغان ئادەملەرنى تاشلىۋېتىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى ۋاقىتنى كېچىكتۈرمەيدۇ، كەسكىن ھالدا پۇرسەتنى تۇتۇپ، ۋاقىت چىقىرىپ مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ.

ناۋادا سىز ھەمىشە تەگرىگە ئاغرىنىپ، بەندىدىن رەنجىسىڭىز، توختىماي تەۋرەنسىڭىز، پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويغىنىڭىزدىن زارلىنىپلا يۈرسىڭىز، مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەت قىرغىقىدا قېلىپ، چۈشكۈنلۈك ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىسىز.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

نىقابلىق تانسىدا ئادەملەر قارا ۋە ئاق رەڭلىك شىلەپە كىيىشكەن. قارا رەڭلىك شىلەپىدىن ئاز دېگەندە بىرى بار، ھەر بىر ئادەم باشقىلار كىيگەن شىلەپىنىڭ رەڭگىنى كۆرەلەيدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭكىنى كۆرەلمەيدۇ. تانسا رىياسەتچىسى ئالدى بىلەن كۆپچىلىكنى باشقىلارنىڭ قانداق رەڭدىكى شىلەپە كىيگەنلىكىگە قاراشنى ئېيتتى، ئاندىن چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى. مۇبادا، بىرى مەن قارا شىلەپە كىيدىم، دەپ قارىسا ئۆزىنى بىر شاپىلاق ئۇرىدۇ. بىرىنچى قېتىم چىراغ ئۆچۈرۈلگەندە شاپىلاق ئاۋازى ئاڭلانمىدى. شۇڭا چىراغ يېقىلدى. كۆپچىلىك يەنە بىر قارىغاندىن

كېيىن چىراغ ئۆچكەندە سورۇننى يەنە جىمجىتلىق قاپلىدى. تاكى ئۈچىنچى قېتىم ئۆچكەندە ئاندىن شاپىلاق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنداقتا، قانچە ئادەم قارا رەڭلىك شىلەپە كىيگەن؟

**◉ جاۋاب**

ئۈچ ئادەم $N$ ئادەم قارا شىلەپە كىيگەن دەپ قىياس قىلساق، ئۇنداقتا $N=1$ بولغاندا قارا شىلەپىلىك ئادەم باشقىلارنىڭ ئاق رەڭ شىلەپىسىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ قارا رەڭلىك شىلەپە كىيگەنلىكىنى جەزملەشتۈرىدۇ. ئۇنداقتا، تۇنجى قېتىم چىراغ ئۆچكەندە ئاۋاز چىقىشى كېرەك. شۇڭا، $N>1$ دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. ھەربىر قارا شىلەپىلىك ئادەم كۆرىدىغان قارا شىلەپە $N-1$بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئاق شىلەپە دەپ پەرەز قىلىدۇ. ئەمما، $N-1$ قېتىممۇ بىرەرسى ئۆزىنى ئۇرمىسا ھەممە ئادەم ئۆزىنى قارا شىلەپە كىيدىم دەپ قارايدۇ. شۇڭا $N$ قېتىم چىراغ ئۆچكەندە $N$ ئادەم ئۆزىنى ئۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەزمىلىك قىلىش سىزنى پۇرسەتتىن مەھرۇم قويىدۇ

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:* كىشىلەر زىيادە ئېھتىياتچانلىقتىن پۇرسەتكە تولۇق ئېتىبار بەرمەي، پۇرسەتنى كەتكۈزۈۋېتىدۇ.**



خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر مۇدىرى «ئەزمىلىكنىڭ ئەڭ چوڭ زىيىنى كۆچەپ ئىشلەشكە دەخلى قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويۇشتۇر» دېگەنىدى. دۆلىتىمىزدىمۇ «پۇرسەت غەنىمەت» دەيدىغان ھېكمەت بار. كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئىش قىلغان چاغدا ئارىسالدى بولساق، پەيت كەلگەندە لىگىتاسىملىق قىلساق ئاخىر يەر بىلەن يەكسان بولىمىز، ھەتتا مەڭگۈ قەددىمىزنى رۇسلىيالماسلىقىمىز مۇمكىن.

مەن ئىلگىرى نۇرغۇنلارنىڭ ئەزمىلىك قىلىپ پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى، ھاكاۋۇرلۇق، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ چوڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆرگەن. بۇنىڭغا قارىتا، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئېيزىنخاۋېرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز پەيتىدە ھۆكۈم چىقىرىش كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

1944 ـ يىلى، ئېيزىنخاۋېر ئىتتىپاقداش ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلىپ ئىنگلىز بوغۇزىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ.

ئۇلار فىرانسىيەنىڭ نورماندىيە دېگەن يېرىدە قۇرۇقلۇققا چىقىپ، ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانىنىڭ يېڭى سېپىنى ئېچىشقا تەييارلىق كۆردى. بۇ قېتىمقى قۇرۇقلۇققا چىقىشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ ئىدى، ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە قوشۇنلىرى زىچ ھەمكارلىشىپ، غايەت زور ئادەم ۋە ماددىي كۈچنى ئاجراتتى.

بىراق، تەڭرى ئۇلارنىڭ رايىغا باقمايدۇ، ھەممە تەق بولۇپ يولغا چىقىدىغان چاغدا، ھاۋانىڭ پەيلى بۇزۇلۇپ، ئىنگلىز بوغۇزىدا تۈيۈقسىز كۈچلۈك دولقۇن كۆتۈرۈلىدۇ. نەچچە مىڭلىغان پاراخوت ـ كېمە ئامالسىز دېڭىز قولتۇقىدا پاناھلىنىپ، دېڭىزنىڭ تىنچىشىنى كۈتىدۇ. بۇ تولىمۇ تەشۋىشلىك كۈتۈش ئىدى. ئۇلار توپتوغرا تۆت كۈن ساقلايدۇ.

ئاسماننىڭ قەرىنى چاقماق تىلمۇۋەتكەندەك قارا يامغۇر توختىماي ياغىدۇ، نەچچە ئون تۈمەن ئەسكەر ئالدىغىمۇ، كەينىگىمۇ ماڭالماي قىرغاقتا قاپسىلىپ قالىدۇ، ماددىي ئەشيالارمۇ كۆنسېرى خورايدۇ.

باش قوماندان ئېيزېنخاۋېر قانداق قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇرىدۇ. بۇ چاغدا، ھاۋارايى خادىمى ئەڭ يېڭى مەلۇماتنى ئېلىپ كېلىدۇ. ماتېرىيالدا كۆرسىتىلىشىچە، ھاۋا رايى تېزلا ياخشىلىنىپ، ئۈچ سائەتتىن كېيىن قارا بوران ۋە يامغۇر توختايدىكەن. ئېيزېنخاۋېر بۇنىڭ ناھايىتى كەم تېپىلىدىغان پۇرسەتلىكىنى، دۈشمەننىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان پەيتىدە ھۇجۇم قوزغاشقا بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

بىراق، بۇنىڭ خەتىرى بار ئىدى. ناۋادا مەلۇمات خاتا بولسا، پۈتۈن قوشۇن زور تالاپەتكە ئۇچرايتتى. ئېيزېنخاۋېر بىر پەس قاتتىق ئويلانغاندىن كېيىن كۈندىلىك خاتىرىسىگە «مەن ئېرىشكەن ئەڭ يېڭى ئاخباراتقا ئاساسەن مۇشۇ ۋاقىتتا ھۇجۇم قوزغاشنى قارار قىلدىم... مۇبادا بىرەرسى بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى ئەيىبلىسە، بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستۈمگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېلىشىم كېرەك» دەپ يازىدۇ.

ئارقىدىن ئۇ دېگىنى، ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇق قىسىملىرىغا ئىنگلىز دېگىز بوغۇزىدىن ئۆتۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ. دەرۋەقە، ئۈچ سائەتتىن كېيىن چىلەكلەپ يېغىۋاتقان يامغۇر توختايدۇ. ئامەت ئىلاھى ئېيزىنخاۋېرغا ئوڭ كۆزى بىلەن قارايدۇ، بورانمۇ تىنچىپ، بىرلەشمە قوشۇن نورماندىيەگە ئوڭۇشلۇق چىقىدۇ.

بۇ ھېكايە بىزگە كەسكىن، قەتئىي بولۇشنىڭ چوڭ ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتكۈزىدىغان ئادەم ھازىرلاشقا كېرەك بولغان زۆرۈر ساپا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەلۋەتتە، شۇ ۋاقىتتىكى ئۆزىدە كەسكىن قارارغا كېلىش دېگەنلىك ھۇجۇم قىلىش ياكى ئىلگىرىلەش دېگەنلىك ئەمەس. بەزىدە، قىمىرلىماسلىق ياكى چېكىنىشمۇ بىر خىل مەردانە ۋە كەسكىن ھەرىكەت. قىسقىسى، بىزگە كېرىكى، ساقلىغاچ كۆزىتىدىغان چاغدا قىمىرلىماسلىق، چېكىنىدىغان چاغدا چېكىنىش، ھەرىكەتكە كېلىدىغان چاغدا ھەرىكەتلىنىشتىن ئىبارەت.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

سىز ئىشتا كەسكىنمۇ؟

ئۆزىڭىزنىڭ كەسكىن ياكى ئەمەسلىكىڭىزنى بىلمەكچى بولسىڭىز، تۆۋەندىكى سىناقتىن جاۋابىنى تاپالايسىز. جاۋابلاردىن A ياكى B نى تاللاڭ. A نى تاللىسىڭىز «ھەئە»، B نى تاللىسىڭىز «ياق» دېگەنلىك بولىدۇ.

1. يېڭى خىزمەت ئورنىڭىزدا ئىلگىرىكى ئادىتىڭىزگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان يېڭى قائىدە، يېڭى ئۇسۇللارغا ئاسانلا ماسلىشالامسىز؟

2. يېڭى توپقا تېزلا كۆنەلەمسىز؟

3. ناۋادا، كۆزقارىشىڭىز رەھبىرىڭىزنىڭ قارىشى بىلەن

تۆپتىن ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلسىڭىز، بىۋاسىتە ئۇدۇل ئوتتۇرىغا قويامسىز؟

4. ناۋادا بىرەرسى سىزنى تەمىناتى تېخىمۇ ياخشى ئورۇندىن خىزمەت بەرسە ئىككىلەنمەي بارامسىز؟

5. خاتالىق ئۆتكۈزگىنىڭىزدە سەۋەنلىكىڭىزنى قەتئىي ئىنكار قىلامسىز ھەم مۇۋاپىق باھانە تېپىپ ئۆزىڭىزنى ئاقلامسىز؟

6. ئادەتتە مەلۇم بىر ئىشنى رەت قىلىشتىكى ھەقىقىي مۇددىئايىڭىزنى ھېچقانداق پەردازلىماي ۋە يوشۇرماي ئۇدۇل ئېيتالامسىز؟

7. كۆپ قېتىم مۇزاكىرىدىن كېيىن، مەلۇم بىر مەسىلىگە بولغان ئىلگىرىكى قارىشىڭىزنى ئۆزگەرتەمسىز؟

8. مۇبادا مەلۇم بىرسىنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇغاندا (ھۆكۈمەت ئىشى ياكى باشقىلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن) ئاساسىي تېمىسى توغرا بولسا، بىراق يازغۇچىنى ياكى يېزىش ئۇسلۇبىنى ياقتۇرمىسىڭىز، ئۇنىڭ ئورنىدا سىز بولسىڭىز ھەرگىز مۇنداق يازمىسىڭىز، ئۇنداقتا بۇ ئەسەرنى تۈزىتەمسىز؟ شۇنداقلا ئۆز قارىشىڭىز بويىچە شەكلىنى نېگىزدىن ئۆزگەرتىشتە چىڭ تۇرامسىز؟

9. مۇبادا دۇكاندا سىز ئىنتايىن ئامراق بىر شىلەپىنى كۆرۈپ قالسىڭىز، ئەمما بۇ شىلەپە بەك زۆرۈرمۇ بولمىسا، سىز ئۇنى ئالامسىز؟

10. بىرەر نوپۇزلۇق ئەربابنىڭ تەكلىپى بىلەن قارارىڭىزنى ئۆزگەرتەمسىز؟

11. دەم ئېلىش كۈنىڭىزنى ئالدىن پىلانلامسىز ياكى ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرەمسىز؟

12. ئەزەلدىن ۋەدىڭىزگە ئەمەل قىلىپ كەلدىڭىزمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

| B | A | |
|---|---|---|
| 0 | 3 | 1 |
| 0 | 4 | 2 |
| 0 | 3 | 3 |
| 0 | 2 | 4 |
| 4 | 0 | 5 |
| 0 | 2 | 6 |
| 0 | 3 | 7 |
| 0 | 2 | 8 |
| 2 | 0 | 9 |
| 3 | 0 | 10 |
| 0 | 1 | 11 |
| 0 | 3 | 12 |

نەتىجە

29 دىن يۇقىرى نومۇر ئالسىڭىز، ئىپادىڭىز سەل كەسكىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىر كەمچىلىك. سىزدە «مەنچىلىك» ئىدىيەسى كۈچلۈككەن. خىزمەتتە يولۇققان مەسىلىلەرنى ئۆزۈم ھەل قىلالايمەن دەپ قاراپ، باشقىلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سالمايدىكەنسىز.

19 ـ 28 نومۇر ئالسىڭىز، ناھايىتى كەسكىن ئىكەنسىز. تەپەككۇر ئۇسۇلىڭىز، لوگىكىلىق خۇلاسە چىقىرىش ھەم تەجرىبىڭىز مەسىلىلەرنى تېزلىكتە ھەل قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدىكەن. بەزى بىخەستەلىكلەر كۆرۈلسىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىدىكەنسىز، ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ پىكرىگە سەل قارىمايدىكەنسىز. داۋاملىق تىرىشىپ ئوبيېكتىپ ھالىتىڭىزنى

ساقلاڭ.

10 ~ 18 گىچە نومۇر ئالسىڭىز، بىر قەدەر كەسكىن ئىكەنسىز. ئىش قىلغاندا ئېھتىيات قىلىدىكەنسىز، قارار چىقىرىشقا تېگىشلىك چوڭ مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ياندا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرمايدىكەنسىز.

0 ~ 9 غىچە نومۇر ئالسىڭىز، ناھايىتى مىس ـ مىس ئادەم ئىكەنسىز. بىر ئىشقا يولۇققاندا دائىم ئۆزاققىچە ئويلىنىپ، ئالدى ـ كەينىڭىزگە قارايدىكەنسىز، كەينىگە سۈرەپ بىر قارارغا كېلەلمەيدىكەنسىز. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خىل قورقۇنچاقلىقنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. تەكلىپىم شۇكى، بىرەر ئىشنى قارار قىلغاندا ئىككىلەنمەڭ، شۇ زامان كەسكىن تەدبىر قوللىنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# پۇرسەت سىز ئىككىلىپ تۇرغان نىشاندا

**خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى: پۇرسەت تەييارلىقى بار كاللىغا بەكرەك ئامراق.**

خارۋاردنىڭ سودا ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا بوياك نىشانى بار ھەم بۇ نىشان ئۈچۈن تىرىشىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئالدىن ئويلىشىدۇ.

نەچچە يىل ئىلگىرى، ئامېرىكىنىڭ «تەرمىلەر» ژۇرنىلى خارۋاردنىڭ سودا ئىنستىتۇتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ئىشنى خەۋەر قىلغان:

يېقىندا خارۋاردنىڭ سودا ئىنستىتۇتى مۇنداق بىر تەجرىبىنى ئىشلىگەن. ئۇلار سەۋىيەسى ئوخشاش كۇرسانتلارنى ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلگەن. بىرىنچى گۇرۇپپىغا بىر ئاي ئىچىدە كارغا ئەركىن توپ ئېتىش مەشىقىنى توختىتىشنى ئۇقتۇرغان. ئىككىنچى گۇرۇپپىغا بىر ئاي ئىچىدە ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن تەنتەربىيە سارىيىدا دەل ۋاقتىدا بىر سائەت توپ مەشىق قىلىشنى ئېيتقان. ئۈچىنچى گۇرۇپپىغا ھەر كۈنى بىر سائەت ئىختىيارى توپ مەشىق قىلىشنى ئېيتقان.

بىر ئايدىن كېيىن تەجرىبە نەتىجىسى چىققان. بىرىنچى گۇرۇپپا بىر ئاي مەشىق قىلمىغاچقا سەۋىيەسى ئەسلىدىكى 39% تىن 37% كە چۈشۈپ قالغان. ئىككىنچى گۇرۇپپا داۋاملىق مەشىق قىلغاچقا، ئەسلىدىكى 39% تىن 41% كە ئۆسكەن. ئۈچىنچى گۇرۇپپا ئىختىيارى مەشىق قىلىپ سەۋىيەسى ئەسلىدىكى 39% تىن 42.5% كە ئۆسكەن.

بۇ نەتىجە سىزگە غەلىتە تۇيۇلدىمۇ؟ بەلكىم ئەقىلگە سىغمايدۇ، دەپ ئويلىغانسىز. خىيالىي مەشىق قىلىشنىڭ ئۈنۈمى تەنتەربىيە سارىيىدىكى ئەمەلىي مەشىقتىنمۇ ياخشى بولامدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ قارىشىمدا بۇ قائىدە ناھايىتى ئاددىي: بۇ دەل قەلبىنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان كۈچلۈك ئارزۇ – ئىستەكتىن كەلگەن.

يېنىمدىكى بەزى كىشىلەر دائىم پۇل، ۋاقىت ھەم زېھنىنى ئىسراپ قىلىپ ئۆزلىرى ئامراق ئىشلارنى قىلىدۇ، ئەمما ئەزەلدىن «نىشانغا يېتىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، پۇرسەت ئۇلار تىكىلگەن نىشانغا يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن.

مېنىڭ بىر خىيالپەرەس دوستۇم بار. ئۇ دائىم تەقدىر شامىلىنىڭ ئۆزىنى باياشات ۋە سىرلىق بىر پورتقا ئۇچۇرۇپ ئاپىرىشىنى خىيال قىلىدۇ، يىراقتىكى «مەلۇم بىر كۈن» گە، مەنزىرىسى گۈزەل بىر كىچىك ئارالدا ئۇزۇق – تۈلۈك ۋە كىيىم – كېچەكتىن غەم قىلماي ياشاشقا ئىنتىلىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ بۇ نىشانغا يەتمەكچى ئىكەنلىكىنى سورىسام، ئۇ ھەر قېتىم «چوقۇم ئامالى بار» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ھالبۇكى، ئۇنىڭ راست ئامالى بارمۇ؟ ئېھتىمال، بۇنى ئۇ ئەستايىدىل ئويلاپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەزەلدىن ياشاش نىشانى تۇرغۇزمىغان.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئوقۇغۇچىلارغا: «تېز سۈرئەتتە بىر قارارغا كېلەلەيدىغان كىشىلەرلا ئەڭ داڭلىق، ئەڭ ئۇتۇق قازانغان سودىگەر بولالايدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمەتتە ھەر دائىم ئېنىق نىشانى بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ نىشانىنى ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرالايدۇ» دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

دوستۇم ئىلگىرى ئىشەنچ بىلەن ماڭا: «ئۆمرۈمدە بىرلا ئىشنى قىلىمەن، ھەم قالتىس ئىشقا ئايلاندۇرۇپ داۋاملاشتۇرىمەن» دېگەنىدى. ئۆمۈر بويى بىرلا ئىشنى قىلىش بىزگە نىسبەتەن ئاسان ئەمەس. بۇنى ئورۇنلاش ئۈچۈن نەزىرىمىزنى بېكىتكەن نىشانغا مىختەك تىكىشكە توغرا كېلىدۇ.

قالتىس نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن خارۋاردنىڭ سەرخىللىرىدىن شۇنى بايقايمىزكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا كىشىلىك غايە، ئىنتىلىش ۋە نىشانلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن.

نىشان ھاياتنىڭ قۇياشىغا ئوخشاش ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى تۇمانلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، يول بەلگىلىرىنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

نىشان كەلگۈسى ھاياتىمىزنىڭ لايىھەسى، شۇنداقلا مەنىۋى ھاياتىمىزنىڭ تۈۋرۈكى.

ياشلار-ئۆسمۈرلەر ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچەيتىدۇ، بىراق يۈكسەك ئىرادىنى كۆڭلىگە پۈككەن ئادەم بۇ مەزگىلدە قانداق نەرسىنىڭ ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى، قايسى جەھەتلەردە قابىلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىنى ئوبدان ئويلىشىشى كېرەك.

ئۆزىگە مۇشۇنداق سوئال قويالىغاندىلا، ياشلار-ئۆسمۈرلەر ئاندىن ئۆزىنىڭ ئاساسلىق نىشانىنى ئېنىق بېكىتەلەيدۇ. شۇندىلا زېھنىنى يىغىپ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئاتلىنالايدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

كۆپچىلىككە ئايانكى، ئۆزىمىز قىزىقىدىغان ئىشنى قىلغاندا ئاسانلا ئۇتۇق قازىنىمىز. بىر ئادەم ناۋادا پۈتۈن زېھنى-قۇۋۋىتى بىلەن كىرىشەلەيدىغان بىر ئىش بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئۇنىڭ يوشۇرۇن كۈچى كۆپىنچە ھاللاردا چەكسىز بولىدۇ.

خارۋاردنىڭ داڭدار شەخسلىرى ئىچىدە، تونۇلغان نۇرغۇن تالانت ئىگىسى نىشاندىن ئاغماي، پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان.

گېرمانىيەلىك ھاشاراتشۇناس فابۇر ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرگە مۇنداق نەسىھەت قىلغان. ئۇ بىر لوپا ئەينەك ئېلىپ مەنىلىك قىلىپ: «زېھنىڭلارنى بىر نۇقتىغا يىغىپ بېقىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار مۇشۇ لوپا ئەينەككە ئوخشاش قەغەزنى كۆيدۈرۈۋېتەلەيسىلەر» دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇمۇ ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىسى ئىدى.

شۇنداق، بەزىدە پۇرسەت نىشانغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بىزگە لازىمى نىشانغا مىختەك تىكىلىش، ئەقىل ـ ئىدراكىمىز بىلەن تەۋرىنىپ تۇرغان ھەۋەسنى يېڭىش، شاختىن ـ شاخقا قونۇشتىن ساقلىنىشتۇر.

ئامېرىكىلىق يازغۇچى مارك تېۋىن «ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ئىنتايىن قالتىس بولىدۇ. مەلۇم ئىشقا پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىدىغانلا بولساق، ئۆزىمىزمۇ ھەيران قالغۇدەك كارامەت نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

شۇڭا، پۇرسەتنى ئىشىك ئالدىغا ئۆزلۈكىدىن كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم نىشانىڭىزغا تەۋرەنمەي مىختەك تىكىلىڭ.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

ئوۋچى بىر قوي، بىر بۆرە ۋە بىر توپ بەسەينى ئېلىپ ئۆيىگە مېڭىپتۇ. يولدا بىر دەريا بار ئىكەن. دەريادىكى قولۋاقتا بىر قېتىمدا ئوۋچى بىلەن بىرلا خىل نەرسە سىغىدىكەن. ئەمما ئوۋچى كېتىپلا قالسا بۆرە قوينى، قوي بەسەينى يەپ كېتىدىكەن. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا ھەممىسىنى دەريادىن تىنچ ـ ئامان ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ؟

### ◉ جاۋاب

ئالدى بىلەن قوينى ئۆتكۈزۈش كېرەك. ئاندىن بۆرىنى ئۆتكۈزۈپ، قوينى ياندۇرۇپ كېلىش كېرەك، ئارقىدىن بەسەينى ئۆتكۈزۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا قوينى ئۆتكۈزۈش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پۇرسەتنى تۇتۇشتا تاللاشنى بىلىش لازىم

***خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلھامبەخش ھېكمىتى:***
**ھاماقەتلەرچە قىلمىش ئادەمنى نامراتلىقتا قالدۇرىدۇ.**
**مۇۋاپىق پۇرسەتتە ھەرىكەتكە كېلىش ئادەمنى باي قىلىدۇ.**



خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى مەرىپەت بۆشۈكى، بۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كۆڭلىگە بۈيۈك ئارزۇ ـ ئارمانلارنى پۈككەن. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا چوڭ ئارزۇ ـ غايىلىرى ۋە تىرىشىدىغان نىشانلىرى بار. پىروفېسسورلار ھەمىشە ئۇلارنى ئەسكەرتىپ، ئۆز ئەھۋالى ۋە ئەمەلىيىتىگە بېقىپ، پۇرسەتكە باغلاپ مۇۋاپىق ۋاقىتتا نىشان ۋە يولىنى لايىقىدا تەڭشەپ تۇرۇشقا، تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا تەۋسىيە قىلىپ تۇرىدۇ.

جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى خارۋاردلىق پىروفېسسور ئوقۇغۇچىلارغا تۆۋەندىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن:

بۇرۇن ئىككى ئوتۇنچى ئوتۇن كەسكىلى تاغقا چىقىپتۇ. ئۇلار ئوتۇنلارنى بازارغا ئاپىرىپ ساتماقچى ئىكەن. ھالبۇكى، ئۇلار تاغقا چىققاندىن كېيىن ئويلىمىغان يەردىن ئىككى قاپ پاختىغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئوتۇنچىلار ئىچىدە، بىر قاپ پاختىنىڭ باھاسى بىر باغلام ئوتۇندىن كۆپ قىممەت، بۇنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىغان بولساق بىر ئايلىق تۇرمۇشىمىزغا كەڭ ـ كۇشادە يېتىدۇ. نېمىشقا شۇنداق قىلمايمىز؟ دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر قاپتىن پاختىنى كۆتۈرۈپ پەسكە

قاراپ مېڭىپتۇ. كېتىۋېتىپ بىر ئوتۇنچى يول بويىدىكى بىر باغلام كاناپنى كۆرۈپ قاپتۇ، 20 ـ 30 مېتىر كېلىدىغان بۇ كاناپ شۇ چاغدىكى بازار نەرقى بويىچە ھېسابلىغاندا ئىككى قاپ پاختىنىڭ ئون ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بىر ئوتۇنچىغا پاختىنى تاشلىۋېتىپ كاناپنى ئاپىرىپ سېتىشنى، شۇنداق قىلسا پاختىنىڭ ئون ھەسسىسىچىلىك پۇل تاپالايدىغانلىقىنى، بىر يىلغا يەتكۈدەك خىراجەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

يەنە بىر ئوتۇنچى، بىز مايمۇنچاق ئېتىزغا كىرگەندە قىلغاندەك قىلساق، بىرنى كۆرۈپ بىردىن تاندىغان، ئاخىرىدا ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىغان ئىشنى قىلساق بولمايدۇ دەپ، كاناپنى تاپقان ئوتۇنچىنىڭ گېپىگە قوشۇلماپتۇ ۋە پاختىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېرىپتۇ. ھېلىقى ئوتۇنچى پاختىنى تاشلاپ كاناپنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار تاغ يولىدىن چىقاي دېگەندە كاناپ يۈدۈۋالغان ئوتۇنچى ئالدىدا پارقىراق بىر دۆۋە نەرسىنىڭ تۇرغانلىقىنى بايقاپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسا ئەسلىدە لىپمۇلىق ئالتۇن قاچىلانغان نەچچە كومزەك ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بىر ئوتۇنچىغا، بىز ئەپكەشىمىز بىلەن ئالتۇنلارنى ئېلىپ كېتەيلى. شۇنداق قىلساق يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكتىن بىر ئۆمۈر غەم قىلمايمىز، دەپتۇ. بىراق پاختا كۆتۈرگەن ئوتۇنچى يەنىلا جاھىللىق بىلەن ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ پاختىنى تاشلىماپتۇ

ھېلىقى ئوتۇنچى كاناپنى تاشلاپ، ئالتۇننى ئېلىپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. جاھاندا ئاسان ئىش يوق. يېرىم يولغا كەلگەندە تۇيۇقسىز ئاسماننى قارا بولۇت قاپلاپ، بىردەمدىلا چېلەكلەپ يامغۇر قۇيۇۋېتىپتۇ. ھېلىقى پاختا كۆتۈرگەن ئوتۇنچىنىڭ پاختىسى چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ، ماڭالماي قاپتۇ ۋە ئامالسىز تاشلىۋېتىپتۇ. ئالتۇن كۆتۈرگەن ئوتۇنچى ئالتۇننى ئۆيىگە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار

ئىككىسى كۆڭلىرىنى باي - باياشات ئۆتكۈزۈپتۇ.

بۇ ھېكايە بىزگە بىر قائىدىنى چۈشەندۈرىدۇ. كىشىلىك ھايات يولىدا نۇرغۇن پۇرسەتلەر ئۇچرايدۇ، بىز بۇ پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپلا قالماي يەنە تاللاشنى بىلىشىمىز كېرەك.

### ◉ خارۋاردلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى

خارۋارد بىزگە، پۇرسەت ئۇچرىغاندا، تاللاشنى بىلىش كېرەكلىكىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. دېمىسىمۇ شۇنداق. ئالدىنقى بىر مەزگىلدە خىزمىتىم بەكلا ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ھەر كۈنى ھاردۇق يەتكەنلىكتىن بېشىم ئاغرىپ، كۆزلىرىم قىزىرىپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈن دەم ئېلىش نىيىتىگە كەلدىم.

مەن مەقسەتسىزلا شەھەر ئەتراپىغا ماڭدىم، كېتىۋېتىپ يولدىكى بىر ئورمانلىقتا ئادەملەرنىڭ تېرەك كېسىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ كەينىدە ياشانغان ئۈچ كىشى جىمجىت قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

مەن كۈچلۈك قىزىقىشنىڭ تۈرتكىسىدە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا قاراپ ماڭدىم. گەرچە ئالدىمدا تۇرغىنى ئۈچ ياشانغان كىشى بولسىمۇ، ئەمما كېيىنىش ۋە تۇرقىدىن بىز بىر ساھەنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشىمايتتۇق.

بىردەم سۆزلەشكەندىن كېيىن ئىش ئايدىڭلاشتى. ئەسلىدە ئۈچ بوۋاينىڭ بىرى ھەيكەلتىراش، بىرى دېھقان، يەنە بىرى ئوتۇنچى ئىكەن. ئۇلارغا دەرەخ يىلتىزى كېرەككەن.

مەن ئىختىيارسىز ھالدا بىر - ئىككى گەز يىلتىز ئوخشىمايدىغان ئادەمگە ئۇچرىسا، ئوخشىمايدىغان قىسمەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى يادىمغا ئالدىم. ئوتۇنچى ئۇنى كەسلەپ ئوتۇن قىلىدۇ؛ دېھقان ئۇنى بىرەر دېھقانچىلىق جابدۇقى قىلىدۇ؛ ناۋادا ھەيكەلتىراشنىڭ قولىغا چۈشسە ئۇ بىر سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلىنىدۇ.

يىلتىزىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەيلى كىمنىڭلا قولىغا چۈشسە ئوخشاشلا پۇرسەت. كىشىلەر ھەممىشە پۇرسەتنى تۇتۇش مۇھىم دەيدۇ. ناۋادا، دەرەخ يىلتىزى ئوتتۇنچىغا ئۇچراپ، بۇ پۇرسەتنى تۇتسا، ئاخىرىدا ئوتتۇنغا ئايلىنىپ كۆيۈپ كۈل بولىدۇ.

مېنىڭچە پۇرسەتنى تۇتۇش مۇھىم، ئەمما ئەڭ مۇھىممىنى تاللاش تېخىمۇ مۇھىم. شۇڭا، توغرا تاللاشنى بىلىش بۇ ئەرزىمەس كۆتەكنى نەپىس سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرىدۇ.

### ◉ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىقى

سىز ناتونۇش بىر ئېپتىدائىي ئورمانلىقتا ئېكسپېدىتسىيەگە كەلدىڭىز. يېنىڭىزدا يولۋاس، مايمۇن، توز، پىل ۋە ئىت قاتارلىق بەش خىل ھايۋان بار. ناۋادا بۇ بەش ھايۋاننى ئېلىپ ماڭسىڭىز، يولدا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايسىز. شۇڭا ھەممىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ مېڭىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس، بىر ـ بىرلەپ تاشلىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا سىز قايسى تەرتىپ بويىچە تاشلاپ ماڭىسىز؟

### ◉ جاۋابنىڭ تەھلىلى

بۇ مىسالدا، توز سىزنىڭ ھەمراھىڭىزغا ۋە سىزنى سۆيىدىغان ئادەمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. يولۋاس پۇل ۋە ھوقۇققا، پىل ئاتا ـ ئانىڭىزغا، ئىت دوستىڭىزغا، مايمۇن بالا ـ چاقىلىرىڭىزغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

◉ **مۇقاۋىنىڭ ئاخىرقى بېتىدىكى مەزمۇنلار:**

«سەھەر سائەت تۆتتىكى خارۋارد» ناملىق كىتاب بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن ھەرقايسى چوڭ تور بېكەت ۋە كىتاب شەھەرچىلىرىدە بازىرى ئىتتىك كىتابلارنىڭ ئالدىغا تىزىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، باھا سۆزلىرى ئون مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 98.8% ئادەم سېتىۋالدىغانلىقىنى ئېيتقان.

مەزكۇر كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن غەيرىتىم ئۇرغۇدى، ئۇنىڭدىن باشقا مەن بىر قارىشىمنى تۈپتىن ئۆزگەرتتىم. مېنىڭ نەزىرىمدە خارۋارد ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى ھېسابلىناتتى. ئەمما، بۇ كىتاب ماڭا خارۋاردنىڭ تەۋرەنمەس ئەقىدە، سۇنماس ئىرادە ۋە تولۇپ تاشقان كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئاپىسى بولغانلىقىم ئۈچۈن، پۇرسەت بولسىلا ئوغلۇمغا قانچىلىك ئەجىر قىلسا شۇنچىلىك ھوسۇلغا ئېرىشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆز قابىلىيىتىگە تايىنىپ خارۋاردتەك ئالىي بىلىم يۇرتىغا كىرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بەردىم. كىتابنى ياپتىم. ئەمما، سەھەر سائەت تۆت يېرىمدا چىراغلىرى پارقىراپ تۇرغان خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى كۆز ئالدىمدىن زادى كەتمىدى.

مەزكۇر كىتابتىكى بىلىم ناھايىتى مول بولۇپ، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھاياتتا نىشان بەلگىلىشىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. مول مىساللار ئارقىلىق كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، شۇنداقلا زامانىمىزدىكى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ياخشى ئۇستازى ۋە يېقىن دوستى بولالايدۇ.

بۇ كىتابنى دەم ئالماستىن ئوقۇپ تۈگەتتىم، زور ئىلھام ۋە مەدەتكە ئېرىشتىم. سىز تېخى ئۇخلاۋاتقان، ئۇيقۇڭىزنى ئاچالمايۋاتقان چاغدا خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى نېمە

قىلىۋاتىدۇ؟ ھەرگىز باشقىلارنىڭ شان ـ شۆھرىتىگىلا قارىماڭ، نۇرغۇنلار بۇ شان ـ شۆھرەت ئۈچۈن قانچىلىك قان ـ تەر تۆكۈلگەنلىكىدىن خەۋەرسىز. ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ ياشاۋاتقان، كەلگۈسى خىرە ئىستۇدېنت ياكى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ بۇ كىتابنى ئوبدان كۆرۈپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، شۇنداقلا سىڭلىمغىمۇ تەۋسىيە قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

哈佛凌晨四点半 ：维吾尔文 / 阿布都沙拉木·阿不力孜译. — 乌鲁木齐：新疆大学出版社，2016.4
ISBN 978-7-5631-2949-2

Ⅰ.①哈… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①成功心理-青少年读物-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①B848.4-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第085037号

策　　划：艾尔肯·伊布拉音·湃达
责任编辑：合力力·买买提
特约编辑：麦麦提江·阿卜杜外力
责任校对：阿不都热依木·阿不里米提
封面设计：努尔买买提·艾买尔

**哈佛凌晨四点半**
（维吾尔文）

阿布都沙拉木·阿不力孜

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路666号　邮编:830046）
新疆新华书店经销
新疆财经大学印刷厂
880毫米×1230毫米　1/32　14印张
2016年4月第1版　2017年10月第3次印刷

ISBN978-7-5631-2949-2
定价:50.00元